BULAK



# بُولاق

3

بسم الله الرحمن الرحیم ارایت الذی
یکذب بالدین فذلك الذی یدع الیتیم ولا یحض علی
طعام المسکین فویل للمصلین الذین هم عن صلوتهم
سهون الذین هم یراءون ویمنعون الماعون
بسم الله الرحمن الرحیم انا اعطیناك
الکوثر فصل لربك وانحر ان شانئك هو
الابتر سوره الکافرون
بسم الله الرحمن الرحیم قل یا ایها الکافرون
لا اعبد ما تعبدون ولا انتم عابدون ما اعبد
ولا انا عابد ما عبدتم ولا انتم عابدون ما اعبد
لکم دینکم ولی دین
بسم الله الرحمن الرحیم اذا جاء نصر
الله والفتح ورایت الناس یدخلون فی دین الله افواجا

بو صورت [illegible] تحریر اولدیکیم
حضرت والا ظهور الدین [illegible]
عالیلاری [illegible] روشن [illegible]
کاشغر قلعه سینینک تعمیرات [illegible]
تمنی سعدلیکی کمه بر استخاره
رویشاغه تیلاک قیلغان [illegible]
من حضرت پادشاه صاحب
قلم یوسف قاضی جاه [illegible]
[illegible]
حقیقت اوروب برکورن اعتکاف
استخاره قیلدیم کاشغر
قلعه سی نینک تعمیرات نینک
سعدلیکیکه استخاره رویشا
بشارت بولدی و قلعه نینک
تعمیرات نینک نحوست عاقبتیکه
رخصت بولدی بو رویشا
نینک سیغه حضرت حاکم عالی لاری
غربالة قیلدیم شونینک اوچون
حضرت حاکم دیوانه بشارت
بیله بو کلام شریف فقرغه
صدقه انعام قیلدی رحمت
فقر صاحب [illegible] نعمت الله
کاشغری [illegible] باسم
۱۲۵۳ الهجری

ئابدۇلجېلىل تۇران كۇتۇبخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى
پەسىللىك ژۇرنىلى

13 - يىل نەشرى

ئومۇمىي 40 - سان

1992

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

باش مۇھەررىر: ئوبۇل ئىسلام.
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن.
مۇھەررىرلەر: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت، پەرىدە ئىمىن.

تەھرىر ھەيئەت ئەزالىرى (ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە):
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام ئابباس، ئابدۇشۈكۈر تۇردى، ئابدۇۋېلى خەلپەتوپ، ئابلەت ئۆمەر، ئەخەت ھاشىم، رەخمىتۇللا جارى، شەرىپىدىن ئۆمەر، قەييۇم تۇردى، قۇربان بارات، مەتتىمىن يۈسۈپ، مەھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن، مەھەممەت رېھىم، مەھەممەت زۇنۇن، ئوبۇل ئېسلام، ئىبراھىم مۇتىئى، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇلاق

1992 - يىل 2 - سان

## مۇندەرىجە

كلاسسىكلار ھەققىدە ھېكايىلار

سەددى ئىسكەندەرىي ........................ مۇللا سىدىق يەركەندى (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا
مۇھەببەتنامە ........................... موللا يۇنۇس (62)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سالىھ ھاجى
زۇھۇرى شېئىرلىرىدىن ........................... (111)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسراپىل يۇسۇپ

شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ھېكايەتلەر ........................ بىرونى، غەززالى (132)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: س. ياسىن

ئەدەبىي مۇھاكىمە

يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى توغرىسىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەر ...... (141)
........................ ئابدۇرېھىم سابىت
ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار ................ (145)
........................مۇھەممەتجان ھەكىموۋ
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

مەشھۇر كلاسسىكلار

مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر كوراگان ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى توغرىسىدا ... (158)
........................تۇرسۇن ھۇشۇر

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

خېمىر خان (چۆچەك) .................................................... (166)
رەتلىگۈچى: ئايگۈل مەۋلىدىن
سەككىز سەمى تاش (چۆچەك) ............................................ (170)
رەتلىگۈچى: توختى مۇھەممەت
ئالتۇن سىكىلەكلىك يالماۋۇز (چۆچەك) ................................ (174)
لەتىپىلەر ............................................................ (179)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئۆمەرجان مۇھەممەت
رىۋايەتلەر ........................................................... (184)
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: خەلىم سالىخ
ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر .................................................. (192)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەتقاسىم ئەكرەم
بېيىت ـ قوشاقلار ...................................................... (204)
توپلاپ رەتلىگۈچى: سالامەت ھاشىم، ياسىن زىلال

*　　　*

رەسسام: ئابلىمىت ئابلىز
خەتتات: قەييۇم مۇتەللىپ

تىتول ۋە مۇندەرىجە نەقىشلىرىنى ئىشلىگۈچى: تۇردى قادىر نازىرى.
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ليۇ يېيىچىڭ.
مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: «نۇزۇگۇم» (شۇ چۇنگ-ۋاڭ سىزغان)، ھېسامىدىن ھاجى فوتوسى.

2 ـ بېتىدە: يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىغا ئائىت ھۆججەتلەرنىڭ بىرى ـ قەلەمىي «قۇرئان» دىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت (شېرىپ خۇشتار فوتوسى).

3 ـ بېتىدە: ① يۇسۇپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىغا ئائىت ھۆججەتلەردىن بىرى «بەھرۇل ـ ئەنساب» تىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت (ئابدۇرېھىم سابىت فوتوسى).
② «مۇھەببەتنامە» داستانىنىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت،
③ زۇھۇرى شېئىرلىرىنىڭ قول يازما نۇسخىسىدىن ئېلىنغان فوتو سۈرەت.

4 ـ بېتىدە: فۇرقەت مەقبەرىسىنىڭ كۆرۈنۈشلىرى (نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا فوتوسى).




مولla سىدىق يەركەندى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

مۇھەررىردىن: «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» XVIII ئەسىرنىڭ ئاخىرى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان تالانتلىق ئەدىب مولla سىدىق يەركەندىنىڭ ئەلىشىر نەۋائىي «خەمسە»سى ئاساسىدا نەسرىلەشتۈرۈپ يېزىپ چىققان مۇھىم ئەسىرى. بۇ ئەسەر ئىچىدىن «پەرھاد ۋە شىرىن» قىسسىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1989- يىللىق 3-، 4- سانلىرىدا ۋە 1990- يىللىق 1- سانىدا، «بەھرام ۋە دىلئارام» قىسسىسىنى 1991- يىللىق 1-، 2-، 3- سانلىرىدا ئېلان قىلغانىدۇق. بۇ سانىمىزدىن باشلاپ كىتابخانلارغا «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» ئىچىدىكى يەنە بىر مۇھىم قىسسە «سەددى ئىسكەندەرىي» نى تەقدىم قىلماقچىمىز.

«سەددى ئىسكەندەرىي» ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تارىخىي شەخسلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەر ئاساسىي تېما قىلىنغان زور ھەجىملىك داستانىدۇر. بۇ ئەسەردە مىلادىدىن بۇرۇنقى 356-يىلدىن 323-يىلغىچە ھايات كەچۈرگەن، مىلادىدىن بۇرۇنقى 336-يىلدىن 323-يىلغىچە بولغان قىسقىغىنا 13 يىللىق پادىشاھلىق ھاياتىدا ئۆز دۆلىتىنى مىسلىسىز قۇدرەت تاپقۇزۇپ، ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەت ۋە رايونلارنى ئىستېلا قىلغان ئىسكەندەرزۇلقەرنەيىن (ئالېكساندىر ماكېدونىسكى) نىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي ھەرىكەتلىرى، ئاجايىپ-غارايىپ سەرگۈزەشتلىرى بايان قىلىنغان. ئەلىشىر نەۋائىي بۇ ئەسىردە ئىسكەندەر تۇغۇلغاندىن ۋاپات بولغانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى نۇرغۇن تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارىخىي شەخسلەرنى، ئەتراپتىكى پادىشاھلىقلارنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئەمەلىي ئەھۋاللىرى، جەڭگى-جېدەللىرىنى تارىخىي پاكىتلار ئاساسىدا سۈرەتلەپ بېرىشكە كۆپ كۈچ سەرپ قىلغان. شۇڭا بۇ ئەسەرنى تارىخىي داستان دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بىراق شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش

ئۇيغۇرچە كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



زۆرۈركى، «سەددى ئىسكەندەرىي» نوقۇل ھالدا تارىخىي ۋەقەلىكلەرنى بايان قىلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلەنگەن ئەسەر ئەمەس، بەلكى ئۇ ئەلىشىر نەۋائىينىڭ گۈزەل، باياشات غايىۋى جەمئىيەت ۋە ھەققانىي، ئادىل، قابىلىيەتلىك پادىشاھ ھەققىدىكى ئۇتۇپىك تەسەۋۋۇرلىرى، دۆلەت، پادىشاھ ۋە پۇقرالاردىن كۈتىدىغان تىلەك ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرى گەۋدىلىك ھالدا سۈرەتلەنگەن بىر بەدىئىي ئەسەردۇر. بولۇپمۇ ئىسكەندەر ئوبرازى تارىخىيلىق بىلەن غايىۋىلىك يۈكسەك دەرىجىدە مۇجەسسەملەشتۈرۈلۈپ يارىتىلغان بەدىئىي تىپ. ئۇ تارىختىكى ئىسكەندەرنىڭ ئەينەن ئۆزى بولماستىن، بەلكى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ بەدىئىي پىششىقلاپ ئىشلىشىدىن ئۆتكەن، يۈكسەك دەرىجىدە تىپىكلەشتۈرۈلگەن ۋە تاكامۇللاشتۇرۇلغان ئىدېئال ئوبراز. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەردىكى ۋەقەلىك سيۇژىتلىرى ۋە پېرسوناژلار ئوبرازلىرىنىڭ تارىخىي چىنلىق ئاساسىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلۈش بىلەن بىللە يەنە مۇئەييەن دەرىجىدە ئىدېئاللاشتۇرۇلۇش ۋە بەدىئىي يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ئارقىلىق، ئۇنى تېخىمۇ مۇكەممەل، كەم-كۈتىسىز قىلىپ ئىپادىلەپ بېرىلگەنلىكىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. «سەددى ئىسكەندەرىي» داستانىدىكى بۇ خىل خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ نەسرلەشتۈرۈلگەندىن كېيىنكى نۇسخىسىدىمۇ روشەن ھالدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. شۇڭا بۇ قىسىمدىكى بەزى ئەپسانىۋى دېتاللارغا، مۇبالىغە ۋاسىتىلىرىگە توغرا مۇئامىلە قىلىشىمىزغا، ئۇنى توغرا ئىلمىي نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئۆگىنىپ، تەتقىق قىلىشىمىزدا توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئامىللارنى ئەسەردىكى تارىخىي پاكىتقا ئۇيغۇن بولغان ۋەقەلىك ھەم پېرسوناژلار تەسۋىرلىرىدىن پەرقلەندۇرۇشىمىز، ئۇلارنى قارا-قويۇق ئارىلاشتۇرۇپ چۈشىنىۋالماسلىقىمىز كېرەك.

«سەددى ئىسكەندەرىي» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بۇ يەشمىسى «نەسرى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ» نىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تارىخىي مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان 0013 نومۇرلۇق قول يازما نۇسخىسى ئاساسىدا ئىشلەندى.

*  *

**بۇ سۆز گۆھەرلىرىنى چېچىشتىن بۈيۈك مەقسەت تارىخ ئىلمى خەزىنىسىدىن خەۋەر بېرىش، بۇ ھېكايەت جەۋھەرلىرىنى ئېچىشتىن بارلىق مۇراد بۇرۇن ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ ئەھۋاللىرىنى ئاشكارىلاشتىن ئىبارەت ئىدى. شۇڭلاتۆت تەبىقە ئەجەم پادىشاھلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن قىسقىچە مەلۇمات بېرىلدى**

**بىرىنچى تەبىقە پىشدادىلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىشلىرى بايان قىلىنىدى**

ھەقىقەت ئەھلىنىڭ يېزىشىچە ھەز-رىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام خىلافەن تەختى-دە ئولتۇرغان ۋاقىتتىن تاكى مەككە پادى-شاھى دەپ لەقەم ئالغان، ئەجەم ۋە ئەرەب-لەرنىڭ پەيغەمبىرى، پۈتكۈل پەي-غەمبەلەرنىڭ پادىشاھى، ئىلاھىي ئىلىم-

لەرنىڭ خىەۋەردارى بولغان ھەزرىتى
مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانلىرىغىچە
بولغان ئارىلىقتىكى پادىشاھلارنىڭ ئارىسى-
دا بولغان ۋەقەلەرنى ئېنىقلاش ئۈچۈن،
تارىخلارنى ئوقۇشقا ناھايىتى كۆپ بېرىل-
دىم. نەتىجىدە ئەجەم پادىشاھلىرىدىن تۆت
تەبىقە ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى ئېنىقلاندى،
تارىخ يېزىشقا كىرىشكەن ھەقىقەت ئىگى-
لىرى ئۇلارنى «مۇلۇكى ئەجەم» دەپ يازغان.
گەرچە ئۇ تارىخ كىتابلىرىدا ئىختىلاپ بار
بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار بۇ ئىختىلاپلارنى
ئەپۇ قىلغان. چۈنكى بۇ دەۋرانىنىڭ ئىخ-
تىلاپلار بىلەن تولغان ھاۋادىساتلىرى تۆ-
پەيلىدىن تارىخ كىتابلىرى بۇزغۇنچىلىققا
ئۇچراپ، بۇ پەندە نۇرغۇن كەمتۈك
جايلار پەيدا بولغان. شۇنداقتىمۇ تارىخ
ئەھلىنىڭ كىتابەت بايانلىرى ئىچىدە
ھەزرىتى شەيخ نىزامىنىڭ تارىخىي رىئەس-
رى ئەڭ مۆتىۋەردۇر. مەن باشقىلارنىڭ
تارىخ كىتابلىرى بىلەن شەيخ نىزامى
يازغان تارىخنى قورمۇ قۇر سېلىشتۇرۇپ،
بۇ تارىخنىڭ مۇندەرىجىسىنى تۈزۈپ چىق-
تىم-دە، ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ تۆت تە-
بىقىسىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، تارىخقا ئالدىم.
بىرىنچى تەبىقە ئەجەم پادىشاھلىرى-
نىڭ لەقىمى پىشداد، ئىككىنچى تەبىقىسىنىڭ
لەقىمى كەيانىي، ئۈچىنچى تەبىقىنىڭ لەقىمى
ئەشكانىي، تۆتىنچى تەبىقىنىڭ لەقىمى سا-
سانىي دېيىلىدۇ.

پىشدادلاردىن ئون بىر كىشى سەل-
تەنەت تۇتتى. ئۇلار تەخت ئۈستىدە ئادا-
لەت ۋە ياخشىلىقنى ئادەت قىلىپ، ئاجىز-
بىچارىلەرنىڭ دادىغا يەتتى. ئۇلارنىڭ
پېشىۋاسى كەيۇمەرس ئىدى. بۇ جاھاننى
ئۇنىڭ دەبدەبىسى قاپلىدى. ئۇ ئالەمنى
ئاۋات اقىلدى. لېكىن ئۇنىڭ كىيىدىغان
لىباسى ۋەھشىيھايۋانلارنىڭ تېرىسى ئىدى.
ئاندىن كېيىن ھۇشەڭ جاھاندار بولدى.
تاج ۋە تەخت ئۇنىڭ بىلەن زىننەت تاپ-
تى. ئۇمۇ ئالەمنى ئاۋات قىلدى. دانالىقتا
ئۇنىڭ باراۋىرىدە ئادەم يوق ئىدى. ئۇمۇ
بۇ ۋاپاسىز ئالەمدىن كەتتى. ئاندىن تەھ-
مۇرەس پەيدا بولدى، تەھمۇرەس شۇنداق
ياخشىلىقلارنى قىلدىكى، پۈتكۈل ئالەم خەل-
قى ئۇنىڭغا ئۈمىد بىلەن كۆڭلىنى باغلىدى.
تەھمۇرەس بۇ ئالەمدە نىشاپۇر شەھىرى،
مەرۋ شەھىرى، سىفاھان شەھىرى قاتارلىق
كۆپلىگەن شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ، ئاۋات-
لىققا يەتكۈزگەندىن كېيىن، ئاخىرەت يول-
غا كىردى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن جەمشىد
ئالەمدە ئات چاپتۇرۇپ، سەلتەنەت تۇتتى.
تاجدارلىقنى چېكىگە يەتكۈزۈپ، خالايىققا
نۇرغۇن پايدىلىق ئىشلارنى قىلدى. ئاجا-
يىپ-غارايىپ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىپ،
دۇنيانى ئاۋات قىلدى. ئاندىن كېيىن
زەھھاك ئۆزىنى شاھ دەپ نامايان قىلدى.
ئۇ جەبىر-زۇلۇم يولىنى تۇتتى. خەلقنىڭ
قېنىنى تۆكۈشتىن تەپ تارتمىدى. ئۇنىڭ
ھۆكۈمرانلىقى ئۇزۇنغا بارماي، پات پۇر-
سەتتە ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. ئاندىن
جاھانگىرلىك نۆۋىتى ئەفرىدۇنغا يەتتى.
پۈتكۈل ئالەم ئۇنىڭ پەرمانىغا قارشىلىق
بىلدۈرەلمەس ئىدى. ئۇنىڭ بېشىغا كەيا-
نىيلارچە تاج نېسىپ بولدى. كاۋىيانىي
ئەلەممۇ ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولدى. ئۇنىڭ
ۋاپاتىدىن كېيىن مەنۇچېھرە تەخت ۋارىسى
بولدى. ئۇ شۇ قەدەر دەۋر سۈردىكى، بۇ
كونا پەلەك گۈمبىزى ئۇنىڭغا تەختگاھ
بولدى. فىرات دەرياسىنى مەنۇچېھرە بار-
لىققا كەلتۈرۈپ، سۇ ئېتىپ، باغۇ بوس-

تالارنى ۋە كۆكۈلمەيدانلارنى بىنا قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نەۋدەر جاھان مەملىكىتىنىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ، بىچارىلەرنى يۆلىدى. لېكىن بۇ مەككار ئالەم ئۇنى مۇرادىغا يەتكۈزمەستىن ئۇ ئالەمگە يولغا سالدى. ئاندىن كېيىن ئەفراسىياب پادىشاھلىق قىلىپ، ئالەمنى زۇلۇم بىلەن ۋەيران قىلدى. ئۇنىڭ زامانىسىدە ئاۋاتلىق ئاز ئىدى. بۇ پەلەك ئۇنىڭ ئۆمرىنىمۇ ئاۋات قىلماستىن، ئۇنى دۇنيادىن يوق قىلدى. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تۇھماسىپ شاھلىق تەختىگە چىقتى. ئۇنىڭ چېدىر-بارگاھلىرىنىڭ يۈكسەكلىكى پەلەكتىن ھالقىغانىدى. تەخت ۋە تاج ئۇنىڭ بىلەن كامىل تاپتى. ئۇ يەتتە يىللىق باج-خىراجنى خەلققە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ، بۇ ئالەمدىن كەتتى. ئاندىن كېيىن گۇرشەسپ تەخت ۋارىسى بولدى. تەخت بىلەن تاج گۇرشەسپتىن زىننەت تاپتى. ئۇ پەلەك تۇلپارىنى ئۆزىگە كۆندۈرۈپ، دەۋران سۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەجەل ۋاقتىدا ھېچ ئامال تاپالماي، بۇ دۇنيادىن ئاخىرەتكە يۈرۈپ كەتتى. بۇ پادىشاھلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ جاھاننىڭ ئۇلۇغۋار كىشىلىرى ئىدى. ئۇلار ناھايىتى ئاز ۋاقىتلا دەۋران سۈرۈپ، ئاخىرىدا بۇ جاھاننىڭ دامىغا چۈشۈپ، ئۇ ئالەمگە كەتتى. ساقىينامە:

كېتۇر، ساقىي، ئول جامى جەمشىدساز،
كى قىلغاي جەھاندىن مېنى بىنىياز.
چۇ يوق شاھلىق رەسمى ئاگاھلىق،
ئېرۇر مەيدىن ئاگاھلىق شاھلىق.
مۇغەننى ئەجەم ئىچرە تۈزگىل نەغەم،
سىغۇر ئاندا زىكرى مۇلۇكى ئەجەم.
ئۇلار پىشداد ئىركەنىن ياد قىل،
ماڭا سەن داغى تەركى بىداد قىل.
نەۋائى، ئەجەب يەرگە يەتمىش سۆزۈڭ،
نە ئەلدۇر بۇلار، خۇد بىلۇرسەن ئۆزۈڭ.
ئەدەب بىرلە شاھانە ساغەر سۇمۇر،
دىماغىڭ چۇ گەرم ئولدى ئەفسانە سۇر.

ئىككىنچى تەبىقە كەيانىيلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ تەخت ۋارىسلىرى ۋە كەيانىي تاجلىرى باشتىن ئاخىرغىچە بايان قىلىنىدۇ

تارىخ پېشىنىڭ ئىزدەنگۈچىلىرى پارس پادىشاھلىرىنىڭ تارىخىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

ئىككىنچى تەبىقە كەيانىيلار ئىدى. جاھاندا ئۇلارنىڭ كۆپ ياخشىلىقلىرى نامايان بولدى. ئۇلارنىڭ ئەڭ بۇرۇنقىسى كەيقۇباد ئىدى. ئۇ ئەقىل-پاراسەتتە يۇقىرى دەرىجىدە ئىدى. رۇستەم ئۇنىڭ ۋاقتىدا ياش يىگىت بولۇپ، كەيقۇبادنىڭ ئالدىدا يېتىلىپ، پالىۋان بولدى. ئىككىنچىسى كەيكاۋۇس بولۇپ، ئۇ بارچە ئالەمنى ئۆزىگە قاراتتى. توققۇز قات ئاسمانىمۇ ئۆز ھۆكۈمرانلىقىغا كىرگۈزۈشنى تەمە قىلاتتى. ئۇنىڭ سەركەردىلىرى تۇس ۋە گۇدەز قاتارلىقلار سىياۋۇشنىڭ قەلبىدە ئاتەشپەرەسلىك ئوتىنى تۇتاشتۇرغانىدى. ئۈچىنچىسى كەيخۇسرەۋ ئىدى. بۇنىڭ نىيىتى ناھايىتى پاك بولغاچقا، جاھان خەلقىگە تونۇلۇپ، ئالەمنى ئاۋات قىلدى. ئۇنىڭ سىپاھلىرى: تۇس، گۇدەز، گىۋ، فەرامۇز، زال، رۇستەم قاتارلىقلار ئىدى. تۆتىنچىسى لۇھراسىپ ئىدى. ئۇ جاھان ئەھلىگە پادىشاھ بولدى. بەلخ شەھىرى ئۇنىڭ پايتەختى ئىدى. ئۇزۇن ئۆتـ

مەي ئۇنىڭ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ قوماندانى بەختۇننەسەر ناملىق پالۋان ئىدى. بەشىنچىسى گۇشتاسىپ ئىدى. ئۇمۇ پۈتۈن مەملىكەتكە پادىشاھ بولۇپ، ھۆكمىنى يۈرگۈزدى. لېكىن زەردۇشت دىنىغا كىرىپ، ئاتەشپەرەس بولۇپ كەتتى. ئالتىنچىسى بەھمەن ئىدى. ئۇ پادىشاھلىق تەختىگە چىققاندىن كېيىن ئازغۇنلۇق ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈپ، زابۇلىستانغا يۈرۈش قىلدى ۋە بەيتۇلمۇقەددەسنى ئىلكىگە ئالدى. تەگرى ئۇنىڭ مەملىكىتىنى ئۇنىڭ قىزى ھۇمايغا بەردى. بۇ كەيانىي شاھلىرىنىڭ يەتتىنچىسى ئىدى. تەگرىنىڭ توغرا يولى ئۇنىڭغا مەدەتكار بولدى. سەلتەنەت نەچچە يىللارغىچە ئۇنىڭ قولىدا بولدى. ئاخىر بۇ ئالەم ئۇنىڭغىمۇ ۋاپا قىلماي، ئۇ ئالەمگە كەتتى. سەككىزىنچىسى دارا ئىدى. بۇ ئالەم ئۇنىڭغا باش ئېگىپ، شاھلارنىڭ شاھى بولدى. ئۇنىڭ ئادالەتتىن ئۆزگە ئادىتى يوق ئىدى. دارا جاھان خەلقىنى ياخشىلىق بىلەن ئۆزىگە رام قىلىپ دەۋران سۈردى. توققۇزىنچىسى ئۇنىڭ ئوغلى دارا ئىبنى دارا ئىدى. ئۇ دادىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئالەمگە زىننەت بېرىپ ئاۋاتلاشتۇردى. لېكىن ۋەزىرى ئۇنىڭغا خۇسۇمەت ساقلاپ، ئۇنى قەستلەپ ئۆلتۈردى. ئىسكەندەرمۇ شۇنىڭ زامانىسىدە ھۆكۈمران بولۇپ، شاھلىق تۇغ-ئەلەملىرىنى پەلەك ئۈستىگە تىكلىدى. بۇلارنىڭ ئەھۋالىنى بۇ يەردە سۆزلىمەيمەن، تەگرى خالىسا، ئۆز ئۇۋتىدە بايان قىلىمەن. بۇ توققۇز ئەۋلاد كەيانىي شاھلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى پەلەكتەك يۈكسەكلىككە يەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاقىۋەت ئۆزلىرى قارا يەر تېگىدىن ئورۇن ئالدى.

**ساقىينامە:**

ئاياقچى، مەيى دوستىگانىي كېتۈر،
تولا ئەيلە، جامى كەيانىي كېتۈر.
كى دەۋرانكى ئاننى ئولمىش جەفا،
نې كەيگە، نې داراغە ئەيلەر ۋەفا.
مۇغەننى تۈزۈپ نەغمەئى پەھلەۋى،
سۇرۇدى ئانىڭ بىرلە چەك مەئنەۋى.
بۇ شەھلەركى نەزم ئېچرە قىلدىم سەۋاد،
سۇرۇدۇڭ ئارا سەن داغى ئەيلە ياد.
نەۋائى، مەي ئىچ، داغ بول رەھشۇناس،
بۇ شەھلەردىن ئەت ئۆز ئىشىڭنى قىياس.
جەھاندارلارنى جەھان قىلسە پەست،
تاپا ئالماغايمۇ گەدالارغە دەست.

**ئۈچىنچى تەبىقە ئەشكانىيلار بولۇپ، ئۇلارنى «تەۋايىف شاھلىرى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ. ئۇلارنىڭ ھالەتلىرىنىڭ داستانى بايان قىلىنىدۇ**

تارىخشۇناسلار ئەجەم پادىشاھلىرىنىڭ داستانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: ئۈچىنچى تەبىقە ئەشكانىيلار ئىدى. ئۇلاردىن جەمئىي 19 ئەۋلاد پادىشاھ ئۆتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جاھان ئىچىدە ھۆكۈمران بولۇپ دەۋران سۈرگەنلىكى تارىخ كىتابلىرىدا بايان قىلىنغان. بۇلار «تەۋايىف پادىشاھلىرى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى: ئەشك ئىبنى دارا ئىدى. ئۇ جاھاندا شان-شەۋكىتىنى نامايان قىلىپ، گاھ زۇلۇم قىلسا، گاھى ئادىللىق قىلىپ، ئاخىر جاھان مەملىكىتى بىلەن خوشلاشتى. يەنە بىرى: ئەشكان ئىبنى دارا ئىدى. بۇ جاھان ئۇنىڭ قولىغا ئۆتكەندىن كېيىن، خالايىقنىڭ كۆزلىرىدىن زۇلۇمنى يوق قىلدى. يەنە بىرى: ئەشك ئىبنى ئەشكان ئىدى. ئۇنىڭغىمۇ جاھان شاھلىقى نېسىپ بولدى. ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالام

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شۇنىڭ زامانىسىدە دۇنياغا كەلگەنىدى. يەنە بىرى: بەھرام ئىبنى شاپۇر ئىدى. بۇ ئالەم ئۇنىڭ پەرمانىدا بولغان چاغلاردا تامامى جاھان ئۇنىڭ ئادالىتىدىن بەھرىمەن بولغانىدى. يەنە بىرى: يەلاش ئىبنى بەھرام ئىدى. ئۇ سەلتەنەت تۇلپارىغا مىنىپ، پەلەك مۇنارلىرىغا سىرتماق تاشلاپ، جاھاندىن ئۆتتى. يەنە بىرى: ھۇرمۇز ئىبنى يەلاش ئىدى. ئۇ مەملىكەتنى قولغا ئېلىش بىلەنلا، دۇنيادا ئادالەتنى كۆچەيتتى. يەنە بىرى: نەرس ئىبنى يەلاش ئىدى. ئۇ جاھان تەختىنى ئېلىپ، بىر مەزگىل ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتىپ، ئۇ دۇنياغا كەتتى. يەنە بىرى: فىرۇز ئىبنى ھۇرمۇز ئىدى. شەۋكەتلىك تاج ئۇنىڭغا يېتىشىش بىلەنلا، ئۇ ھەممە تاجدارلاردىن باج-خىراجەت ئېلىپ، جاھاندىن ئۆتتى. يەنە بىرى: يەلاش ئىبنى فىرۇز ئىدى. ئۇ جاھان مەملىكىتىنى قولغا ئالغاندا، پۈتۈن مەملىكەت ئۇنىڭ ئادالىتىدىن پەخىرلىنەتتى. يەنە بىرى: خۇسرەۋ ئىبنى يەلاش ئىدى. ئۇ پادىشاھ بولغاندا، ئۇنىڭ لەشكەرلىرى يەر يۈزىگە تولدى. يەنە بىرى: يەلاش ئىبنى يەلاش ئىدى. ئۇ پادىشاھلىق قىلغان مەزگىلدە، ئۇنىڭ بىلەن يۇرتنى تالىشىشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى يوق ئىدى. يەنە بىرى: ئەردەۋان ئىبنى يەلاش ئىدى. ئۇ جاھانگىر بولۇپ، بۇ ئالەمنى ئۆزىگە قاراتتى. ئەمما ئاقىۋەت يەنە بۇ مەككار پەلەك ئۇنىڭ ئۆمۈر قىلىچىنىڭ بىسىنى قايرىدى. يەنە بىرى: ئەردەۋان ئىبنى ئەشقان ئىدى. ئۇ تەخت ۋارىسى بولغاندا پۈتكۈل زامان ئەھلى ئۇنى ھۆرمەت قىلاتتى. يەنە بىرى: گۇدەرز ئىبنى ئەشقان ئىدى. ئۇ جاھانىنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. ئەمما دەۋران ئاقىۋەتتە ئۇنىڭغىمۇ ۋاپا قىلماي، جاپا قىلدى. يەنە بىرى: تىز ئىبنى گۇدەرز ئىدى. ئۇمۇ پادىشاھ بولۇپ، بۇ كونا پەلەكنى ئۆزىگە بىر مەھەل ئارامگاھ قىلىپ ياندى. يەنە بىرى: گۇدەرز ئىبنى تىزى ئىدى. ئۇمۇ بۇ جاھاننىڭ بۈيۈك پادىشاھلىرىدىن ئىدى. لېكىن ئاخىر زاۋال تېپىپ، قايغۇ بىلەن ئالەمدىن ئۆتتى. يەنە بىرى: شاھ ئىبنى ئەرداۋان ئىدى. ئۇمۇ يەر يۈزىنى ئۆزىگە قاراتقانىدى. ئەمما بۇ تەتۈر پەلەك ئاخىر ئۇنى يەر يۈزىدىن يوق قىلدى.

ئەلقىسسە، بۇ پادىشاھلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ھاياتلىق مەڭگۈلۈك ياربولمىدى. بۇ ھېيلىگەر پەلەك ئۇلارغا سەلتەنەتنى بېرىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا يەنە ياندۇرۇۋالدى. ساقىينامە:

كېتۈر، ساقى، ئۇل ساغەرى لەئل رەڭ،
ئانىڭ دەۋرىدە زاھىر ئەتمە دەرەڭ.
چۇ يوقتۇر دەرەڭگى فەلەك جامىغە،
كۆڭۈل قويمە ئاغازۇ ئەنجامىغە،
مۇغەننىي بۇ شەھلەرغە چەكتىم تىراز
ئۇلار يادىغە نەغمە چەك دىلنەۋاز.
كى نەغمەڭ بىلە بىر قەدەھ نۇش ئېتەي،
دەمى نۇكتەدىن تىلنى خامۇش ئېتەي.
نەۋائى، بۇ شەھەرلەركى كۆردى جەھان،
بۇ كۆن بارچە تۇپراغ ئارادۇر نىھان،
چۇ بارىغە ئۇل يان ئەزىمەتدۇرۇر،
زەمانىي خۇش ئولماق غەنىمەتدۇرۇر.

**تۆتىنچى تەبىقە ساسانىيلار بولۇپ، ئۇلار پۈتكۈل جاھان مەملىكىتىنى ئۆزىگە قاراتتى، يەر يۈزىگە ئۇلارنىڭ داڭقى تارالدى**

سۆز خامىنىنىڭ دېھقىنى ئېغىز ئېچىپ، بۇ تارىخنىڭ سۆز رىشتىسىنى مۇنداق باغلىدى: تۆتىنچى تەبىقە ساسانىيلار بولۇپ، بۇ پادىشاھلارنىڭ ھەممىسىنىڭ مەرتىۋىسى

پەلەكتىن يۈكسەلدەك، لەشكەرلىرىنىڭ سانى يۇلتۇزلاردىنمۇ كۆپرەك ئىدى. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى يوقلۇق تەختىدىن ئورۇن ئالدى. بۇ تەبىقىدە جەمئىي 29 نەپەر پادىشاھ ئۆتكەن.

ئۇلاردىن بىرى: ئەردەشىر ئىبنى بابەك ئىدى. خالايىق ئۇنى «ئەۋلىيا» دەپ چوقۇناتتى. يەنە بىرى: شاپۇر ئىبنى ئەردەشىر ئىدى. ئۇ بارچە پادىشاھلار ئىچىدە قابىلىيەتلىك ۋە باتۇر ئىدى. ئۇمۇ ئاخىر يوقلۇق مەملىكىتىگە كەتتى. يەنە بىرى: ھۆرمۇز ئىبنى شاپۇر ئىدى. ئۇ ئاتىسىنىڭ تەختىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئالەمدىن ئۆتتى. يەنە بىرى: بەھرام ئىبنى ھۆرمۇز ئىدى، ئۇمۇ شاھانە تاجىنى كىيدى. جاھاندا ئادالەتنى راۋاج تاپقۇزدى. يەنە بىرى: بەھرام ئىبنى بەھرام ئىدى. ئۇ تىرىشىپ بۇ جاھاننى بويسۇندۇرۇپ، ئۆز پەرمانىغا كىرگۈزدى. يەنە بىرى: بەھرام ئىبنى بەھرام ئىبنى بەھرام ئىدى. ئۇ جاھان شاھى بولۇپ، ئالەم ئىچىدە مۇراد تاپتى. لېكىن ئاقىۋەتتە ھاياتتىن مۇراد تاپالماي، ئالەمدىن ئۆتتى. يەنە بىرى: نەرس ئىدى. ئۇنىمۇ بۇ پەلەك باشتا ئەزىز قىلدى. ئاخىردا يەنە ئۇنىڭ ئېتىنىمۇ يوقلۇق تەرەپكە قارىتىپ ھەيدىدى. يەنە بىرى: ھۆرمۇز ئىبنى نەرس ئىدى. ئۇ پۈتۈن ئالەمگە سۈرەن-چۇقان سېلىپ، مەرتىۋىسىنى پەلەكتىن ئاشۇرۇپ ياندى. يەنە بىرى: شاپۇر ئىبنى ھۆرمۇز ئىدى. ئۇمۇ كۈچ تېپىپ، لەشكەرلىرى بىلەن بۇ ئالەمگە غوۋغا سېلىپ، جاھاندىن كەتتى. يەنە بىرى: ئەردەشىر ئىبنى ھۆرمۇز ئىدى. ئۇمۇ تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە يەتتى. يەنە بىرى: شاپۇر ئىبنى شاپۇر ئىدى. بۇ دۇنيا ئۇنىڭ پەرمانىغا كىرگەنىدى. يەنە بىرى: شاپۇر ئىبنى بەھرام ئىدى. ئۇ لەشكەر توپلاپ جاھاننى ئېلىپ، ئىشرەت جامىنى قولىغا كەلتۈرۈپ ئىچىپ ئۆتتى. يەنە بىرى: فىرۇز ئىبنى يەزدجىرد ئىدى. ئۇمۇ راھەت-پاراغەت جامىنى قولغا كەلتۈرۈپ، بۇ جاھاندىن ئادالەت ۋە ئىنساپ بىلەن ئۆتتى. يەنە بىرى: يەلاش ئىبنى فىرۇز ئىدى. ئۇ شۇ قەدەر ياخشى پادىشاھ بولدىكى، ئادالىتى بىلەن ئالەمنى ئاۋات قىلىپ، جاھاندىن كەتتى. يەنە بىرى: قۇباد ئىبنى فىرۇز ئىدى. ئۇ بۇ پەلەك گۈمبىزى ئاستىدا ئۆز سەلتەنىتىنى ئورنىتىپ، تەخت ۋە تاجلىرىنى زىننەتلەپ، بەزمە-مەشرەپ تۈزۈپ، ئالەمدىن ئۆتتى. يەنە بىرى: جاماست ئىدى. ئۇ جاھانگىر پادىشاھ ئىدى. جاھان ئۇنىڭ ئادالەت ۋە ئىنساپىدىن باغۇ بوستانلىققا ئايلاندى. يەنە بىرى: نۇشىرۋان ئىبنى قۇباد ئىدى. ئۇ سەلتەنەت تەختىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، ئادالەت بىلەن جاھان سوردى. يەنە بىرى: ھۆرمۇز ئىبنى نۇشىرۋان ئىدى. ئۇمۇ جاھاننى قولغا ئالغاندىن كېيىن، بىر مەزگىل جاھان سوراپ، ئاخىر يەنە جاھاندىن ئۆز جىسمىنى پاك قىلدى. يەنە بىرى: پەرۋىز ئىبنى ھۆرمۇز ئىدى. بۇ پەلەك ئۇنىڭغا يار-يۆلەكتە بولدى. ئۇنىڭ زامانىسىدە يۇرتلار ئاۋات ۋە شاد-خۇرام بولدى. يەنە بىرى: شىرۇيە ئىدى. ئۇ سەلتەنەتنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئاداۋەت تىغىنى قىنىدىن چىقىرىپ، ئەزىز كىشىلەرنى خارۇ زار قىلىپ، جاھاندىن كەتتى. يەنە بىرى: ئەردەشىر ئىدى. ئۇ پادىشاھ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ غەزەپكارلىقى ۋە قانخورلۇقى بىلەن جاھان

www.uyghurkitap.com



خەلقىنى قەھرى ـ غەزىپىگە دۇچار قىلىپ، ئۇلارنى خارۇ زار قىلىپ، ئالەمدىن كەتتى. يەنە بىرى: كىسرى ئىبنى ئارسلان ئىدى. ئۇمۇ زەپەر قۇچۇپ جاھان مەملىكىتىنىڭ تەختىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، يوقلۇق مەملىكىتىگە قاراپ يول ئالدى. يەنە بىرى: كىسرى ئىدى. ئۇ جاھاندار بولغاندا، ئۇنىڭ تاجۇ تەختىنىڭ ھەيۋەت ـ ھەشەمىتى پەلەكتىن ھالقىغانىدى. ئاخىر ئۇ قارا يەر تېگىگە كىرىپ ئۇتقۇن بولدى. يەنە بىرى: پەرۋىز قىزى تۇران ئىدى. ئۇ تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، پۈتكۈل جاھان شاھلىرى ئۈستىدىن زەپەر قۇچۇپ ئالەمدىن ئۆتتى. يەنە بىرى: پەرۋىز ئىبنى بەھرام ئىدى. ئۇ جاھاندار بولغاندىن كېيىن، سەلتەنەت بەزمىسىدە دەۋران سۈرۈپ، بىر قولدا قىلىچ، يەنە بىر قولدا ئىشرەت جامىنى تۇتقان ھالدا جاھاندىن ئۆتتى. يەنە بىرى: ئازەرم ئىدى. ئۇ پۈتكۈل ئالەمنى ئۆزىگە قاراتقاندىن كېيىن، تۇران ئوردىسىدا تەختكە ئولتۇرۇپ، ئالەمدىن ئۆتتى. يەنە بىرى: فەررۇخ ئىدى. ئۇ جاھان ئەھلىنى ئۆزىگە تەۋە قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ دانا ھەم زېرەكلىكى بىلەن ئادالەت يولىنى تاللىدى. يەنە بىرى: يەزدىجەرد ئىدى. ئۇمۇ جاھان مەملىكىتىنى قولغا ئېلىپ، ھۆكۈم سۈردى. ئۇنىڭ لەقىمىنى «شەھرىيار» (بۈيۈك پادىشاھ) دەپ ئاتاشتى.

ئەلقىسسە، ھەر بىر پادىشاھ جاھان مەملىكىتىنى ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈش بىلەنلا شاد ـ خۇرام بولدى. شاد ـ خۇرام بولۇش بىلەنلا تەكەببۇر، مەنمەنچى بولدى. مەغرۇرلىنىپ، كىبىرلىپ، جاھان مەملىكىتىنى ئۆز مۈلكۈم دەپ گۇمان قىلىشتى. ئۇلار شۇنداق گۇمان قىلىش بىلەنلا ئاخىرەت مۈلكىگە كېتىپ قالدى. نەزمە:

قايۇ بىركى مۈلك ئالدى، تاپتى سۇرۇر،
مۇ بەددەل سۇرۇرىغە بولدى غۇرۇر.
جەھان مۈلكىن ئۆز مۈلكى قىلدى گۇمان،
گۇمانى ھەمان ئېردى، كەتمەك ھەمان.

ئۇ پادىشاھلارمۇ بۇ مەككار دۇنيانىڭ ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلۇپ، بۇ ۋاپاسىز ۋە تۇراقسىز جاھاندىن كېتىپ قالدى. جاھان مەملىكىتىمۇ ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن ئېشىپ قالدى. ساقىينامە:

ئاياقچى، ماڭا جامى شاھانە تۇت،
تۈگەنگەنسارى تولدۇرۇپ يانە تۇت.
چۇ كەتكۈمدۇرۇر، دەھرى بەزمى قالىپ،
كېتەي بارى كامىمنى مەيدىن ئالىپ.
مۇغەننىي، سۇرۇد ئايتىبان رۇد تۈز،
ۋەفاسىز جەھان بىرلە پەدرۇد تۈز.
نەۋائى، بۇ يەڭلىغ ئىمىش دەھر ئىش،
كىشى ھەرگىز ئاندىن ۋەفا كۆرمەمىش.
كىشىلىك بۇدۇركىم، ئۇنۇتساڭ ئانى،
چۇ تەركىڭ قىلۇر تەركى تۇتساڭ ئانى.

**ئىسكەندەر داستانىنىڭ باشلىنىشى (ئىگەم ئۇنى ئاخىرىغا يەتكۈزگەي) ۋە تارىخىنىڭ مۇقەددىمىسى (تەڭرىم ئۇنى خاتىمىسىگە ئۇلاشتۇرغاي). تارىخچىلارنىڭ ئىسكەندەرنىڭ نەسەبى توغرىسىدىكى ئىختىلاپلىرى، تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۇ ئىختىلاپلارنى يوق قىلىپ، ئىشىنىڭ ھەقىقىتىگە ئېرىشكەنلىكى، پادىشاھ پەيلەقۇسنىڭ باقىي دۇنياغا كېتىپ قالغانلىقى، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ پانىي ئالەم تەختىگاھىدىن ئورۇن ئالغانلىقى**

رۇم ئۇسلۇبىنى نامايان قىلغۇچى رەسسام تارىخنىڭ پەردىلىرىنى ئېچىپ، مۇنداق سىرلارنى ئاشكارىلىدى: يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتۈلگەن تۆت تەبىقىگە مەنسۇپ

پادىشاھلار ئالەمدە جەمئىي 4336 يىل 10 ئايغىچە دەۋران سۈرۈپ، جاھان تۇتۇپ، لەشكەر تارتىپ ئۆتتى. بۇ مۇددەت ئىچىدىن جەمئىي 1500 يىلدا زامان ئەھلى تىنچ-ئامان ئۆتتى. ئۇلارنىڭ پەرمانىنى تۇتۇپ بەختىيار بولدى. پادىشاھلارنىڭ ھېچقايسىسىغا ئۆز ئارزۇ-ئارمانلىرىنى چېكىگە يەتكۈزۈپ مۇرادىغا يېتىش نېسىپ بولمىدى. لېكىن ئاشۇ ھەققىپەرۋەر پادىشاھ ئىسكەندەرگە جاھاندا شۇنداق ئىشلار مۇيەسسەر بولدىكى، ئۇنى سۆزلىگەنسېرى ھېس قىلىشقا بولىدۇ. مۇقەددەس تەڭرى ئۇنىڭدەك كىشىنى يارىتىپ باقمىغان. ئۇنىڭ ھەققىدىكى سۆپەتلەرنى قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتتۇم، ئەمدى تەپسىلىي بايان قىلىمەن.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تۆت تەبىقە پادىشاھلارنىڭ ئىككى تەبىقىسىدىن كېيىن ئىسكەندەر دۇنياغا كەلدى. كەيانىي پادىشاھلىرى بىرىنىڭ ئارقىسىدىن بىرى بىر ئالەم بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن، بۇ جاھان داراغا قالدى. تەخت بىلەن تاج ئۇنىڭغا بەخشەندە بولۇپ، پۈتۈن پادىشاھلار ئۇنىڭغا باج تاپشۇرماقتا ئىدى. شۇ زامانلاردا رۇم دۆلىتىنىڭ پادىشاھى پەيلەقۇس ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پاك ئەخلاقىي سۈپەتلىرى بىلەن گويا پەرىشتىدەك ئىدى.

ئەلقىسسە، نەزمە ئەھلىنىڭ پادىشاھى بولغان شەيخ نىزامى رۇم پادىشاھى پەيلەقۇسنىڭ



سەرگۈزەشتىدىن خەۋەردار ئىدى. ئۇ تەسنىپ قىلغان كىتابىدا پەيلەقۇسنىڭ داستانىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ:

پەيلەقۇسنىڭ ئۆز نەسلىدىن بىر ئىز باسارى بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئالەمدىكى بىردىنبىر ئارزۇسى پەرزەنت كۆرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. بۇ سەۋدا ئۇنىڭ جىسمىنى ئۆرتەيتتى. بۇ ئىستەك ئۇنىڭ كۆڭلىدىن زادى چىقمايتتى. بىر كۈنى ئۇ شىكاردىن خۇشال-خۇرام ھالدا قايتىپ، شەھەر تەرىپىگە ماڭدى. يېنىپ كېلىۋېتىپ ئۇنىڭ كۆزى يول ياقىسىدىكى خارابىگە چۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قالدى. بۇ خارابىنىڭ ھەر بىر تاشلىرى
پەلەك زۇلمىدىن گويا دەردمەنلەر دىلىدەك
سۇنۇق، خارابە ئىچى بولسا ماتەمدارلار-
نىڭ مىسكىن، كۆڭلىدەك بۇزۇق ئىدى.
پادىشاھ پەيلەقۇس ئېتىنى ئىختىيارسىز
ھالدا بۇ ۋەيرانىگە قاراپ ھەيدىدى.
پادىشاھ بۇ جايدا بىر ھامىلىدار خوتۇننىڭ
يەڭگىگەنلىكىنى كۆردى. ئۇ ئايالنىڭ
جىسمىدا جاندىن ئەسەر قالمىغانىدى. ئۇ-
نىڭ تۇغقان ئوغلى ئايالنىڭ يېنىدا خارۇ
زارلىق بىلەن ياتاتتى، ئۇنىڭدىن بىلىنەر-
بىلىنمەس يىغا ئاۋازى كېلەتتى. ئانىسى
ۋاپات بولغان بۇ ئوغۇل بىر كۈن كەچكىچە
يىغلاپ چىققانىدى. بۇ بوۋاق تۇغۇلۇپلا
ئانىسىنىڭ ماتىمىنى تۇتۇپ يىغلاۋاتقاندەك
قىلاتتى. بۇنى كۆرۈپ پەيلەقۇسنىڭ يۈرى-
كىگە ئوت تۇتاشتى. پەيلەقۇسنىڭ بۇيرۇقىغا
بىنائەن بىرنەچچە ئايال كېلىپ، ئۇ
ئايالنى يۇيۇپ، تاراپ، شۇ يەرگە دەپنە
قىلدى. پادىشاھ بوۋاقنى ئاۋايلاپ ئۆيىگە
ئۆزى ئېلىپ كەلدى، ئۇنىڭغا يۇزلەنگەن
نازۇ نېمەتلەرنى تەييارلاپ، پەرۋىش
قىلدى. ئۇنى ئۆز ئوغلى بىلىپ «ئىسكەن-
دەر» دەپ ئات قويدى. پەيلەقۇس باقىي
ئالەمگە كېتەر ۋاقتىدا، ئۇنى ئۆز ئورنىدا
تەخت ۋارىسى قىلىپ، ئۇنىڭغا پۈتكۈل
دۆلەت ئىشلىرىنى قالدۇرۇپ كەتتى.

بەزى تارىخچىلار ئۆز بايانلىرىدا ئىس-
كەندەرنىڭ نەسەبىنى داراغا يەتكۈزىدۇ.
ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە رۇم پادىشاھى ئۆز
قىزىنى داراغا ياتلىق قىلغان، دارا ئۇ قىزنى
زىبۇ زىننەتلەر بىلەن ياساپ، تويلاپ،
ئۆز نىكاھىغا ئالغان. دارا ئۇ قىز ھامىلى-
دار بولغاندىن كېيىن بىر ئىشنى باھانە
قىلىپ، ئۇنى ئاتىسىغا قايتۇرغان. ئۇ قىز
يەڭگىگەندىن كېيىن جاھان ئۇ يېڭى
تۇغۇلغان گۆھەر بىلەن شەرەپلىك بولغان.

يەنە بەزى زېرەك سۆزمەنلەر پارسلار-
نىڭ تارىخلىرىدا مۇنداق يېزىپتۇ: بۇ
ئالەمگە كېلىپ جاھاندارلىق قىلغان ئىس-
كەندەر ئىككىدۇر. بىرى: دارا بىلەن جەڭ
قىلغان ئىسكەندەر، يەنە بىرى: سېپىل
سوقتۇرغان ئىسكەندەر.

لېكىن بۇ زاماننىڭ داراسى، پاكلىق
جامىنىڭ ساقىيسى بولغان ھەزرىتى جامى
(ئۇنىڭغا رەھمەتلەر بولسۇن) بۇ قىسسىدىن
ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزمەكتە ئىدى.
ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋاللىرى ئۇنىڭغا مەلۇم
ئىدى. بۇ ۋەقەلەرنى نەزمە قىلىپ كىتابىمۇ
يازغانىدى. مەنمۇ مۇشۇ ساھەگە ئائىت
تارىخلارنى ئالدىمغا تىزىپ، ئىنچىكە
تەتقىق قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىدىم.
ئىسكەندەرنىڭ نەسەبى توغرىسىدىكى
ئىختىلاپلىرى مېنى ھەيران قىلىپ، قىيىن
ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئاخىر ھەزرە-
تى جامىنىڭ ئالدىغا سالامغا بېرىپ:

— ئىسكەندەر زادى بىرمىدۇ ياكى
ئىككىمىدۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— ئىسكەندەر بىردۇر، — دېدى ئۇ ھەز-
رەت ئىسكەندەر ئىككى، دېگەن كۆز
قاراشقا رەددىيە بېرىپ، — بۇ سەرگۈزەشت-
لەرنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ بىرلا ئىسكەندەر
ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن.

ھەزرىتى جامى بۇ ھەقتە كەسكىن ھۆ-
كۈم بىلەن گۇۋاھلىق بەردى. ئىسكەندەرنىڭ
پەيلەقۇس ئوغلى ئىكەنلىكىنى ھەزرىتى
نىزامىمۇ بايان قىلغانىدى، ھەزرىتى
جامىمۇ ئۆز داستانىدا شۇنداق دەپ
يازدى. ئىسكەندەرنى دارانىڭ ئوغلى دەپ
قەيت قىلغۇچى تارىخچىلارنىڭ ھۆكمى

چىنلىقتىن يىراق ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى، بۇ مەسىلە ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىق قىلىندى. ئەمدى بۇ ۋەقەلەرنى دىققەت بىلەن بايان قىلاي. ئالەم ئەھلى ئۇنىڭدىن پايدىلانسۇن.

ئەلقىسسە، پادىشاھ پەيلەقۇس ئىسكەندەرنى تاپقاندىن كېيىن، يۇرت ئىچىنى خۇددى زىبا قىزدەك ياساپ، زىننەتلىدى. ساخاۋەت ئىشىكلىرىنى ئاچتى. توي ئەسلىھەلىرىنى تەييارلاپ، ئۇلارنى شاھانە قائىدە بويىچە رەتلىدى. شاھنىڭ كۆزلىرى ئىسكەندەرنىڭ جامالى بىلەن روشەنلىك تاپتى. بۇ بوۋاقنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز ھوشيار بولۇشتى. ھەر سائەت ئەڭ كۆپ تىرىشچانلىقلار بىلەن ئۇنى پەرۋىش قىلدى. ئۇنىڭ غىزاسى ئۈچۈن ئەڭ لايىق تاماقلار بېرىلدى. پەيلەقۇس شاھ بۇ ئوغۇلغا ئۆز جېنى ئىچىدىن جاي بېرىپ ئاسرىدى. بارا-بارا ئۇنىڭ تىلى چىقىپ، سۆزلىيەلەيدىغان بولدى. شاھ بۇ ئوغۇلغا ئىلىم ئۆگىتىشنى زۆرۈر تېپىپ، ئۇنى يەقۇماس ھېكىمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇ ئالىم ئىلمى ھېكمەتتە مەشھۇر ئىدى. كائىنات سىرلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. يەقۇماس ھېكىم ئىسكەندەرنىڭ چىرايىغا نەزەر سېلىش بىلەنلا ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىقبالىنى بىلىپ يەتتى. ئىلىم ساھەسىدە بۇ ئالىمغا ھېچكىم تەڭ كېلەلمەيتتى. ئەرەستۇ① ئۇنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇ دانا ھېكىم ئىسكەندەرنىڭ بەخت-تەلىيى ھەققىدە باش قاتۇرۇپ، ئۇنىڭغا كېلىدىغان بارلىق ئاپەتلەرنى تەدبىر بىلەن يوق قىلدى. پادىشاھ ئۇنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىنلار ئېيتىپ، ئىسكەندەرنى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. بۇ ئوغۇلغا دانىشمەنلىك ئىلىملىرىنى ئۆگىتىشنى ھاۋالە قىلدى. چۈنكى يەقۇماس ھېكىم بارلىق ئىلىملەردە پىشىپ يېتىلگەن زات بولۇپ، ئۇنىڭدەك كامالەتكە يەتكەن ئالىم يوق ئىدى. يەقۇماس ھېكىم بۇ ئوغۇلغا ئۇستاز بولۇشنى ئۆزىگە شەرەپ دەپ بىلدى. ئۇ دانىشمەن ھېكىم ئىسكەندەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ پەلەكنىڭ بارلىق ئەھۋاللىرىغا نەزەر سالدى. يۇلتۇزلارنىڭ نەس ۋە خاسىيەتلىكلىرىنى بىر-بىرلەپ ئېنىقلاپ، ئىسكەندەر تۇغۇلغان كۈننىڭ خاسىيىتىنى يېزىپ چىقتى. ئاندىن ئىسكەندەرنىڭ ئىقبالىغا مۇنداق ھۆكۈم چىقاردى:

بۇ پاك تەبىئەتلىك ئوغۇل جىمى شاھلارنىڭ شاھى بولغۇسىدۇر. ئۇنىڭ شان-شەۋكىتى يەتتە قات ئاسمانغا يەتكۈسى، ئۇ پۈتكۈل يەر يۈزىنى كېزىپ، ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇسى، بارلىق پادىشاھلار ئۇنىڭ قۇللىرىنىڭ قاتارىغا ئۆتۈپ، پەرمان ھالقىلىرىنى ئۆز بويۇنلىرىغا سالغۇسىدۇر. ئۇنىڭ ھىممىتى پەلەكنىڭ ئەۋجىگە يېتىپ، ئاسمان گۈمبىزى ئۈستىدە ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىق نۆۋىتىنى نامايان قىلغۇسىدۇر.

ۋاقتىكى، بۇ دانىشمەن ھېكىم كۆپ تىرىشچانلىقلار بىلەن پەلەك مۈشكۈلاتلىرىنى ھەل قىلغاندىن كېيىن، بارلىق ئەھۋاللاردىن ھۆكۈم چىقىرىپ، بۇ بالىنىڭ بەخت-ئىقبالىدىن شاد-خۇرام بولدى. ئاندىن كېيىن تەلىم-تەربىيە لەۋھەلىرىنى تەييارلاپ، ئىسكەندەرگە ساۋاق بېرىشكە باشلىدى. ھېكىم ھەرقانداق ئىلىمدىن تەلىم بەرسە،

①ئەرەستو — يۇنان ئالىمى ئارىستوتېلنى كۆرسىتىدۇ. مىلادىدىن بۇرۇنقى 384 - يىلىدىن 322 - يىلغىچە ياشىغان. شەرقتە «ئەرەستو» «ئەرەستوتالىس» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر.

بالا ئاڭلاش بىلەنلا بىلىۋالاتتى. ئۇستاز توختاۋسىز هالدا ئۇنىڭغا تۈرلۈك ئىلىملەرنى ئۆگەتتى. ئىسكەندەر ناهايىتى تالانتلىق ئىدى. ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئۆگىتىلگەن بىلىملەردىن ئون ھەسسە زىيادە بىلىمنى ئىگىلەپ، پۈتكۈل ئىلىملەردە تەڭداشسىز بولۇپ يېتىشتى.

پادىشاھ پەيلەقۇس باشلىق دۆلەت كاتتىلىرى، ئالىملار ۋە باشقا خالايىق ئۇنىڭ ئىلمىي قابىلىيىتىگە قايىل بولۇپ، ئەمدى ئۇنى لەشكىرىي ئىلىمگە سايە قىلىشتى. ئىسكەندەر بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىشكىمۇ بېلىنى چىڭ باغلىدى. ھەربىي ئىشلاردا دۈشمەننى يوقىتىشقا پايدىلىق بولغان بارلىق بىلىم، ھۈنەر ۋە ماھارەتلەرنى پۇختا ئۆگەندى. ئۇ گاھى ئاتقا مىنىپ، ئالەمگە قىقاس ـ چۇقان سالسا، گاھى پىيادە هالدا ئۆزىنىڭ زور كۈچ ـ قۇدرىتىنى نامايان قىلاتتى. ئوق ئېتىشقا چۈشكىنىدە، ئۇنىڭ ئوقى ساۋۇتلارنىڭ بۆغۈچلىرىنى ئۈچۈرۈپ تاشلايتتى. بۆغۈچ ئەمەس، بەلكى خىيال يىپىنىڭ تۈگۈچلىرىنىمۇ يېشىۋېتەتتى. ئۇنىڭ نەيزىسى يۇلتۇزنىڭ كۆزىنى تېشەتتى. يۇلتۇز ئەمەس، بەلكى بۇ زەڭگەر رەڭ ئاسماننىڭ كۆزىنى تېشەتتى. قىلىچىنى ئويۇل تاشقا ئۇرسا، تاش ئۇ قىلىچقا غىلاپ بولۇپ بېرەتتى. سالمىسىنى قولىغا ئالغىنىدا پەلەك گۈمبىزىنىڭ بېشىغا سىرتماق تاشلايتتى. گۈرزىسىنى قۇرام تاش ئۈستىگە ئۇرغىنىدا، ئۇ تاشنى تۇپراققا ئايلاندۇرۇپ، توزانلىرىنى كۆككە يەتكۈزەتتى. مەيدان ئىچىدە كۆچتۈڭگۈرلۈك قىلىدىغان بولسا، زور ئەجدىھانىمۇ گويا سېسىق يىپنى ئۈزگەندەك ئۈزۈپ تاشلايتتى. لەشكىرىي ئىشلارنى ئۆگىنىپ شۇ دەرىجىگە يەتكۈزدىكى، باشقا خالايىقنىڭ ئۇنداق بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ۋاقتىكى، ئىسكەندەرنىڭ ئاتىسى پەيلەقۇسنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ قالدى. خالايىق بۇ پادىشاھنىڭ قامىتىنىڭ بارغانسېرى ئېگىلىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئۇنىڭ جىسمىنىڭ تۇپراق تەرەپكە مايىللىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. پەيلەقۇسنىڭ جىسمى تازا زەئىپلەشكەن مەزگىلدە، ئىسكەندەر ئۆسۈپ يېتىلىپ، پادىشاھلىق قىلالىغۇدەك بولدى. ئاتىسى تەڭرى تەرەپكە يۈزلىنىپ، تاجۇ تەختىنى ئىسكەندەرگە تاپشۇردى. ئۆزى تاۋۇت تاختىسى ئۈستىگە چىقتى. ئاتىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئىسكەندەر ئىچ ئاغرىقىدا تەركىدۇنيا بولۇپ كېتىشكە تاسلا قالدى. ئىسكەندەر بۇ دۇنيادىن كېچىش نىيىتىگە كەلگەندە، ئۇنىڭ يادىغا ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى يېتىپ قالدى. ئاتىسى ئۇنىڭغا مۇنداق ۋەسىيەت قىلغانىدى: «مەملىكىتىمىزگە ياتلارنى ئاياغ باستۇرما، قەسىرىمىزگە غەيرىيىنىڭ بېشىنى تىققۇزما. ھەرىمىمگە باشقىلار پۇت تىققۇچى بولمىسۇن، ئۇنداق بولمىغاندا شەرمىي هايا پەردىلىرىمىز يىرتىلىپ، ئاتاق ـ ئابرويىمىز بۇزۇلىدۇ. سېنى تېپىپ پەرۋىش قىلىشىمدىن مۇرادىم شۇ. ئەگەر مەن بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ، كېتىپ قالغۇدەك بولسام، مېنىڭ نامىم ئۆچمەسلىكى، ئىشلىرىمنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، سەن ئورنۇمنى بېسىپ ئولتۇرۇپ، سەلتەنەت يۈرگۈزگىن...»

ئىسكەندەر بۇ ۋەسىيەتنى ئېسىگە ئالغاندىن كېيىن زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئاتىسىنىڭ ھەرەمخانىسىغا باشپاناھ بولدى. بۇ ئىشتىن دۆلەت ئەمىن تاپتى. ئىسكەندەرنى تەركىدۇنيا بولۇشتىن ئار ـ نومۇس، ھەم‌ـ

مەت ۋە ئۇنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان غايەت
زور مەسئۇلىيىتى ساقلاپ قالدى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇنىڭ تەركىدۇنيا بولۇش نىيىتى
گويا سۇزۇك سۇ ئۈستىدىكى ئەخلەت
شامالغا دۇچ كەلگەندەك ئاللىقايالار-
غىدۇر سۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇ ئاتىسىنىڭ
ماتەم - تەزىيە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىپ
بولغاندىن كېيىن، تاجنى كىيىپ، تەخت-
كە چىقتى. ئاتىسىنىڭ ئورنىنى بېسىپ،
زىياپەت راسلاپ، مەي ئىچىشكە باشلىدى.
ساقىينامە:

ئاياقچى، بەر ئول جەۋھەرى غەمزەداي،
دېمە غەمزەدا، جامى ماتەمزەداي.
كى ئاندىن سۇمۇرسە غەمىم قالماسۇن،
ئاتا سۇگىدىن ماتەمىم قالماسۇن.
مۇغەننىي، قىلىپ ساز زودى نىشات،
ئانىڭ بىرلە تۈزگىل سۇرۇدى نىشات.
كى سۆز تەختىدە بولدۇم ئارامگىر،
بولاي تەھنىيەت بەزمىدە جامگىر.
نەۋائى جەھاننىڭ فەرىبىن يېمە،
خىرەد ئالدە نەقشۇ زىيبىن دېمە.
چۇ دەۋران ئىشى بىۋەفالىقدۇرۇر،
فۇزۇن شاھلىقدىن گەدالىقدۇرۇر.
گەدايىكى قەيد ئولغاي ئاندىن يىراق،
مۇقەييەد جەھانداردىن ياخشىراق.

ھىممەت ① ھۇمايىنىڭ ② يۈكسەك ئۇچۇشلىرى تەرىپلىنىدۇكى، قانىتىنىڭ سايىسى
قۇياشنىڭ ئەنقا ③ سۈپەت ئالتۇن قاناتلىرىنى زۇلمەت قافىدا ④ ئورۇنلاشتۇرىدۇ.
ئۇنىڭ جىسمىنىڭ يۈكسەكلىكى تەسۋىرلىنىدۇكى، پەلەكنىڭ كۆۋۈش رەڭلىك
تۇخۇمىنى قانىتى ئاستىغا يوشۇرىدۇ. ئۇنىڭ سايىسى ھەرقانداق
بىر قەلەندەرنىڭ بېشىغا چۈشسە، جىمى شاھلار ئۇ كىشىنىڭ
ئالدىدا قەلەندەرگە ئايلىنىدۇ. شۇنداقلا، ھەرقانداق شاھتىن
ئۇنىڭ سايىسى كېتىپ قالسا، ئۇ شاھنىڭ قېشىدا
قەلەندەرمۇ پادىشاھ كۆرۈنىدۇ

ھەر كىمنىڭ ھىممىتى يۇقىرى بولسا،
ئۇ كىشى خەلقى ئالەم ئىچىدە ئەزىز ۋە
شەرەپلىك بولغۇسى. ئەگەر بىراۋنىڭ
قولىدا بىرەر يارماقا چاغلىق قارا مىس
پۇلمۇ بولمىسا، ئۇ ئادەم ھىممەتلىك
بولسا، ئۇنى نامرات دېگىلى بولمايدۇ.
ئۆزى باي بولسىمۇ، ھىممەتسىز بولسا، ئۇ
كىشى ئەڭ نامرات كىشىدۇر. مۇنداق

① ھىممەت — غايە، ئىستەك، نىيەت؛ بىرەر ئىشقا كۆڭۈل قويۇپ تىرىشىش.

② ھۇماي — بىر خىل ئەپسانىۋى قۇش، دۆلەت قۇشى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا بۇ قۇشنىڭ سايىسى ھەرقانداق كىشىنىڭ بېشىغا چۈشسە، ئۇ كىشىنىڭ تىلەكلىرى ئىشقا ئېشىپ، بەختىيار بولار ئىمىش.

③ ئەنقا — بىر ئەپسانىۋى قۇشنىڭ نامى. ئېيتىلىشىچە، بۇ قۇش جىمى قۇشلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ، كوھىقاپتا ياشار ئىمىش.

④ قاف — بىر ئەپسانىۋى تاغنىڭ نامى. ئېيتىشلارچە، بۇ تاغ قاپقاراڭغۇ بولۇپ، پۈت-كۈل جاھاننى ئوراپ تۇرىدىكەن. تولۇق ئىسمى كوھى قاف (قاف تېغى).

ئادەملەر خالايىقنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىدىن مەھرۇمدۇر. ئالەم ئەھلىنىڭ ئادىتى شۇكى، ئۆزىنى تۇتقان، تەمەدىن قول يىغقان كىشىلەر ئىزچىل ھۆرمەتلىنىدۇ. ئىنساننىڭ ھىممەتلىك بولۇشىنىڭ ئۆزى بىر بايلىق. ساخاۋەتلىك كىشىلەر بۇ بايلىقتىن ھۆرمەت، ئىناۋەت تاپىدۇ. ھىممەتسىز بايلارنىڭ ھۆرمىتى بولمايدۇ. ھېسابسىز خەزىنىگە ئىگە بولغان بىر كىشى ئەگەر ھىممىتى پەس بولسا، ئۇ كىشىنىڭ خەزىنە يىغىشى بىھۇدە مۇشەققەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. بېخىل كىشىلەر ئەگەر بىر يارماقنى تۆگۈپ قويغان بولسا، ئۇنى ئېچىشتىن كۆڭلى ۋەھىمىگە چۈشىدۇ. ئۇنى بۆگۈن ياكى ئەتە ئاچاي دەپ، تۆگۈن ئۈستىگە تۆگۈن تۆگىدۇ. ئەگەر ئاچقان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن مەقسەت ئۇ يارماقتا يەنە بىر يارماقنى قوشۇپ تۆگۈنچەك قىلىشتىن ئىبارەت. بەلكى شۇ مەقسەت ئۈچۈنمۇ ئېچىشنى راۋا كۆرمەي، ئۇنى باشقا بىر تۆگۈنچىگە تۆگىدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ پۇللىرى قانچە كۆپ بولغانسېرى، تۆگۈنلىرى ئۇنىڭدىن بەكرەك كۆپىيىدۇ. ئەگەر بۇ تۆگۈنلەردىن بىرنى ئاچماقچى بولسا، ئۇنىڭ كۆڭلىگە يۈزلەپ تۆگۈن چۈشىدۇ. ئويۇنچىلار ئىت، ئېيىق ئويناپ نان تاپىدۇ. ئەمما، ئۇ ناندىن بىر قىسمىنى ئىت، ئېيىقلىرىغا بېرىشكە كۆزى قىيمايدۇ. قاغا قانچىلىغان ياڭاقلارنى ئوغرىلايدۇ. لېكىن ئۇنى مەخپىي تۇتۇش ئۈچۈن يەرگە كۆمىدۇ. نەتىجىدە ئۇنىڭدىن ئۆزىمۇ بەھرە ئالالمايدۇ. چاشقان ئۆزى ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ يەر ئاستىدىكى مەخپىي ئۆيلىرىگە توشقۇزىدۇ. ئۇنى ھەتتا ئۆزلىرىدىنمۇ مەخپىي تۇتىدۇ. ئاقىۋەتتە ئۇ نەرسىلەردىن مەھرۇم قالىدۇ. قارا قوڭغۇز دائىم تېزەك توشۇش بىلەن ئاۋارە بولۇپ، بېشىنى كۆتۈرمەي توشۇيدۇ. ئۆلۈم خەۋپىگە دۇچ كەلسىمۇ تېزەكنى تاشلىمايدۇ. ئاقىۋەتتە ئات - ئۇلاغنىڭ ئاياغلىرىدا يانچىلىپ ئۆلىدۇ. ساخاۋەت ئىگىلىرى پۇلنى سەرپ قىلماي يىغىشنى ئەيىب كۆرگەندەك، ھىممەتسىز كىشىلەر پۇل خەجلەشنى ئەيىب كۆرىدۇ. ساخاۋەتلىك كىشىلەر ئەلگە ياخشىلىق قىلىش بىلەن چۆنتەكلىرىنى بوشاتسا، ھىممەتسىزلەر بۇنى ئەيىب كۆرىدۇ ۋە بۇنداق ئىش ئۈچۈن چەكسىز ھەسرەت چېكىدۇ. ھېسابسىز ئەپسۇسلىنىدۇ. كەرەملىك كىشىلەرنىڭ ئادىتى ھەمىيىنىدىن پۇل چىقىرىپ ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ھىممىتى پەس كىشىلەرنىڭ ئادىتى ئۆيىدە پۇل - مال، خەزىنە - دەپىنىلىرى تۇرۇپمۇ ئاچ قورساق يۈرۈشتىن ئىبارەت. بۇنداق خەزىنىدارلار بىلەن كەمبەغەللەرنىڭ پەرقى يوق. بەلكى ئۇلاردىن نامراتلارنىڭ كۆڭلى ياخشىراق، چۈنكى بېخىللارنىڭ مال - مۈلكى بولمىسا، ھېچ كىشىدىن ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت يەتمەيدۇ. ئەگەر دۇنياسى بولسا، كىشىلەر ئۇنىڭ جېنىغا قەست قىلىدۇ. قىزىل تۈلكە بىلەن قارا قۇندۇزنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە ئۆزلىرىنىڭ بەدىنىدىكى تۈكى سەۋەبچى بولغاندۇر. سەدەپ گۆھەرلەرنى يىغقانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر گۆھەرگە ئىگە بولۇشنى كۆزلەپ سەدەپنىڭ كۆكسىنى يارىدۇ. ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ كۆكسى - قارنى كەڭ بولغاچقا، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە باي بىلەن كەمبەغەل ئوخشاش. ئۇلار كىشىلەرگە بىر خەزىنە مال - دۇنيانى بېرىۋەتسىمۇ پەخىرلىنىپ كەتمەيدۇ. پۇلى يوق چاغلاردا

بىر يارماق بىرىشكە نومۇس قىلىپ كەتـ
مەيدۇ. لەززەتلىك غىزالارنى يېيىش
بىلەن سۆيۈنۈپ كەتمەيدۇ. ئۇماچ ئىچكەنگە
مۇڭلىنىپ، قايغۇرۇپ كەتمەيدۇ. ئەقىل
ئىگىلىرى ساخاۋەتلىك كىشىلەرنى ئىككى
قىسىمغا بۆلگەن. بىر خىلى قولدا بارنى
ساخاۋەت قىلىپ تۈگەتكەن، جاھان ئەھـ
لىدىن ئۇنىڭغا جاپا يېتىپ، مۇشەققەتكە
يولۇققان، ئىشلىرى ئىلگىرى باسمىغان
ھىممەت ئىگىلىرى. ئەگەر بۇنداق كىشىـ
لەرنىڭ داۋاملىق خەير - ئېھسان قىلىشىغا
قۇدرىتى يەتمىسە، ئۇلارنىڭ پەزىلىتىدە
ھىممەت بولغىنىنىڭ ئۆزى كۇپايە. يەنە بىر
خىل ھىممەت ئىگىلىرى باركى، ئۇلار ئالىي
ھىممەتكە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، جاھان
ئەھلىنىڭ جەبرۇ جاپاسىغا ئاز يولۇقىدۇ.
خۇددى ئېگىز ئۇچىدىغان قۇشلارغا ئوۋچىـ
لارنىڭ قان تۆككۈچى ئوقلىرى يەتمىگەنـ
دەك، گەرچە ئۇلارغا بېخىللار داۋاملىق
ھەسەت ئوقلىرىنى چېچىپ تۇرسىمۇ،
لېكىن، ساخاۋەت بۇلۇتلىرىنىڭ ماھۇقىنى
كۆيدۈرەلمەيدۇ. چۈنكى باللارنىڭ قانچە

پۈۋلىگىنى بىلەن يۇلتۇز شامى ئۆچۈپ
قالمايدۇ. بولۋاس ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە
چىقىپ قانچە سەكرىگىنى بىلەن ئاينى
ئۈزۈپ ئالالمايدۇ. كىشىلەر ئۆز ھىممىتىنى
قانچە يۇقىرى قىلغانسېرى، تەڭرى ئۇنىڭ
مېھنىتىنى شۇنچە ئاز قىلىدۇ. ئەگەر بىراۋـ
نىڭ ھىممىتى يار بەرسە، جاھان تۇتۇشنى
تاشلاپ، گادايلىقنى ئىختىيار قىلغاي.
پېقىرلىقنى ئەلا بىلىپ، جاھانـدارلىقتىن
نومۇس قىلغاي. كىچىك پېئىللىقتا مايىل
بولۇپ، بۈيۈكلۈكتىن كەچكەي. پېقىرلىق
كوچىسىنىڭ گادىيىنى گاداي دېمە، ئۇنى
پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى دەپ بىل. گادايـ
لار پادىشاھلىققا ھەۋەس قىلغاندەك، پادىـ
شاھلارمۇ گادايلارغا زوقلىنىدۇ، شۇلاردەك
بىغەم پادىشاھلاردىن بولۇشنى ئارزۇ قىلىـ
شىدۇ. تەڭرىتائالا بۇنداق پەم - پاراـ
سەتنى ئاتا قىلغان خالايىق ئەلۋەتتە شاھـ
لىقنى تاشلاپ، پېقىرلىققا مايىل بولغاي.
ئەي ئالەمنى ياراتقان بۈيۈك تەڭرىم،
سىددىقنىمۇ ① بۇنداق بۈيۈك ئىنئامىڭدىن
مەھرۇم قىلمىغايسەن.

ئىسكەندەر بىلەن گادايلىقنى ئىختىيار قىلغان پادىشاھنىڭ، ياق، بەلكى ھەقىقىي
پادىشاھلىق مەرتىۋىسىگە يەتكەن گادايىنىڭ ھېكايىسى، ئىسكەندەرنىڭ ئۇنى
خارلىق زىندانىدىن چىقىرىپ، سەلتەنەت تەختىگاھىغا ئولتۇرۇشقا
تەكلىپ قىلغانلىقى، ئۇ گادايىنىڭ تاج كىيىشنى رەت قىلىپ،
تاجنى تاشلاش خىيالىنى ئېسىدىن چىقارمىغانلىقى

ھەزرىتى مىرزا ئەلىشىر مۇنداق
رىۋايەت قىلىدۇ:
ئىسكەندەر جاھان ئەھلىگە پادىشاھ
بولدى. ئەل - ئايماقلارنى ئىگىلەپ، پادىشاھـ
لارنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئۇ ھەر بىر
پادىشاھنى ئۆزىنىڭ ئېلىگە مەسئۇل قىلىپ،

پادىشاھ قىلاتتى. بىر پادىشاھ بىـ
لەن ئۇنىڭ شەھەرلىرىدىن كۆڭلى تىـ
نىپ، خاتىرجەم بولسا، يەنە بىر شەھەرگە
يۈرۈش قىلاتتى. مەغرىب زېمىنىنى بويـ
سۇندۇرۇشقا كەلگەندە، ئۇ يەرنىڭ پادىـ
شاھى قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇرۇش باشـ

① ئاپتور موللا سىددىق يەركەندى ئۆزىنى دېمەكچى.

لىدى. ئۇرۇشتا ئۇ مەملىكەتنىڭ شاھى ھالاك بولدى. جەڭ ئىشلىرى توختىغاندىن كېيىن ئىسكەندەر ئۇ پادىشاھنىڭ ئۆلگەنلىكىنى بىلدى. ئىسكەندەر بۇ يەرگە بىر پادىشاھ بەلگىلىمەكچى بولۇپ، مۇنداق خىتاب قىلدى:

— بۇ مەملىكەتنىڭ شاھزادىلىرى ئىچىدە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى بىلگۈدەك كىشىلەر بولسا، بۇ يەرنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسام بولاتتى. چۈنكى مەملىكەت ئىشلىرى شۇنداق كىشىلەرگە تاپشۇرۇلسا، يۇرت باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتمەيدۇ.

خالايىق ئىسكەندەرنىڭ گۆھەر چاچقۇچى سۆزلىرىگە جان پىدا قىلىپ، دۇئاغا قول كۆتۈرگەن ھالدا مۇنداق دېيىشتى:

— جاھاندا تېخىمۇ بۈيۈك مەرتىۋىگە يەتكەيسەن، داۋاملىق خەلقپەرۋەر بولغايسەن. پۇقرالارغا شادلىق بەخش ئېتەلەيدىغان، پۇقرالارمۇ ئۇنى قوللايدىغان كىشىنى پادىشاھ قىلماقچى بولساڭ، ئۇنداق كىشى بۇ يەردىن تېپىلمايدۇ. بەلكىم بىر ئادەم بار، شۇ ياراپ قېلىشى مۇمكىن. لېكىن ھازىر ئۇ كىشى خالايىقتىن نەپرەتلىنىپ قاچتى-دە، ئاجايىپ بىر ئىشنى ئىختىيار قىلدى: ئۇ ھازىر تىرىك ئادەملەر ئارىسىغا كىرمەي، ئەسكى گۆرلەردە ماكان تۇتماقتا. تىرىكلەردىن ۋاپا كۆرمىگەچكە ئۆلۈكلەر بىلەن ئۈلپەت بولۇپتۇ. ئۇ ئەسلى مۇشۇ شەھەرنىڭ پادىشاھى ئىدى. ئەمدى تەخت بىلەن تاجنى تاشلاپ، بەختىيار بولۇپتۇ. كېچىلىرى ئۇنىڭغا ھوقۇشلار ھەمراھ ئىكەن، نېمە يەپ، نېمە ئىچىپ كۈن ئۆتكۈزۈۋاتىدىكىن؟ بۇنى بىلمەيمىز. ئۇ كىشىلەر بىلەن زادى ئارىلاشمايدۇ. ئادەملەردىن ئۆزىنى يىراق تۇتىدۇ. ئەمما، كۆڭلى سۇنۇق كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ بارسا، ئۇلارغا پايدىلىق نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. ئۇنىڭ پەند-نەسىھەتلىرى ئالەم ئەھلىنى يامان يولدىن قايتۇرۇپ، ھەق يولغا باشلايدۇ.

ئىسكەندەر بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— دەرھال ئۇنى تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ پەرمان قىلدى.

شاھنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن ئۇنى ھايالسىز تېپىپ ئەكىلىشتى. ئۇ گادايىنىڭ بېشى يالاڭباشتاق، پۇتى يالىڭاياغ، كىيىمى جۇل-جۇل ئىدى. ئۇنىڭ چاك-چاك بولۇپ يىرتىلغان ياقىلىرىدىن مۇشەققەت بىلەن چاك-چاك بولغان كۆكسى نامايان ئىدى. جاھان مەشغۇللۇقىدىن ئېتەك سىلكىگەن بۇ كىشى ئىككى قولىدا ئىككى ئۆلۈكنىڭ سۆڭىكىنى كۆتۈرگەن ھالدا ئىسكەندەرنىڭ ھوزۇرىغا كىرىپ كەلدى. ئىسكەندەرمۇ ئۇنىڭغا ئىززەت-ئىكرام بىلەن سالام قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يۇقىرى ئورۇنغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭغا:

— بۇ سۆڭەكلەرنىڭ ۋەقەسىنى بايان قىلغىن، يەنە مەن ئېمىنى سورىسام، شۇنىڭغا جاۋاب بەرگىن، — دېدى.

— بىر كۈنى قەبرىستانلىقتا كېتىۋېتىپ، — دېدى ئۇ ئەھۋالنى بايان قىلىپ، — سۆڭەكلەرگە كۆزۈم چۈشتى. بۇ ئىككى سۆڭەكنى قولۇمغا ئېلىپ، «بۇ ئىككىسىدىن قايسىسى پادىشاھنىڭ، قايسىسى گادايىنىڭ سۆڭىكىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇنى ھەرقانچە كۆزەتكەن بولسامۇ پەرقلەندۈرەلمىدىم. شاھ بىلەن گادايىنىڭ قېنى ئۆلگەندە بىر-بىرىدىن پەرقلەنمەي

دىغان دەرىجىدە مۇشۇنداق ئارىلىشىپ كېتىدۇ يۇ، نېمە ئۈچۈن هايات ۋاقتىدا بىر-بىرىدىن شۇنچە كەسكىن پەرقلىنىپ، شۇنچە ئايرىلىپ تۇرىدۇ؟

ئىسكەندەرگە بۇ سۆز خۇش ياقتى.

— ئەي دانىشمەن كىشى، — دېدى ئىسكەندەر ئۇنىڭغا، — سۆزلىرىڭدىن سېنىڭ ناهايىتى ئۇلۇغ هېكمەتلەرگە باي كىشى ئىكەنلىكىڭنى بىلدىم. ئۆزۈڭمۇ ناهايىتى هىممەتلىك ئىكەنسەن. ئەمدى يۇرتۇڭدا سېنىڭ هەيۋەت-هەشەمىتىڭنى تىكلەپ، مەرتىۋەڭنى ئۆستۈرۈپ، سېنى پادىشاه قىلىپ تەيىنلەيمەن.

— مېنىڭ هىممىتىم بۇنىڭغا يول قويمايدۇ، — دېدى ئۇ دانىشمەن ئىسكەندەرگە، — ماڭا هەمراه بولۇۋاتقىنى پېقىرلىق دەسمايىسىنى تاشلاپ، شاهلىق دەرىجىسىنى لايىق تاپىدىغان ئۇنداق پەس هىممەت ئەمەس، بەلكى يەر يۈزىنىڭ هۆكۈمدارلىقىنى بەرسىمۇ ئۇنىڭغا قىزىقمايدىغان ئالىي هىممەتتۇر. مېنىڭ هىممىتىم تۆت خىل بايلىققا ئېرىشىشنى ئىستەيدۇ. ئۇنىڭ بىرى: ئاخىرلاشمايدىغان ۋە چەك-چېگرىسى بولمايدىغان مەڭگۈلۈك هاياتقا ئىگە بولۇش؛ يەنە بىرى: قېرىلىقتا ئۆزگىرىپ كەتمەيدىغان مەڭگۈلۈك ياشلىققا ئېرىشىش؛ يەنە بىرى: زادى نامراتلىققا ئۆزگەرمەيدىغان بايلىقنى تېپىش، يەنە بىرى بولسا: ئەبەدىي غەم-قايغۇسىز بولغان خۇشاللىقنى قولغا كەلتۈرۈش.

بۇ هېكمەتلەرنى ئاڭلىغان ئىسكەندەرنىڭ هەيرانلىق ئىچىدە بېشى چۆشۈپ كەتتى.

— ئەي مۇبارەك پىكىرلىك دانىشمەن، — دېدى ئۇ خىجالەت بولغان هالدا، — سەن بۇ قەدەر ئالىي هىممىتىڭ بىلەن جاهان هوشيارلىقىغا يېتىپسەن. مۇشكۈلچىلىكلىرىڭ هەل بولۇپ بوپتۇ، هەق دەرگاهىدىن ساڭا پېقىرلىق مۇيەسسەر، ماڭا شاهلىق بەخشەندە بولۇپتۇ. تەڭرى گەرچە شان-شەۋكەت جەهەتتە ماڭا بۈيۈكلۈك بەخش ئەتكەن بولسىمۇ، لېكىن هىممەت بابىدا سېنى مېنىڭدىن بۈيۈك ۋە هۆرمەتلىك قىپتۇ.

هەرقانداق بىر گاداي ئەگەر ئالىي هىممەتلىك بولسا، ئۇنىڭ ئالدىدا پادىشاهلىقنىڭ يۈكسەك مەرتىۋىسىمۇ پەستۇر. هەرقانداق پېقىر ئەگەر جاهان نېمەتلىرىنى تەرك قىلالىسا، ئۇنىڭ ئالىي هىممىتى ئالدىدا دەۋر پادىشاهلىرى خارۇ زار كۆرۈنىدۇ.

**ئىسكەندەرنىڭ مەقسەت مەنزىلىگە قايسى يول بىلەن قانداق ماڭغاندا تېز ۋە ئاسان يەتكىلى بولىدىغانلىقى هەققىدە ئەرەستۇدىن سوئال سورىغانلىقى، ئەرەستۇنىڭ يوقلۇق يولىنى كۆرسەتكەنلىكى ۋە يەڭگىل يۈك بىلەن مېڭىش لازىملىقىنى ئەسكەرتكەنلىكى**

هەزرىتى ئەمىر مىرزا ئەلىشىر (ئۇنىڭغا رەهمەتلەر بولسۇن) هەققەت ئەهلىنىڭ تىلىدىن مۇنداق رىۋايەتنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن:

— مەقسەت مەنزىلىگە تېز يەتكىلى بولىدىغان يول قايسى، بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق ئىشلارنى قىلىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى.

— خالايىقتىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىش

www.uyghurkitap.com



كېرەك، ــ دېدى ئۇ دانىشمەن ئالىم جاۋاب بېرىپ، ــ يىراقلۇق كوچىسىغا يۈزلىنىپ، ئۆزىـ نىڭ بارلىقىنى يىرىق قىلىش لازىم. باي ۋە كۈچ قۇدرەتلىك كىشىلەرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا خەير - ساخاۋەت ئۇلارنىڭ مەقسەت مەنزىلىگە يېتىشىدىكى ئەڭ مۇۋاپىق يول ۋە ئەڭ ئەپچىل ئۇسۇلدۇر. ھەرقانداق ياخشى ئىشلارنىڭ كىشىنى بەرىبىر مەقسەت مەنـ زىلىگە يەتكۈزىدىغانلىقى ئېنىق، بىراق خەير - ساخاۋەت ئەھلىنىڭ بۇ مەنزىلگە تېخىمۇ تېز يېتىپ بېرىش ئېھتىمالى بار. ساۋابلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغان كىشىنىڭ ۋىسالىغا يېتىشىدىن ئۈمىد كۆپرەك. بايلارـ نىڭ ساخاۋەت ئىشلىرى تۆۋەندىكى ئىككى خىل ھالەتتىن خالىي ئەمەس: بىرى، ئۆزىـ نى كۆرسىتىش ئۈچۈن قىلىنغان ساخاۋەت، يەنە بىرى، خالىسانە قىلىنغان ساخاۋەت. ئەگەر كىشى مەنمەنلىك ئۈچۈن ساخاۋەت قىلسا، بۇ ساخاۋەت قىلغانلىق بولمايدۇ. مەقسەت مەنزىلىگە يېتىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن يىراقلۇق مۇساپىسىنى بېسىش كېرەك. كىشى مەقسەت يولىدا ئۆزلۈكىنى يوق قىلغاندىلا، ئاندىن مەقسەتكە يېتەلەيدۇ.

شەخسىيەت مەقسەت يولىدىكى قاراقچىدۇر. كىشى ئەگەر مەنزىلگە ئامان ئېسەن يېتەي دېسە، قاراقچىدىن ھوشىيار بولىشى لازىمدۇر. ھەقىقە يەتمەكچى بولغان كىشى چوقۇم ئۆزلۈكىنى يوق قىلىش، بەلكى ھەقتىن باشقىسىنى يوق بىلىش لازىم. چۈنكى كىشى شاھ بەزمىسىگە كىرمەكچى بولسا، چوقۇم قاراقچىدىن ھەزەر ئەيلىشى لازىم. قاراقچى بىلەن ھەمكارلاشقان كىشى قانداقمۇ شاھ دەرگاھىغا داخىل بولالىسۇن، مەقسەت يولىدا ئۆزىنىڭ بار - يوقىنى، بەلكى پۈتكۈل ۋۇجۇدىنى سەرپ ئەتكەن، جان ۋە جىسمى بىلەن مەقسەتكە بېرىلگەن، شۇ ئارقىلىق مەقسەت بىلەن بىر جان بىر تەن، بىر گەۋدىگە ئايلانغان كىشىنىڭ تىلىكى ئىشقا ئاشقان بولىدۇ. بۇ ناھايىتى بۈيۈك مەرتىۋىدۇر. بۇ مەرتىۋىگە يەتكەن كىشىنىڭ ئىشى پۈتكەندە ھېساب.

ئۇ گۆھەرپۇرۇش بۇ ھېكمەت ئۈنـ چىلىرىنى چاچقىنىدا، سوئال سورىغان كىشىنىڭ ئاغزى ھەيرانلىق ئىلكىدە سەدەپ ئاغزىدەك ئېچىلىپ قالدى.

ئىسكەندەرنىڭ سەلتەنەت تاجىدىن بويۇن تولغاپ، ئىزباسارلىق تەختىدىن ئاياغ

تارتقانلىقى، رۇم خەلقىنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئايىغىغا باش قويۇپ ئىلتىماس

قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭ قەدەم قويۇشى بىلەن تەخت مەرتىۋىسىنى

ئۆستۈرۈپ، تاجىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئاشۇرغانلىقى؛ ئىسكەندەرنىڭ

ئادالەت قۇياشى زاۋال كېچىسى شەپىرەڭلىرىنىڭ كۆزلىرىنى

كور قىلىپ، جاھاننى يورۇتقانلىقى؛ زۇلۇم نەھايىتى

گوياكى تاڭ نۇرلىرى زۇلمەتنى قوغلىغاندەك

جاھان يۈزىدىن يىراق قىلىنغانلىقى

قەلەمكەش بۇ سەھىپىلەرنى يېزىش ئۈچۈن، قەلەم ئۇچىدىن مۇنداق ھېكمەتـ لەرنى تۆكىدۇ:

ۋاقتىكى، پەيلەقۇس ئاخىرەت سەپىـ رىگە يول ئالدى. تاج - تەختىنى ئىسكەنـ دەرگە تاپشۇردى. لېكىن ئىسكەندەرگە بۇ ئىش ماقۇل كەلمىدى. بەلكى ھېساپسىز غەم - ئەندىشىلەرگە مۇپتىلا بولۇپ، قىين

ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. ئۇ كۆڭلىدە: «شاھلىق دېگەندە سان - ساناقسىز ئاپەتلەر مەۋجۇت. ھەربىر ئىشنى قىلاي دېسەڭ پەلەكتىن بۇ ئىشقا بىر جازانى كۆرمەي قالمايسەن» دېگەنلەرنى ئويلاپ، پادىشاھلىقنى تەرك ئەتمەكچى بولدى. ئەمما، ئاتىسىنىڭ ۋەسىيىتى يادىغا يېتىپ، يەنە بۇ ئىشتىن قول ئۈزەلمىدى. بۇ ئىشنىڭ بىرەر چارىسىنى تاپالماي كۆپ ئويلىدى. ئاخىر پۇقرالىرىنى يىغىپ بىر مەرىكە تۈزدى. چوڭ - كىچىك ھەممە كىشى يىغىلدى. ئىسكەندەر ئۇلارغا ناھايىتى يېقىملىق ئىبارىلەر بىلەن سۆز باشلىدى:

— ئەي رۇم ئەھلى، ھەممىڭلار بۇ يەرگە يىغىلدىڭلار، چوڭ - كىچىك ھەممىڭلار تەڭرىنىڭ ماڭا ئوخشاش ئادەتتىكى بەندىلىرى. مەندەك ئاتىسىز بىچارە سىلەردىن كۆپ جەھەتلەردە تۆۋەن تۇرىمەن. ئاتامنى تەڭرى مەرھەمەت قىلىپ بۇ مەملىكەتكە پاسىبان قىلغان، بۇ مەرتىۋىگە ئۇنى سازاۋەر قىلغان. چۈنكى بۇ يۈكنى كۆتۈرەلەيدىغان كۈچ - قۇدرەت ئۇنىڭدا بار ئىدى. تەڭرى ئاتا ۋە ئەجدادىمنى يۇرت ئەھلىگە ھۆكۈمران قىلدى. تەخت ۋە تاجغا ئۇلاردىن زېبۇ زىننەت بەخش ئەتتى. ئۇلارنى بەخت - تەلەيلىك ئاپىرىدە قىلدى. بىراق مەنچۇ؟ مەن ئۇلاردەك بەختىيار ئەمەسمەن. ئاتامدىن كىچىككىلا ئايرىلىپ قالدىم. سەلتەنەت ئىشلىرى ناھايىتى خەتەرلىك، غەم - ئەندىشىسى كۆپ ئىش. بۇنداق ئىشقا كۈچ - قۇدرىتى، ئەقىل - پاراسىتى ئۇرغۇپ تۇرغان كىشى لايىق كېلىدۇ. پادىشاھلىق مەندەك ناتىۋاننىڭ قىلىدىغان ئىشى ئەمەس. بۇنداق بولمىغاندا، شىر كۆتۈرگەنلى چۈمۈلىگە يۈكلىگەندەك، پىلنىڭ يۈكىنى پاشىغا ئارتىپ قويغاندەك ئىش بولىدۇ. پادىشاھلىق قىلاي دېسەم ئۇنىڭغا لايىق قابىلىيىتىم يوق. شۇڭا بۇ تەكلىپتىن ئىنتايىن قىينالماقتىمەن. بۇ قىيىنچىلىقتىن ئۆز - ئۆزۈمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، پادىشاھلىقنى تەرك قىلماقچىمەن. مېنى ئەيىبكە بۇيرۇمىغايسىلەر. ئەمەلىي ئەھۋالىمنى ئەينەن بايان قىلدىم. كۆڭلۈمنى شاھلىق ئەندىشىسىدىن ئازاد، پېقىرلىق ئەركىنلىكىدىن شاد قىلغايسىلەر. ئەمدى سىلەر ئۆزۈڭلارغا بىر پادىشاھنى تېپىپ، پاشپاناھ قىلىڭلار. ئۇ كىشى دۆلەت ئەھلىگە باشچى بولۇپ، ھەممە ئىشتا زامان ئەھلىنىڭ كۆڭلىگە ياقىدىغان، پادىشاھلىق ئىشلىرىغا ھەقىقىي لايىق كېلىدىغان ئادەم بولسۇن. ئۇنداق پادىشاھنىڭ ئولتۇرىدىغان ئورنىنى دۆلەتمەنلىك تەختى بىلەن بېزەپ، كىيىدىغان كۇلاھىنى سەلتەنەت تاجى بىلەن زىننەتلەڭلار. ئۇ پادىشاھمۇ ئۆزىنىڭ خەير - ئېھسان بۇلۇتلىرىدىن مەرھەمەت يامغۇرلىرىنى دائىم ياغدۇرۇپ، يۇرتۇڭلارنى جەننەتنىڭ باغۇ بوستانىغا ئايلاندۇرسۇن. دۈشمەنلەرنى پاراكەندە قىلىپ، ئۇلارنىڭ قوشۇنلىرىنى ئاياغ ئاستىدا پايمال قىلسۇن، ئۇلارنىڭ يانىدۇرغان پىتنە - پاسات ئوتلىرىنى قىلىچ كەلكۈنى بىلەن باستۇرۇپ ئۆچۈرسۇن. پۇقرالارغا زۇلۇم سالغان مىرزىلارنىڭ قولىنى قەلەم قىلسۇن. مۇساپىرلارنىڭ يۇرتتىن يۇرتقا ئۇلانغان رىشتىسىنى ئۈزمىسۇن. بۇنىڭ ئۈچۈن قاراقچىلارنى كۆزدىن يوق قىلىپ، ئوغرىلار تائىپىسىنىڭ يولىنى مەھكەم ئەتسۇن. ئۇلارنىڭ ئەل - جامائەت مۈلكىگە سۇنىدىغان قوللىرىنى

www.uyghurkitap.com



قىسقا قىلسۇن. زۇلۇمنى يوقىتىپ، ئادالەتنى
جارى قىلدۇرسۇن. دۈشمەننى يوقىتىدىغان
قورال ـ ئەسلىھەلەرنى كۆپەيتىپ، قوشۇنـ
نىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ئاشۇرسۇن. زالىمـ
لارنى جازالاپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلسۇن.
ئىسكەندەر يۇقىرىقى سۆزلەرنى
سۆزلەپ تۈگىتە ـ تۈگەتمەيلا، خالايىق
تەرەپ ـ تەرەپتىن ۋارقىرىشىپ ئېتىراز
بىلدۈرۈشكە باشلىدى:

— ئەي ئادالەتپەرۋەر دانىشمەن
پادىشاھ، — دېدى ئۇلار باشلىرىنى يالىڭاچـ
لاپ زار ـ زار يىغلاشقان هالدا چۇرقىرىـ
شىپ، — نېمىشقا بىزنى بۇنداق غەمدە
قويىسەن؟! ئۆز ئادالىتىڭ بىلەن خەلقنى
بەھرىمەن قىلىدىغان چاغدا بىزگە بۇنداق
زۇلۇم كۆرسىتىشىڭنىڭ سەۋەبى نېمە؟!
دەۋاتقان سۆزلىرىڭ خالايىقنىڭ باغرىنى
قان قىلماقتا. بۇنداق سۆزلەرنى دېگۈچە
قېنىمىزنى ئاققۇزغىن، سېنىڭ يولۇڭدا
جانلىرىمىز پىدا بولسۇن. سېنىڭ دۆلەت
سايەڭ بۇ ئەلنىڭ بېشىدىن يىراق بولـ
غىنىدىن كۆرە، بۇلارنىڭ جېنى تېنىدىن
يىراق بولغىنى ياخشىراق. بۇ سۆزلىرىڭ
ھەرقانچە يېقىملىق بولسىمۇ، لېكىن
ئۇنىڭدىن ئەلنى هالاك قىلىشتىن باشقا
مەنپەئەت كەلمەيدۇ. «پادىشاھلىقنى
تاشلايمەن» دېگىنىڭ قانداق گەپ؟!
جاھاندا قايسى كۆز سېنىڭ تەڭدىشىڭنى
كۆرۈپ باققان؟! سەن شۇنداق قابىل
پادىشاھسەنكى، پەلەك سەييارىلىرىنىڭ
ھەرىكىتىدىنمۇ خەۋىرىڭ بار. دۇنيادا
سەن بىلمەيدىغان ئىلىم يوق. بۇ تەرەپـ
لىرىڭ رۇم ئەھلىگە ئايان بولغىنىدەك،
پۈتكۈل دۇنيا ئەھلىگىمۇ ئايان. سەندەك
قۇياش يۈزلۈك، چولپان كۆزلۈك پادىشاھـ
نى بۇ جاھان ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغان.
خۇددى گۈلدىن خۇش پۇراق، قۇياشتىن
يورۇقلۇق نامايان بولغاندەك، سېنىڭ
ئەقىل ـ پاراسىتىڭدىن ئادالەت ۋە ساخاۋىـ
تىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. بۇ مەملىكەت
ساڭىلا خاستۇر. يەنە تېخى پۈتۈن جاھان
قولۇڭغا چۈشۈپ، ئالەمگە ھۆكۈمران بوـ
لۇشۇڭدىن ئۈمىد بار. شۇڭا سەن ئۆزۈڭـ
دىن باشقا بىر كىشىنى جاھانغا پادىشاھ
قىلما، بۇ ئىشىڭ تۈپەيلىدىن بىزنى
ئۈمىدسىزلەندۈرمە، جاھان ئەھلىنى
بىناۋا قىلما. ئەگەر سەن شاھلىقنى
قوبۇل قىلمىساڭ، يۇرت ئەھلىنىڭ پەرـ
يادىغا يەتمىسەڭ، يۇرتقا يات بىر كىـ
شىنى ئىگە قىلىشنى راۋا كۆرسەڭ، بىز
بۇنداق بالا ـ قازاغا رازى بولمايمىز.
ھەممىمىز ۋەتەننى تاشلاپ پاراكەندە
بولىمىز. يۇرت ـ يۇرتلارغا سەرسان ـ سەرـ
گەردان بولۇپ چىقىپ كېتىمىز. قەلەنـ
دەرلىك، تىلەمچىلىك بىلەن كۈن ئۆتكۈـ
زۈشكە باشلايمىز. تەڭرى بۇ ماجىرانىڭ
سورىقىنى سەندىن سورايدۇ!
ئىسكەندەر خەلقنىڭ بۇ نالە ـ پەرياد
بىلەن تولغان خىتابلىرىنى ئاڭلاپ، خۇددى
قىيامەت ئالامەتلىرىنى كۆرگەندەك بولدى.
ئۆزىنىڭ ئېيتقان سۆزلىرىگە پۇشايمان
قىلدى. ئەلنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن كۆڭلى
ناھايىتى غەمكىن بولدى. ئۇلارنىڭ كۆڭـ
لىنىڭ ساپ ۋە سادىقلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىـ
نىڭ سۆزلىرىدىن كۆپ خىجىل بولدى.
يۇرت ئەھلىنىڭ ياخشى نىيىتى ۋە ئاتىسىـ
نىڭ ۋەسىيىتىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارـ
نىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇپ، مەيۇسلەندۈرۈشـ
نى مۇناسىپ كۆرمەي ئىلتىماسىنى قوـ
بۇل قىلدى. گەرچە ئىسكەندەرنىڭ كۆڭـ

لى بۇ جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ غەم-ئەندىشىگە پاتقان بولسىمۇ، لېكىن كۆرۈنۇشتە بۇ تەكلىپكە رازىلىق بەردى. شۇ ھامان ئەرەستو ئورنىدىن قوپۇپ شاھانە تاجنى قولىغا ئېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ بېشىغا كىيگۈزدى، بۇ تاج ئىسكەندەرنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈلۈش بىلەن ئەزىز ۋە مۇقەددەس بولدى. ئەرەستو شۈكرىسانا ئېيتقان ھالدا ئىسكەندەرنىڭ بىر قولىنى تۇتتى. بەلىناس ھېكىم يەنە بىر قولىنى تۇتتى. بۇ ئىككى دانىشمەن ئالىم ئىسكەندەرنى يېتىلەپ ئاپىرىپ مۇبارەك تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. ئىسكەندەرنىڭ خاسىيەتلىك قەدىمى بىلەن بۇ تەختنىڭ مەرتىۋىسى تېخىمۇ ئۆسۈپ كەتتى. بۇ تەخت قۇياش ئۈستىگە سايە سېلىشقا باشلىدى. چوڭ-كىچىك يۇرت ئەھلى ئىسكەندەرنىڭ بېشىدىن تەڭگە-تىللالارنى شۇ دەرىجىدە چاچتىكى، ئۇلار بۇ تەڭگە يۇلتۇزلىرى بىلەن يەر يۈزىنى خۇددى ئاسمانغا ئوخشىتىپ قويدى. جاھان خەلقى ھەددى-ھېسابسىز شادلىقلارنى ئىزھار قىلىشتى.

كەچ بولدى. ئالەمنى يورۇتقۇچى نۇرلۇق قۇياش مەغرىب پەردىسى ئىچىگە يوشۇرۇندى. ئۇ ئۆز شادلىقىنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن پەردە ئارقىسىدا بەزمە تۈزۈپ، شەپەق شارابىنى پەلەك جامىنىڭ گەردىشىگىچە توشقۇزۇپ قۇيۇپ ئىچىشكە باشلىدى. ئىسكەندەرمۇ كەچلىك بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، ھىلالدەك پىيالىلەردە شاراب تۇتۇشۇپ، شادلاندى. ئىسكەندەر گوياكى تۈندە نامايان بولغان قۇياشتەك بۇ كەچلىك بەزمىنى نۇرلاندۇرماقتا ئىدى. ئۇ جاھان پادىشاھى ھەرقانداق سۆز قىلسا، ئىلىم-ھېكمەت كانى بولغان ئەرەستو دەرھال ئۇنىڭغا جاۋاب بېرەتتى. بۇ دانىشمەن ھېكىم ھەر تەرەپتىن ئىلىم ھېكمەت دۇردانىلىرىنى تۆكۈپ، بەزمە ئەھلىنىڭ كۆڭلىنى نۇرلاندۇراتتى. شۇڭا بۇ ئولتۇرۇش ئەيش-ئىشرەت تۈسىنى ئالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەمەلىيەتتە ئىلىم-ھېكمەت سورۇنى ئىدى. ئۇ دانىشمەن ھېكىمنىڭ ھەربىر سۆزى ئىلىم-مەرىپەت، ئەدەب-ئەخلاق ۋە دانىشمەنلىك ھېكمەتلىرىدىن خالىي ئەمەس ئىدى، بەزمە شۇ تەرىقىدە ئۇزۇن داۋام قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ سەزگۈلىرى مەينىڭ ھارارىتى بىلەن قىزىپ، تېزلەشتى. ئاخىر ئۇنىڭ كۆزلىرى ئۇيقۇغا مايىل بولدى. كىشىلەر سورۇندىن قوپۇپ، تارقىلىشقا باشلىدى.

ئىسكەندەر يېرىم كېچىگىچە ئۇخلىغاندىن كېيىن، ئورنىدىن تۇرۇپ، تەڭرىنىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولدى. ئۆزىنى بىر ئادەتتىكى خەس-خەشەكتەك بىلىپ، بېشىنى يەرگە قويۇپ، سەجدە قىلغان ھالدا، تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ، قۇللۇق ئىزھار قىلدى. شەرق قۇياشى نامايان بولۇپ، ئالەمنى يورۇتتى. يۇلتۇزلارنىڭ نۇرلىرى ئۆچتى. ئىسكەندەر تاجىنى كىيىپ، ياسىداق تەخت ئۈستىگە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ھۆكمىگە بىنائەن خالايىق ئۇنىڭ ئەتراپىغا يىغىلدى. بارچە ئەل ئۇنىڭ خىزمىتىگە قول باغلاپ تۇرۇشتى.

— ئالەمنى ياراتقان تەڭرى، — دېدى ئىسكەندەر خالايىققا خىتاب قىلىپ، — مېنى سوراقچى قىلىپ تەيىنلەپتۇ. خالايىق ئىچىدە كىمنىڭ دەرد-ئەھۋالى، ئەرز ھالى بولسا بايان قىلسۇن. ھەرقانداق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دەردى بولسا، تارتىنماي، قورۇنماي ئېيتىۋەرسۇن. ھەرقانداق بىر دەردمەن ئەرز ئېيتىش ۋاقتىدا مېنى ئۆزلىرى بىلەن ئوخشاش دەپ بىلسۇن. تاجۇ تەختىمدىن ئەيمىنىپ، خەۋپسىرەپ يۈرمىسۇن. ئۆز مەقسىتىنى ئېيتىش ۋاقتىدا، مېنى پادىشاھ دەپ، ئالدىمدا سۆزلىيەلمەي، تىنەپ-تەمتىرەپ يۈرمىسۇن. ئالدىرىماي دەرد-ئەھۋالىنى تولۇق بايان قىلسۇن. مەن ھەرقانداق دەردمەننىڭ كۆڭۈل يارىسىغا مەلھەم ياپىمەن.

خالايىق ئىسكەندەردىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھەممىسى بىر-بىرلەپ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ دەردىنى ئىزھار قىلىشقا باشلىدى. خەلقنىڭ ئىسكەندەر بىلەن بولغان سۆھبىتى، سوئال-جاۋابلىرى تاكى يېرىم كۈنگىچە داۋام قىلدى. ئىسكەندەر خالايىقنىڭ دەردىگە شۇنداق داۋا قىلدىكى، كىشىنىڭ قېنىنى تۆككەنلەرنىڭ بويىنىنى كەستى. باشقىلارنىڭ قولىنى كەسكەنلەرنىڭ قولىنى كەستۈردى. ئاجىز-بىچارىلەرگە رەھىمدىللىك كۆرسىتىپ، زۇلۇم چەككەنلەرنىڭ دەرد-ئىنتىقامىنى ئېلىپ بەردى. زالىملارنى قارا يەرگە پەس قىلدى. جاپا قىلغۇچىلارنى جاپا چەككۈچىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا خارۇ زار قىلىپ، ئادالەت ئاساسىنى قۇردى. ئاتىسىنىڭ زامانىسىدە يۈرگۈزۈلگەن سىياسەتلەر ئىچىدە ئەلگە ئازار، پۇقرالارغا زۇلۇم يەتكۈزىدىغان ھەرقانداق ئىشلار بولسا، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىكار قىلدى. بۇ ئارقىلىق خەلققە ئامانلىق بەخش ئەتتى. بارلىق پادىشاھلار يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتقان، ئەمما خەلققە مالاللىق يەتكۈزىدىغان قائىدە-يوسۇن ئەندىزىلەرنىڭ قېلىپلىرىنى بۇزۇپ تاشلاپ، خالايىقنى زۇلۇم چېكىشتىن قۇتقۇزدى. ئادالەت يولىنىڭ قائىدە، مىزانلىرىنى تۈزدى. پۇقرالارنىڭ تەلەپ ئېھتىياجىغا قۇلاق سېلىپ، ئۇلارنىڭ زېمىنىدىن ئىككى يىللىق باجىنى كەچۈرۈم قىلدى. ھۈنەرۋەنلەرنى ھۈنەرگە مەشغۇل قىلىپ، ئوسال كىشىلەرنى ھەر تەرەپلەرگە قوغلىدى. ياخشىلارغا مەدەت بېرىپ تەربىيىلىدى. يەنە بازارلارنىڭ نەرخ-ناۋاسىغا كۆڭۈل بۆلۈپ، مال باھاسىنى مۇۋاپىقلاشتۇردى. قىممەت ساتقۇچىلار ۋە ئېغىر ئېلىپ، يېنىك ساتقۇچىلارنى ئەدەپلىدى. تارازىلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تۈزۈپ، تارازا تاشلىرىنى تۆمۈردىن ياساپ، مۆھۈر بېسىپ تارقاتتى. گەز① لەرنىمۇ بىر خىل ئۆلچەمدە قىلىپ تۆمۈردىن ياساپ، تارقىتىپ، ئېلىم-سېتىمدا ئۇزۇن-قىسقا بولۇپ قېلىشتىن ئەلنى خالاس قىلدى. گەزلەرنى توغرا ۋە راست قىلدى. ئالماق-ساتماقنىڭ نىزاملىرىنى ئوچۇق-ئاشكارا بەلگىلەپ، بۇ قائىدە ۋە نىزاملار ئارقىلىق ئەلنىڭ سودىدىكى زىددىيەتلىرىنى تۈگەتتى. كىشىلەرنىڭ ئەگرى يولغا كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ھەربىر كەسىپنىڭ توغرا تۈزۈم ۋە مىزانلىرىنى تۈزۈپ چىقتى. كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى ئالداپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، ئالتۇن تارتىدىغان تارازىلارنى ئادىللىق بىلەن تۈزۈپ تارقاتتى. يەنە غېرىب-مۇساپىرلارنى يول خەتەرلىرىدىن ساقلاش ئۈچۈن، يوللارغا قاراۋۇللارنى تەيىنلەپ كۆزەت قىلدۇردى.

① گەز — ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى. ھەربىر گەز تەخمىنەن ئۈچ ئىنگلىز چىسىغا تەڭ.

ئادالەت. قوللىرىنى شۇنداق كـۈچلۈك قىلـ
دىكى، كېيىكلەر يولۋاسلارنىڭ زۇلمىـدىن
ئامان تاپـتى. ئادالەت ۋە سـاخـاۋەتـىنى
كۈندىن كۈنگە زىـيادە قىـلىـپ، خەلقـىنى
شاد ـ خۇرام قىلدى. ئىسكەنـدەرنىڭ بۇنـ
داق ئەدلى ـ ئادالـىتى تۆپەيلىـدىـن رۇم
خەلقى پات پۇرسەتـتە بېـيـىـپ كەتـتى.

ساقىينامە:

كەتۈر، ساقىيا، تولدۇرۇپ جامى ئەدل،
كى كۆرگۈزدى ئىسكەندەر ئەيىامى ئەدل.
تەئادۇل بىلە تۇت ئانى بىنەھال،
ئىچەرگە ماڭا گەرچە يوق ئېھتىدال.
مۇغەننىي، نەۋائى تۈزۈپ مۇتەدىل،
نەۋاسازلىق قىل ماڭا مۇتتەسىل.
قۇلاقىمغە دىلكەش سەدائى يەتۈر،
مەنى بىنەۋاغە نەۋائى يەتۈر.
نەۋائى، تەئادۇلدىن ئەتمە ئەدۇل،
قەبۇل ئەھلىدىن گەر تىلەرسەن قەبۇل.
چۇ ئادىل شەھ ئىلكىدىن ئىچكۈك ئاياق،
نەچە ئېيتىدال ئاسراساڭ ياخشىراق.

**ئادالەت ئەينى ① شۇنداق تەرىپلىنىدۇكى، ئۇ پادىشاھلارنىڭ زۇلۇم زۇلمەتى ئىچىدىكى ئابىھاياتى بولىدۇر. ئۇنى ئىچكەنلەر مەڭگۈلۈك ھاياتبەخش ئېتىدىغان سۇغا ئېرىشكەن بولىدۇ**

ئادىل پادىشاھلارنىڭ زىننىتى ئادالەت
بىلەن ھاسىل بولغىنىـدەك، گادايـلارنىڭ
زىبۇ زىننىـتىمۇ ئادالەت ئارقىلىق ھاسىل
بولىدۇ. ئادالەتنى ئادەت قىلغان پادىشاھـ
لارغا ھېچقانداق پادىشاھ تەڭ كېلەلمەيدۇ.
ھەرقانـداق پادىـشاھ ئادالەت بىـلەن نام
چىقارسا، تەڭرى ئۇنىڭـغا يار ـ يۆلەكـتە
بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتـنى چۈشەنگەن پادىشاھ
تەڭرىنىڭ سايىسى دەپ تەرىپلىنىدۇ. بۇ
ئالەمنىڭ مۇشۇنداق تەرتىپ ـ ئىنتىزاملىق
بولۇشى ھەقىقەتەن ئادالەتنىڭ بەرىـكىتىـ
دىندۇر. ئادالەتلىك شاھلارنىڭ ئىشلىرىنى
تەڭـرى ياقتۇرىـدۇ. پادىـشاھـلار ئەگەر
ئادىل بولمىسا، ئىككىلا ئالەمدە خـارۇ زار
بولىدۇ. نۇشىرۋان گەرچە مۇسۇلمان بولـ
مىغان بولسىمۇ، لېكىن ئادىل بولغانـلىقى
ئۈچۈن دوزاخقا مەھكۇم قىلىنمىـغان. ئۇـ
نىڭ ئۆلگىنىگە مىڭ يىللاردىـن ئاشـقان
بولسىمۇ، لېكىـن ئۇنىڭ ئادالەت بىـلەن
باغلانغان ئىشلىرى ھازىرمـۇ تىـلـلاردىن
چۈشۈپ قالغىنى يوق. بۈگۈنكى زاماندىمۇ
ھەرقانـداق بىر پادىـشاھ ئۆز خەلقـىگە
ئادالەت بىلەن باشچىلىق قىلىشـنى ئادەت
قىلسا، ئۇنى پادىـشاھ دېمەسـتىن، بەلكى
«زامانىمىزنىڭ نۇشىرۋانى» دەپ تەرىپـ
لەيدۇ. پۈتكۈل پەيغەمبەرلەرنىڭ سەردارى،
ئەنبىيالىق ئاسمىنىنىڭ تولۇن ئايى بولـ
غان ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالاممۇ
ئۆزىنىڭ ئادىـل پادىـشاھ زامانىـدە تۇـ
غۇلغانلىـقى ئۈچـۈن تەڭـرىـگە تەشەككۇر
بىلدۈرگـەن. ھەدىستە: «ئادالەت بىـلەن
ئۆتكەن بىر سائەتـنىڭ ساۋابـى پۈتكۈل
جىن ۋە ئىنسانـلارنىڭ تائەت ـ ئىبادىتىـ
دىن يۇقىرى» دەپ بېشارەت بېـرىـلگەن.
ھەدىستە يەنە ئىشەنچىلىـك قىلىپ مۇنداق
بايان قىلىنغان: «ئەگەر مۇسۇلمان بولمىـ

① ئەين— 1) ئەرەبچە ئادالەت (عدالت) دېگەن سۆزنىڭ باش ھەرپى بولغان «ع» نىڭ
نامى؛ 2) بۇلاق، چەشمە.

غان بىر دۆلەتنىڭ پادىشاھى ئۆزىگە ئادالەتنى ئادەت قىلىپ، ئۇنى مەملىكەتتە جارى قىلدۇرسا، جەزمەنكى، ئۇنىڭ مەملىكىتى تېز ئارىدا يۈكسىلىدۇ، راۋاج تاپىدۇ. ئۇنداق پادىشاھنى نۇشىرۋان دېيىشە ئەرزىيدۇ. ئەگەر پادىشاھ زالىملىقنى كەسىپ قىلىپ، ئاۋام خەلققە زۇلۇم قىلسا، ئۇنىڭ مەملىكىتى ئىسلام، ئۆزى مۇسۇلمان بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇ مەملىكەت تېز ئارىدا بەرباد بولۇپ، ۋەيرانىگە ئايلىنىدۇ.»

ھەرقانداق بىر پادىشاھ تەڭرىنىڭ بەندىلىرىگە ئۆز ھۆكمىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىغاندىن كېيىن، تەڭرى ئۇ پادىشاھقا ئادىل بولۇش، ئاۋام خەلققە ياخشىلىق قىلىش توغرىسىدا بۇيرۇق چۈشۈرگەن بولىدۇ. شۇڭا، ئادالەت ۋە مۇرۇۋۋەت ئۇ پادىشاھنىڭ باش تارتسا بولمايدىغان بۇرچىغا ئايلىنىدۇ. قايسى پادىشاھ زۇلۇم قىلغان بولسا، ئۇ ئۆزىنىڭ جېنىغا ئۇۋال قىلغان بولىدۇ. بۇنى مۇنداق بىر نەچچە جەھەتتىن كۆرۈشكە بولىدۇ: بىرىنچىدىن، ئۇ ھەق پەرمانىغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسى گۇناھتىن باشقا نەرسە بولمايدۇ. ئىككىنچىدىن، بارلىق ئىلاھىي ۋە ئىنسانىي ئەخلاقتىن مەھرۇم بولۇپ، پەسكەشلىك يولىغا ماڭىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ ئۆزىنىڭ زالىملىقى بىلەن خەلق ئىچىگە بىتاقەتلىك ۋە ئىزتىراپ ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، ئەلنى قالايمىقان قىلىدۇ، ئاۋات يەرلەرنى ۋەيرانە خارابىلەرگە ئايلاندۇرىدۇ. تۆتىنچىدىن، ئۇنداق پادىشاھلار ئەلنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. خەلقنىڭ كۆڭلىدە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆچمەنلىك پەيدا بولىدۇ. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى تىلەپ كېچە-كۈندۈز قارغايدۇ. ئۇنداق پادىشاھ ئەل ئىچىدە ھەرگىز خاتىرجەم ياشىيالمايدۇ. داۋاملىق قورقۇنچ ۋە دەككە-دۈككىدە كۈن ئۆتكۈزىدۇ. پادىشاھ خەلققە قانچىلىك زۇلۇم سالسا، شەكسىزكى، ئۆزىگە ئۇنىڭدىنمۇ زىيادىرەك زۇلۇم سالغان بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭ جېنى بۇ دۇنيادا ئەلنىڭ، ئۇ دۇنيادا بولسا جەھەننەم زۇلمىنىڭ خەۋپىدىن ئامان تاپالمايدۇ. زالىم پادىشاھ خەلققە دۈشمەن بولۇپلا قالماي، بەلكى ماھىيەتتە ئۆزىگە ئۆزى دۈشمەندۇر. زۇلۇم چەككەنلەر بۇ دۇنيادا ئەلنىڭ ھېسداشلىقىغا، ئۇ دۇنيادا بولسا، تارتقان ئازاب-كۈلپەتلىرىنىڭ ئەجرىگە ئېرىشىدۇ. زالىملارچۇ؟ ئۇلار بۇ ئالەمدە خالايىقنىڭ لەنەت-نەپرىتىگە، ئۇ ئالەمدە بولسا خالايىقنىڭ جازاسىغا دۇچار بولىدۇ. شەكسىزكى بۇ ئۆزىنىڭ جېنىغا ئۆزى دەرد-ئەلەم، قايغۇ-غەمنى چىللىغانلىقتۇر، كىمكى ئۆزىنى ئادىللارنىڭ قاتارىغا قوشماقچى بولىدىكەن، ئۇ ئۆزىگىمۇ، باشقىلارغىمۇ زۇلۇم قىلىشنى راۋا كۆرمەيدۇ. كىمكى ئادالەت ۋە مەرھەمەت ھۈنىرىنى بىلسە، ئۇنى ئەبەدىي قولىدىن بەرمەيدۇ. بولۇپمۇ پادىشاھ بولغۇچى كىشى ئادىللىق ۋە ياخشىلىق قىلىش ھۈنىرىنى بارلىق ھۈنەرلەردىن ئەلا بىلىشى زۆرۈر. دۇنيادا ھۈنەردىن ئەزىزرەك نەرسە بولماس، بىراق پادىشاھنىڭ ئادىتى ئادالەت ۋە ياخشىلىق قىلىش بولسا، باشقا ھۈنەرلەر ئۇنىڭ ئالدىدا ئەيىبتۇر.

**مەھمۇدنىڭ ھېكايىسى. سۇلتان مەھمۇد ئۆلۈمنىڭ ئەبەدىي ئۇيقۇسىغا كەتكەندىن كېيىن، سۇلتان مەسئۇدنىڭ چۈشىگە كىرگەنلىكى ۋە ئادالەت بۇلىقىنى تېپىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا پەند - نەسىھەت قىلغانلىقى، مەسئۇد يۈزىگە ئاشۇ نەسىھەت بۇلىقىدىن سۇ چېچىش ئارقىلىق، ئۇنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغاتقانلىقى**

ۋاقتىكى، دەۋران سۇلتان مەھمۇد غازىنىڭ ھاياتلىق جامىغا زەھەر سېلىپ، ئۇنىڭغا ئەجەل شەربىتىنى تۇتتى. زامان ئۇنىڭ قولىغا سەپەر نەغمىسىنى چالدى. سۇلتان مەھمۇد بۇ ئالەم بىلەن خوشلىشىپ باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. سۇلتان مەھمۇد ئالەمدىن ئۆتەر ۋاقتىدا، ئۆزىنىڭ مەسئۇد ئاتلىق ئوغلىنى تەخت ۋارىسى قىلىپ، ئۆز ئورنىدا قالدۇرۇپ كەتتى.

بىر كېچىسى سۇلتان مەھمۇد ئاتىسى سۇلتان مەسئۇدنىڭ چۈشىگە كىردى: قارىسا ئاتىسى باشتىن ئاياغقىچە نۇرغا چۆمۈلگەن ھالدا، بېھىشنىڭ ئېنىپار - ئەنبەرھىدلىرىغا تولغان گۈلشىنىدىن ماكان تۇتقانىمىش. ئۇنىڭ ئالدىدا سۈيى زۇمرەتتەك سۈزۈك بىر كۆل تۇرۇپتۇدەك، ئۇنىڭ تەسۋىرىنى نەقىل كەلتۈرۈشكە ئەقىل ئاجىزلىق قىلار ئىمىش. ئاتىسىنىڭ راھەت - پاراغىتى بارغانسېرى زىيادە بولۇپ كېتىۋاتقان، ئۇ كۆلنىڭ سۈيى خۇددى كۆك ئاسماندەك تىنىق، پۇرىقى ۋە تەمى كەۋسەر سۈيىدەك تۇرغانىمىش. ئۇ كۆلنىڭ قىرغىقىدا ناھايىتى ھەيۋەت بىر توپ دەرەخ پادىشاھ مەھمۇدنىڭ بېشىغا ياق، بەلكى ئاشۇ گۈلشەنىنىڭ پۈتكۈل سەھنىسىگە بەئەينى چېدىردەك سايە تاشلاپ تۇرۇۋاتقانىمىش. ئۇ گۈلشەنىنىڭ ئۆسۈملۈكلىرى ئېنىپار - زەپەردىن پۈتكەن بولۇپ، ئۇ-نىڭ خۇش پۇرىقى كېسەلمەنلەرنىڭ جىسمىدىن زەئىپلىك ۋە ئاغرىق ئازابىنى يوق قىلار ئىمىش. بۇ ئاجايىپ تاماشىدىن سۇلتان مەسئۇدنىڭ كۆزلىرى نۇرلىنىپ، بۇ گۈلشەنىنىڭ خۇش پۇراقلىرىدىن ئۇنىڭ دىماغلىرى مەستخۇش بولغانىمىش. سۇلتان مەسئۇد بۇ ئاجايىپ - غارايىپ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، يەرنى سۆيگەن ھالدا ئاتىسىدىن سوئال سوراپتۇدەك: «ئەي ئاتا، پادىشاھلىق دەۋرىڭىزدە قايسى ئىشنى قىلغانلىقىڭىز ئۈچۈن بۇنداق ئالىي ئورۇنغا سازاۋەر بولدۇڭ؟» سۇلتان مەھمۇد بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەرگەنىمىش: «پادىشاھلىق دەۋرىمدە كۆڭلۈم ئادالەت تەرەپكە مايىل ئىدى. بىر چاغلاردا ھىندىستان تەرەپكە لەشكەر تارتتىم. يول ئۈستىدە بىر يۇرتقا چۈشۈپ ئارام ئالدۇق، مەن لەشكەرلىرىمگە بۇ يۇرت خەلقىنىڭ تىنچ - ئامانلىقىنى بۇزماسلىق ھەققىدە پەرمان چۈشۈردۈم. يۇرت ئەھلىگىمۇ لەشكەرلىرىمدىن ئامان بولۇش، خاتىرجەم ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولۇش ھەققىدە پەرمان چىقىرىپ، جار سالدۇردۇم. ئاندىن لەشكەرلىرىمنى ئارام ئېلىشقا قويۇۋەتتىم. ئۆزۈمنىڭ بۇ يۇرتنى سەيلە قىلغۇم كېلىپ سىرتقا چىقتىم. تەرەپ - تەرەپكە نەزەر سېلىپ ماڭدىم. كۆز ئالدىمدا تۇساتتىن بىر كەنت نامايان بولدى. بۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كەنتتە بىرنەچچە ئۆيلۈكلا ئادەم ياشايدىكەن. ئۇلارنىڭ هال-ئوقىتى ناهايىتى ناچار، كۆڭۈللىرى سۇنۇق ئىكەن. هەممىسى ئاجىز، زەئىپ بىچارىلەر ئىكەن. ئۆيلىرىنى ياغاچ، بەلكى تولىراقى قومۇشتىن قورشام قىلىپ ياساپتۇ. ئۇ بىچارىلەر ئۆيلىرىگە كىلەم ئورنىدا بورا سېلىپ، بۇ كونا قورشام ئۆيلىرىنى خۇددى باغۇ بوستانلىق قەسىردەك بىلىپ ياشايدىكەن. بۇلارغا نەزەر سېلىپ كېتىۋاتقىنىمدا، قۇلىقىمغا بىر مەزلۇم كىشىنىڭ نالە قىلغان ئاۋازى كىرىپ قالدى-دە، ئىتىمنى شۇ تەرەپكە قارىتىپ هەيدىدىم. بېرىپ قارىسام بىر ناتىۋان ئاجىز ئايال نالە-زار قىلىپ تۇرىدۇ. نېمە گەپلىكىنى ئۇقسام، مېنىڭ لەشكىرىم ئىچىدىكى بىر كىچىك لەشكەر بېشى ئۇ ئايالنىڭ ئۆيىنىڭ قورشامىنى بۇزۇپ، ئۆيىگە كىرىپتۇ-دە، ئىككى تال ئوتۇننى ۋە بىر توۋرا سامانىنى ئاپتۇ. ئاندىن ئۇ ئايالنىڭ تاماق يەيدىغان بىر يېپىشىل هېجىر قاچىسىنى زورلۇق بىلەن تارتىۋاپتۇ. ئۇ زالىم ئۆيىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىۋاتقاندا، ئىشىك ئالدىدا ماڭا دۇچ كېلىپ قالدى. ئۇ ئايال بىلەن جېدەل قىلىۋاتىدۇ. ئايالنىڭ يەنە ئىككى نەپەر گۇۋاهچىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىقتى. ئۇنىڭ زوراۋانلىق قىلمىشىنى بىلگەندىن كېيىن، تارتىۋېلىنغان نەرسىلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرغۇزدۇم. ئۆيىنىڭ بۇزۇلغان قورشاملىرىنى ياساپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەردىم، ئۇ ئايالنىڭ مەهرۇم قىلىنغان نەرسىلىرىنىڭ هەممىسىنى تولۇقلاپ بەردىم، ئاندىن ئۇ زالىمنىڭ قوللىرىنى باغلىتىپ، شۇ ئۆينىڭ ئالدىدىلا بوغۇزىدىن ئاستۇرىدۇم. ئۇ قېرى ئايالنىڭ دەردىگە ئاشۇ

تەرىقىدە دەرمان قىلغاندىن كېيىن، لەشكەرلىرىم تەرەپكە قايتىپ كەلدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇ پايدىسىز ۋاقىتلىق دۇنيا بىلەن خوشلىشىپ، بۇ مەڭگۈلۈك دۇنياغا كەلدىم. بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، مۇشۇ گۈزەل جەننەت بېغىدىن ئورۇن ئالدىم. شۇنى بىلگىنكى، مېنىڭ گۇناهلىرىم هەددى-هېسابسىز ئىدى. ئەمما مۇشۇ بىر ئىشىم تەڭرى ئالدىدا مەقبۇل كەلگەنلىكى ئۈچۈن، كەچۈرۈم قىلىندىم. ماڭا غايىبتىن: «ئەي گۇناهكار ئىنسان، ئۆمرۈڭ بارگاهى ئىچىدە هەددى-هېسابسىز گۇناهلارغا بوغۇلۇپسەن. بۇ سەۋەبتىن سەن دوزاخ ئوتىغا مەهكۇم ئىدىڭ، بىراق ئاشۇ بىر قېتىملىق ئادالىتىڭ سەۋەبىدىن كەچۈرۈمگە ئېرىشتىڭ. پانىي ئالەمدە ئاشۇ بىر قېتىملىق غەرەزسىز هالدا قىلغان ياخشىلىقىڭنىڭ مۇكاپاتىنى بۇ دۇنيادا بېرىمىز. ئاشۇ قېرى ئايالنىڭ بۇزۇلغان قورشامىنى غەرەزسىز هالدا تۈزەپ بەرگەنلىكىڭ ئۈچۈن، بۇ ئەنبەر هىدلىق جەننەت بېغى ئىككى تال ئوتۇنىنىڭ بەدىلىگە بۇ تۇبى دەرىخى، يېپىشىل هېجىرنىڭ ئورنىغا بۇ زۇمرەتتەك كۆل، بىر ئېتەك سامانىنىڭ مۇكاپاتىغا بۇ زەپەرزارلىق ساڭا نېسىپ بولدى؛ ئۇ زالىمنى ئۆلتۈرگىنىڭ ئۈچۈن سەن ئەبەدىي هاياتلىققا ئېرىشتىڭ. بۇ ئىش بىلەن سېنىڭ نامىڭ مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ. بۇنداق ئەبەدىي هايات سان-ساناقسىز گۈزەل ئارزۇ-تىلەكلەرنىڭ هەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ ئەهۋالدىن خەۋەر تاپقان كىشى ئادالەت ۋە ياخشىلىقتىن باشقا ئىشنى قىلماس. كىشى ئەگەر پانىي ئالەمدە ئادالەت بىلەن ئىش قىلمىسا، بۇ باقىي ئالەمگە كەلگەندىن

كېيىن پۇشايمان قىلغىنىنىڭ پايدىسى يوق. ساڭا مېنىڭ بېشارىتىم شۇكى، قانچىلىك كۈچ ـ قۇدرەتلىك بولسا، شۇنچىلىك كۆپ ياخشىلىق قىلغىن، قانچىلىك قۇربىڭ يەتسە شۇنچە ئادىل بولغىن. پادىشاھ بولغان كىشى ئەگەر ئادالەتتىن يىراقلاشسا، ئۇ داۋاسىز كېسەلگە گىرىپتار بولغان بولىدۇ...»

سۇلتان مەھمۇد يۇقىرىقىنى چۈشىنى كۆرۈۋېتىپ، توساتتىن ئويغىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ، خۇشاللىققا چۆمدى. ئاتىسىنىڭ بېشارىتى بويىچە ئادالەت يولىنى تۇتۇشقا بەل باغلىدى. كىمكى سۇلتان مەسئۇدقا ئوخشاش ئادالەت ۋە ياخشىلىققا نىيەت باغلىسا، سۇلتان مەھمۇدقا ئوخشاش ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يەتكۈسى.

**ھېكمەت. ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن كىشى ئادالەت يولىنى تۇتسا، ئۇنىڭغا قانداق نەتىجە قولغا كېلىدىغانلىقى ھەققىدە سوئال سورىغانلىقى؛ ئەرەستۇنىڭ جاھان مۈشكۈللىرىنى ئاسان قىلغۇچى تىلىنى ئىشقا سېلىپ، ئادالەت يولىنى تۇتقان كىشىگە جاھان ھۆكۈمدارلىقى مۇيەسسەر بولىدىغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەنلىكى؛ ئىسكەندەرنىڭ ئادىللىق بىلەن بۇ جاھان سائادىتىگە ئېرىشكەنلىكى**

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن:

— ئەي دانىشمەن ھېكىم، پادىشاھ بولغان كىشى ئۈچۈن ئادىل بولۇش جەزمەن زۆرۈر ئىكەن، ئۇنداقتا ئادالەتنىڭ زادى نېمە پايدىسى بار؟ — دەپ سورىدى.

ئەرەستو بۇ سوئالغا مۇنداق جاۋاب بەردى:

— ئەگەر پادىشاھ ئادالەتنى كەسىپ قىلسا، ئۇنىڭغا جەمى جاھان تەۋە بولىدۇ. پۈتۈن ئالەمنىڭ ھۆكۈمرانلىق تەختى ئۇنىڭغا مۇيەسسەر بولىدۇ. ئادالەت سەۋەبىدىن پادىشاھلارنىڭ مەملىكىتى ئاۋاتلىشىدۇ، بېيىپ، گۈللىنىدۇ. شۇنىڭغا ئەگىشىپ دۆلەت خەزىنىلىرى بايلىق بىلەن تولۇپ تاشىدۇ. لەشكەردىكى ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق تەرتىپكە چۈشىدۇ. پادىشاھنىڭ كۆڭلىمۇ خۇشال ۋە روھلۇق بولىدۇ. بۇنداق پادىشاھ ئۆز دۈشمىنى ئۈستىدىن چوقۇم غالىب كېلىدۇ. ئۇ قاچانكى بىر دۈشمىنى ئۈستىدىن غالىب كەلسە، دۈشمەن مەملىكەت بىلەن ئۆز مەملىكىتىنىڭ كۈچلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ تېخىمۇ زور بىر كۈچكە ئىگە بولىدۇ ـ دە، يەنە بىر دۈشمىنىنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ. ئۇنداق پادىشاھنىڭ پۇقرالىرى بولسا ئۇنىڭغا غەلىبە ـ نۇسرەت تىلەپ، مەدەت بېرىدۇ، ھەمدەمدە بولىدۇ. يەنە شۇنىمۇ بىلىش كېرەككى، ئادىل پادىشاھنى ئۇنىڭ دۈشمەنلىرىنىڭ پۇقرالىرى ۋە لەشكەرلىرىمۇ قوللايدۇ؛ پۇقرالىرى ئادىل شاھنىڭ يېتىپ كېلىشى ئۈچۈن كېچىلىرى دۇئاغا قول ئاچىدۇ. لەشكەرلىرى بولسا، ئەپ تاپسىلا ئادىل شاھ تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ. ھەرقانداق بىر كىشى ئۆز ئادىللىقى بىلەن ئاشۇنداق يول تاپسا، ئۇنىڭ جاھانغا ھۆكۈمران بولمىقى ئاساندۇر. ئادالەتنىڭ يەنە بىر پايدىسى شۇكى، ئەگەر بىرى تەگرى

يولىدا ئادالەت تارازىسىنى راست تۇتسا، خەيرلىك ياخشى ئىشلارنى قىلىپ، ئەل بېشىدىكى مۈشكۈلچىلىكلەرنى يوق قىلسا، ئاۋام خەلقنى مېھنەت - مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇرۇپ، راھەت - پاراغەتكە ئېرىشتۈرسە، پۈتكۈل ئالەم خەلقى ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولىدۇ. ئۇنىڭغا ياخشىلىق دۇئا قىلىدۇ. ئۇ ھالدا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى بولسىمۇ مەغپىرەت قىلىنىدۇ. ئىككىلا ئالەمنىڭ بەخت - سائادىتى ئۇنداق پادىشاھقا مۇيەسسەر بولىدۇ.

ئۇ دانىشمەن ئالىم سۆزلەشتىن توختىدى. ئىسكەندەر بۇ ھېكمەتلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كۆڭلىدىكى شۈبھىلىرى كۆتۈرۈلۈپ ئەقىل كۆزلىرى تېخىمۇ روشەن بولدى.

**ئىسكەندەر ئىشلىرى تەپسىلاتىنىڭ قىسقىچە بايان قىلىنىشى ۋە بۇ قىسقا بايان**
**ۋاقىئاتىنىڭ تەپسىلىي ئايان ئېتىلىشى. دارا ئەلچىسىنىڭ ئىسكەندەر ھۇزۇرىغا**
**ئالتۇن بەيزە① تەلەپ قىلىپ كېلىپ، ئەكسىچە پولات نەيزىدەك جاۋابقا**
**ئېرىشىپ قايتقانلىقى، ئۇ پولات نەيزە شولىسىدا چاقنىغان چاقماقنىڭ**
**دارانىڭ سەۋر - تاقەت خامىنىغا ئوت ياققانلىقى، دارانىڭ ئىس-**
**كەندەرگە كۈنجۈت، گۆي② ۋە چەۋگان③ ئەۋەتكەنلىكى،**
**ئىسكەندەرنىڭ چەۋگان بىلەن گۆينى ئۇرۇپ،**
**كۈنجۈتنى قۇشلارغا تەرگۈزگەنلىكى**

سۆز دانالىرى تارىخ ئىلمىدە كۆپ مۇشەققەتلەر چېكىپ، مۇنۇ ھېكمەتلەرنى يۈزەگە چىقاردى:

ۋاقتىكى، ئىسكەندەر ئەرەستۇنىڭ تەلىمىدىن ئادالەتنىڭ خاسىيەتلىرىنى چۈشىنىپ، يۇرتىنى ئادالەت بىلەن ئاۋات قىلدى. ئاندىن ئۇنىڭدا ئالەمنى بويسۇندۇرۇشقا ئىشتىھا پەيدا بولدى. بۇ ئىشقا كۆڭۈل قويۇپ، ھەددى - ھېسابسىز ئوي - خىياللارنى قىلاتتى. پىلان ۋە تەپەككۇر تارىلىرىنى ئۇزاق - ئۇزاقلارغا تارتاتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئادالىتىمۇ، شىجائىتىمۇ بار ئىدى؛ پەم - پاراسىتىمۇ، ئىلىم - كامالىتىمۇ بار ئىدى. ئۇ پەلەك قۇياشىدەك تۇغ - ئەلەملىرىنى تارتقان ھالدا شۇنداق يۈرۈش قىلدىكى، يەر يۈزىنى بىر قەدەم باسقىنى بىلەنلا قولىغا ئالدى. پۈتكۈل ئالەمدە ھېچ كىشى قىلىپ باقمىغان ئىشلارنى قىلدى. ئۇنىڭغا شۇقەدەر ئاجايىپ غالىبىيەت مۇيەسسەر بولدىكى، پۈتكۈل پادىشاھلارنىڭ قەدىر - قىممىتى ئۇنىڭدىن شىكەستە يېدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى دەپ بولۇش قىيىن.

---

① بەيزە — تۇخۇم.

② گۆي — چەۋگان ئويۇنىدا ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، تاياق بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان توپ.

③ چەۋگان — 1) ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، يەردىكى گۆي (توپ) نى ئۇرۇپ نىشانغا يەتكۈزۈپ ئوينايدىغان بىر خىل ئويۇننىڭ ئىسمى؛ 2) چەۋگان ئويۇنىدا گۆي (توپ) نى ئۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ئۇچى ئەگرى تاياق.

ئەگەر ئۇنى قەرنە①لەر بويى توختىماي سۆز-
لىسەمۇ تۈگىمەيدۇ. ھەممىسىنى بايان قىلىش
ئوڭايغا چۈشمەيدۇ. بايان قىلغاندىمۇ
تۈگىتىش ئىمكانىيىتى يوق. شۇڭا بۇ
ئەھۋالنى ئەمدى قىسقىچە بايان قىلىشنى
لايىق تاپتىم. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى
قىسقىلا سۆزلەپ، مەقسىتىمنى بايان قىلاي.
مەن ئىسكەندەرنىڭ تارىخي ھەققىدە ناھا-
يىتى كۆپ ئىزدەندىم. ئۇنىڭ قىسسىلىرىنى
جىق مۇلاھىزە قىلدىم. ئۇنىڭ ھېكايەتلى-
رى ئىچىدە ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى
ئىنتايىن كۆپ چىپلىقتۇردۇم. ئۇلارنىڭ
ئىچىدىن يالغانلىرىنى تاشلاپ، راستلىرىنى
توغرىلىق بىلەن يۈزەگە چىقىراي.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەر رۇم ئېلىگە
پادىشاھ بولغاندىن كېيىن قارشىلىق قىلى-
غۇچىلارنى ھالاك قىلىپ، بۇ دۆلەتنى
دۈشمەنلەردىن خالاس قىلدى. ئاندىن
كېيىن ئۇ لەشكەر تارتىپ جاھان ئىچىدى-
كى يۇرتلارنى قولغا كىرگۈزۈشنى كۆڭلىگە
پۈكتى. ئالدى بىلەن جەڭ قىلىچىنى
يالىڭاچلاپ، مەغرىب ① زېمىنىغا يۈرۈش
قىلدى. ئاندىن زەڭگىبار② ئەھلىگە لەش-
كەر تارتىپ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدىكى داغنى
قىلىچ سۈيى بىلەن يۇدى. يەنە دارا بىلەن
سوقۇشۇپ، ئۇلارنىڭ كۆلىنى كۆككە
سورۇدى. ئۇ يەنىلا يۇرت ئىچىشنى توخ-
تاتماستىن يۈرۈپ، پەرەڭ مەملىكىتىنى
ئالدى. ئۇلارنى ئىتائەت قىلدۇرغاندىن
كېيىن، قىرىم شەھىرى ۋە ئاندولوس
شەھىرىنى ئالدى. ئاندىن مىسىرغا كەلدى،
مىسىردا ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك كىشى
سۈپىتىدە قارشى ئېلىندى. ئىسكەندەر
مىسىرلىقلارنى ئۆزىگە دوست بىلىپ، ئۇ
يەردە ئىسكەندەرىيە شەھىرىنى بىنا قىلى-
دۇردى. ئۇ يەردىكى زەردۇشت دىنىغا
قارشى تەدبىر كۆرۈپ، ئاتەشپەرەسلەرنىڭ
ئوتىنى قىلىچ سۈيى بىلەن ئۆچۈردى.
ئاندىن ئىبنىڭ بېشىنى ئىراق ۋە ئەجەم
تەرەپلىرىگە قارىتىپ ھەيدىدى. ئۇنىڭ
قەدەم بەرىكىتىدىن ئۇ شەھەرلەر ئاۋات،
خەلقى باياشات بولدى. يەنە شام ۋە ھە-
لەب تەرەپلىرىگە يۈرۈش قىلىپ، ئۇلارنى-
مۇ ئاۋاتلىقتا ئېرىشتۈردى. ئاندىن يەمەن
تەرەپكە بېرىپ، ئۇلارنى خۇشال قىلدى.
ئۇنىڭ بەرىكىتىدىن يەمەننىڭ تاشلىرى ھېقىقتا
ئايلاندى. ئاندىن بۈيۈك مەككىنى يەر
سۆيۈپ تۇرۇپ تاۋاپ قىلىش ئۈچۈن بار-
دى. قوبۇل كۆرۈلگەچكە ئۇئىشىك ئېچىلدى.
ئۇ يەردىن رۇخسەت ئېلىپ، سەۋاھىل
تەرەپلەرگە يۈزلەندى. ئۇ يەردە يۈز مىڭ-
لىغان ئاجايىپ-غارايىپ ئىشلارنى قىلدى.
ئۇ يەردىن يانغاندىن كېيىن پارس شە-
ھەرلىرىنى ئېلىپ سائادەتمەن بولۇپ، شى-
مال تەرەپكە بېرىپ نۇسرەت تاپتى. قاي-
تىش ۋاقتىدا خارەزىم شەھەرلىرىنى ئىگىلەپ
قۇياشتەك باپىرىقىنى تىكلەپ، قىپچاق
دەشتىنى يورۇتتى. ئىسكەندەر ئاندىن ئاس
شەھىرى بىلەن رۇس شەھىرىگە يۈرۈش
قىلغانىدى، ئۇ يەردىكى خالايىقنىڭ قور-
قۇنچتىن يۈزلىرى كەھرىۋادەك سارغىيىپ
كەتتى. ئاندىن پەرخار ئېلىدە ئورۇن
تۇتۇش بىلەنلا، ئۇ شەھەرلەرنى جەننەت
بېغىدەك قىلدى. يەنە ماۋەرەئۇننەھرنى ئېلىپ،

① قەرنە — ۋاقىت ئۆلچەم بىرلىكى، بىر قەرنە 30 يىلغا تەڭ.
① مەغرىب — ھازىرقى ماراكەش.
② زەڭگىبار — ھەبەشىستان، ھازىرقى ئېفىئوپىيە.

www.uyghurkitap.com



سەمەرقەنتتەك شەھەرنى بىنا قىلدى. ئاندىن خاقانى چىنغا تاك شامىلىدەك يۈرۈش قىلدى، چىن خاقانى كەمەر باغلاپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى. ئاندىن ئېتىنى ھىندىستان تەرەپكە چاپتۇرۇپ، كەيداۋەز دېگەن پادىشاھنى قۇل قىلدى. ئاندىن جەنۇۋە تەرەپكە باردى. سىند شەھەرلىرى تەرەپكە ئۆتتى. كەھ ۋە مەكران قاتارلىق جايلارنى ئۆزىگە تەۋە قىلدى. كىرمان شەھىرى تەرەپكە باردى. خۇراسان شەھەرلىرىنى ئالدى. ئۇ يەردە ئارام ئالغان مەزگىلىدە، ھىرات شەھىرىنى بىنا قىلدى. ئاندىن بېرىپ ئىسپاھان شەھەرلىرىنى ئالدى ـ دە، ئۇ يەردە رەي شەھىرىنى بىنا قىلدى.

ئەلقىسسە، پۈتكۈل ئالەمنى بويسۇندۇرۇپ، كۆڭلى ئارام تاپتى. ئاندىن رۇمغا بېرىپ بىر مەزگىل ئەيش ـ ئىشرەتكە مەشغۇل بولدى. جام بىلەن مەي ئىچىپ ئولتۇرغىنىدا يەنە كۆڭلىدە بىر ھەۋەس بولۇپ، جاھاننى قايتىدىن بىر قېتىم ساياھەت قىلدى. يۇرت ـ يۇرتلاردا ئورغۇن ياخشى ئىشلارنى يۈزەگە چىقاردى، نۇرغۇن ئاجايىپ ئىشلارنى قىلدى. ئۇلاردىن بىرى: يەجۈج ـ مەجۈجلەرنىڭ ئالدىغا سېپىل سوقتۇردى. يەنە بىرى: پۈتۈن ئالەمنى ساياھەت قىلىش جەريانىدا يوللاردا ياغاچلارنى ئورنىتىپ، يول مۇساپىسىنى بېكىتتى. ئارغامچىلارنى غۇلاچلاپ يوللارنى ئۆلچەپ، ھەر ئون ـ ئون ئىككى مىڭ گەز يول ئارىلىقتا بىردىن ياغاچ ئورناتتى. بۇ مۇساپىنى بىر ياغاچ ياكى بىر مىل دەپ ئاتىدى. ئارىلىق مۇساپىلىرىنىڭ مۇنداق ئېنىق بېكىتىلىشى يول يۈرگۈچىلەرنىڭ مۈشكۈللىرىنى ئاسان قىلدى. يەنە ھەر بىر مەنزىللەردە رابات، ئۆتەڭلەرنى بىنا قىلدۇرۇپ، مۇساپىرلارنىڭ ئارامگاھى قىلدى.

ئىسكەندەر يۇقىرىقى ئۇسۇللار بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ ئىشلىرىنى رەتكە سېلىپ بىر ياقلىق قىلغاندىن كېيىن، ئەمدى لەھەڭگە ئوخشاش دېڭىزنى كۆڭلى تارتتى. ئۇ سۇ يۈزىگە قەدەم بېسىپ، ھەددى ـ ھېسابسىز كېمىلەرنى ئىشقا سالدى. كېمىلەرگە بارلىق لازىملىق ئەشيالارنى قاچىلاپ، سۇ يۈزىدە نەچچە يىللاپ سەپەر قىلدى. ئالدىغا قۇرۇقلۇق ياكى ئارال يۇرتلىرى ئۇچراپ قالسا، ئۇ يەرلەرگە چىقىپ بىر مەزگىل ئارام ئالدى. ئىسكەندەر تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن سۇ ئىچىدىكى بارلىق ئارال دۆلەتلىرىنى ئۆز تەۋەسىگە قوشۇپ، ئۇلارنى بەختلىك قىلدى. بارلىق ئارال دۆلەتلىرى ئۈستىدىن غالىب كەلدى. ئەمدى سۇ ئىچىدە ئۇنىڭغا تەۋە بولمىغان يۇرت قالمىدى. شۇنداقتىمۇ ئىسكەندەر يەنىلا دېڭىز دولقۇنىدەك داۋاملىق ھەرىكەت قىلدى. ئۇ ئاخىر دېڭىزنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردە يۇقىرىغا قارىسا ئاسمان، تۆۋەنگە باقسا سۇدىن باشقا ھېچ نەرسىنى كۆرمىدى. ئىسكەندەر شۇندىن كېيىن دېڭىزنىڭ تېگىنى كۆرۈپ بېقىش خىيالىغا كەلدى. بۇ ھەقتە ئالىملار بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزدى. ئىلمىي ھېكمەت ئالىملىرىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن چوڭ بىر ئەينەك شېشە ياسالدى. ئىسكەندەر بىرقانچە ئالىم بىلەن بىرلىكتە شېشىنىڭ ئىچىگە كىردى. ئاندىن شېشىنىڭ ئاغزىنى ھېكمەت يېلىمى بىلەن مەھكەم ئېتىپ، شېشىنى نەچچە مىڭ غۇلاچ تانىغا باغلىدى. تانىنىڭ بىر ئۇچىنى

كېيىنكىلەر تۇتۇپ، شىشىنى دېڭىزغا
تاشلىدى. شىشە دېڭىز تېگىگە چۆكتى.
ئىسكەندەر سۇ ئاستىدىكى نەچچە ئالەمگىمۇ
سىغمىغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئاجايىپ ـ
غارايىپ مەخلۇقاتلارنى كۆردى. سۇ ئاسـ
تىدىكى جانىۋارلارنى كۆرۈپ بولغاندىن
كېيىن، ئۇنىڭ دېڭىز ئاستىدىكى ئارزۇ ـ
مۇرادى قاندى. قۇرۇقلۇقتا ئۇنىڭغا خىد ـ
زىر ئەلەيھىسسالام يول باشلىدى. سۇدا
بولسا، ھەزرىتى ئىلياس ئەلەيھىسسالام
ياردەمدە بولدى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى
ھېچكىم قىلىپ باقمىغانىدى. ئۇ تەڭرى
تەرىپىدىن پەيغەمبەرلىككە لايىق مەرتىۋىگە
ئېرىشتى. شۇندىن كېيىنمۇ يەنە قانچىلىغان
ئەل يۇرتنى ئۆزىگە قاراتتى. ئۇنىڭ ۋەقە ـ
لىرىنى يېزىش ئۈچۈن كىشى قەلەم ئۇچلىسا،
بىر «شاھنامە» بولۇپ چىقىدۇ. لېكىن بۇ
دەپتەرگە ئۇنى سىغدۇرۇشنىڭ ئىمكانىيىتىنى
تاپالمىدىم. زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن ئۇنىڭ
قىسسىلىرىنى ئىخچام ھالدا قەلەمگە ئالدىم.
شۇ ئۇسۇل ئارقىلىق خۇددى بىر شەھەرنى
بىر ئۆيگە ئىچىگە يوشۇرغاندەك، بىر دەپ ـ
تەر قىسسىنى بىر بېيىت ئىچىدىلا تۈگەتـ
تىم. ئەمدى تەڭرى يول بەرسە ئىسكەنـ
دەرنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى راستلىق بىلەن
بايان قىلىمەن.

ئەلقىسسە، ئۇنىڭ دارا بىلەن قىلغان
ئىشىنى بايان قىلىمەن. ئۇنداق ئىشنى ھېچ
كىشى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان.

پەيلەقۇس رۇم ئېلىگە پادىشاھ بولغان
زامانلاردىلا دارانىڭ پادىشاھ ئىكەنلىكى
پۈتكۈل جاھاندا ئاشكارا ئىدى. دارا بۇ
مەزگىلدە كەيانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ تەخت
ۋارىسى بولۇپ، پۈتكۈل مەملىكەتتە ئۆز
ھۆكمىنى يۈرگۈزۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ سوت ۋە

سوراق ئىشلىرى لۇھراسىپنىڭ رەسىم ـ
قائىدىسى بويىچە، لەشكىرىي تۈزۈملىرى
گۇستاسىپنىڭ قانۇنى بويىچە يۈرگۈزۈلەتتى.
بارلىق ئىش ـ ئەمەللىرى كەيانىيلارنىڭ
مىزانى بويىچە يۈرگۈزۈلەتتى. داراغا بۇ
جاھانگىرلىك مىراسى بەھمەن شاھتىن قالـ
غانىدى. جاھان مەملىكىتىدە ئۇنىڭدىن
كۈچلۈكرەك يەنە بىر پادىشاھ يوق ئىدى.
باشقا پادىشاھلار ئۆزلىرىنىڭ تەخت ۋە
تاجىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ، ئىتائەتمەنلىك
بىلەن پېشكەشلەر قىلىپ، باج ـ خىراج تاپـ
شۇرۇپ تۇراتتى. شۇلاردىن بىرى پەيلە ـ
قۇس ئىدى. ئۇمۇ داراغا جېدەل ـ ماجىرا ـ
سىز ھالدا باج ـ خىراجەت بېرىپ كېلىۋا ـ
تاتتى. ھەر يىلى داراغا ئالتۇن تۇخۇمدىن
مىڭنى ئەۋەتىش بەلگىلەنگەنىدى. پەيلە ـ
قۇس ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ
ئورنىدا ئىسكەندەر تەختكە چىقتى. مەملىـ
كەت ئۇنىڭ ئىلكىگە ئۆتۈپ، دەسلەپكى
يىلى زەڭگىبار پادىشاھى ئۈستىگە تىغ
تارتتى. ئۇنىڭ تىغىنىڭ شولىسىدا زەڭگىلەر
كۆيۈپ كۆمۈردەك بولۇپ قالدى. تۆكۈلـ
گەن قانلاردىن يەر يۈزىدە قارا داغلار
ھاسىل بولدى. ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدە
ئىسكەندەر ئۆز دۈشمەنلىرىنىڭ ھەيۋىسىنى
جەڭ بىلەن سۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ مال ـ
مۈلۈك، ئەل ۋە زېمىنلىرىنى قولىغا ئالدى.
رۇم ئەھلىنى شۇ دەرىجىدە كۈچەيتتىكى،
ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىلگىرىكىگە قارىغاندا
نەچچە ھەسسە قۇدرەت تاپتى. لەشكەرلەر ـ
نى كۈچەيتىپ قۇردى. ئۇلار دۈشمەن ئالـ
دىدا خۇددى قولۇنلارغا تاشلانغان ئەركەك
شىرلاردەك يۈرەكلىك ۋە كۈچ ـ قۇدرەتلىك
بولدى. شۇنداق قىلىپ ئىسكەندەرنىڭ
شۆھرىتى دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقلاردىن ھالـ

www.uyghurkitap.com



قىپ كەتتى. تۇغ ـ ئەلەملىرى پەلەكتىن ئاشتى. قىلىچىنىڭ شولىسى جاھانغا ئوت سالدى. ئۇنىڭ كۆڭلىگە جاھانگىرلىكتىن باشقا خىيال كەلمەيتتى. بۇ پەلەك سەھنىسىنى ئۆزىگە تارلىق قىلىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. جاھان شاھلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنى ئۆزىگە تەڭ قىلمايتتى. ئىسكەندەرنىڭ ئاتىسى ۋاپات بولغىنىغا ئۈچ يىل توشقان مەزگىلدە رۇم دۆلىتى ئىلگىرىكىدىن ئون ھەسسە كۈچەيدى. بۇ ئۈچ يىل جەريانىدا داراغا باج ـ خىراج تۆلەش ئىسكەندەرنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمىدى، چۈنكى ئۇ ئەزەلدىنلا ئالىي مەرتىۋىلىك قىلىپ يارىتىلغانىدى. ھىممەت جەھەتتە ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن تەڭلىشەلمەيتتى. بىراق ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايدىغاندىن پەقەت دارا بار ئىدى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا كۆرۈنۈشتە مۇرەسسە ـ مادارا قىلىپ كېلىۋاتاتتى، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ سەلتەنىتىنى كۆزىگە ئىلمايتتى. ھەتتا كۆڭلىگىمۇ كەلتۈرۈپ قويمايتتى. ھەممىگە ئايانكى، ئىككى يولۋاس بىر ـ بىرى بىلەن ئېلىشسا جەزمەن ئۇلار ئىچىدىكى ياشراقى غالىب كېلىدۇ.

ئەلقىسسە، ئىسكەندەرگە تەقدىر دوستلۇق قىلىپ، پەلەك يار ـ يۆلەك بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلىرى يۈرۈشۈپ، ۋاقتى بارغانسېرى خۇشال ـ خۇرام ئۆتۈۋاتاتتى. بىر كۈنى دارانىڭ ئوردىسىدىن بىر ئەلچى كېلىپ، ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى ئالدىدا توختىدى ۋە ياساۋۇللاردىن ئىچكىرىگە كىرگۈزۈشنى تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەر بۇنى ئاڭلاپ، ئەلچىنى كىرگۈزۈۋېتىشنى بۇيرۇدى. ئەلچى ئىچكىرىگە كىرىش بىلەنلا ئىسكەندەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تەزىم بەجا كەلتۈردى، يۈزلىرى بىلەن ئۇنىڭ دەرگاھىنى سۈپۈردى. قۇللۇق رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، سۆز بېشىدىلا دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئىسكەندەرنىڭ ئامان ـ ئېسەنلىكىگە دۇئا قىلدى. مەدھىيە ماختاشلارنىمۇ لايىقىدا ئادا قىلدى. ئىسكەندەر ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ ھەيۋەت ـ ھەشەمىتى ۋە شان ـ شەۋكىتى ئەلچىنى بىچارە ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويدى. ئۇ سۆزلەشكە پېتىنالماي، يەرگە كۆز تىككىنىچە ئولتۇرۇپ كەتتى. ئىسكەندەر ئۆز شەۋكىتى بىلەن بۇ ئەلچىنى تەڭقىسلىقتا قالدۇردى. ئەلچىنىڭ ئەيمىنىپ ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى پەملىگەن ئىسكەندەر ئاخىر ئۆزى سۆز ئاچتى. ئۇششاق ـ چۈششەك سوئاللارنى سوراپ، ئۇ يەردىن ـ بۇ يەردىن پاراڭلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئەلچىنىڭ كۆڭلىدىكى ۋەھىمىلەر بىرئاز يوقاپ، ئۆز ھالىغا كەلدى. ئىسكەندەر بۇنى سېزىپ، ئەمدى شاھانە مەزمۇنلاردا سوئال سوراشقا باشلىدى:

— بەختلىك پادىشاھ دارا تىنچ ـ ئامان ئۆتۈۋاتامدۇ؟ مەملىكىتىنىڭ قائىدە، نىزاملىرى كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتامدۇ؟

ئەلچى بۇ سۆزنى ئاڭلاش بىلەنلا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، يەر سۆيۈپ، تەزىم قىلغاندىن كېيىن ئاندىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئىسكەندەر يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ ياققا كېلىشىڭدىكى مەقسەت ـ مۇددىئايىڭنى دەپ باققىن، دارانىڭ تاپىلىغان سۆزى بولسىمۇ يەتكۈزگىن.

— ئەي بۈيۈك پادىشاھ، — دېدى ئەلچى تەزىم قىلغان ھالدا، — بۇنى ئېيتماسلىققا چارەم يوق. ئىلگىرى پادىشاھ پەيلەقۇس بۇ مەملىكەتتىن دارانىڭ ھۇزۇ

رىغا ھەر يىلى مىڭ دانە ئالتۇن تۇخۇم
خىراجەت بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۈچ يىل
بولۇپتۇ. جاناب ئىز بۇ مەملىكەتتە پادىشاھ
بولۇپ، سائادەت تېپىپسىز. بىراق بۇ ئۈچ
يىللىق خىراج دارانىڭ خەزىنىسىگە ئەۋە-
تىلمىگەن ئوخشايدۇ. مېنىڭ كېلىشىمدىن
مەقسەت مۇشۇ ئىدى. ئەگەردە سىز
ئۇنى بېرىشنى لايىق كۆرسىڭىز، مەن بۇ
خىراجەتنى سىزگە ۋەكالىتەن دارانىڭ
خەزىنىسىگە يەتكۈزىمەن. مۇۋاپىق كۆرمە-
سىڭىز داراغا بۇنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ
بارماقچىمەن.

ئىسكەندەرگە بۇ سۆزلەر ناھايىتى
ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ ئېغىزلىرى غەزەپ
زەھىرى بىلەن ئاچچىققا تولدى. يۈزلىرى
ئوتتەك قىزىرىپ كەتتى. بەدىنى قوقاسقا
ئايلانغاندەك قىزىپ كەتتى. ئۇ بىرەر
سائەتكىچە ئۆزىنى ئۇنتۇۋېلىپ جىم ئولتۇر-
دى. ئاندىن غەزەپ ئوتلىرىغا ئەقىل-پارا-
سەت، ئىلىم-ھېكمەت سۇلىرىنى سېپىپ
ئۆچۈردى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سۆز-
گە ئېغىز ئاچتى، تىلىدىن جاۋاھىر-
لىرىنى چاچتى:

— شاھ داراغا مەندىن سالام ئېيت-
قىن، ئاندىن مۇنۇ سۆزۈمنىمۇ يەتكۈزگىن.
ئۇنىڭ بۇ پادىشاھلىقى ھەرگىز مەڭگۈلۈك
ئەمەس. ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بەربىر يوقلىش-
تىن ئىبارەت بولىدۇ، خالاس. شۇنداق
تۇرۇقلۇق يەنە خەزىنە ئۈستىگە خەزىنە
يىغىمەن دەپ تولا جاپا چېكىپ يۈرمىسۇن.
چۈنكى ئۆمۈردە ۋاپا يوق. ئۇ ھېسابسىز
مال-دۇنيا يىغىمەن دەپ، ساناقسىز جەبرۇ-
جاپا تارتىپتۇ. ئەمدى مۇشۇ ۋاققىچە يىغ-
قان خەزىنىلىرىنىڭ راھىتىنى كۆرسىمۇ بې-
قىپ ئاشىدۇ. لېكىن يەنە يىغىمەن دېسە،

بۇنىڭ پايدىسىدىن كۆرە زىيىنى كۆپرەك. ھەر-
قانداق ئىش زورلۇق ۋە ئېھتىياجىدىن
تاشقىرى ئوشۇقچە بولسا، ئۇنداق ئىشنى
قىلىش ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن ياخشى
ئەمەس. بۇنداق ئىش بىزگە ئەلەم قىلىدۇ.
دارانىڭ ئۆزىگىمۇ ياخشىلىق كەلتۈرمەيدۇ.
دارا بۇ ئىشنى دەپ بىزنىمۇ جاپاغا سالمى-
سۇن. ئۇ بىزدىن ئالتۇن تۇخۇم ئالىمەن
دەپ تولا ئاۋارە بولۇپ يۈرمىسۇن. چۈنكى
بىزدىكى ئالتۇن تۇخۇم تۇغىدىغان توخۇلار
ئالىمقاچان قانات چىقىرىپ ھاۋاغا ئۇچۇپ
كېتىپ قالدى. دارانىڭ كۆڭلىگە بۇ نەسى-
ھىتىم ماقۇل كەلسە، ئەلۋەتتە، بىزمۇ
دوستلۇقتىن ئۆزگە يولنى تاللىمايمىز.
ئەگەر بۇ گەپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا ياقمىسا،
سېنىڭ ئېلىپ كەلگەن گەپلىرىڭ بىزنىڭمۇ
قۇلىقىمىزغا خۇش ياقمايدۇ. دارا بۇنداق
بىھۇدە سەۋدانى مېڭىسىدىن، بۇنداق پاي-
دىسىز تەمەننانى خىيالىدىن چىقىرىۋەتسۇن.
چۈنكى ئۇزۇنغا قارشى تەرەپنى چۈشىنىش
دانالار ئالدىدا ئۇلۇغ ئىشتۇر. بۇكەمگىچە
ئۇنىڭ ئىشلىرى ناتىۋانلار بىلەن ئۆتتى.
مەندەك كىشىگە تېخى دۇچ كېلىپ باقمى-
دى. بىرقانچە ئاجىز كىشىگە ئەسكى
تاجنى سېتىپ، شۇنىڭ بەدىلىگە يىلدا
باج-خىراج ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ
ئالدى بىلەن تەخت-مەملىكىتىنى تارتىۋې-
لىپ، ئاندىن ئۇلارغا يەنە تاج بېرىش
بەدىلىگە خىراج ئېلىش توغرا قىلىق ئەمەس.
بىر كىشى تاجۇ تەختكە ئىگە، سەلتەنەت-
لىك كىشى بولسا، ئۇنىڭدىن باج-خىراجەت
ئالىمەن دېيىش تېخىمۇ ئەقىلگە سىغمايدۇ.
بۇنداق قىلىش خۇددى دەريادىكى قورقماس
لەھەڭنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئۈنچىلەرنى
تېرىمەن دېگەندەك ئىش. بۇنداق ئارزۇ-

www.uyghurkitap.com



ھەۋەسكە بېرىلگۈچىلەر سۇ ئىچىدە ئۆزىنى لەھەڭگە يەم قىلىدۇ، خالاس. ئاقىل كىشىلەر ئۇنداق خەۋپلىك يەردىن بىرنەرسە تەمە قىلمايدۇ. دارا ئارىمىزدا مۇنداق سەۋەبسىز دۈشمەنلىكنى پەيدا قىلمىسۇن. مال ۋە مەنسىپىم ماڭا يۆلەك بولىدۇ، دەپ خىيال قىلمىسۇن. يەر يۈزىدە ھەددى-ھېسابسىز چېرىكىم بار، شۇلار ماڭا غالىبىيەت بەخش ئېتىدۇ دەپ ئويلاپمۇ يۈرمىسۇن. گەرچە ئۇنىڭ لەشكىرى كۆپ، مېنىڭ لەشكىرىم ئاز بولسىمۇ، تەڭرى غەلىبە-نۇسرەتنى لەشكەرنىڭ ئاز-كۆپلۈكىگە باقماي بېرىدۇ. ئەگەر بەخت، دۆلەت ئىشى مۇيەسسەر بولىدىغان بولسا، لەشكەرنىڭ ئازلىقى ئانچە توسقۇن بولالمايدۇ.

ئىسكەندەر بۇ سۆزنى ئېيتىپ بولغۇچە، ئەلچى ئۇنىڭ ھەيۋىتىدىن ئېزىلىپ ئولتۇرۇپلا قالدى. سۆز تۈگىشى ھامانىلا، ئۇ ئۆزىنىڭ ناتىۋان جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ، ئۆز يولىغا ماڭدى.

ئەلچى ئۆزىنىڭ ئۆلۈك ياكى تىرىكلىكىنى بىلمەستىن، تېز يۈرۈپ، دارانىڭ ھوزۇرىغا يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەرنىڭ بەرگەن جاۋابىنى داراغا تولۇق يەتكۈزدى. دارا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاش بىلەنلا ھەيرانۇ ھەس بولۇپ:

— ھەرقانداق كىشى بۇ سۆزنى دېگەن بولسا، ئۇ يا ئېلىشىپ قالغان بىر ساراڭ، ياكى مەست ئادەم ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇ سۆزلىگەن ۋاقتىدا ئۆزىنى بىلمەي بۇنداق سۆزلەرنى دەپتۇ. ياكى بۇ گەپنى قىلغۇچى بىر ئەقىلسىز گۆدەك بالا بولسا كېرەك. شۇڭا سۆزلىگەن ۋاقتىدا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئەقىل دېگەن نەرسە يېتەكچى بولماپتۇ، — دېدى.

ئەلچى دارانىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىسكەندەرنى تونۇشتۇرۇشقا باشلىدى.

— ئىسكەندەر ساراڭ، دۆت، ياكى مەست ۋە ياكى ئەقىلسىز كىچىك بالا ئەمەسكەن. ئۇ ئەقىل-پاراسەتتە تەڭدىشى يوق، ئىلىم-ھېكمەتتە مىسلىسىز كامالەت ئىگىسى ئىكەن. ئۇنىڭ شان-شەۋكىتى ۋە سۈپەتلىرىنى دەپ بولغىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ھوشيار ۋە زېرەكلىكى ئېيتقان سۆزلىرىدىنمۇ مانا مەن دەپ بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. سۆزلىرىنى قانچە مۇلاھىزە قىلغانسېرى، پىكرىنىڭ شۇنچە چوڭقۇر ۋە ئەقىل-ئىدرىكىنىڭ چەكسىز ئىكەنلىكىنى بىلىشكە بولىدۇ.

ئەلچى ئەھۋالنى بۇنداق بايان قىلغاندىن كېيىن، دارانىڭ غەزىپى قايناپ تاشتى. غەزەپ ئوتلىرى يالقۇنجاپ، ئالەمگە ئوت چۈشتى. ئەلچىنى دەرھال زىندانغا ھۆكۈم قىلىپ، مۇنداق دېدى:

— ئىسكەندەر دېگەن ئۇ نېمە مېنىڭ قۇلۇمنىڭ پۇشتى، خاندانىمنىڭ ئۇششاق چاكارلىرىدىن بىرىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭ ئاتا ۋە ئەجدادى خاندانىمنىڭ ئادەتتىكى چاكارلىرىدۇر. ئەقىل كۆزىمىزنى ياخشىراق ئىشلىتىپ قارايدىغان بولساق، ئىسكەندەر دېگەن بۇ بىرنېمە ئادەم قاتارىغا كىرگۈدەك زادى كىم ئۆزى؟! ئۇ زادى قانچىلىك بىرنەرسە؟! ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى سۆز دېگىلى بولامدۇ؟! يا مەن دېگەن سۆزلەرگە تۈزۈكرەك جاۋاب بەرمىسە، يا مەندىن ئەيمەنمىسە، ياكى ئەلدىن ئۇيالتمىسا! ئەمدى ئۇنى يوقىتىشنىڭ تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ دېگەن سۆزلىرىنى

ئۆزىنىڭ كۆزىگە كۆرسىتىپ قويايى. ئۇنىڭغا شۇنداق بىر دەككە بېرەيكى، بۇ ئىش جاھاندىكى بارلىق تېگى پەسلەر ئۈچۈن بىر يادىكار، بەلكى ساۋاق بولۇپ قالسۇن.

دارا ئۆز سۆزلىرىدىن قىلچە ئىۋا قىلماي، تىللىرىنى خالىغانچە ئۇزارتىپ، قىلىچتەك ئىتتىك گەپلەرنى قىلدى. ئاندىن يەنە بىر تالاي سۆزلەرنى قىلىپ مەكتۇپ يازدۇرۇپ، ئۇنى يەنە بىر ئەلچىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. يەنە ئۇ ئەلچىگە بىر چەۋگان، بىر گۆي ۋە بىر كوزا كۈنجۈتنى بېرىپ، بۇلارنى ئىسكەندەرگە ئاپىرىپ بېرىشكە بۇيرۇدى. دارا ئەلچىنى يولغا سالغاندىن كېيىن، ئۆزىچە كاتتا ئىش قىلغاندەك مەمنۇن بولدى. قانداق جاۋاب ئېلىپ كېلەركىن دەپ، كېچە-كۈندۈز ئەلچىنىڭ يولىغا كۆز تىكىپ تۇردى.

ئەلچى قىزىل تىلنى ئۆز بېشىغا ئاپەت قىلىپ كېچەيۇ كۈندۈز يول يۈرۈپ، ئىسكەندەرنىڭ قەسرى ئالدىغا يېتىپ كەلدى. مۇلازىملار ئىسكەندەرگە دارانىڭ ھۇزۇرىدىن ئەلچى كەلگەنلىكىنى مەلۇم قىلىشتى. ئىسكەندەرنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ئەلچى باشلاپ كىرىلدى. ئىسكەندەرنى كۆرۈش بىلەنلا ئەلچىنىڭ كۆڭلىگە ۋەھىمە چۈشۈپ، ھودۇقۇپ، دەيدىغان سۆزلىرىنى ئۇنتۇدى. ئۇ يەر سۆيۈپ تەزىم قىلىپ، ئەلچىلىك رەسمىيەتلىرىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن دۇئاغا قول كۆتۈردى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا ئەھۋالنى بايان قىلىشنى بۇيرۇدى.

— ئالدىڭىزدا سۆز قىلغۇدەك ماجال مەندە يوق، — دېدى ئەلچى تۆۋەنچىلىك بىلەن، — دارانىڭ دېگەن سۆزلىرىنى شۇ پېتى يەتكۈزەي، ئەگەر بۇ گەپلەر مۇبارەك دىلىڭىزغا ياقمىسا، قەيەردىن كەلگەن بولسام، يەنە شۇ يەرگە كېتىمەن.

ئىسكەندەر بۇ ئەلچىنىڭ دارادىن قاتتىق-يىرىك گەپلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى پەملىدى ۋە سۆزلەشكە ئىجازەت بەردى.

ئەلچى:

— ئۇلۇغ پادىشاھ دارا مۇنداق سۆزنى ئەۋەتتى، — دېدى ۋە يېنىدىن دارانىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى، — «سەندىن قەدىمىي رەسمىيەت بولغان باج-خىراج ئېلىشقا بىز مۇھتاج بولۇپ قالمىدۇق. لېكىن بارلىق شاھلار بىزنىڭ قول-چاكىرىمىزدۇر. شۇڭا ئۇلارغا ھەرقانداق پەرمان چۈشۈرسەك، تۆۋەنچىلىك بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. باج-خىراج بېرىش بىزنىڭ ئەمرىمىزگە ئىتائەت قىلغانلىق بولىدۇ. ئاتاڭ ھايات ۋاقتىدا بۇ خىزمەتنى كەم-كۈتىسىز ئادا قىلاتتى. ئەمدى سەن ئۇنىڭ ئورنىنى باسقان بولغاندىكىن، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى قىلىشىڭ كېرەك ئىدى. ئەمما سەن ئىتائەت يوسۇنىنى بەجا كەلتۈرمىدىڭ. ئاتاڭ قىلغاننى قىلمىدىڭ. ئۈچ يىلدىن بېرى باج-خىراجلىرىڭ خەزىنىمىزگە يېتىپ كەلمىدى. بۇ ئىشىڭ چېكىدىن ئېشىپ كەتتى. شۇڭا باج-خىراجەتنى ئېلىشقا كىشى ئەۋەتتۇق، ئەۋەتكەن ئادىمىمىزگە بىرمۇنچە سۆزلەرنى دەپ قايتۇرۇپسەن. ئەقلىڭ بولغان بولسا، بۇنداق دېمەس ئىدىڭ. بۇنداق دېيىش ھەددىڭمۇ ئەمەس، بىراق ئۆزۈڭ كىچىك، بېشىڭ تاشقا تېگىپ باقمىغان، تېخى ئەقلىڭگە توشمىغان بولغاچقا، ساراڭلىق قىلغان ئوخشايسەن. ئۆزۈڭنىڭ تەنتەكلىكى تۈپەيلىدىن ئىشنىڭ باش-ئاخىرىنى ۋە ئاقىۋىتىنى بىلگۈچىلىكىڭ يوق. تېخى گۆدەك بالىسەن. شۇڭا

www.uyghurkitap.com



سىزنىڭ قىلغان بۇ چولتا ئىشلىرىڭىزنى ئەپۇ قىلدۇق. ئەمدى ئىشنىڭ يولى شۇكى، قىپقالغان باج-خىراجلارنى تەييار قىلىپ، ئۇلۇغ ئاستانىمىزنى سۆيۈپ، تاۋاپ قىلغايسەن. يۈزۈڭدىن چۈمپەردەڭنى ئېلىۋېتىپ، بۇ يەرگە كەل. بىزدىنمۇ ھېسابسىز كۆپ ياخشىلىقلارنى كۆرۈپ قالىسەن. ئەگەر بىزدىن ۋەھىمە قىلىپ قورقساڭ، ئېيتقان سۆزلىرىڭدىن يانغىن ۋە دەرھال كەچۈرۈم سورا. ئەگەر تەكەببۇرلۇق قىلىپ، ئۆز غۇرۇرۇڭنى ئەلا بىلىپ، سۆزلىرىمىزنى رەت قىلساڭ، نەسىھەتلىرىمىزگە قۇلاق سالمىساڭ، بۇ سىزنىڭ كىچىكلىكىڭنىڭ تەقەززاسى ۋە بىلىمسىزلىكىڭنىڭ ئالامىتىدۇر. يەنە ساڭا لايىق نەرسىلەرنى ئەۋەتتىم. «بۇ ماڭا مۇناسىپ ئەمەس» دەپ بوينۇڭنى تولغىماي تۇرغىن»، — ئەلچى خەتنى ئوقۇپ شۇ يەرگە كەلگەندە توختىدى ۋە چەۋگان بىلەن گۈينى ئېلىپ ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا قويدى. ئاندىن يەنە ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردى، — «ساڭا گۈي بىلەن چەۋگان ناھايىتى لايىق. چۈنكى سەن تېخى گۆدەكسەن. گۆدەكلەرنىڭ چەۋگان ئويناپ چوڭ بولغىنى ياخشى. يىراق يۇرت سوراش ئىشىغا كەلسەك، بۇ باشقا ئىشتۇر. ئەگەر كۆڭلۈڭدىن بىزگە مۇخالىپ ئىشنى كۆتۈرمىسەڭ، بىزدىن تۆۋەنچىلىك بىلەن ئەپۇ سوراپ، گۇناھىڭنى تىلىمىسەڭ، ئۇنداقتا بۇ ئىش ئىككىمىز ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالىدۇ. مەن بىلەن قارشىلىشىمەن دەپ خىيال قىلىشىڭ تامامەن بىھۇدە ۋە پايدىسىز ئىش، ئۇنداق قىلىشقا ھەددىڭ ئەمەس، ھەققىڭمۇ يوق. جاھىللىق، تەنتەكلىكىڭنى تاشلا، ئۆز جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىسۇن. مېنىڭ لەشكىرىمنىڭ سانىنى مۇشۇ كۈنجۈتنىڭ سانى بويىچە قىياس قىلغىن.» — ئەلچى خەت ئوقۇشنى مۇشۇ جايدا توختاتتى. ئاندىن ئېلىپ كەلگەن بىر ئىدىش كۈنجۈتنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئاچتى-دە، ئۇنى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسى ئىچىدىكى بىسات ئۈستىگىلا تۆكتى. ئاندىن، — كىمكى شاھ دارادىن قورقماي، قارشىلاشماقچى بولسا، دارانىڭ لەشكىرىنى مۇشۇ كۈنجۈتتىن قىياس قىلسۇن، — دەپ سۆزىنى تۈگەتتى. ئىسكەندەرنىڭ جاۋابىغا تەقەززا بولۇپ، كۆز تىكىپ تۇردى.

ئىسكەندەر كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، سالماقلىق بىلەن سۆزلەشكە باشلىدى:

— دارا سۆزلەشكە باشلىسىلا ئۆزىنى بىلمەي، ھوش كاللىسىنى يوقىتىپ، ناھايىتى غەلىتە گەپلەرنى قىلىشقا باشلايدىكەن. ئۇ شاھلارنى قۇلۇم، ئەزىز مۆتىۋەرلەرنى چاكىرىم دەپ تەمەننا قىلىدىكەن. تەڭرى ئۆزىنىڭ لۇتپى-مەرھەمىتى بىلەن خالايىققا پادىشاھ قىلغان كىشىلەرنى قۇل-چاكىرىم دەپ، ماختىنىپ يۈرۈش ياخشى ئادەت ئەمەس. چۈنكى ئۇلار پەقەت تەڭرىنىڭلا قۇللۇق قىلىدۇ. تەڭرى ئۇلارنى بەندەم دېسە، بۇ ئۇلار ئۈچۈن شەرەپ، ئەمما دارانىڭ بۇنداق دېيىشى پۈتۈنلەي خاتادۇر. بۇ تەڭرىگە شېرىك بولغانلىق. بۇ ئېغىر گۇناھ، يەنە شاھ دارا مېنى ئۈچ خىل خۇسۇسىيەت بىلەن ئاتاپتۇ. يەنى مېنى گۆدەك، تەلۋە، مەست دەپتۇ. روشەنكى بۇ ماڭا قىلىنغان تۆھمەت. مۇنداق دېيىش ئەمەلىيەتتە ئىككى پادىشاھنىڭ يۇرت تالىشىپ قارشىلاشقانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. يەنە پادىشاھ دارا ماڭا مەرھەمەت قىلىپ گۈي بىلەن چەۋگان ئەۋەتىپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن مەن بىر بېشارەتنى چۈشەن-



دىم. بۇ بېشارەتتىن ماڭا ناھايىتى ياخشى ئىستىقبال نامايان بولدى. يەرنىڭ شەكلى قۇرۇلمىسى دەل مۇشۇ گۈيدەك دۈگىلەك، يەرنىڭ ھەرىكىتىمۇ دەل مۇشۇ گۈيدەك پىرقىراپ چۆگىلەشتىن ئىبارەت. دارانىڭ ماڭا گۈينى لايىق كۆرۈپ ئەۋەتكەنلىكى ئەمەلىيەتتە تەڭرىنىڭ ئىنايىتى بىلەن ماڭا پىرقىراپ ئايلىنىپ تۇرغۇچى ئالەمنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشىنىڭ بېشارىتىدۇر. قولۇمغا چەۋگان بەرگەنلىكى ئەمەلىيەتتە ئۇ گۈينى ئىدارە قىلىدىغان، ياق، بەلكى بۇ گۈي شەكىللىك ئالەمنى ئىدارە قىلىدىغان ھاكىمىيەتنى قولۇمغا بېرىشىنىڭ بېشارىتى. ئۇ ماڭا چەۋگاننى، ياق، بەلكى ھوقۇقنى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۆزى بولسا بۇ ئالەم مەيدانىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان ئوخشايدۇ. ئەگەر خالىسا، بۇ مەيداندا مەن چەۋگان بىلەن گۈينى ئۇياق-بۇياق قىلىپ، بەلكى پۈتكۈل ئالەمنى ئۆز ھۆكۈمۈم بويىچە ئىدارە قىلىپ ئۆتەرمەن. دارا بۇ ئىشى ئارقىلىق ماڭا ناھايىتى زور ئىلھام بەردى. ئۇنىڭغا يۈكۈنۈشتىن كۆپ رەھمەت. يەنە دارانىڭ كۈنجۈت ئەۋەتكەنلىكىدىن مەن بىر ئىشارەتنى چۈشەندىم. شەكسىزكى، دارا ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى كۈنجۈتكە ئوخشىتىپ، مېنىڭ لەشكەرلىرىمنى قۇشلارغا ئوخشاتقان. بۇ كۈنجۈت ھازىرلا قۇشلارغا يەم بولغۇسىدۇر.

ئىسكەندەر يۇقىرىقى سۆزلەرنى قىلغاندىن كېيىن بىرقانچە توخۇنى ئەكىردۈرۈپ، كۈنجۈت ئۈستىگە قويۇۋەتتى. توخۇلار كۈنجۈتلەرنى بىردەمنىڭ ئىچىدىلا پاك-پاكىز تېرىپ يەۋەتتى، ھەتتاكى چۈمۈلىلەرنىڭ يېيىشى ئۈچۈنمۇ بىرەر تال كۈنجۈت ئاشمىدى. دارانىڭ ئەلچىسى ئىسكەندەرنىڭ بۇنداق نازۇك ۋە ئىنچىكە بېشارەتلىرىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق بىلەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ قاراپ تۇردى. ئىسكەندەر ئەلچىنى قايتىشقا پەرمان قىلىپ:

— ئاڭلىغان جاۋابلارنى تېز بېرىپ، داراغا بايان قىل، — دېدى.

ئەلچى ئايىغى بىلەن مېڭىپ كەلگەنىدى، بېشى بىلەن مېڭىپ قايتىپ كەتتى. بارغاندىن كېيىن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان ۋەقەلەرنى داراغا بىر-بىرلەپ مەلۇم قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان دارانىڭ ئۆچمەنلىك

www.uyghurkitap.com



ئۇتلىرى گۆركىرەپ كۆيۈشكە باشلىدى،
بۇ ئۇتنىڭ يالقۇنلىرى پەلەككە يەتتى.
خەلق پىتنە - پاسات ئىچىدە قالدى.
تىنچ - ئامانلىق ۋە خاتىرجەملىك دېگەنلەر
يوقلۇق كوچىسىغا قېچىپ كەتتى. نەزمە:

ئاياقچى، كەتۈرمەيكى تارتاي دەلىر،
كى سەرخۇش بولاي،گۆركرەي ئانداقكى شىر.
كىرەي خەسم ئارا ئۇيلەكىم شىرى مەست،
بارىغە بېرەي بىردەم ئىچرە شىكەست.

مۇغەننىي، چالىپ گەرم ھەڭگامە تۈز،
سۇرۇدۇڭدا ئاھەڭگى «شەھنامە» تۈز.
چۇ ئاھەڭگى كىن ئەتتىلەر ئىككى شاھ،
دەلىر ئولسۇن ئول نەغمە بىرلە سىپاھ.
نەۋائى جەھان ئىچرە ئاشۇب ئېرۇر،
فىتنەن سەرسەرى ئەمنىيەت رۇب ئېرۇر.
بۇ ئاشۇبدىن گەر تىلەرسەن ئەمان،
ئەمان تاپما مەي شۇغلىدىن بىرزەمان.
زەمان ئەھلىغە بولسە مىڭ ئىبتىلا،
ئەمەس مۇبتەلا بادە ئىچكەن تولا.

دۈشمەنلىشىش ئىنتايىن يامان ئادەتتۇر. بۇ ئادەت ھەسەتخورلۇق بىلەن تولۇپەتتۇر.
ئۇنىڭ ئۆزى غەم - ئەندىشە ۋە بالايىئاپەتتۇر. ئەمما، ئۇنىڭ ئەكسىچە يول تۇتۇل-
سا، سەمىمىي سادىقلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. دۈشمەنلىشىشنى تاشلاش كىشىنى
بەخت - سائادەت كوچىسىغا يەتكۈزىدۇ. دۈشمەنلىشىش ئادەتتىكى كىشىلەر
ئارىسىدا كۆرۈلسە، ئۇلارنىڭ ئەسلى - ۋەسلىنى قۇرۇتۇپ، خانىۇ ماننىي خاراب
قىلىدۇ. ئەگەر پادىشاھلار ئارىسىدا يۈز بەرسە پۈتكۈل جاھاننى خاراب قىلىدۇ

ئەي دوست، ھوشيار بولغىنىكى،
جاھان ئەھلىدىن ۋاپا كەلمەيدۇ. ئۇلاردىن
دوستانىلىك ناھايىتى يىراق. ئەگەر ياخشى
ئويلايدىغان بولساڭ، جاھان ئەھلى ئارى-
سىدا تۈگىمەيدىغان بىر ھۈنەر بار. ئۇ
بولسىمۇ ئۆچلىشىش، ئاداۋەت بىلەن ئۆم-
رىنى زايا قىلىشتىن ئىبارەت. بىرنەچچە
خىل ئادەملەر باركى، ئۇلار ھەمىشە ئاداۋەت
ۋە دۈشمەنلىشىشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار
بىلەن بىرى قاچانىكى ھەمكارلاشسا،
ئۇنىڭغا شۇ ھامان ئازار بەرمەي قالمايدۇ.
كىمكى بىرەر ھۈنەرنى ئىگىلىسە، ئۇنىڭغا
دەل ھۈنەردىشى دۈشمەن بولىدۇ. بىرى
بىرەر ئىشتا ماھارەت كۆرسەتسىلا، يەنە
بىرىمۇ شۇ ئىشقا چاڭ سالىدۇ - دە، ھەر
تەرەپتىن لاپ ئۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن زىت-
لىشىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىگە قارشى ئىشلارنى

قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاداۋىتى كېچە - كۈندۈز
كەم بولمايدۇ. ئەمما، ئۇنداق ئىشلار كۆ-
پىنچە ھۈنەرۋەنلەر ئارىسىدا بولماستىن،
بەلكى دۆلەتمەنلەر ئارىسىدا كۆرۈلىدۇ.
مەسىلەن، پادىشاھلار يۈزمىڭلىغان چېرىك-
لەرنى ئىشقا سېلىپ، ئۆزئارا شاھلىقنىڭ
كۆچىنى كۆرسىتىشىپ، بىر - بىرىگە قارشى
ئىشلارنى قىلىشىدۇ. ھاكىملار بولسا، ئۆزلىرىنى
پادىشاھنىڭ ئورۇنباسارى دەپ بىلىشىپ،
ھاكىمىيەتنى تالىشىپ ئۆزئارا زىددىيەت-
لىشىدۇ. لەشكەر بېشى قۇماندار، چېرىك
بەگلىرى لەشكىرىي ئىشلاردىكى ھوقۇق-
ئىمتىيازنى تالىشىپ، بىر - بىرىگە ئورا كو-
لايدۇ. ئۇلار پادىشاھقا قانچە يېقىنلاشقان-
سېرى، مەنسىپى قانچە ئۆسكەنسېرى،
ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دۈشمەنلىشىش شۇنچە
كۈچىيىدۇ. بىلىشى ئازراق بولغان ئاددىي

خەلقنىڭ ئارىسىدا دۇشمەنلىشىش، ئۆچلىـ
شىش ئۇردىدىكىگە ۋە دىۋان ـ مەھكىمە
ئەمەلدارلىرى ئارىسىدىكىگە قارىغاندا ئاز
كۆرۈلىدۇ. لېكىن شۇنداقتىمۇ كۆپلىگەن
خەلقلەرنىڭ ۋەيرانچىلىق ۋە سورۇقچىلىقى
يەنىلا دۇشمەنلىشىش ـ ئۆچلىشىشتىن كېلىپ
چىققان. ئاددىي كىشىلەرنىڭ ئۆچلىشىشى
بىرنەچچە ئائىلىنى ۋەيران قىلىش بىلەن
شۇقاتاردا ئۆزىنىمۇ خاراب قىلىش بىلەن
ئاخىرلىشىدۇ. ئەمما دۇشمەنلىشىشنى پادىـ
شاھلار ئۆزىگە ئادەت قىلسا، ئۆز مەرتىۋىـ
سىنى باشقا پادىشاھلاردىن ئۈستۈن
بىلىپ، ئۇلارنى ئۆز پەرمانىغا كىرگۈزۈشنى
قەستلىسە، بۇنداق خىيال پۈتكۈل ئالەم
خەلقىنى خانىۋەيران قىلىدۇ. بۇ گويىاكى
بىر توپان بالاسى، بۇ بەئەينى دەريالارنىڭ
تاشقىنى، دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ شىددەتلىك
چايقىلىشىدۇر، بۇنداق مەملىكەتتە ئامانلىق
ۋە ئاۋاتلىقتىن ئەسەرمۇ قالمايدۇ. بۇنداق
بالا ـ قازا تاشقىنىدىن ھېچكىم ئامان قالـ
مايدۇ. پۈتكۈل خەلق جەبىر ـ زۇلۇمغا
دۇچار بولىدۇ. ئەگەر ئىككى پادىشاھ
دۇشمەنلىشىشكە بەل باغلىسا، جاھان ئەھلى
ئۇ ئىككىسىگە لەشكەر بولۇپ، ھەممىسى
بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىشقا مەجبۇر بولـ
دۇ. ئۇلار ھېچنېمىگە قارىماستىن قىلىچ
يالىڭاچلاپ، بىر ـ بىرىگە ھالاكەت تىغلىرىنى
تەڭلەيدۇ. ئاتا بىر پادىشاھقا، ئوغۇل يەنە
بىر پادىشاھقا لەشكەر بولۇپ قالغان
تەقدىردىمۇ بىر ـ بىرىگە يول قويمايدۇ.
ئاداۋەت ۋە قەھرى ـ غەزەپ شۇ دەرىجىگە
يېتىدۇكى، ئوغلىنى ئۆلتۈرۈشكە ئاتىسى
ئالدىرايدۇ. ئوغۇلمۇ ئاتىسىنى ئۆلتۈرۈشتىن
يانمايدۇ. قېرىنداشىنىڭ بېشىنى
كېسىشتىن تەپ تارتمايدۇ. دوستلار

دۇشمەنگە ئايلىنىدۇ. بىر ئۆيدىكى كىشىـ
لەرمۇ بىر ـ بىرىدىن كېچىشىدۇ. ئۇرۇق ـ تۇغـ
قانلار شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئەھۋالدا
يات كىشىلەر قانداق بولۇپ كېتىشى
مۇمكىن. ئەگەر بۇنداق شىددەتلىك قارا
بوران جاھاننى قاپلايدىغان بولسا، پىتنە ـ
پاساتنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى خالايىقنىڭ كۆز ـ
لىرىنى كور قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار
ئۆز خۇدىسىنى بىلمەيدىغان، ئاق ـ قارىنى
پەرق ئەتمەيدىغان، ھەق ـ ناھەقنى ئايرىـ
مايدىغان بولىدۇ. جاھان ئەھلى بىر ـ بىرىنى
ئۆلتۈرىدىغان، بۇلاپ ـ تالايدىغان ۋە
بىر ـ بىرىنى ۋەتەنلىرىدىن قوغلاندى قىلىـ
دىغان ھادىسىلەر ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ
بىلەن ئالەم بىر ۋەيرانە خارابىلىككە ئايلىـ
نىدۇ. گەرچە جەڭ ئىككى پادىشاھنىڭ
ئوتتۇرىسىدا، ئاداۋەتمۇ پەقەت ئىككى
پادىشاھنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرسىمۇ،
لېكىن بۇنىڭ زىيان ـ زەخمەتلىرى، بالايىـ
ئاپەتلىرى پۈتكۈل خەلقنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ.
ئاشۇ ئىككى شاھنىڭ دۇشمەنلىكى سەۋەبىـ
دىن سان ـ ساناقسىز ئاجىز بىچارىلەر
ئاياغ ئاستىدا پايخان بولۇپ يانچىلىدۇ،
ھالاك بولىدۇ. ئىككى پادىشاھ بىچارە
پۇقرالارنىڭ جېنىغا رەھىم قىلماستىن
جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزۈشۈپ، ئۆزئارا كۈچ
سىنىشىدۇ. نەتىجىدە بىرى بىرىگە مەغلۇپ
بولۇپ، يەنە بىرى غەلىبە قىلغان بولىدۇ.
بىراق شۇنى بىلىش كېرەككى، بۇنداق
كۈن ھەر ئىككى تەرەپ پۇقرالىرى ئۈچۈن
ئاپەت كۈنى، ياق! بەلكى قىيامەت كۈنىـ
دۇر. بۇنداق پادىشاھلاردىن كۆرە،
بىر ـ بىرىگە مۇھەببەتلىك بولغان ئىككى
نامرات بىچارىنىڭ ھال ـ كۈنى ياخشىراقـ
تۇر. چۈنكى ئۇلار بىر ـ بىرىگە يول قويۇپ،

www.uyghurkitap.com



بىر - بىرىنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، بىرى قوللىغاننى يەنە بىرىمۇ قوللاپ، بىرى قارشى تۇرغانغا يەنە بىرىمۇ قارشى چىقىپ، دوستانە ئۆتىدۇ. شۇڭا بىر - بىرىگە مۇخالىپ ئىككى پادىشاھتىن بىر - بىرىگە مۇۋاپىق ئىككى قەلەندەر ياخشىراق.

### ئىككى جاھانگىر پادىشاھنىڭ ئاداۋىتىدىن جاھان ئەھلىنىڭ ھاياتلىق خامىنىغا بالايىئاپەت چاقمىقى چۈشكەنلىكى ۋە ئىككى دوستنىڭ مۇھەببىتىدىن ئۇ خاماندىكى كۆيۈۋاتقان ئوتقا يامغۇر يېغىپ ئۆچۈرگەنلىكى

شۇنداق بىر مەشھۇر ۋەقە باركى، چىڭگىزخان بىلەن خارەزمشاھ ئاداۋەتلىشىپ جەڭ مەيدانلىرىنى تۈزگەندە ئالەم شۇ دەرىجىدە بۇزۇلدىكى، ئۇنى شەرھلەپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس.

ۋاقتىكى، بۇ جەڭدە چىڭگىزخان غەلىبە قىلىپ، خارەزمشاھنىڭ مەملىكىتىنى ئېلىپ، ئۇنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلدى ۋە ئۇنىڭ ئوردىسىغا ئورۇنلاشتى. ئاندىن خارەزمشاھنىڭ پۇقرالىرىغا ئاداۋەت قىلىچىنى يالىڭاچلاپ، ئەلنى قىرغىن قىلىشقا باشلىدى. جەبىر - زۇلۇم دېڭىزى قەھرى - غەزەپ قايناملىرىنى ھاسىل قىلدى. ئاتا ئوغۇلدىن، ئانا قىزىدىن خەۋەر ئالالماي پەرياد چەكتى. ھاياتلىق بىناسىنى ئەجەل ماتەملىرى تەۋرىتىشكە باشلىدى. ھېچ يەردە تىنچ-ئامانلىق قالمىدى.

ئەلقىسسە، شۇ ۋاقىتلاردا شام شەھىرىدە بىر - بىرىگە مۇھەببەتلىك ئىككى دوست بار ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى جېنىدىن بەكرەك ئەزىزلەيتتى. ئۇلارمۇ بىر كۈنى چىڭگىزخاننىڭ قەتلىئام قىلغۇچى سىپاھلىرىغا ئۇچراپ قالدى. ئۇ سىپاھلارنىڭ كۆزلىرى قانغا تولغان ۋە قاتىللىق خۇمارى تۇتقانىدى. ئۇلارنىڭ قولىدىن ئامان - ئېسەن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن بۇ ئىككى دوست ئۆز جانلىرىدىن ئۈمىد ئۈزۈشتى. جاللاتلار بۇ ئىككىسىنى ئۆلۈم مەيدانىغا سۆرەپ كېلىشتى. بۇ ئىككى دوست بىر - بىرىگە جېنىنى پىدا قىلىشقا رازى ئىدى. ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغان جاللات قىلىچىنى يالىڭاچلاپ بىرىنىڭ يېنىغا كەلگەنىدى، يەنە بىرى نالە قىلغان ھالدا:

— ئاۋۋال مېنى ئۆلتۈرگىن، ئۇ بىر-دەم بولسىمۇ ئۇزۇنراق ياشىۋالسۇن، — دەپ يالۋۇردى.

جاللات بۇنىڭغا ماقۇل بولۇپ يەنە بىرىنىڭ يېنىغا قىلىچ تەڭلەپ كەلگەنىدى، ئالدىنقىسى نالە - زار قىلىپ تىلەپ تۇرۇۋالدى:

— خۇدا ھەققى، ئۇنى بالدۇر ئۆلتۈرمىگىن، ئالدى بىلەن مېنى ئۆلتۈرگىن. ئۇنىڭ جان ئازابى تارتىپ قىينالغانلىقىنى كۆرۈش ماڭا ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ئازاب، مەن بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمايمەن.

دەل مۇشۇ چاغدا چىڭگىزخان ئۇخلاۋاتقانىدى، بۇ ئىككى دوستنىڭ ئىشلىرى ئۇنىڭ چۈشىدە ئايان بولدى. ئۇ ھەيرانلىق ئىچىدە تۇرغاندا، بىرەيلەن چىڭگىزخانغا: «بۇ ئىككىسىدىن مېھىر - مۇھەببەت، ۋاپادارلىق يولىنى ئۆگەن. خالايىققا جەبىر - زۇلۇم قىلىشىڭنى توختات. خارەزمشاھ سەن بىلەن ئۆچەكەشكەن بولسا، بۇ ئىشتا خالايىقنىڭ نېمە گۇناھى بار؟!

ئىككى پادىشاھ ئۈچ ـ ئاداۋەت بىلەن
جاھاننى بۇزۇپ، خاراب قىلدىگلار. بۇ
ئىككى دوست بولسا بىر ـ بىرىگە مېھىر ـ مۇ ـ
ھەببەتىنى بېغىشلاپ، ساداقەت ـ ۋاپادارلىق
كۆرسەتتىشتى. بۇلاردىن ئىبرەت ئال»
دەپ بېشارەت بەردى. چىڭگىزخان ئۇيقۇ ـ
دىن ئويغىنىپ، قەتلىئام قىلىشنى دەرھال
توختىتىشقا پەرمان چۈشۈردى. ئۇ ئىككى
دوستنىڭ ساداقىتى، ۋاپادارلىقىدىن بىر
مەملىكەتنىڭ خەلقى بالا ـ قازادىن نىجاد ـ
لىققا ئېرىشتى. ئۇلارنىڭ چىن دوستلۇقى
باشقا دىندا بولغان بۇ قەتلىئام قىلغۇچى ـ
لارغىمۇ تەسىر قىلىپ، ئالەم خەلقىنىڭ تىنچ ـ
ئامانلىقىغا سەۋەبچى بولدى. ھەرقانداق
بىر كىشى دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق يولىنى
تۇتۇشنى بىلمىسە، ئۇلارغا بۇ تەمسىل قىيا ـ
مەتچىلىككىچە يەتكۈدەك دەرس بولالايدۇ.

**ھېكمەت. ئىسكەندەرنىڭ ئەرەستۇدىن: «ئىناقسىزلىق ھەممە مىللەتتە چەكلىنىدۇ.**
**دۈشمەنلىشىش ھېچقاچان ئادەمگە ئوبدان بىلىنمەيدۇ. بىراق ئۇنى كىشى ياقتۇرۇپ**
**قالىدىغان ۋە شۇنداق قىلىش تامامەت زۆرۈر بولۇپ قالىدىغان ئەھۋالمۇ بولامـ**
**دۇ؟» دېگەن مەزمۇندا سوئال سورىغانلىقى، ئەرەستۇنىڭ بۇ قاراشقىمۇ ساھەنى**
**يورۇتقانلىقى ۋە ئىناقسىزلىق ئاھاڭىنى توغرا تۈزگەنلىكى**

ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن:

ــ ھەرقانداق ئىشتا ئىككى ئادەم ياكى
ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت
پەيدا بولۇشى ياخشى ئەھۋال ئەمەس،
ئۇنى ئەقىل ـ ئىدراك راۋا كۆرمەيدۇ. بىراق
ئۆچمەنلىك قىلىش دۇرۇس ئىش سانىلى ـ
دىغان، ئۆچمەنلىك قىلىنمىسا زىيىنى بولى ـ
دىغان ئىشلارمۇ بارمۇ؟ ــ دەپ سورىدى.
ــ بۇ ناھايىتى مۇشكۈل بىر سوئال
بولدى، ــ دېدى ئۇ دانىشمەن ھېكىم جاۋاب
بېرىپ، ــ ئاقىل كىشىلەر بەزى زىددىيەتنى
رەت قىلسا، بەزى زىددىيەتنى توغرا تاپىدۇ.
بىراق بىر ئىشنى قىلماقچى بولغان بولسا،
ئۇنىڭ بۇ ئىشىدىن ئالەم ئەھلىگە زىيان
يېتىشى مۇمكىن دەپ قارالسا، ياكى ھەقـ
قەتەن زىيان يەتكۈزىدىغان باشلىغان بولسا، يەنە
بىراۋ ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇ كىشىنى بۇ
زىيانلىق ئىشتىن توختىتىدۇ. ئۇنداق قىلـ
مىسا، ياخشى بولمايدۇ. ئەگەر ئۇ كىشى
توختىغانغا ئۇنىمىسا، ئۇنىڭغا قاتتىق ـ پىرىك
سۆز بىلەن تەنبىھ بېرىپ، ئۇ ئىشتىن
توختىتىش كېرەك. ئەگەر بۇ چارىمۇ
ئۈنۈم بەرمىسە، ئۇ چاغدا رەسمىي قارشى
تۇرۇپ ئۇنى زورلۇق كۈچ بىلەن تىنچلاندۇ ـ
رۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق بۇنداق قىلغاندا
ياكى پايدىسى كۆرۈلۈشى، ياكى زىيان
كېلىپ چىقىشى مۇمكىن. شۇڭا مۇنۇ ئىش ـ
لارغا دىققەت قىلىش كېرەك: ئۇنىڭ بىلەن
رەسمىي ئېلىشىشتىن بۇرۇن، تەييارلىق
ئىشىنى ئوبدان ئىشلەش كېرەك. ئۆزىنى
قارشى تەرەپ بىلەن ئوبدان سېلىشتۇرۇپ
دەڭسەپ بېقىش كېرەك. ئەگەر ئۆزى ئۇنى
بېسىپ چۈشەلەيدىغان دەرىجىدە بولسا، ئۇ
ھالدا بېلىنى چىڭ باغلاپ، قارىمۇ قارشى ـ
لىق مەيدانىغا چىقسۇن. ئەگەر ئۆزىنىڭ
كۈچ ـ قۇدرىتىنىڭ قارشى تەرەپتىن ئانچە
كۆپ پەرقلەنمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلسا،
ئۇ ھالدا بۇ ئىشنى بەك چوڭايتمىسۇن،
ئىشنى ھەل قىلىسىدىغان بولىدى قىلسۇن،

غەلۋە-غوۋغانى ئازراق قىلسۇن. مۇبادا قارشى تەرەپنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئۆزىنىڭكىدىن ئېشىپ چۈشسە، غالىبىيەتنىڭ قارشى تەرەپكە مەنسۇپ بولۇش ئېهتىمالى چوڭراق بولسا، ئۇ هالدا قارشى تەرەپكە سىلىق ۋە يۇمشاق تەلەپپۇز بىلەن نەسىهەت قىلىش بىلەنلا كۇپايىلەنسۇن. ئۇنداق قىلمىغاندا قارشى تەرەپنىڭ ئۆچمەنلىكى ۋە ئاداۋىتىنى كۈچەيتىپ قويىدۇ. بۇنىڭدىن نەسىهەت قىلغۇچى تەرەپكە بالا-قازا يۈزلىنىشى مۇمكىن. شۇڭا باشقىلارغا قارشى ئاتلىنىشتىن بۇرۇن، بۇ تەرەپلەرگە ئوبدان دىققەت قىلىش، هەرقانداق ئىشقا ئەقىل-پاراسەت بىلەن كۆزىتىپ، باش-ئاخىرىنى ئويلاپ قەدەم بېسىش كېرەك. ئادەمگە ئەقىل يول باشچى بولسىلا، ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن زىيان-زەخمەت ئازراق كۆرۈلىدۇ.

ئىسكەندەر بۇ پايدىلىق جاۋابنى ئاڭلاپ باش لىڭشىتتى.

دارانىڭ ئىسكەندەر ئېيتقان سۆزلەرگە غەزەپلىنىپ، لەشكەر يىغىش ئۈچۈن ئالەمگە
ئوت سالغانلىقى ۋە ئالەم چېرىكىنى يىغىپ، ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن
يۈرۈش قىلغانلىقى. ئىسكەندەرنىڭمۇ بۇ ئاپەت دەرياسىغا، بالا-قازا كەلكۈنىگە،
ياق، بەلكى ئۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن بۇ ئاداۋەت تىغىغا قارشى ئۇرۇش
هىيلە-مىكىرلىرىنىڭ چاقماقلىرىنى چېقىپ، يۈزمۇيۈز ئوتتۇرىغا چىققانلىقى،
بۇ ئىككى پادىشاھ ئالەمنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلىشقا تەييار بولغاندا،
دارانىڭ دۆلەت بايرىقىنىڭ باشقا بىر ئاپەت بورىنى تۈپەيلىدىن
يىقىلغانلىقى، ئىسكەندەرنىڭ ئاي كەبى تۇغ-ئەلەمى يۈكسەكلىكتە
قۇياش تۇغىدىنمۇ هالقىپ كەتكەنلىكى

هېكايەتچىلەر بۇ ئىككى پادىشاھ قىسسىسىنىڭ چىرايىغا مۇنداق زىننەت بېرىدۇ:

ۋاقتىكى، دارانىڭ ئەلچىسى قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىسكەندەر بىلەن ئارىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەرنى ئەينەن ئىنكاس قىلىشتىن باشقا چارە تاپالمىدى. هەممە ئىشنى تولۇق بايان قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاپ، دارانىڭ جىسمىغا غەزەپ ئوتلىرى تۇتاشتى. باشتىن ئاياغقىچە هەممە ئەزايى بەدىنى قىزىپ تۇرالماي قالدى. ئۇ گاھ دەۋرانغا هاقارەتلەر ياغدۇرسا، گاھ بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەككە لەنەت ئوقۇپ تۆكۈرەتتى. گاھى بولسا زامانغا تەنە-قارغىشلارنى ياغدۇرسا، يەنە تۇرۇپ جاهانغا تىل-ئاهانەت قىلاتتى. ئىزتىراپ ۋە بىتاقەتلىك ئۇنى شۇ دەرىجىدە قىيىندىكى، بۇ دەردكە هېچ داۋا تېپىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇ ئاخىر بولالماي جەڭگە تەييارلىق كۆرۈشكە، لەشكەر يىغىشقا يارلىق چۈشۈردى: شۇ هامان رۇم، زەڭگىبار ۋە باشقا تەرەپلەرگە كىشى ئەۋەتىلدى. ئىران، تۇران ۋە چىن مەملىكىتىنىڭ چېگرىلىرىغىچە بولغان كەڭ ۋادىلاردا لەشكەر دەرياسى ئۆركەشلەپ ئاقتى. ئۇلارنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى ئاسماننىڭ ئاستىنى قاپلىدى: پۈتكۈل ئەتراپى ئالەمدە كىشى قالدۇرماي، ئادەم ئەۋلادىنىڭ هەممىسىنى تەرەپ-تەرەپتىن يىغىپ، لەشكەرلىككە تۇتتى. تاغ ۋە دەشتىلەر، بەلكى پۈتكۈل يەر يۈزى لەشكەر دېڭىزىغا ئايلاندى.

چىرىك بىشى بولغان كىشىلەر ئەلنى سۈرۈپ توقاي قىلىپ، قاتتىق سىياسەت يۈرگۈزدى. زورلۇق كۈچ بىلەنمۇ يىغدى، مال - دۇنيا بىلەنمۇ يىغدى. شۇنداق قىلىپ ئىككى يىلدا لەشكەرلەر يىغىلىپ بولدى. لەشكەرلەر يەربىتىگە سىغماي قالدى. جاھاندا ھىچقانداق پادىشاھ بۇنداق كۆپ چىرىكنى يىغىپ باقمىغان بولغىيتتى. لەشكەرلەرنىڭ تولىلىقىدىن ئۇلارنىڭ باش - ئايىغى، چەك - چىگرىسى كۆرۈنمەيتتى. ئۇلارنىڭ سانى پەلەكنىڭ يۇلتۇزلىرىدىن، باياۋاننىڭ قۇملىرىدىن ئارتۇق ئىدى. لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى دىگەن قەرەلدە جەم بولدى. دارا ئۇلارنى كۆرگىلى چىقتى. ئۇ بۇنچىۋالا كۆپ لەشكەرنى كۆرۈپ، ئىسكەندەرگە بولغان ئاداۋىتىنى ۋە ئۈچ ئىلىش ئىددىيىسىنى تېخىمۇ چىڭىتتى. ئۇنىڭ دىماغلىرىدا بىرخىل كۆرەڭلىك ۋە مەغرۇرلۇق قوزغالدى، «بۇنداق لەشكەر بىلەن قاياقا يۈرسەم شۇ يەردە مەقسىتىم ھاسىل بولماي قالمايدۇ» دەپ خىيال قىلدى. يەنە بىرتەرەپتىن ئايماق سۇلتانلىرى ۋە ۋالىيلىرى داراغا ياخشى ھەمقام بولۇپ، قىلىچ تارتىپ كىلىپ، دارانىڭ نەزەرىدىن ئۆتتى. گۇرۇھ - گۇرۇھ يۇرت ئۇلۇغلىرى ئۆز بويۇنلىرىغا ئىتائەت ھالقىلىرىنى سىلىپ، دارا ھۇزۇرىغا جەم بولدى.

بىر ۋاقىتكى، دارا بىر ھەشەمەتلىك چىدىر - بارگاھقا چۈشۈپ، ئۇ يەردە ئىگىز بىر تەختنى قويۇپ، ئۈستىدە ئورۇنلاشتى. بۇنداق ئالىي تەختنى ھىچ كىشى كۆرۈپ باقمىغاندى. دارانىڭ يارلىقىغا بىنائەن تامام مەملىكەتلەرنىڭ پادىشاھلىرى كىلىپ، يەر سۆيۈپ تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، پەرمان كۈتۈپ تۇردى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى كۆرۈشۈشكە كەلگەندە ئالدى بىلەن دارانىڭ چېدىرىدىكى بىساك قىرغاقلىرىنى سۆيەتتى. ئاندىن ئالدىغا كىلىپ دارانى تاۋاپ قىلغاندەك ئەزىزلەپ، ئۇنىڭ ئاياغلىرىغا باش قوياتتى. ئاندىن ھەر بىرى ئارقىچىلاپ يىنىپ، ئۆز ئورنىغا بىرىپ تۇرۇشاتتى. قوبۇل قىلىش، يۈز كۆرۈشۈشلەر شۇ تەرىقىدە يىرىم كۈنگىچە داۋام قىلدى. خىتا مەملىكىتىدىن مەڭگۈخاقان، ھىندىستاندىن قاراخان، مىسىر ئېلىدىن ۋەرەقەخان، دەشتى قىپچاق يۇرتلىرىدىن تۆمۈرتاشخان، خاۋەران مەملىكىتىدىن فەرەڭگىس، نەھرىۋان ئېلىدىن دەۋالى ۋە باشقا يۇرت - مەملىكەتلەردىن سان - ساناقسىز پادىشاھلار، سىپاھبەگلەر، شاھزادە، بەگزادىلەر دارانىڭ ئالدىغا بىر - بىرلەپ كىلىپ، ئۇنىڭ قوبۇل قىلىشىغا نائىل بولدى. ئۇلار دارانى كۆرۈش ئۈچۈن ھىسابسىز كۆپ پىشكەشلەرنى چەكتى. داراغا يۈز يىللىق خىراجنى بىراقلا تارتۇق ۋە ھەدىيە قىلىشتى. ئاندىن كىيىن دارا ئادىدىي خالايىقلارنى بارگاھتىن يىراقلاشتۇرۇپ، تاجدارلار ۋە سەرخىل كىشىلەرنى قالدۇردى، ئۇلارنى ئۆز رىتى بويىچە ئولتۇرغۇزدى. بۇ ئىشلار پۈتۈش بىلەنلا دارا سۆز باشلىدى:

— خالايىقلارنى يىغىپ، بىئارام قىلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، — دىدى ئۇ يۇقىرى ئاۋازدا، — رۇم ئېلىدىكى پەيلەقۇس بۇ ئالەمدىن كەتتى. ئۇنىڭدىن بىر ساراڭ قىيتىش ئوغۇل قېپقالغان. ئۇ دادىسىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغاندىن كىيىن، بەئەينى سۇدەك تەتۈرىگە يۈرۈپ، ئۆتتەك باشتۇڭلۇق قىلىپ، ئۈچ يىلدىن بىـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رى خەزىنىمىزگە باج - خىراج ئەۋەتمەيدى.
بېشىغا ئۇلۇغلۇق تاجىنى كىيىپ، باشباش-
تاقلارچە ئىش قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ
ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئەزەلدىن بېرى قىلىپ
كېلىۋاتقان ئىشىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىنى
تەكىتلەپ، باج - خىراجنى سوزلىشىپ ئې-
لىپ كېلىشكە ئادەم ئەۋەتتۇق. بىراق ئۇ
بىز ئەۋەتكەن ئەلچىگە ھەددىدىن زىيادە
قالايمىقان سۆزلەرنى دەپ، ياندۇرۇپتۇ.
بۇنداق قىلىشقا ئۇنىڭ نېمە ھەددى؟!
مەن ئۇنىڭغا بىرنەچچە تۈرلۈك پەند - نە-
سىھەتنى چىكىلەپ ئادەم ئەۋەتتىم. بىراق
ئۇنىڭغا بۇ نەسىھەتلىرىمنىڭ پايدىسى بول-
مىدى. بەلكى بۇنىڭغا جاۋابەن تولىمۇ
ئەدەبسىزلەرچە سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلدى.
ئۇنىڭ بۇ تەنتەكلىكى مېنى قاتتىق غەزەپ-
لەندۈردى. شۇڭا ئۇنىڭ ئەدىبىنى بېرىش
زۆرۈر بولۇپ قالدى. ئۇ نادانىنىڭ ئىشىنى
بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن ھەر تەرەپلەرگە
ئادەم چاپتۇرۇپ لەشكەر يىغدۇق. بۇ يەر-
گە جەم بولۇشتىن مەقسەت مانا شۇ.

بۇ سۆزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ھەم-
مەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، تەزىم قى-
لىشتى. ئاندىن بۇلار ئارىسىدىن بىرى:

— ئۇنى ۋەيران قىلىپ، يوقىتىش
ئۈچۈن، مۇنچىۋالا شاھلار بىلەن چېرىك-
لەرنى يىغىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. ئۇنى
جايلاش ئۈچۈن بىر قولىنى ئەۋەتسەكلا
كۇپايە قىلاتتى، — دېدى.

— بۇ لەشكەرلەر بىلەن رۇمنى ئال-
غاندىن كېيىن ئۇ يەردە ئارام ئالىمىز، —
دېدى دارا خۇشەنچە بېرىپ، — ئاندىن
يەنە يۈرۈش باشلايمىز. چۈنكى زەنگىبار
بىلەن فەرەڭ مەملىكەتلىرىمۇ رۇمغا تەۋە
بولۇپ كەتتى. ئۇ يەردىكى دۈشمەنلەرنىمۇ
يوقىتىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. ئاندىن قاي-
تىپ كېلەلىشىمىز مۇمكىن.

تەقدىر بۇ سۆزلەرنى دارانىڭ تىلىغا
سۆزلەتتى. ئەمما تەقدىر ھۆكمىگە رازى
بولماقتىن ئۆزگە چارە يوق ئىدى. شاھ
دارانىڭ پەرمانىغا بىنائەن، ھەممەيلەن
بىرلىكتە ياراغ - جابدۇق تەييارلاپ، رۇمغا
يۈرۈش باشلىدى.

«دارا پۈتۈن يەر يۈزىدىن لەشكەر
يىغىپ بۇ تەرەپكە قاراپ كېلىۋېتىپتۇ»
دېگەن خەۋەر دەرھال ئىسكەندەرنىڭ قۇ-
لىقىغا يەتتى. ئىسكەندەر پەم - پاراسەت
بىلەن ھەرقانداق ئىشقا ئىلاج قىلاتتى. ئۇ
دارا تەرەپكە يوشۇرۇن ھالدا، ئۆزۈلدۈر-
مەستىن كىشى ئەۋەتىپ، ئەھۋالنى ئۇقۇ-
شۇپ تۇردى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز لەش-
كەرلىرىنىمۇ پۇختا تەشكىللەپ، دارانىڭ
ئالدىغا چىقاردى. بۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەر
بىرى رۇستەمدەك قورقۇمسىز پالۋانلاردىن
ئىدى. شۇڭا ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى
خۇددى شامالغا ئوخشاش دارانىڭ لەشكەر-
لىرىنى كۆرگەنلا يەردە سامانىنى سورۇغان-
دەك سورۇۋەتتى. بىراق ئىسكەندەرمۇ
ئالدىراپ ھەرىكەت قىلمىدى، ئامال بار
مۇرەسسە - مادارا قىلىش خىيالىدا بولدى.
لېكىن ئاخىر قارشى تەرەپ لەشكەرلىرىگە
يۈزمۇ يۈز جەڭ ئېلان قىلىپ مەيدانغا
چىقتى. ئىسكەندەرنىڭ دارا بىلەن ئېلى-
شىشقا چىققان لەشكەرلىرى خۇددى دېڭىز
ئۈستىگە چىققان بىر پارچە بۇلۇت ياكى
ياۋا ئېشەكلەر توپىغا ئېتىلغان
بىر ئەركەك يولۋاسىدەك كۆرۈنەتتى.
دارا بۇنى كۆرۈپ قاتتىق غەزەپلەندى.
ئەمما دارانىڭ لەشكەرلىرىگە بىر خىل
ۋەھىمە، ۋەھىمە پەيدا بولدى. ئىككىنى

تەرەپ لەشكەرلىرى ئورۇنلاشقان جاينىڭ ئارىسىدىن ئۆتۈش قىيىن ئىدى. ئۇلارنىڭ هەر بىرى ئۆز قوشۇنىنى مۇهاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئارىغا خەندەكلەرنى قېزىپ، ئەتراپىنى ساقلاۋاتاتتى. چىسەكچىلەر كېچە-كۈندۈز ئارام تاپماي كۆزەت قىلاتتى. ئۇلار شۇ قەدەر هوشيارلىشىپ كەتكەنىدىكى، ئارىدا بىرەر چۈمۈلە تەۋرىسىمۇ، ئۇنىڭ كۆزىنى ئوق بىلەن تىكىپ تاشلايتتى. ئىككى لەشكەر ئارىسىدا بىر كۈنلۈك مۇساپىنى جەڭ مەيدانى ئۈچۈن قالدۇردى. ئۇ يەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېگىز تاغ بار ئىدى. تاغنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككى دەشت بار ئىدى. بۇ ئىككى دەشتنىڭ بىرىگە دارانىڭ قوشۇنى، يەنە بىرىگە ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى ئورۇنلاشقانىدى. بۇ ئىككى قوشۇننىڭ ئارىسىدىن تاڭ شامىلىمۇ ئۆتەلمەيتتى.

ئىسكەندەرنىڭ لەشكەرلىرى كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، مۇداپىئە خەندەكلىرىنى خەيبەر شەهرىنىڭ مۇداپىئە خەندەكلىرىدەك، بەلكى ئىسكەندەر سېپىلىدەك پۇختا ۋە مۇكەممەل قىلىپ قۇرۇپ چىقتى. ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆڭلى سەل تىنچلاندى. ئىسكەندەر ئۆزىگە يۈز نەپەر شەمشەرۋازنى هەمراھ قىلىپ، دارانىڭ لەشكەرلىرىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن تاغنىڭ ئۈستىگە چىقتى. قارىسا دارانىڭ لەشكەرلىرى يەر يۈزىنى قاپلاپ، پۈتۈن تاغ ۋە دەشتلەرنى هەرىكەتكە كەلتۈرۈۋەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ چاڭ-توزانلىرى پۈتكۈل ئالەمنى قاپلاپ، پەلەك يۈزىنى كۆرگىلى بولماس قىلىۋەتكەنىدى. بۇ هەددى-هېسابسىز قوشۇننى كۆرگەن ئىسكەندەرنىڭ هوشى بېشىدىن ئۇچتى.

ئۇ كۆڭلىدە: «ئەگەر جەڭ باشلىنىدىغان بولسا، مېنىڭ لەشكەرلىرىمنىڭ هەر بىرىگە قارشى تەرەپنىڭ يۈز كىشىسى توغرا كەلگۈدەك، ئەقىل-پاراسەت جەهەتتە شۇنچە چوڭ سۆزلەيمەنۇ، ئەمما بۇ ئىشتا هەقىقەتەنمۇ ئۆزۈمنى چاغلىماي جەڭ مەيدانىغا كىرىپتىمەن. ئەمدى بۇ يەردىن يېنىشنىڭ ئىمكانى يوق. ئەگەر جەڭ قىلسام، ماڭا زىياندىن ئۆزگە ئاقىۋەت يوق» دېگەنلەرنى ئويلىدى. ئىسكەندەر ئاشۇنداق مۇشكۈل ئەهۋال ئۈستىدە پىكىر قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ بىر تاش ئۈستىدە ئۇرۇشۇپ تۇرغان ئىككى كەكلىككە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇ كەكلىكلەرنىڭ بىرى سېمىز ۋە كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان، يەنە بىرى هەر جەهەتتىن ئاجىز ۋە زەئىپ ئىدى. ئىسكەندەر بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ، بۇ ئەهۋالنى ئۆزى بىلەن دارا ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشقا ئوخشاتتى. ئۇلارنىڭ جەڭ نەتىجىسىنى ئۆزى بىلەن دارا ئوتتۇرىسىدىكى جەڭ ئاقىۋىتىنى ئالدىن بىلىدىغان بىر پال سۈپىتىدە كۆزەتمەكچى بولدى. ئۆزىنى ئاجىز كەكلىك، دارانى كۈچلۈك كەكلىك دەپ بىلدى. ئىسكەندەر قاراپ تۇرسا ئۇ ئىككى كەكلىك شۇنداق ئېلىشتىكى، كۈچلۈك كەكلىك بىچارە ئاجىز كەكلىكنىڭ جېنىنى هالاك قىلغۇدەك دەرىجىگە يەتتى. دەل شۇ پەيتتە تۇساتتىنلا هاۋادىن بىر بۈركۈت چۈشۈپ، كۈچلۈك كەكلىككە شۇنداق چاڭگال سالدىكى، ئۇنى ئوۋلاپ، بىردەمدىلا بۇ دۇنيادىن يوق قىلدى. بەلكى ئۇنداق كۈچلۈك كەكلىك ئەزەلدىن مەۋجۇت ئەمەستەكلا ئۇنىڭدىن قىلچە ئەسەر قالمىدى. هېلىقى ئاجىز كەكلىك بولسا، ئۇ كۈچلۈك كەك-

www.uyghurkitap.com



لىكىنىڭ ئورنىنى بىسىپ، شاد-خۇرام سەكرەپ ئوينىدى. بۇ پالىنىڭ نەتىجىسى ئىسكەندەرنى چەكسىز خۇشال قىلدى. ئۇ ئۆز دۈشمىنىنىڭ ھالاك بولىدىغانلىقىنى، لېكىن بۇ ھالاكەت ئۇ دۈشمەنگە باشقا تەرەپتىن، بۆلەك كىشىنىڭ قولىدىن يۈزلىنىدىغانلىقىنى پەملىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ ئىش تۈپەيلىدىن دۇنيادا ئۆزىنىڭ شان-شەۋكىتىنىڭ يۈكسىلىدىغانلىقىنى بىلدى. شۇڭا ئىسكەندەر خۇشال ھالدا ئۆز قوشۇنى تەرەپكە ياندى. قۇياش مەغرىبتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، ئىسكەندەر لەشكەرلىرىنى مۇستەھكەم مۇداپىئەدە تۇرۇشقا ئورۇنلاشتۇردى. جىسەكچىلەرنى بەلگىلەپ، تەرەپ-تەرەپنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزەتتى. ئۇلار شۇ قەدەر سەزگۈر ھالەتتە تۇردىكى، ئۇلارنىڭ يېنىدا تاڭ شامىلىمۇ تەۋرىيەلمەيتتى. ئىنتىزام شۇ دەرىجىدە چىڭ ئىدىكى، شۇ قەدەر كۆپ لەشكەرلەردىن بىرىمۇ ئۈن-تىنىشىنى سىرتقا چىقارمايتتى.

ئەلقىسسە، ئىككىلا پادىشاھ ئۆز سەپلىرىنى تۈزۈشنىڭ تېگىش قىلىشىنىڭ پىلانلىرىنى تۈزۈشمەكتە ئىدى. بىر تەرەپتە دارا پەلەكتەك بارگاھلارنى تىكلەپ، تەخت ئۈستىگە چىقىپ، مەخپىي ۋە ئاشكارا ئىشلار ھەققىدە سۆزلەپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئۆزىنى غەلىبە قىلغۇچى دەپ بىلەتتى. ئىسكەندەرنى كۆزىگە ئىلمايتتى. تەقدىرنىڭ بۇ ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. دارانىڭ سىپاھلىرىمۇ ئىسكەندەر ھەققىدە كۆپ گەپ-سۆزلەرنى دېيىشتى. ئۇلاردىن بەزىلىرى:

— ئەگەر پادىشاھىمىز بۇيرۇق بەرسىلا، بىز قىلىچە غەم ۋە ئەندىشە قىلماستىنلا ئىسكەندەر قوشۇنىغا ھۇجۇم قىلىمىز، — دېسە، يەنە بەزىلىرى:

— ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرى بىزنى كۆرسىلا قورقۇپ قېچىپ كېتىشى مۇمكىن، — دېيىشتى. يەنە بەزىلىرى بولسا:

— ئىسكەندەر چوقۇم قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ كەچۈرۈم سوراپ، شاھىمىزنىڭ ئالدىغا كېلىدۇ، — دېيىشتى.

ئۇلار ئەنە شۇنداق خىلمۇ خىل پىكىرلەردە بولسىمۇ، لېكىن ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلىشقا نىسبەتەن بىردەك پىكىرگە ئىگە ئىدى. ھەممىسى ئىسكەندەر قوشۇنى بىلەن تېزرەك ئېلىشىشنى ئارزۇ قىلاتتى. بۇ قوماندانلار ئۆزلىرىنىڭكىدەك مۇنداق قۇدرەتلىك قوشۇنغا شىكەستە يېتىشى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارايتتى. ئۇلار ئىسكەندەر قوشۇنىغا چوقۇم زەربە بېرىمىز دەپ خىيال قىلاتتى. ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدە ئەتە ئۇرۇش باشلىنىدىغانلىقى ھەققىدە سان بار ئىدى. قوماندانلار جەڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچقان، ھەممىسى ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەرلەرگە ئىنئام ۋە تارتۇق بېرىش ھەققىدىكى ۋەدىلەرنى ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەش بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئۇلار ئىسكەندەر قوشۇنىنىڭ جەزمەن مەغلۇپ بولىدىغانلىقىغا قاتتىق ئۈمىدۋار ئىدى. ھەممەيلەن دۇبۇلغا، ساۋۇتلارنى كىيىشىپ، تاڭ ئېتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە ئىدى. بۇ كېچە ئۇلارغا شۇنچە ئۇزۇن كۈندەك بىلىنىپ كەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىنىڭ ھاياجىنى بىر-بىرىدىن كەم

ئەمەس ئىدى.

سۇبھى ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى. سەھەر ۋاقتىنىڭ ئالتۇن نۇرى ئاشكارا بولدى. تەقدىر بۇ ئىككى لەشكەر دەرياسىنى ئۆركەشلەتتى. ئۇلارنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرى پەلەككە يەتتى. پالۋانلار نەرە تارتىپ يەرنىڭ جىسمىنى تەۋرىتىۋەتتى. ئۇلار خۇددى «زىمىن قاتتىق تەۋرىتىلگەندە»① دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى ئايان قىلدى. شەمشەرۋازلار باشتىن ئاياغقىچە خۇددى پەلەك تۈركمەندەك كۆك تۆمۈر ئىچىگە غەرق بولۇشتى. ئۇلار ئاتلىرىغا مىنىشىپ، ئۇرۇش سېپى تۈزۈش ئۈچۈن مەيدانغا چىقتى.

دارا ئەنە شۇنداق ھەيۋەت بىلەن سەپ تۈزگەن مەزگىلدە ئىسكەندەرمۇ ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە لەشكەرلەرنى جەڭ سەپلىرىگە ئۇيۇشتۇردى. ئىككى تەرەپ شۇ قەدەر ھەيۋەت سەپ تۈزدىكى، ئۇنىڭ بىر ئۇچى مەشرىقتە، يەنە بىر ئۇچى مەغرىبتە ئىدى. بۇنداق زور ئۇرۇش سېپىنى ھايتىنى ھۆيت دېگۈچە يەتتە قېتىم ئالماشتۇرۇپ تۈزدى. دارانىڭ لەشكەرلىرى شەرقتە سەمەرقەنتتىن تاكى چىن چېگرىلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى جايلاردىن مۇغۇل، ئۆزبېك، قالماقلاردىن يۈز ئەللىك مىڭ، يەنە باشقا خەلقلەردىن چىققان لەشكەرلەر بىلەن قوشۇلۇپ، قوشۇننىڭ ئوڭ قانات جەڭ سېپىدە تۇردى. ئوڭ قانات قوشۇنىنىڭ ئالتە يۈز مىڭغا يەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭ ئىشلىرىدا ماھىر ئىدى. چىن ئەھلى ئۆز لەشكەرلىرىنى شۇنداق زىننەتلىدىكى، ھەممىيلەنگە يەتتە خىل رەڭدىكى ئالتۇن يىپلاردىن توقۇلغان تەتىللا كىيىم ۋە ئاتلارغا يوپۇق تەييار قىلدۇرغانىدى. ئۇلار دۇبۇلغىلىرىنىڭ ئۇچىغا چىنىغا خاس يىپەك لېنتىلارنى چىگىپ، ساۋۇتلىرىنىڭ ئۈستىگە نەپىس چىن ماتالىرىدىن كىيىم كىيىشىپ تەق بولۇپ تۇرۇشتى. ئۇلارغا قارىغان كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا بۇ لەشكەرلەر جەننەت بېغىسىدەك گۈزەل بىر مەنزىرىنى نامايان قىلاتتى. قالماق خانى ئۆز لەشكەرلىرىنى شۇنداق ھەيۋەت بىلەن سەپكە تىزدىكى، خۇددى ئەجەل قوشۇنى دوزاختىن خەۋەر بەرگەندەك بولدى؛ ئۇلارنىڭ قورال-ياراغلىرىمۇ دوزاخ ئوتىدىن رەڭ بېرىلگەندەك ئىدى. ھەر بىر ساۋۇت كىيگۈچىنىڭ جاسارىتىدىن جاھان ئىچىگە قىقاس-چۇقان چۈشەتتى. ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۇلار بىر-بىرىدىن زىيادە شىددەت بىلەن جەڭ قىلاتتى. ئۇلارنىڭ پادىشاھىنىڭ ئىسمىنى توقرات دەپ ئاتايتتى. مۇغۇل خانىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ھەر بىرى بىر ئەركەك شىر، ياق بەلكى بىر چاقماق ئىدى. ئۇلارنىڭ سانى ئىتنىڭ تۈكىدىنمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار مەيدانغا كىرگەندە دەبدەبىسىدىن ئالەم قاراڭغۇ بولدى. بۇ قەۋمنىڭ پادىشاھىنى مەنگۇخان دەپ ئاتايتتى. يەنە ماڭغىت ۋە ئۆزبېك قوشۇنلىرىمۇ دارا ئارمىيىسىگە ياردەمگە كەلگەن. ئۇلارنىڭ قورال-ياراغلىرى ۋە دۇبۇلغىلىرى كۆمۈشتەك پارقىراپ تۇراتتى. قوراللىرى بىلەن تەقى-تۇرقى ۋە ھۆسن-جاماللىرى تەڭ زىننەتلەنگەنىدى. بۇ يەردە يەنە ماۋەرائۇننەھر لەشكەرلىرى ئىككى دەريا ئارىلىقىدىكى ئون شەھەرنىڭ سىپاھلىرى تەق بولۇپ تۇرۇشماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ بارچىسى ئۆز جاسارەتلىرى بىلەن يولۋاس

① «قۇرئان كەرىم» 30 - پارە، 99 - سۈرە، زۇلزەلەگە قاراڭ. مىللەتلەر نەشرىياتى 1986 - يىل نەشرى 606 - بەت.

www.uyghurkitap.com



ۋە پىللارنى ئاجىز قىلاتتى، ئوق ئېتىشتا
ھەتتا چوڭمۇلىنىڭ كۆزىنىمۇ سوقالايتتى.
ئۇ دەۋرلەردە تېخى سەمەرقەنت شەھىرى
مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. بۇ شەھەرنى كېيـ
ىنچە ئىسكەندەر بىنا قىلدۇرغان. دارا
ئارمىيىسىنىڭ بىر تەرىپىدە مەغرىب
زېمىنلىرىنىڭ لەشكەرلىرىمۇ بار ئىدى.
يەنە بىر تەرەپتە بەرتاس خەلقى ۋە بەرـ
بەر خەلقى ئارىسىدىن خىللانغان پالۋانـ
لار تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قورال-ياراغلىرى،
دۇبۇلغا-ساۋۇتلىرى، ئات - ئۇلاغلىرى ۋە
ئۇنىڭ يوپۇقلىرى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىـ
سى سېرىق ئالتۇن رەڭگىدە ئىدى. ئەرەب
پالۋانلىرىدىن قىرىق مىڭ كىشى قارا
ئاتلارغا مىنىپ، قارا توغ-ئەلەملەرنى
كۆتۈرۈپ، مەيداندا تەق بولۇپ تۇردى.
ئۇلارنىڭ نەيزىلىرى ۋە ئاتلىرىنىڭ يوـ
پۇقلىرىمۇ قارا رەڭدە ئىدى، ئۇلارنىڭ
سەركەردىسى ۋەكىئ ئىسىملىك كىشى ئىـ
دى. يەنە مەغرىب لەشكەرلىرىنى تەلىئ
ئىسىملىك پادىشاھ باشلاپ كەلگەنىدى.
ئۇ ئۆز قەبىلىسىنىڭ سەرۋازلىرى بىلەن
بۇ يەردە جەڭگە تەييار بولۇپ تۇردى.
مەدايىن شەھىرىنىڭ پادىشاھى ئەردەـ
شىرمۇ يۈز مىڭ نەپەر پالۋان بىلەن قىـ
لىچ يالىڭاچلاپ تۇردى، ئۇنىڭ توغ-ئەـ
لەملىرىنىڭ شەددىلىرى بىنەپشە گۈلىنىڭ
رەڭگىدە ئىدى. ئاتلىرىنىڭ يوپۇقلىرىمۇ
ئاشۇ خىل رەڭدە ئىدى. بەھرەيىن، قۇـ
تەيف، باغداد مەملىكەتلىرىنىڭ باھادىرـ
لىرى ۋە سەركەردىلىرىمۇ جەم بولغانىدى.
ئۇلار باشتىن ئاياغقىچە كۆك تۆمۈردىن
دۇبۇلغا، ساۋۇت كىيگەنىدى، بۇلار جەڭ
سېپىنىڭ سول قانىتى بولدى، بۇلار
جەمئىي ئاتتە يۈز مىڭ كىشى ئىدى. ئۇـ

نىڭدىن باشقا يەنە يەتتە يۈز مىڭ پالـ
ۋان ھىراۋۇل قوشۇن بولۇپ سەپ تۈزۈپ
تۇردى. ئۇلارنىڭ ئۇرۇش كىيىملىرى،
قورال-جابدۇقلىرى ۋە ئات يوپۇقلىرى
پۈتۈنلەي ئاق رەڭدە ئىدى. ئۇلارنىڭ
شان-شەۋكىتى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، پۈتـ
كۈل تاغ-دالانى لەرزىگە سالاتتى. ئۇـ
لارنىڭ ھەر يۈز مىڭى بىردىن سەپ بوـ
لۇپ تىزىلغانىدى. بۇسەپ خۇددى پايانـ
سىز يەتتە دەريادەك كۆرۈنەتتى. دەشتى
قىپچاق ۋە خارەزم خەلقىدىن نەچچە يۈز
مىڭ كىشى دەريا-دەريا سەپلەرنى ھاسىل
قىلىپ، سەپ ئالدىدا تۇراتتى. ئۇلارنىڭ
بارلىق ئەسلىھەلىرى يېشىل رەڭدە ئىـ
دى. ئۇلارنىڭ سەپلىرى يېشىل دەرياغا،
ياق، بەلكى ياپيېشىل چىمەنزارغا ئوخـ
شايتتى. ئۇ قوشۇنلارنىڭ سانىنىڭ تولـ
لىقىدىن ئادەملەر سانجاق-سانجاق بولۇپ
كەتكەن. سەپ ئارىسىدىن ھەتتا تاڭ شاـ
ملىمۇ ئۆتەلمەيتتى. قوشۇنىنىڭ مەركىزىي
قىسمىدا دارا ئورۇن تۇتقانىدى. جاھاندا
ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن قارشىلىشىشقا پېتىـ
نالمايتتى. دارا جەڭ رەسمىيەتلىرىنى
يۇقىرىقىدەك تۈزۈپ، ئىسكەندەر تەرەپكە
قاراپ، سالماق قەدەملەر بىلەن
ئىلگىرىلىدى.

ئەلقىسسە، يەنە بىر تەرەپتە ئىسـ
كەندەر ئۆز قوشۇنىنى سەپكە تىزدۇراتتـ
تى. پەرەڭ سىپاھلىرىنىڭ ھەممىسى يىغىلـ
دى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى قان تۆكۈشتە
يۈرەكلىك ئىدى. دارانىڭ قوشۇنىنى كۆـ
زىگىمۇ ئىلمايتتى. سەرۋازلارنىڭ ھەمـ
مىسى رۇستەمدەك شىجائەتكە ئىگە ئىدى.
بارچىسىنىڭ كىيىمى گۆھەردىن، كۆز قوـ
يۇلغان پەرەڭ ماتالىرىدىن، يەتتە خىل

رەڭدىكى زەرباپ رەختلەردىن پۈتكەنىدى. ئۇلارنىڭ لەشكىرى يۈز مىڭغا يەتكەن بولۇپ، ھەممىسى چاقىنالىقتا قۇياش نېغىنىمۇ گاھال قىلىپ قويااتتى. بۇلار ئۇڭ قانات جەڭ سېپىدىن ئورۇن ئالدى. ئىسكەندەر قوشۇنى ئىچىدە يەنە بەرتاس بىلەن رۇس پالۋانلىرى بار ئىدى. ئۇلارنىڭ مىجەزى قىش كۈنلىرىدەك سوغۇق ۋە چۇست ئىدى. ئۇلارنىڭ كىيىملىرى ۋە جەڭ ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسى سېرىق ئالتۇندىن ئىدى. ئۇلار دوستلارغا ئامەت، دۈشمەنلەرگە شۇملۇق ياغدۇراتتى. ئۇلارنىڭ سانى يۈز مىڭ ئىدى، جەڭ سېپىنىڭ سول قانىتىدىن ئورۇن ئالدى، ئىسكەندەرنىڭ ھىراۋۇل قوشۇنىنىڭ سېپى ھەبەش پالۋانلىرىدىن تۈزۈلگەنىدى. ئۇلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ۋە جەڭ ئەسلىھەلىرىنىڭ ھەممىسى قارا رەڭدە بولۇپ، خۇددى قارا ئەينەكتەك پارقىراپ تۇراتتى. جەڭ سېپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى غول قىسمى رۇم لەشكەرلىرىدىن تۈزۈلگەن. ئۇلار ھەبەش قوشۇنى بېنىدا قاراڭغۇ كېچىدە تۇغقان قۇياشتەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئۇتىغاتلىرىمۇ تۆمۈردىن بولۇپ، قۇشلارنىڭ ئۇزۇن قانىتىدەك ياساپ، دۇبۇلغا ئۈستىگە خۇددى پەلەكتىكى ھىلال ئايغا ئوخشىتىپ سانجىلغانىدى. ئۈستىباشلىرىغىمۇ پولات كىيىملەرنى كىيگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا تىغ، تەبەر دېگەنلەر ھەرگىز ئۆتمەيتتى. جەڭ مەيدانى ئۇلار بىلەن تېخىمۇ زىننەت تاپقانىدى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى يولۋاستەك جەسۇر ئىدى. بۇ لەشكەرلەر ئىچىدە مۇبارەك بولەيلىك ئىسكەندەر يولۋاستەك بېشى ئۈستىدە نۇسرەت ئەلەمىنى تىكلەپ، سى-

پاھلارنى باشلاپ، دارانىڭ قوشۇنىغا قاراپ يۈرۈش قىلدى. دارانىڭ لەشكەرلىرىمۇ يۈرۈش قىلدى. ئىككى تەرەپتىن جەڭ دۇمباقلىرىنىڭ ئاۋازى شۇنداق ياڭرىدىكى، گويا يۈزلىگەن ئەركەك دېۋىلەر مەست بولۇپ، نەرە تارتقاندەك بولدى. سۇنايلار خۇددى ئەجدىھادەك ھەرىكەت بىلەن بوينىنى ئىككى يەردىن ئېگىپ، دەم تارتىش ئۈچۈن ئېغىزلىرىنى يوغان ئېچىشىپ، دۈشمەنلىرىنى يۇتماقچى بولۇشاتتى. كاناي - سۇنايلارنىڭ ئاۋازى قىيامەت كۈنىنى ئاشكارا قىلدى. تۇغ-ئەلەملەر شامالدا ھەرىكەتكە كېلىپ، پەلەك ھەرىكىتىدىن خەۋەر بەرمەكتە ئىدى. لەشكەرلەرنىڭ تولىلىقىدىن چاڭ-توزان پەيدا بولۇپ، ھاۋانى قاپلاپ كەتتى. نە تاغ، نە چۆلنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. بۇ لەشكەر دەرياسىغا چۈشكەن كىشى نەپەس ئېلىش ئۈچۈن سۇ يۇتۇشتىن باشقا ئامال تاپالمايتتى. ئات ۋە ئادەم ئاياغلىرىدا يانجىلغان تۇپراقلار چاڭ-توزانغا ئايلىنىپ پەلەككە ئۆرلىدى. ئۇ چاڭ-توزان ئىچىدىكى قىلىچ-نەيزىلەر خۇددى دەريادا ئېقىپ كېتىۋاتقان چۈمۈلىلەردەك كۆرۈنەتتى. ئۇ چاڭ-توزانلار قارا بۇلۇتلارغا ئوخشاش يەر بىلەن ئاسمان ئارىلىقىدا بىر قەۋەت پەردە ھاسىل قىلغانىدى. مىلتىقلارنىڭ ئۈنى ھاۋا گۈلدۈرلىگەندەك ئاڭلىناتتى. ئۇنىڭ ئوتلىرى چاقماق چاققاندەك كۆرۈنەتتى. ھەر ئىككى تەرەپ زۇلۇم-كۈلپەت قىلىچلىرىنى قولىغا ئېلىپ، بىر-بىرىگە تىغ تەڭلىشىپ، ئۆلۈم بازىرىنى قىزىتماقچى بولدى. زېمىن ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن لەرزىگە كەلدى. ئىككى لەشكەر بىر-بى-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



رىگە يېقىلاشقاندىن كېيىن توختاشتى. ئۇلار شۇنداق سۈرەن-چۇقان سالدىكى، ئالەمگە ئاجايىپ بىر ئوت تۇتاشتى. جاھان خەلقىگە ھاياجان ۋە قوزغىلاڭ چۈشتى. پەلەك ئەھلىگە ھەيرانلىق ۋە تەئەججۇپ يۈزلەندى. بىر پەستىن كېيىن سۈرەن سالغۇچىلارنىڭ ئېغىزلىرى سەل بېسىقتى. تۇساتتىن بىر شامال چىقىپ ئارىدىكى چاڭ-توزانلارنى سۈردى. خالايىقنىڭ كۆزلىرىگە جاھان روشەنلەشتى. ئۇلار تەرەپ-تەرەپتە سەپ تۈزگەن تاغ-تاغ، گۇرۇھ-گۇرۇھ لەشكەرلەرنى كۆرۈپ رەڭگارەڭ ئىشلارغا كۆز تىكىپ تۇرۇشتى. شۇ پەيتتە ئىسكەندەر سىپىدىن بىر كىشى ئېتىنى چاپتۇرۇپ، چاقماقتەك ھەرىكەت بىلەن جەڭ ھۈنەرلىرىنى كۆرسەتتى. ئۇ كىشى ساۋۇت ئۈستىگە چىنىنىڭ نەپىس ماتاسىدىن كىيىم كىيگەن بولۇپ، كىيىمى خۇددى سۇ ئۈستىدىكى يېشىل ئوت-چۆپلەردەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئوڭ قولىدا نەيزە، سول قولىدا ياقۇتتەك قالقان، دۇبۇلغىسى ئۈستىگە سەۋسەن گۈللىرىدەك ئۇتىغات قىستۇرۇۋالغانىدى. ئۇ پالۋان ئەنە شۇنداق سۆلەت-سالاپەت بىلەن مەيدانغا كىردى:

— دۈشمەنلىرىڭ ئۈستىدىن غالىب كېلىپ، مۇرادىڭغا يەتكەيسەن، — دېدى ئۇ ئالدى بىلەن ئىسكەندەرگە دۇئا قىلىپ، ئاندىن دارا تەرەپكە قاراپ خىتاب قىلدى، — مېنىڭ ئىسمىم بارىق بەربەرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسلىدە شاھ داراغا قۇللۇق ۋە خىزمەتكارلىق بىلەن مەشغۇل ئىدىم. بىراق دارا مېنى قۇللىرى قاتارىغا قوشمىدى. مېنى تۈزۈكرەك تونۇمىدى. ماڭا قىلچىمۇ ئىلتىپات كۆرسەتمىدى. ئۇ مېنى زادىلا كۆزگە ئىلمايتتى. خەرج-خىراجەت قىلىشقا پۇلۇم تۈگەپ قالسا، ھالىمدىن خەۋەر ئالمىدى. ھال-ئەھۋالىمنى شاھ داراغا ئېيتسام، زادى قۇلاق سالمىدى. قايتىپ كېتىشكە ئىجازەت تىلىسەم، غەزەپلىنىپ، مېنى تاياقتا باستۇردى. دارا ماڭا مۇنچە جەبىر-زۇلۇملارنى سالغاچقا، تەقدىر-پېشانەم مېنى ئىسكەندەرپەرەس قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ دەرگاھىغا بېرىپ، ھال-ئەھۋالىمنى بايان قىلىپ پاناھ تىلىگەنىدىم، ئۇ ماڭا شۇ قەدەر خەيرخاھلىق قىلدىكى، ئۇنىڭ پەرۋىشى بىلەن ئىززەت-ئابروي تېپىپ، بېشىم كۆككە يەتتى. مەن ھازىرغىچە ئىسكەندەرنىڭ خىزمىتىنى قىلماي تۇرۇپلا مائاش، مۇكاپاتلىرىنى ئېلىۋاتىمەن. قىلمىغان ئىشىمنىڭ ھەققىنى يەۋاتىمەن. بۇنىڭغا كۆپ خىجىلمەن. مەن بۈگۈن بۇ مەيدانغا كىرىپ، ئىككى ئىش ئۈچۈن جەڭ قىلىمەن. بىرىنچىدىن، بۇ جەڭ ئارقىلىق ئىسكەندەرگە بولغان قۇللۇقۇمنى ئىزھار قىلىپ، ئۇنىڭ ئىنئام-ئېھسانلىرىغا جاۋاب قايتۇرۇپ، ئۆزۈمنىڭ خىجىللىقىمنى تۈگىتىمەن. ئىككىنچىدىن، دارانىڭ قانداق جەسۇر پالۋانلىرى بولسا، شۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزۈمنىڭ كارامىتىنى داراغا كۆرسىتىپ قويىمەن. ھەرقانداق كىشىنى مېنىڭ بىلەن جەڭ قىلىشقا ئەۋەتسە، ئۇنىڭدىن مېنىڭ ئىككى مەقسىتىم ھاسىل بولىدۇ. بىرى، شاھ دارا ئۇلارغا مەندىن بەكرەك ئىشىنىپ، زىيادە ئىنئام ۋە ئېھسان قىلاتتى. يەنە بىرى، بۈگۈن ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئالدىمدىكى ھال-ئەھۋالىنى، كارۇ بارىنى كۆرۈپ باقسۇن!

بارىق بەربەرى سۆزىنى تۈگىتە-تۈگەت-

مەنتىنىلا، دارا لەشكىرى تەرەپتىن بىر قەھىرلىك پالۋان ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇ تىزتىۇندەك قاشاڭ، ئوتتەك باشتۇق ئىدى، دۇبولىغىسىدىن ئىتىنىڭ تاقىسىغىچە ھەممە ئەزايى بەدىنى ۋە ئىتى كۆك تۆمۈر بىلەن قاپلانغان، گويىاكى تۆمۈر ئىچىگە غەرق بولغانىدى. ئۇنىڭ مىنگەن ئىتىنىڭ تاقىسىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چىچىلاتتى. بۇ ھال خۇددى بالا بۇلۇتىدىن ئۆلۈم چاقماقلىرى چىقىلغاندەك مەنزىرىنى ھاسىل قىلاتتى. بۇ ئۇچقۇنلار پەلەككە ئۆرلەپ، شامالنىڭ دىماغلىرىغا مۆھۈر باساتتى. ئۇ بويىنىغا ھىندى قىلىچىنى ئېسىپ، قولىدا تىكەنلىك نەيزىسىنى پىرقىرىتىپ، مەيدانغا شۇ قەدەر ھەيۋەت بىلەن كىردىكى، ئۇنى كۆرگەن پالۋانلارنىڭ ھەممىسى: «بۇ بىر يىرتقۇچ شىر ئىكەن» دەپ قېلىشتى. ئۇنىڭ ئىسمى ھەرران ئىدى. ھەرران مەيدانغا كىرگەندىن كېيىن ئالدى بىلەن دارادا دۇئا قىلىپ، ھاجىتىنى دۇئادا ئىزھار قىلغاندىن كېيىن، بارىق تەرەپكە قاراپ مىلتىقنىڭ ئوقىدەك ئېتىلدى. بارىقمۇ چاقماقتەك ھەرىكەت بىلەن ھەررانغا قاراپ ئات سالدى. ئۇلار بىر-بىرىگە شۇنداق چىرماشتىكى، ماھارەت ۋە شىجائەتتە بىر-بىرىدىن ئېشىپ چۈشۈشتى. ئۇلار ئۈچ يۈز ئاتمىش ئالتە نۆۋەت ئېلىشقان بولسىمۇ، بىر-بىرىنىڭ ساۋۇتلىرىغا نەيزە ئۇچىنى تەگكۈزەلمىدى. ئاخىر بارىق چاققانلىق بىلەن ئات چاپتۇرۇپ، بىر ئاز يىراقلاشقاندىن كېيىن، نەيزىسىنى يىراقتىن توغرىلاپ تۇرۇپ، ئۇ يىرتقۇچ شىرغا شۇنداق ئاتتىكى، ئۇنىڭ بۇ ماھارىتىگە بۇ پىرقىراۋاتقان پەلەكمۇ ئاپىرىن ئېيتتى. ھەرران ھايالسىزلا ئاتتىن يىقىلدى. بارىق دەرھال ئۇنىڭ بويىنىنى باغلاپ، توختىماستىنلا ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا سۆرەپ كەلدى. ئىسكەندەر ئۇچۇن بۇ پەتھى نۇسرەتنىڭ ياخشى باشلىنىشى بولدى. بەخت-تەلەي ئۆز جامالىنى كۆرسەتتى. بارىق ئىسكەندەرگە يەر ئۆپۈپ، تەزىم قىلغاندىن كېيىن، يەنە مەيدان تەرەپكە ئات چاپتۇرۇپ كەلدى-دە، دارا تەرەپتىن ئۆزىگە تاقابىل تۇرۇشقا پالۋان تەلەپ قىلدى. دارا تەرەپتىن بىر پالۋان مەيدانغا چىقتى. ئۇ جەڭ ئىشلىرىدا يۈز دۈشمەنگە يەككە-يېگانە ھالدا تاقابىل تۇرالايتتى. ئۇمۇ باشتىن ئاياغقىچە پولات كىيىملەر بىلەن پۈركەلگەنىدى. ئۇنىڭ ئىسمىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمما لەقىمىنى ھەممەيلەن فاس دەپ ئاتىشاتتى، ھەرران بىلەن قېرىنداش ئىدى. ئۇ كېلىپلا بارىقنىڭ ئالدىنى توستى. بارىقمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىنى چاپتۇردى. جەڭ يەنە قىزىپ كەتتى. نەيزىلەر بىر-بىرىگە ئىرماشچىرماش بولۇپ كەتتى. توساتتىنلا بارىقنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، پۇرسەت تېپىپ، فاسنى بىر نەيزە ئۇرۇش بىلەنلا يىقىتتى. ئۇنى خارۇ زار قىلغان ھالدا سۆرەپ، ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى. ئىسكەندەر بۇ ئىشنى كۆرۈپ، پەلەكتىن مىننەتدار بولدى. لېكىن دارا پەلەككە تەنە قارغىش ياندۇردى. بارىق بەربەرى مەيدانغا كىرىپ، جەۋلان قىلغان ھالدا، يەنە پالۋان تەلەپ قىلدى. دارا سىپىدىن يەنە بىر پالۋان غەزەپ بىلەن ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ، بارىققا ئېتىلدى. ئۇ شۇنداق تېز يۈگۈردىكى، بارىقنىڭ يېنىغا يېتىش بىلەنلا زەخىم يەپ يىقىلدى. شۇنداق قىلىپ، جەڭ ئىشلىرىدا ھەر بىرى ئەركەك شىردەك شىجائەتلىك پالۋانلاردىن توققۇزى

www.uyghurkitap.com



بارىقنىڭ نەيزىسى بىلەن زەخىملىنىپ، ئىسـ
كەندەرگە ئەسىر بولدى. ئەمـدى ھېچكىمـ
نىڭ بارـىق بىلەن جـەڭ قىلىش ئۈچـۈن
مەيدانغا كىرگۈسى كەلمىدى. لېكىن بارىق
مەيداندىن كەتمەي، «كـۈچ سىنىشىدىـغان
پالۋان بارمۇ؟!» دەپ، نەرە تارتىپ تۇرـ
ۋەردى. بۇ ئىشتىن دۈشمەنلەرنىڭ كۆڭلىـ
گە ئوت چۈشتى، دارامۇ بۇ ئەھـۋالدىـن
بىتاقەت بولۇپ، ئىزتىراپقا چۈشتى.

ـــ مەيدانغا دەرھال بىـر كىـشى چىـقـ
سۇن! ـــدېدى ئۇسەركەردىلەرنى ئالدىرىتىپ.

ئاخىر بىر بەد ھەيۋەت باھادىر مەيدانغا
كىرىپ، بارىققا قاراپ ئات سالدى. ئۇنىڭ
قەددى ـ قامىتى پىلدەك، كۈچى پىلـدىـن
زىيادىرەك ئىدى. ئۇ كەركىدانىدەك قاۋۇل
ئاتقا مىنگەن، ئۇ ئاتقا يولۋاس تېرىسىدىن
يوپۇق يېپىلغانىدى. ئۇ ئات ئالەم خەلـقى
ئۈچۈن يولۋاستىنمۇ قورقۇنـچلۇقـراق بىر
ئاپەتكە ئايلانغانىدى. ئۇنىڭ بېشىدىـكـى
قالپىقى قىزىـل مـاتادىن بولۇپ، ئـۇنىڭ
چۆرىسىگە قارا ماتادىن جىيەك تۇتۇلغانىدى.
ئۇنىڭ ۋەھىمىسىدىن ئۆلۈكـلەرمۇ ئۆزىـگە
ئۆلۈم تىلەيتتى. يۈزلىرى قىپقىزىل، گـوياـ
كى خورما رەڭگىدە ئىدى، ساقىلىمۇ خورـ
مىنىڭ سېرىق قـوۋزىقىدەك ئىدى. قـارىـ
ماققا ئۇ خـورما يـەنە بىر خـورمىنى ئۆز
ئىچىگە ئېلىپ تۇرغـانـدەك كـۆرۈنەتـتى.
ئۇنىڭ كـۆزلىرى ئالـماس پـارچىسىدەك،
كۆزلىرىنىڭ جىيەكلىرىگە قان تولۇپ قـالـ
غاندەك كۆرۈنەتـتى. بۇ باتۇرنىڭ يۇرتـى
مەغرىب زېمىنىنىڭ ئەڭ چەت بىر ناھىيىسىدە
ئىدى، ئۇ يـەرنىڭ خەلـقى سەھـرالاردا
ماكان تۇتقان بولۇپ، ھەممىسىنىڭ شەكلـ
سىياقى مۇشۇ باتۇرنىڭ سىياقىغا ئوخشاش
ئىدى. ئۇ يۇرتنىڭ بىر ئادىمىنىڭ جەسۇرـ

لۇقى ۋە شان ـ شەۋكىتى بىر دۆلەتنىڭ لەشـ
كىرىگە تەڭ كېلەلەيتتى. ئەگەر بىرەر پادىـ
شاھ ئۆز دۈشمىنى ئۈستىگە لەشكەر تارتىپ،
ئۇ دۈشمەننى يېڭىشكە ئاجىز كـەپـقالسا،
تەكلىپكە بىنائەن ئاشۇ قىزىل يۈزلۈكلەرـ
دىن بىر ئادەم كېلىپ، مەيدانغا كىرەتتى ـ
دە، جەڭ قائىدىسىنى ئورۇنداپ، ئۇ پادىـ
شاھنىڭ دۈشمىنىنى ئەسىر قىلاتتى. ئاندىن
ئۇ ئەسىرنى ئېلىپلا ئۆز ۋەتىنىگە قايتاتتى.
ئۇ قىزىل يۈزلۈكلەرنى ئۆز قوشۇنىدا توخـ
تىتىپ قېلىشـقا ياكـى ئۇنىڭ قولىدىـكـى
ئەسىرنى ئېلىپ قېلىشقا ھېچقانداق پـادىـ
شاھتا ماجال يـاكـى ئامـال يـوق ئىدى.
خـالايىق بارىق بەربەرـنىڭ ئىشلىرىـغا
ھەيرانلىق ۋە ھەۋەس بىلەن قـاراپ تۇرـ
غاندا، ئۇ قىزىل يۈزلۈك كىشى ئات چاپـ
تۇرۇپ كەلدى. ئىككىسى مەيـدان ئىچىدە
گـاھ چېلىشىپ، گـاھ چېپىشىپ، گـاھ بۇ
ياقتىن ئۇياققا سـۈرۈشـۈپ، گاھى ئۇچەتـ
تىن بۇ چـەتكە تىرتـىشىپ، بىرى قـاچسا،
بىرى قوغلاپ، بىرى تارتسا، بىرى سۆرەپ
ئۇزۇن تۇتۇشۇپ كـەتـتى. بىـراق بارـىق
جەڭ ئىشىدا ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى. چۈنـ
كـى توققۇز پالۋان بىلەن ئېلىشىپ هارـ
غان مەزگىلدە، بۇ كىشى جەڭگە كىرگەنـ
دى. بارىق تازا ھارغان پۇرسەتتىن پـايـ
دىلىنىپ، ئۇ كىشى بارىقنىڭ بېلىدىن قامالـ
لىدى ـ دە، ئۇنى ئېتىدىن يـۇلۇپ ئالـدى.
ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالـدىغا ئېلىۋېلىپ،
قويۇپ بەرمەستىن ئېتىنى چاپتۇرۇپ، دارا
لەشكەرلىرى تەرەپكىمۇ كەلمەي، مـەغـرىب
زېمىنى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قىزىل
يۈزلۈك كىشى بارىقنى ئېلىپ، شۇ يۈرگـ
ىنىچە ھەش ـ پەش دېگۈچـە خـالايىقنىڭ
كۆزىدىن پىنھان بولدى. خالايىق بۇ ئىشقا

ھەيران بولدى. ئۇ مەغرىبلىكنىڭ قاپ يۈرەكلىكىنى كۆرگەن ئىسكەندەر غەمگە پاتتى، بارىقنىڭ ئەھۋالى قانداق بولار دەپ كۆپ قايغۇردى. لېكىن ئۇ مەغرىبلىكنىڭ بارىقنى ئالغاندىن كېيىن، دارا تەرەپكە بارماي، ئۆز سەھراسىغا يانغانلىقىدىن بىرئاز خۇشالمۇ بولدى. شاھ دارانىڭ پەرىشان بولغان كۆڭلى بۇ ۋەقە بىلەن ئەمىن تاپتى. بىراق ئۇ مەغرىبلىكنىڭ بارىق بەربەرىگە غالىب كەلگەندىن كېيىن، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، تۈزۈككەرەك خۇشال بولمىدى. ھەر ھالدا بارىقنىڭ جەڭ مەيدانىدىن يوقالغانلىقى ئۈچۈن قانائەت ھاسىل قىلدى.

ۋاقىتكى، قۇياش دارانىڭ ئاشۇ قىزىل يۈزلۈك پالۋىنىغا ئوخشاش مەغرىب زېمىنىنىڭ ئارقا تەرىپىگە يوشۇرۇندى. ئاي شەرق قۇياشىدەك جىلۋىگەر بولۇپ، جاھاننى خۇددى ئىسكەندەردەك يورۇتتى. كەچ بولۇش بىلەنلا ھەر ئىككى لەشكەر جەڭدىن يېنىپ، ھەر بىرى ئۆزلىرىنىڭ ئارامگاھىغا كېلىشتى. بارگاھلارنى چېدىرلار بىلەن قورشاپ، ئەتراپىغا خەندەك قېزىپ، مۇداپىئەنى پۇختىلىدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن جىسەكچىلەر چىقىپ، ئۆز قورغانلىرىنى قاتتىق مۇھاپىزەت قىلىشقا كىرىشتى. شاھ دارا بارگاھ ئىچىدە زۆرۈرىيەت يۈزىسىدىن بەزمە قۇرۇپ مەي ئىچىشكە چۈشتى. لېكىن كۆڭلىدە مەي ئەمەس قان يۇتقان ھالدا ئەتە نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەندىشە قىلماقتا ئىدى.

ئىسكەندەرمۇ قائىدە بويىچە سورۇن تۈزۈپ بەزمە ئۇيۇشتۇردى. ئۇ كامالەتكە يەتكەن دانىشمەن ئالىملارغا ئۆزىنىڭ ئوڭ يېنىدىن ئورۇن بەردى. سول قول تەرەپتىن جاسارەتلىك سەركەردىلەرگە جاي كۆرسەتتى. ھەممەيلەن بەزمىدە ئولتۇرسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئوي-خىيالى ئەتىكى ئۇرۇشتا ئىدى. پەم-پاراسەت ئەھلى غەلىبە يوللىرى ھەققىدە ئىزدەنمەكتە ئىدى. پالۋانلار تۈن نىسپىگىچە ئۇخلىماي پەتىھ-نۇسرەت تىلەشمەكتە. ئۇلاردىن بەزىلىرى جۈرئەت-جاسارەت بىلەن، يەنە بەزىلىرى خەۋپ-خەتەر ئەندىشىلىرى بىلەن كېچىنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئىسكەندەر ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن خىلۋەت جايغا كىردى. تۇپراق ئۈستىگە يىقىلىپ، تەڭرىگە ئاجىزلارچە يېلىنىپ زەپەر قۇچۇشنى نېسىپ قىلىشنى تەلەپ قىلدى. ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلى بۇ ئىش بىلەن پاراغەت تاپتى.

سەھەر يۇلتۇزلىرى ئۆز چىراغلىرىنى يورۇتتى. يەنە ئىككى تەرەپ قوشۇنى تەۋرىدى. ھەر ئىككى تەرەپتىن سەپ تۈزۈشكە ناغرا دۇمباقلار چېلىندى. نەيزىۋازلار نەيزىلىرىنى ئۇچلىدى. شەمشەرۋازلار جەڭ ئۈچۈن شەمشەرلىرىنى بىلىدى. ئادەملەر شۇ قەدەر دۇشمەنلەشتىكى، گويا قىيامەت قايىم بولغاندەك بولدى. ئىسكەندەر ھاجەتمەنلەرچە ئىلتىجا بىلەن خىلۋەت ئۆيىدىن ئۆز ئىشىنىڭ چارىسىنى تەڭرىدىن تىلەپ، قايتىپ چىققان ۋاقىتتا بىر خەۋەرچى شامالدەك تېز يېتىپ كەلدى. ئۇ ئىسكەندەرگە بىر مەكتۇپنى بەردى. ئاندىن:

— خىلۋەت جايدا ئوقۇپ، ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولغايسىز، — دېدى.

ئىسكەندەر مەكتۇپنى ئېچىپ ئوقۇدى. تەڭرى ئىسكەندەرنىڭ دەردىگە داۋا قىلغانىدى.

ئەلقىسسە، دارانىڭ ئىككى كىشىسى بار ئىدى. ئۇلار دارانىڭ ئورۇن باسارلىرى

www.uyghurkitap.com

ۋە مۇھىم يارەدەمچىلىرى ئىدى. لېكىن دارانىڭ زۇلمى تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆز جانلىرىدىن تويغان، بەلكى ئۆز جانلىرىنى ئۆلۈمگە ئاتاپ قويغانىدى. چۈنكى دارا ئۇلارنى قورقۇتۇپ: «مۇشۇ قېتىمقى جەڭدە غەلىبە قازانغاندىن كېيىنلا، بۇ ئىككىسىنىڭ قارارگاھىنى ئۇلارنىڭ گۆرىگە ئايلاندۇرىمەن» دېگەنىدى. شۇڭا ئۇ ئىككىيلەن بىرلىشىپ، دارانى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىگە چۈشتى:

— بىزنى ئۆلتۈرۈپ بولغۇچە بىز ئۇنىڭغا بۇرۇنراق ئۆلۈم تىغىنى ئۇرايلى، — دېيىشتى ئۇلار مەسلىھەتلىشىپ، — پۈتۈن خەلقنى ئۇنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرايلى. ئۇنىڭ زۇلۇم تىغى بىلەن ئۆلگەندىن كۆرە ئۇنى ئاۋۋال ئۆلتۈرۈپ، ئاندىن بىز ئۆلسەكمۇ ئارمىنىمىز يوق.

ئۇلار بۇ پىلاننى ئورۇنداشنىڭ قورال-ياراغلىرىنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، ئۆز پىلانى ھەققىدە مەكتۇپ يېزىپ، بىر كىشىدىن ئىسكەندەرگە ئەۋەتكەنىدى.

ئىسكەندەر ئۇ مەكتۇپنى ئوقۇپ، مەزمۇنىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، «بۇ بىر ھىيلە بولۇشى مۇمكىن» دەپ گۇمان قىلدى. ئاندىن سەۋرچانلىق بىلەن ئويلاپ كۆردى. ئاخىر شۇنداق قارارغا كەلدىكى، ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىغا جاۋاب بېرىش مۇۋاپىق ئەمەس، ئەڭ ياخشىسى خەت ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ قايتىپ تۇرغىنى تۈزۈك. ئەگەر بۇ ئىش راست بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇلىشى ئېھتىمالدىن ناھايىتى يىراق. ئىسكەندەر ئەنە شۇنداق خىيال بىلەن خەۋەرچىنى قايتىشقا پەرمان قىلدى. ئۇ كىشى ئېتىغا مىنىپ قايتىپ كەتتى.

ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى مەيدانغا كېلىپ، سەپ تۈزۈپ، جەڭگە تەييار بولدى. لېكىن ھەر ئىككىلا تەرەپتىن تېخى مەيدانغا ئادەم چۈشمەي تۇرۇپلا، دارانىڭ قەستىگە چۈشكەن ئىككى كىشى دارانىڭ ئىككى تەرىپىدىن كېلىپ، تۇيۇقسىز قىلىچ ئۇرۇپ، تىغلىرىنى دارانىڭ قېنى بىلەن بوياپ، قىپقىزىل ياقۇت رەڭگە كىرگۈزدى. ئۇلارنىڭ بىرى كېلىپ خەنجىرىنى دارانىڭ يۈرىكىگىلا تىقىپ، ھاياسىز قېنىنى تۆكتى. يەنە بىرى ئۇنىڭ بېشىغا قىلىچ ئۇردى. دارا تەختىدىن خۇددى كاتتا دەرەخ يىقىلغاندەك غۇلاپ چۈشتى. كەيقۇباد خانىدانىنىڭ چىرىغى ئۆچۈشكە يۈزلەندى. بۇ ئىش يۈز بېرىش بىلەنلا دارانىڭ لەشكەرلىرىگە سۈرەن-چوقان چۈشتى. پادىشاھىغا مۇنداق ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى كۆرگەن سىپاھلار ئالتوپىلاڭ قىلىشقا يۈزلەندى. بۇ تەرەپتە ئىسكەندەر دارانىڭ سېپىنى ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىپ ئەھۋالنى چۈشەندى-دە، ئۇلارنىڭ پىتراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن دەرھال دارا لەشكەرلىرى تەرەپكە قاراپ ئات سالدى. ئىسكەندەر كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۇ تەرەپتىكى كىشىلەر توپىغا يېتىپ باردى. ئۇ كىشىلەر دارانىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋالغانىدى. ئىسكەندەر ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىش بىلەنلا، ئۇلار باشلىرىنى يەرگە قويۇپ، ئۆز پادىشاھىنىڭ ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىشتى. ئىسكەندەر مۇرەسسە-مادارا زۆرۈرىيىتى بىلەن دارانىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ جىسمى قان ئىچىدە ياتاتتى. ئىسكەندەر دارانىڭ بېشىدا ئولتۇردى. ئۇنىڭ ھالىغا كۆڭلى بۇزۇلۇپ يىغلاشقا باشلىدى. ئىسكەندەر دارانىڭ زەخىملەنگەن بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى.

ئىسكەندەرنىڭ ياشلىرى توختىماستىن دارا-
نىڭ يۈزلىرىگە تۆكۈلدى. بۇخۇددى ھوشىدىن
كەتكەن ئادەمنىڭ يۈزىگە گۈل سۈيى
سەپكەندەك ئىش بولدى. دارامۇ بۇ ئىش
تۈپەيلىدىن نەرگىس كۆزلىرىنى ئاچتى.
ئۇ بىر قاراپلا ئۆزىنىڭ بېشىغا ئىسكەندەر-
نىڭ كەلگەنلىكىنى پەملىدى. ئۇ قىلچە
قورقماي، ۋەھىمە قىلمايلا:

— خۇش كەپسەن، — دېدى، ئاندىن
يەنە سۆزگە تىل ئاچتى، — ئەي يىگىت
پادىشاھ، جاھان يۈزىدە سەلتەنىتىڭ مۇقىم
ۋە مۇستەھكەم بولسۇن. ھېچ ئاندىن
سەندەك ئوغۇل ۋۇجۇدقا كەلمىگەن بول-
ھىيىتتى. ئۆز دۈشمىنىنىڭ قىلمىشىنى ھېچ-
كىم سەندەك ئەپۇ قىلىپ باقمىغان بول-
ھىيىتتى. مەن سېنىڭ بىلەن ھەرقانچە
دۈشمەنلەشكەن بولسام‌مۇ، ئەمما سېنىڭ
بۇ جاھاندا تەڭداشسىز ۋە يېگانە ئىكەن-
لىكىڭنى بىلگەنىدىم. شاھلارنىڭ شاھى
بولۇشقا مۇناسىپ ئىكەنلىكىڭنى سەزگىنلى
باشلىغانىدىم. بۇ جاھاندا ھېچ كىشىنىڭ
سەن قىلغان ئىشلارنى قىلالمايدىغانلىقىنى
ھېس قىلغانىدىم. سەن تەڭرىنىڭ بۇ
ئالەمدىكى كۆرسەتكەن قۇدرىتىنىڭ نىشانى-
سى. جامالىڭنى كۆرۈپ، سۆزلىرىڭنى ئاڭ-
لاشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم. قادىر
تەڭرى ماڭا ئەجەل يەتكەندە مۇرادىمنى
بېرىپتۇ. جامالىڭنى كۆرۈشكە مۇشەررەپ
بولۇپ، ئۈمىدىمنى تاپتىم. يىراق ئۆزۈمدىن
ئۈمىد قالمىغان چاغدا مېھمان بولۇپ
كەپسەن. ھازىر مېنىڭ مۇشۇ مەجرۇھ
جىنىمدىن باشقا ساڭا داستىخان سالغۇدەك
ھېچنەرسەم يوق. مۇشۇنداق ھالەتتە ساڭا
قانداقمۇ مېھماندارچىلىق قىلاي. ئەگەر
قوبۇل قىلساڭ ساڭا جېنىمنى تارتۇق
قىلاي. مېنىڭ ھازىر مېھماندارچىلىق
قىلىشقا قۇدرىتىم يوق. بەلكى مەن سېنىڭ
ئالدىڭدا بىر نەپەسلىك مېھمان بولۇپ قالدىم.

نەزمە:

بۇ سائەت نېتىپ مىزبانلىق قىلاي،
قەبۇل ئەيلىسەڭ جان فىشانلىق قىلاي.
ياڭىلدىم نېتىپ بولغامەن مىزبان،
كى خۇد مەن ساڭا بىر نەفەس مېھمان.

ھېلىمۇ ئىلتىپات قىلىپ بېشىمغا كې-
لىپسەن. بۇ قەدىمىڭدىن چەكسىز مىننەتدار-
مەن. ئەمدى ئۆز مەقسىتىڭنى بايان قىلغىن.
ئەگەر ھۆكۈمرانلىقىڭنى يۈرگۈزمەكچى بول-
غان بولساڭ، تەڭرى مەدەتكار بولۇپ،
ئىككى ئالەمنى ساڭا ئاتا قىلسۇن. ئەگەر
مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن، قەدەم رەنجى
تارتىپ كەلگەن بولساڭ، مەرھەمەت قىلىپ،
بىر نەپەس تەخىر قىلغىن. مېنىڭ ئېيت-
دىغان ئۈچ سۆزۈم بار ئىدى، شۇنى دەۋال-
غۇچە ئامانلىق بەرگىن.

ئىسكەندەر بۇشېرىن سۆزلەرنى ئاڭلىغان-
دىن كېيىن، ماتەمدارلاردەك پىغان چېكىپ
مۇنداق دېدى، نەزمە:

ساڭا مەن كەمىنە پەرەستەندەمەن،
پەرەستەندەلىق ئىچرە شەرمەندەمەن.
ئۆزۈمگە كېرەك قۇللۇغىن چاغلابان،
سېنىڭ بارگاھىڭدا بەل باغلابان.
ياقا يىرتىبان، تاجنى تاشلابان،
دېدى زار يىغلاپ بۇ سۆز باشلابان:

— ئەي تەڭرىم، — دېدى ئىسكەندەر
زار-زار يىغلاپ، — بۇ يەتتە ئىقلىمنىڭ
پادىشاھىنى ھايات قىلغايسەن. بۇ جاھان
مۇنداق پادىشاھتىن مەھرۇم قالمىسۇن.

كاشكى، ئۇنى دۈشمەنلىرىدىن خالاس قىلغان، ئۇنىڭ خائىنلىرىنى بۇ ئالەمدىن يوق قىلغان بولسامچۇ؟! ئېيتىشقا تىلىم بارمايدۇ، بۇ بۈيۈك پادىشاھ مەندىن باج-خىراج تەلەپ قىلىپ مۇخالىپ بولدى. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان ئىلتىپاتلىرىنى ئاز كۆرۈپ، بۇ ئىش غۇرۇرۇمغا تېگىپ، يۈزۈمگە پەردىنى تارتىپلا، لەشكەر يىغىپ، قارشىلىشىشقا تۇتۇشۇپتىمەن. ھەتتا داراغا قارشى جەڭ مەرىكىسىنى تۈزۈپتىمەن. لېكىن مۇنداق بولۇشىنى ئەسلا خىيال قىلمىغانىدىم. خائىنلىق قىلغان دىيانەتسىزلەر بىلەن ئەسلا سىرداش ئەمەس ئىدىم. بۇ خەۋەرنى ماڭا يەتكۈزگەن كىشىگە جازا بەرمىگەن بولسامۇ، لېكىن بۇ ئىشقا رازىلىق بەرمىگەنىدىم. ئەمدى بۇ ماجىرانىڭ يۈز بەرگەنلىكى تۈپەيلىدىن ماڭا يورۇق ئالەم قاراڭغۇ بولماقتا. شاھنىڭ يۇقىرىقى سۆزلىرىمگە ھەقىقەتەن ئىشىنىشىنى سورايمەن. شۇ تاپتا ئەگەر مۇمكىن بولغىنىدا ئىدى، ئىسكەندەر مىڭ يىللىق ھاياتى بولسىمۇ ئۇنى داراغا ئۆتۈنۈپ، ئۆزى پات پۈرسەتتە ئۆلۈشكە رازى ئىدى، — ئىسكەندەر نالە-زار قىلغان ھالدا يۇقىرىقىدەك ئۆزرىخاھلىقلارنى ئېيتتى، ئاندىن يەنە سۆز باشلىدى، — پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرى بايا ئۈچ سۆزۈم بار دېۋىدىلە، شۇنى ئاڭلاشقا ئىنتىزارمەن. ئۇنى ئىزھار قىلىپ، پېقىرنى پەرمانلىرى بىلەن بەختىيار قىلغايلا.

ۋاقتىكى، شاھ دارا ئىسكەندەردىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ شادلاندى. ئۇنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلدى. ئاندىن سۆزىنى باشلىدى:

— ئەي ئىسكەندەر، ئۈچ سۆز دېگىنىم ساڭا ئۈچ ۋەسىيەتتۇر. ساڭا كۆڭلۈم ئىلتىماسىنى بايان قىلىش نىيىتـتىم بار. ۋەسىيىتىمنىڭ بىرى شۇكى: ئىككى ئاداۋەتخور مېنى بىگۇناھ ئۆلتۈردى. سەن ئۇلارنى ئۆلتۈرۈپ، مېنىڭ روھىمنى خۇشال قىلغايسەن. گەرچە بۇنداق قىلىشتىن ماڭا ھېچقانچە نەپ يەتمىسىمۇ، لېكىن بۇ ئىشنىڭ ساڭا نىسبەتەن پايدىسى بار. يەنە بىر ۋەسىيىتىم: مېنىڭ پۇقرالىرىم ۋە لەشكەر، سىپاھلىرىمغا ئاداۋەت قىلمىغىن. مېنىڭ قوۋملىرىمنى «كەيانىيلار» دەپ ئاتىشىدۇ. ئۇلار ئىچىدە ئەمدى ساڭا دۈشمەنلىشىش قولىدىن كەلگۈدەك ئادەم يوق. ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلساڭ، ھەممىسى سېنىڭ خادىملىرىڭغا ئايلىنىدۇ، قايسى ئىشقا مايىل بولساڭ، ئۇلار سېنىڭ خىزمىتىڭدە ھازىر بولىدۇ. قەدىمدىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان خاندانىمنى ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىمنى ۋەيران قىلىپ، زىيانغا ئۇچراتمىغىن. خاتىرجەم بولغىنكى، ئۇلاردىن ساڭا ھېچقانداق خەۋپ يەتمەيدۇ. ئاخىرقى بىر ۋەسىيىتىم شۇكى: مېنىڭدىن بۇ جاھاندا رەۋشەنەك ئىسىملىك بىر قىز قالدى. ئۇ بۈگۈن مەندىن جۇدا بولدۇ. ئۇ بۇ جاھاندا كەيانىي سۇلتانلىرىدىن قالغان يېگانە نەمۇنە. كەيانىيلار تاجىنىڭ بىردىنبىر مىراسخورى ئاشۇ قىزىم ئىدى. ئۇ سەلتەنەت بەھرىنىڭ يېگانە پاك گۆھىرى، شان-شەرەپ ئاسمىنىنىڭ پارلاق يۇلتۇزى ئىدى. سەن ئۆز ھەرىمىڭنى ئاشۇ شام بىلەن يورۇتقىن، ئۇنىڭ نۇرى بىلەن كۆڭلۈڭنى شاد تۇتقىن. ئۇنىڭغا مېھىر-مۇھەببەتلىك كۆزۈڭ بىلەن باققىن، ئۇنى ئۆز نىكاھىڭغا ئېلىپ، ھەرەمخاناڭغا كۆچۈرۈپ، يېنىڭدا ئولتۇرغۇزغىن. ئۇ مېنىڭ بۇزۇلغان ئېكىنزارىمدا قېپقالغان بىر تەنها باشاق، بەلكى جىگىرىمـ

نىڭ پارىسى ئىدى. ئەمدى سەن مېنىڭ ھەرىمىمدىكى يەنە بىر پەرزەنت بول. ماڭا پەرزەنت بولۇش ئارقىلىق خەستە كۆڭلۈمگە كۈچ ۋە شادلىق بېغىشلاپ، مېنىڭ ئىشلىرىمنى داۋاملاشتۇرغىن. ئەگەر قىزىم سەن بىلەن بىللە بولسا، يەنە بىر جىگەر پارە پەرزەنت ۋۇجۇدقا كېلىپ قالار. ئۇ پەرزەنت ئاتا تەرەپتىن ئىسكەندەر نەسلىگە تۇتىشىدىغان، ئانا تەرەپتىن كەيانىي نەسەبكە ئىگە بولغان ئالىي نەسەبلىك شاھ بولۇپ قالغۇسى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پەرزەنتىمىز سەلتەنەت ۋە ئادالەت جەھەتتە ئىككىمىزنىڭ ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى مۇستەھكەملەپ، جاھاندا شان-شەرەپ ۋە كامالەت تاپسا ئەجەب ئەمەس. مېنىڭ خوشلىشىدىغان ۋاقتىم يېقىنلاپ قالدى. سەن يۇقىرىقى ۋەسىيەتلىرىمنى قوبۇل قىلىپ، بۇزۇلغان كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرغىن، بۇ دۇنيادىن مېنى ئاخىرقى قېتىم خۇشال قىلىپ ئۇزىتىپ قويغىن.

— ئەي شاھلارنىڭ شاھى، — دېدى ئىسكەندەر كۆزلىرىدىن مۆلدۈردەك ياش تۆكۈپ، — ئىتائەتمەنلىك يولدا بېشىمنى قويۇپ، ھۆكمىڭىزنى قوبۇل قىلدىم. تەڭرى ماڭا مۇۋەپپەقىيەت بەرسىلا، ساڭا بولغان ئۆز ئىخلاسىمنى ئادا قىلىپ، روھىڭىزنى خۇشال قىلارمەن.

دارا ئىسكەندەرنىڭ قوبۇل قىلغان سۆزىنى ئاڭلاپ كۆزلىرىنى يۇمدى. ماتەمدارلار داراغا مۇنداق مەرسىيە ئوقۇشتى. مەرسىيە:

ئەجەل شامى تاڭ يوق ئەگەر بولسە فاش،
كى بەھمەن كۈنىگە ئۇياتتى قۇياش.
ئەدەم بولدى قانۇنى لۇھراسىبى،
نىگۇن بولدى ئائىنى گۇشتاسىبى.
بولۇپ تىيرە كەيخۇسرەۋ ئائىن چەراغ،
سىياۋۇش ئاتى باغرىغە قويدى داغ.
ئونۇت بولدى كاۋۇس يادى داغى،
بەل ئاۋازەئى كەيقۇبادى داغى.
مەنۇ چېھرە ئەۋجىغە تۇشتى چەزەئ،
فەرىدۇن رەۋانىغە يەتتى فەزەئ.

ۋاقتىكى، دارا بۇ مەككار دۇنيا بىلەن خوشلاشتى. ئىسكەندەر ئۇنى غۇسلى تەرەت قىلغۇزۇپ، قان ۋە تۇپراقلىرىنى تازىلىدى. ئاندىن شاھانە ساندۇق ئىچىگە سېلىپ، كەيانىيچە مەپىگە قويدى. مەپىنى ھەيدەپ جەڭ مەيدانىدىن ئېلىپ چىقتى-دە، بىر پايانسىز چىمەنزار ئىچىگە ئاپىرىپ دەپنە قىلدى. ئۇنىڭ تۇپراق بېشىنى ياساپ، مەقبەرەزارلىقتا ئايلاندۇردى. ئۇ چىمەنزاردىن بېھىش نېمەتلىرى نامايان بولۇپ تۇراتتى. ئىسكەندەر پۈتكۈل لەشكەرلىرىنى شۇ چىمەنزارغا چۈشۈردى. ئۇ يەرگە پەلەكتەك چوڭلۇقتىكى كۆك چېدىرنى تىكىپ، ئۇنىڭ ئىچىدە جايلاشتى. پۈتكۈل خەلقى ئالەمگە قىرغىنچىلىقتىن ئامانلىق بەردى. ساقىينامە:

كەتۈر، ساقىي، ئول مەيىنى جانى تاپاي،
غەم ئىچرە ئۆلاردىن ئەمانى تاپاي.
ئەگەت دەۋر ئاغو بەردى داراغە پات،
سىكەندەرغە ھەم بەرمەس ئابىھەيات.
مۇغەننىي بۇ كۈن نەغمەئى چەڭگى تۈز،
ۋەلې نەۋھە ساز ئەيلەپ ئاھەڭگى تۈز.
كى دەردىمغە تارتىپ فىغان يىغلايىن،
دەمى ئۆيلەكىم شىشە قان يىغلايىن.
نەۋائى، جەھانغە ۋەفا يوقتۇرۇر،
ئانىڭ دەئبۇ رەسمى جەفا-ئوقتۇرۇر.
ۋەفا ئەيلەپ ئانىڭ جەفاسىن ئۇنۇت،
نەۋا ئىستەسەڭ بىنەۋالىقنى تۇت.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# مۇھەببەتنامە

موللا يۈنۈس

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەد سالىھھاجى

مۇھەررىردىن: يۈسۈپ ـ زىلەيخا قىسسىسى جاھان ئەدەبىياتىنىڭ دۇردانىلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن 10 ـ ئەسىردىن بۇيان شۆھرەت قازىنىپ كەلدى. يۈزلىگەن شەرق كلاسسىكلىرى تەرىپىدىن بۇ تېما نەسرىي ۋە نەزمىي يوسۇندا قايتا ـ قايتا يېزىلدى.

گۈزەل يۈسۈپ تېمىسى ئۇيغۇر شائىرى موللا يۈنۈسنىمۇ ئۆزىگە جەلپ قىلدى. ئۇ 1807 ـ يىلى «مۇھەببەتنامە» سەرلەۋھىسى ئاستىدا «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىنى يازدى. بۇ داستان 72 كىچىك سەرلەۋھىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن كىرىش قىسمىغا 13 سەرلەۋھە ئاجرىتىلغان. ئۇلار ھەمدۇسەنا، نەئت، ئەسەرنىڭ يېزىلىش سەۋەبى ۋە جامىينىڭ سۈپەتلىرىدىن ئىبارەت. يەنە 3 سەرلەۋھە ئەسەرنىڭ خاتىمىسى سۈپىتىدە يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور بۇ قىسمىدا ئەۋلادلارغا نەسىھەت قىلغان ۋە ئۆز ئەھۋالى ئۈستىدە توختالغان. قالغان 56 باب ئاساسىي ۋەقەلىكتىن ئىبارەت. داستان 9000 مىسرادىن تەشكىل تاپقان.

موللا يۈنۈس ئۆزىنىڭ بۇ داستانىنى مەشھۇر پارس ـ تاجىك شائىرى ئەبدۇررەھمان جامىينىڭ «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىغا تەقلىد قىلىپ يازغان. لېكىن موللا يۈنۈسنىڭ بۇ داستانى مۇستەقىل سيۇژىت، تىل، بەدىئىي خۇسۇسىيەت ۋە ئۆزىگە خاس ئۇسلۇبى بىلەن ئەبدۇررەھمان جامىينىڭ «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ.

مەزكۇر ئەسەر 1376 ـ ھىجرىيە (مىلادىيىنىڭ 1956 ـ يىلى) موللا مۇھەممەد ئىبنى ئىسلام ئەل ـ كاشغەرىي ئىسىملىك خەتتات تەرىپىدىن قەشقەردە كۆچۈرۈلگەن قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغان. قول يازما جەمئىي 235 بەت، ھەجمى 21·5 × 33·2 سانتىمېتىر، ھەر بېتىگە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 20 مىسرادىن ئىككى قاتار قىلىپ خەتتى فارسى بىلەن چىرايلىق كۆچۈرۈلگەن. بۇ ئەسەر كىتابخانلارنىڭ ھۇزۇرىغا تەقدىم قىلىندى.

ئىلاھا، جەۋھەرى نۇتقۇمغە جان بەر،
دىلۇ جانىمغە ئىرفاندىن نىشان بەر.
تىلىم شۇھدىن ھەمە قۇۋۋەت رەۋان ئەت،
سۆزۈم نۇقدىن قەبولى ئىنسۇ جان ئەت.
كۆڭۈلنى سۆزدە ھەردەم تازە قىلغىل،
كەلامىمنى بەلەند ئاۋازە قىلغىل.
سۆزۈمنى تاپتىم ئېرسە سافۇ رەۋسەن،
بەيانى ئەيلەيىنكىم باردۇر ئەھسەن.
بەيانى ئەمرۇ زىيبال ئېرسە مەتلۇب،
ئانىڭ ئاغازى بىسمىللاھ ئىلە خۇب.
نېكىم بار ئاتى بىرلە قىل مۇسەددەر،
ۋەگەرنى دەپدۇر ئانى شەرئى ئەبتەر.
ساڭا ۋاجىب دەر ئېرسەڭ ئەمرى زىيبال،
بۇ دەستۇر ئىبتىدا قىلماق ھەمە ھال.
خەيال ئەيلەب ھەدىسى ئىبتىدانى،
ئەدا ۋاجىب بىلىپ ھەمدۇ سەنانى.
بۇ سۆزنى ئاتى بىرلە قىلدىم ئاغاز،
سىتايىش بىرلە دەرمەن تەڭرىگە راز.
ئىلاھا، مۇستەقىم ئەتكىل تەرىقىم،
قىلىپ تەۋفىقنى ياخشى رەفىقىم.
تەلەب ۋادىسىن ئەيلەب باغى گۇلزار،
مۇرادىن نەخلىن ئەت سەر سەبز ھەر بار.
ئۇمىدىم غۇنچەسىن، يا رەب، كۇشاد ئەت،
گۇلى جاۋىد ئىلە كۆڭلۈمنى شاد ئەت.
بۇ يەڭلىغ سەبزى خەندان ئەيلە باغىم،

ئۇشۇل گۇلدىن مۇئەتتەر قىل دىماغىم.
بۇ مېھنەتخانىدا يوقتۇر مۇۋاسا،
مېنى نېئمەتلەرىڭغە قىل شۇناشا.
كۆڭۈلدىن دۇر ئېتىپ شۇغلۇ مەلاھى،
ماڭا كۆرگۈز ھەقايىقنى كەماھى.
كۆڭۈل مىرئاتىغە نۇرى سەفا بەر،
شۆز ئىقلىمىدە كۆپ نەشۋۇ نەما بەر.
كۆڭۈل گەنجىنەسىن قىلدىڭ پۇر ئەزگەنج،
كۆڭۈل گەنجىدىن ئەت تىلنى گۇھەرسەنج.
ئاچىپ تەبئىم ئىپارى نافەسىن ساف،
مۇئەتتەر قىل جەھاننى قافۇ تا قاف.
بۇ سۆزدىن خامەنى شەككەر زەبان قىل،
بۇ گۇلدىن نامەنى ئەنبەر فىشان قىل.
نې سۆزدە قالمىش ئانداغ بىر سەرەنجام،
نېكىم ئۇل نامەدىن داغى بەجۇز نام.
بۇ بەزمى پۇر فەسانە ئىچرە جايى
ئۇشۇل، نېدىن ئىشتىمەيسەن سەدايى.
ھەمە كەتمىش ھەرىفلەر بادە نۇشان،
خۇمۇ ساغەر تەھى ئەيلەپ خۇرۇشان.
بۇ بەزمى خام ئارا يوق پۇختەئىي نام،
كى بولغاي ئىلكىدە ئۇل بادەدىن جام.
كەل ئەمدى، ساقىي، تەرك ئەت ماجەرانى،
نېكىم بار دۇردى سافىي كەلتۈر ئانى.
نەچە كەلتۈرسەڭ ئانى سىپقىرايىن،
ئانىڭ يادى بىلە ئۆزدىن بارايىن.

بۇ نامەنىڭ ئىفتىتاھى ئۇل يىگانەنىڭ ئاتى بىلەكىم، مېھرىنىڭ رەۋشەن كۆزى
ئانىڭ دەريايى ەۋالىدىن بىر نەمدۇر، سىپېھرى بىۇ قەلەمۇن دەفتەرى
ئانىڭ ئاياتى كەمالىدىن بىر رەقەم.

ئانىڭ ئاتى بىلەنكىم ھىرزى جاندۇر،
سەنايى گەۋھەرى تىغى زەباندۇر.
تاپىپ كام ئىچرە تىل بۇ نامىدىن كام.
نەم ئۇل سەر چەشمەئى ئىنئامىدىن ئام.
ھەم ئۇل ئاندىن خىرەدغە كۆرسەتىپ روي،

تۆمەنىمىڭ نۇكتەئى بارىك چۇن موي.
بۇ موغە شانە قىلمىش تىل ئانى جان،
قىلىپ بۇ شانەغە دەندانە ـ دەندان.
تەئالەللاھ، زىھى قەييۇمى دانا،
قىلۇر بىر ناتەۋاننى ئۇل تەۋانا.

www.uyghurkitap.com



فەلەكنى قىلغۇچى ئۇل ئەنجۇم ئەفرۇز،
يەر ئۈززە ئەنجۇمەننى مەردۇم ئەفرۇز
بەلەندى نەقشى ئەسقەف چەرخى دەۋۋار،
ئەناسىردىن فەرازى جارى دىۋار.
چۇ گۇلدىن نافە ئەيلەر غۇنچە نافىن،
ھەلى كۇ شاھىدى گۇلبۇن گۇلدىن.
ئەرۇسى نەۋبەھارىغە قەسەبدۇز،
سەنەۋبەر قامەتىغە نەھۇفت ئامۇز.
سەر ئەفرازۇدىھى ھىممەت بەلەندئۇل،
نىگۇنسارىنەئى پۇر خۇد پىسەند ئۇل.
كەرىم بەخشايۇ رىندى بادە پەيما،
ئۇقۇبەت سازىئى پۇر تائەت ئىفشا.
ئەنىسۇ، ھەمدەمۇ شەب زىندەدار ئۇل،
رەفىقۇ مۇشفىقۇ مىسكىنۇ زار ئۇل.
بەھارى رەھمەتىدىن ئەبرى باران،
قىلۇر خارى سۇمەننى سەبزى خەندان،
ئىسىپ يەل جۇدىدىن باغى چەمەنغە،
زەر ئەفشانلىق قىلۇر ھەر ئەنجۇمەنغە.
نىكۇلار كامى شۇكرىدىن شەكەر خا،
يامانلار قەھرىدىن مەقھۇرۇ رەسۋا.
گەر ئاندىن ئايۇ كۇنغە يەتمەسە جۇد،
ئەدەم سەھنىدە ياتقاي ئىردى بىخۇد.

بارىغە مىننەتى ھەستى قىلۇر ئۇل،
ۋۇجۇدىدە ئەھەد مەۋجۇد ئىرۇر ئۇل.
فەلەكنىڭ كاخىدىن تا مەركەزى خاك،
ئەگەر يۈز يىل يۈگۈرسەم ۋەھمۇ ئىدراك.
يەر ئاستىن ئىنسۇنۇ يا كۆككە ئاغسۇن،
تامىلماس ھۇكمىدىن بىر زەررە بىرۇن.
ئانىڭ زاتىغە يادماس چۇنۇ چەندى،
دىمەك يوق ھىچ ئاگا پەستۇ بەلەندى.
ئىرۇر بىچۇنلۇغىدىن چەندۇ چۇن ھەست
بىيىكلەر ئالىيۇل - قەدر ئالىدا پەست.
ئانىڭ زاتىدە ئەقل ئاشۇفتە رايى،
يولىدا يوق تەلەبغە دەستۇ پايى.
گەر ئۇل ئۆز فەزلىدىن قىلماس ياۋۇقلۇق،
يىراقلىق ئارتۇق ئولغاي ھەددىن ئارتۇق.
زۇھۇر ئەتسە ئانىڭ سىيتى جەلالــى،
جەلالى بارگاھى لا يەزالــــــى.
مەلەك شەرمەندە ئۆز نادانلىقىدىن،
فەلەك سەرگەشتە سەرگەردانلىقىدىن.
ساگا ۋاجىبدۇر، ئەي مۇشــتى ھەۋەسناك،
ھەۋەس زەڭگىدىن ئەتكەيسەن كۆڭۈل پاك.
كىچىپ ئۆزلۈكــدىن ئولغايــسەن فەرامۇش،
فەنا كاشانەسى گەنجىدە خامۇش.

**ۋاجىبى تەئالا ۋۇجۇدى دەلائىلىنىڭ تەرتىبىنى تۈزمەك ۋە ئاندا فىكرى**
**تەئەممۇل قىلماقنىڭ تەغىبىن كۆركۈزمەك.**

دىلا، كاخى مەجازى ئىچرە تا چەند،
قىلۇرسەن خاكبازى تىفـل مانەند.
چۇ ئىردى قۇدس پەرۋەر مۇرغى جايىڭ،
بىرۇن ئىردى بۇ ئۆيدىن ئاشيانىڭ.
نې بائىس ئاشيان بىگانەدۇرسەن،
بۇ ۋەيران چۇغزىغە ھەمخانەدۇرسەن.
قاناتىڭدىن تۆكۈپ ئامىزىشى خاك،
ئۇچۇپ چىق كۇنگۇرى ئەيۋانى ئەفلاك.
قىل ئەۋزەق تەيلەسانلارنى تەماشا،

تۆكەرلەر نۇرى ئالەمغە سەراپا .
تۇتۇپدۇرلار ھەممە دەۋرى سەبا روز،
ئالىپ مەقئەدلەرىغە راھى فىرۇز.
چۇ كۆر ھەر قايىسىدا بىر جۇنبىشى خاس،
ئىرادەتىنىڭ چۇماغى بىرلە رەققاس.
بىرى مەغرىب سارىدىن يۈزلەنىپ شەرق،
بىرى مەغرىبدە ئەيلەپ كىمەسىن غەرق.
بىرىدىن گەرم ئولۇپ ھەڭگامەئى روز،
بىرىسى تۈن ئارا ھەڭگامە ئەفرۇز.

بىرىگە نەقش، گۇلۇپ ھەرفى سەئادەت،
بىرىدە سەبىت ئۇلۇپ خەتتى شەقاۋەت.
مەنازىل تەي قىلۇرلار سۇبھۇ تا شام،
بۇ جۇنبىش ئىچرە تاپماي ھېچ ئارام،
دەمى يول رەنجىدىن پەرسۇدە بولماي،
بەلى دەردى ئاياغى سۇدە بولماي.
بۇلارنى كىم بىلۇر بى ئىشتەدۇرلار،
بۇ يەڭلىغ گەرم دو سەرگەشتەدۇلار.
ھەممە تەن يۈز بولۇپ چەندان ئۇرۇپ گام،
كىمىگە يۈزلەنۇرلەر تاپماي ئارام.
دەما دەم تازە نەقش ئەيلەپ نەمايان،
ئەمەس نەققاشلىغىغە لىك شايان.
ئىنان تاكى بىرۇرسەن شەك قولىغە،
كىرىپ ھەر لەھزە ھازا رەب يولىغە.
خەلىل ئاسا يەقىن مۇلكىدە جا قىل،
سەدايى لائۇھىب ئەيلەپ نەۋا قىل.
دەھى ھەر ۋەھمۇ ھەر شەك تەركىل ئەتكىل،
رۇخى ۋەججەھتۇ ۋەجھى يەرگە قويغىل.
بارىنى تاشلاغىل، بىلگىل بۇ ھىرنى،
بۇ بىرنى ئىستەگىل، كۆرگىل بۇ بىرلى.

ئىرۇر ھەر زەررەدىن زاتىغە راھى،
ئانىڭ ئىسباتىغە سادىق گۇۋاھى.
ئىرۇر نەقشى دىلى ھەر ھۇشمەندى،
كىرەك ھەر نەقشىغە بىر نەقشبەندى.
ئەگەر مەۋ ئۇزرە چەندان ھەرف پەيدا،
قەلەمكەشسىز بولۇرمۇ ھېچ ئەلىق، با.
بۇ ۋەيرانىدە بولۇرمۇ ھېچ خىشتى،
كىم ئول بىقالىبۇ نىكۇ سىرىشتى.
ئوقۇر بولسا بۇ ھەرف، ئەي مەردى ئاقىل،
كى ھالى خىشت زىنىدىن بولمە غافىل.
ئەگەر خىشت ئۇزرە كىلكى خەت سىزىپتۇر،
كىم ئانى دەستى دانائى يازىپتۇر.
بۇ يەڭلىغ ئىن ھەممە مەسنۇئى زاھىر،
ئەمەس سانىئىغە سەن مەشغۇلى خاتىر.
چۇ كۆردۇڭ فىئلى فائىلدىن ئەسەر بىل،
ئەسەردىن كۆز مۇئەسسىردىن خەبەر قىل.
دەمى ئاخىرگە يوق ئاندىن گۇزەر ھېچ،
مەدەدكار بولغۇچى جۇز كارگەر ھېچ
ئاگا كەلتۇر ھەمە رويى ئىرادەت،
ئانىڭدىن ئىستەگىل خەتمى سەئادەت.

ئەربابى ھاجات دەستيازلىق ئۈچۈن مۇناجاتىغە قول كۆتەرمەك.

خۇداۋەندا، باربىدىن سادە ئىردىم،
فەنا قايغۇسىدىن ئازادە ئىردىم.
سەن ئەۋۋەل بىزنى يوقدىن ئەيلەدىڭ بار،
ئەناسىر قەيدىغە قىلدىڭ گىرىفتار.
زەئىف ئىردۇك ھەممە، قىلدىڭ تەۋانا،
كى نادان ئىردۇك ئەتتىڭ بىزنى دانا.
يىبەردىڭ بىزگە خۇد رەۋشەن كىتابى،
كى ئەمرۇ نەھي ئىلە قىلدىڭ خىتابى.
قىلىپ ياخشى - يامان ئىشلارنى تەخلىت،
گەھى ئىفرات قىلدۇق گاھى تەفرىت.
بۇيۇرغان يولغەكىم قويدۇم ئاياغىم،
بۇيۇرماسىغە بولۇپ جەھدى سوراغىم.

سەن ئەيلەپ مەغفىرەت قىلدىڭ ئىنايەت،
تەرەھھۇم ئەيلەبان بەردىڭ ھىدايەت.
يوق ئاندىن فەيز ئالۇرغە ھېچ مانىئ،
نى ھاسىل كۇششىم يوق ئۆتتى زايىئ.
بۇ مىيكۇششلىغىمدىن يۈزتۈمەن ئاھ،
بىرىپ تەۋفىق كۇشش قىلغىل ئاگاھ.
مەنى گۇمراھ ئىتىپ نەفسى بەد ئەندىش،
سەن ئەت ھۇسنۇ ئەمەل بىرلە نىكۇكىش.
ئوشۇل تەڭلىككە مەن بولغايمەن ئاھى،
كۇشاد ئەت رەھمەتىڭدىن، شاھ راھى.
بۇ يولدىن قىل مىنى مەۋسۇلى دەرگاھ
قىل ئاخىر دەمدە ئىمانىمنى ھەمراھ.

ئەربابى ھاجات دەستبازلىق ئۈچۈن مۇناجاتقە قول كۆتەرمەك،

مەن ئۇل دامىڭغە تۈشكەن بۇلبۇلى زار،
سىنىڭ قەيدى فۇسۇنۇڭغە گىرىفتار،
مۇھەييا قىلدىڭ ئەسبابىمنى ئاسان،
ئىلچىپ نىئمەت يولىن قىلدىڭ فەراۋان.
سەر ئەفراز ئەيلەدىڭ، ئەيلەپ كەرامەت،
بىرىپ تەۋفىقۇ زەۋقى سەجدە تائەت.
يولۇڭنى سۇرمە سا قىلدىڭ يۈزۈمغە،
غۇبارىن تۇتىيا قىلدىڭ كۆزۈمغە.
غۇبارى دەرگەھىڭ چىھرەم زىياسى،
يولۇڭ گەردى كۆزۈمنىڭ تۇتىياسى.
تىلىمنى ئەيلەدىڭ زىكرىڭغەگويا،
كۆڭۈلنى ئەيلەدىڭ يادىڭغە جويا.
خۇداۋەندا، شەكەر گۇفتارلىق بەر،
سۆچۈك سۆز بىرلە شىرىنكارلىق بەر.
يامان سۆزدىن يىراق ئەيلەپ زەبا نىم،
زەبانىم قىلماغىل، يا رەب، زەبانىم.
يازىپ خامەم ئەگەر ھەرفى خەتايى،
ماڭا ئاندىن يېتىپ چۈنۇ چەرايى.
يازىپ ھەرفى خەتاغە ئەفۋ يەكسان،
چىقارغىل بۇ كىشاكىشتىن قەلەم سان.
چىقاردىڭ ئابۇ گىلدىن خۇررەم ئەيلەپ،
ۋەفاپەرۋەر گىياھىڭدۇرمە، يا رەب.
قىلىپ يەك دىل مىسالى غۇنچەئى باغ،
نىشانىمەن دەپ قويۇپ چۈن لالە پۇر داغ.

ساڭا مايىل باشىم شەۋقۇ نەۋادىن،
ئاياغىم لايىغە پاتمىش ئىبتىلادىن.
بۇ يولدا يەك دىل ئولماق ھاسىل ئولمىش،
كۆڭۈل بۆلمەك ھۇسۇلى داغى رەنجىش.
چۇ بادامى دو مەغزى ھۇشمەندان،
تاش ئازارىنى كۆرمەس پىستە خەندان
يىمەس ئۇل پىستەئىكىم يەك دىلى نەغز،
تاش ئازارىنى چۈن بادامى قوش مەغز.
قىلىپ يۈز دانە خۇشە پەرۋەرىشلەر،
ئانىڭ ھەر بىرگە چەندان كۆپ لەت يەر.
چۇ يەتمەسدە ۋۇجۇدى يۈز تۈمەن خار،
تىكەندىن غۇنچەئى يەك دىلغە ئازار.
خۇداۋەندا، گۇناھىم بىنىھايەت،
سىنىڭ ئەفۋىڭغە يوقدۇر ھېچ غايەت.
تۈمەن خىزمەت ئەگەر باردۇر گۇناھى،
كۆزۈمدىن قان تۆكەرمەن ئەيلەپ ئاھى.
خەيالى نەقشىنى يۇرمەن يۈزۈمدىن،
ئاقار ئۇل ۋەجھىدىن قان-ياش كۆزۈمدىن.
چۇ رەسۋالىق نەزەرىنىڭ كارى بارى،
دۇ ئالەم ئابرۇدۇر ئەسكى زارى.
نەدامەتدىن ئىكى كۆزۈم ئىكى رۇد،
سەئادەتدىن شۇبۇ بەسدۇر ماڭا سۇد.
بۇ سەۋدادىن ماڭا شايەدكى سۇدى،
يېتۇر مەندىن پەيەمبەرغە دۇرۇدى.

نەئتى خاجەئىكىم، ئانىڭ ئەنگۇشتىدە خەتمىيەت ئەنگۇشتەرى ۋە ئانىڭ پۇشتىدە خاتەمىيەت مۇھرى ئەلەيھى مىنەس - سەلاتى ئەفزەلۇھا.

مۇھەممەدكىم قەلەم نامە ئۇزاتتى،
مىمىدىن ھەلقەئى تەۋقى زەر ئەتتى.
ئەدەم لەۋھى خەتى ئۇل ھەرفىدىن ھېك،
بولۇپ سەر ھەلقەئى كەۋنەين بىشەك،
خىرەدھا سىررىدىنكىم بولغاي ئاگاھ،

ھەزاران دانىش ئىلە ھاشە لىللاھ
ئاياغىن زىيىب ئېيتىپ خەلخالى دالى،
بولۇپ دىن ئەھلى باشى پايىمالى.
ۋۇجۇد ئەۋراقىدا بۇدۇر ئۇلۇغ ئات،
ئاڭا سەبقەت قىلالماي نام ھېچ زات.

دېسە بىر ھەرپ ئەگەر ئاندىن زەبانىم،
تاپار كۆڭلۈم ھۇزۇرى زەۋق جانىم.
بۇ دۇر نامى نىچۈكدۇر، ساھىبى نام
بۇ رەڭ كۆرمەي ئەزىزى جىسمى ئەيىام.
مۇكەررەم ئالەمىندىن نەسلى ئادەم،
ئىرۇر ئول ھەر مۇكەررەمدىن مۇكەررەم.
جەمىئى شاھلار سەردارى ئولدۇر،
پەيغەمبەر خەيلىنىڭ سالارى ئولدۇر.
قەدەم قويدى ئەدەمدىن ئول دەم ئادەم،
يۈزىنىڭ سۇبھى مېھرىدىن ئۆرۈپ دەم.
ۋۇجۇدى جۇدىدىن جۇدى سارى نۇھ،
كۇشايىش تاپتى چۇن راھ ئولدى مەفتۇھ.
خەلىل ئاندىن نەسىمى تاپتى ئول دەم،
ئاڭا ئوت گۇلىستاندەك بولدى خۇررەم.
مەسىھا مەقدەمىدىن بىر خەبەرگوي،
كەلىم ئانىڭ نۇرىدىن مەشئەلەجوي.
چۇ كۆردى ئىرسە يۇسۇف مېھر چاھى،
بىسىدىق ئولدى غۇلامى بارگاھى.
ئوشول دەم ئىردىكىم سالىبە شۇتۇربان،
ھەمىشە مەھمىلى يادىدا شادان.
ۋەفا بوستانىدىن ئازادە سەرۋ ئول،
سەفا گۇلزارىدىن رەئناسىدۇر ئول.
شىئارى قامەتى گەردۇن خىرامى،
لەبىندە مايەئى يۇھيىل - ئىزامى.
باشىدا سايەئى چەترى سەھاب ئەر،
بۇ چەتر ئۈستۈن مەگەر كۈن قۇببەئى زەر.
ئىشارەت تىيرى بىرلە قاشى ياسى،
ئۆرۈپ سەبىبابەئى مۇئجىز نەماسى.
ئېكى نۇن بولدى ئىمى ھەلقەئى ماھ،
جەھىلنى قىلدى شەستى ئىككى ھىيجا.

ئېلىككە تۇتماپىن، ئارى، قەلەم ئول،
خەتى شەق ئايغە ئۇردى رەقەم ئول.
يوق ئىردى خەتتى، لېك ئۇردى خەتى نەسخ
كۇتۇبلار جەمئىن ئەتتى كويىا مەسخ
خىرامان سەرۋى سايەدىنكىم ئازاد،
بۇ سەرۋى سايەسىدىن ئالەم ئاباد.
ۋۇجۇدى نەخلى ئىردى سايەدىن دۇر،
يەرۇ كۆك سايەسىندە جۇملە مەئمۇر.
تەنىغە ئىردى جانى پاك مايە
كىشى كۆرگەيمۇ جاندىن ھىچ سايە.
زەمىن ئاسا فەلەك ھەم شادۇ خۇرسەند،
ئاياغىغە يىقىلمىش سايە مانەند.
ئەگەر دۇشمەن تاشىدىن لەئل ئۈچتى،
كەفى تۇفراغىدىن بۇنيادى كۆچتى.
ئىئادى كۆزلەرى ئاندىن بولۇپ كور،
ھەم ئاندىن دىيدەئى ئىسلام پۇر نۇر.
كى ئاغزى ئىردى دۇردىن ھۇققەئى دۇر.
كى مەرجان بولدى دۇردىن ھۇققەئى پۇر.
سۇكۇنى ھىلمىدىن دىنار ئىدى ساف،
سەفاسى بۇ مەھەكدىن بولدى ئەسفاف.
ۋىقارى سەبردىنكىم ئىردى دىنار،
بۇ دىنارىغە ئول تاش بولدى مىئار.
ئاڭا بولدى مەھەك ئول دەم ئوشۇل تاش،
زۇھۇر ئەتمەي كەمال قۇدرەتىدىن تاش.
ھەمە بۇنيادى ئىمان كارى بارى،
ۋەلى دىۋارى جارى چارىيارى.
بەسى دەرد ئازمالىق قىلدى ھەريان،
كى تا ھەر دەردغە ئول قىلدى دەرمان.
ئانىڭ دەردى مېنىڭ دەردىم دەۋاسى،
غەمۇ رەنجى كۆڭلىنىڭ ماجەراسى.

ئانىڭ مىئراجى زىكرىدەكىم، ئاقتابى رەفئۇد - دەرەجات زىل - ئەرش ئانىڭدىن سايەئىدۇر. ئانىڭ قەدرى مەئارىجىداكىم، ئەرش زۇرۋەسىدىن فەرش خەسىغە بىر پايە.

ئۇنىڭى شاھىكى رەۋشەن كۈندىن ئارتۇق،
سەئادەت يار روز ئەفزۇندىن ئارتۇق.
نى شام ئىقبالى دەۋلەت كېچەسىدۇر،
سەئادەت سۇبھىنىڭ دىباچەسىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئانىڭ قەدرى مىسالىدۇر شەبى قەدر،
ئانىڭ يۈزى نىشانىدۇر شەبى بەدر.
سەۋادى سۈنبۈلى شەرمەندەسى ھۈر،
يۈزىنىڭ شۇئلەسى نۇرى ئەلا نۇر.
تارالىپ سالقىنىدىن زۇلفى سۈنبۈل،
نەۋاگوييان ھەمە ئەترافى بۇلبۇل،
سەۋابىت مىخلارىدىن چەرخ بىسيار،
ئىتىپ مەھكەم ھەمە ئەبۋابۇ ئىدبار.
بۆرىيۇ قوي ئالىپ بۇ كېچە ئارام،
گەۋەزەن، ئاھۇ بىرلە شىر ئولۇپ رام.
تەرەب ئاندىن سەھەردەك ئېردى خەندان،
بولۇپ مېھنەت كۈنى ئول تۈن گۇرىزان.
بۇ كېچە ئول چەراغى چەشمى بىنىش،
سەزايى ئافەرىنى ئافەرىنىش.
تۇتۇپ ئۆزنى يامان كۆزدىن نىھانى،
يارىپ دەۋلەت سەرايى ئىمتىھانى.
ھەرىر ئاسا بىلىپ مەھدى زەمىننى،
قويۇپ يەرگە بۇ جىسمى نازەنىننى.
كۆزىدە خابى شىرىن كۆڭلى ھۇشيار،
بۇ ئۇيقۇ تۈشىدە كۆرمەي بەختى بىدار.
بەناگاھ كەلدى ئول نامۇسى ئەكبەر،
شىباب ئەيلەبكى چۇن تاۋۇسى ئەخزەر.
قاناتىن سۈردى يەئنى: «قوپغىل، ئەي شاھ،
كى بۇ تۈن خاب ئېرۇر دەۋلەتغە ھەمراھ.
چىقار بۇ خابگەھدىن بىر زەمان رەخت،
كى ئالەم بەختى سەن بىدارغە تەخت،
ئۇرۇۋچى ئەرش ئېتەرگە بول سەبۇكبار،
كى كەلتۈردۈم بۇراقى بەرق بىسيار.
يەر ئۈزرە خۇش جەھەندە باد پايى،
ھەۋا ئەۋجى ئالۇر فەررۇخ ھۇمايى.
چۇ ئەقل فەلسەفى ئەفلاك گەرد ئول،
چو فىكر ھەندەسى گىتى نەۋەرد ئول.
ئىنانى سارى سۇنماي ھېچكىم قول،
رىكابىغە ئاياغ ھەم تاپماپىن يول.
ئوشۇل جاندەككى بار جاندىن فەزايى،
قېنىدە يوق ئانىڭ ئاسىب داغى.
كىبرەك بولسە گەر ئاخىر تۈئمە بىركۈن،
ئانىڭ شۇغلىن ئالىپ گەردۈنغە گەردۈن.
ئىگەردىن رەنجى پۈشتى نازەنىنغە،
يوق ئانداغكىم كىشىدىن پۈشتى زىنغە.
ئوشۇل دەۋلەت سەرادىن خاجەئى دىن،
خىرامان بولدى ئەزمى خانەئى دىن.
بۇ تۈن ئانداغ توقۇز گەردۈنى ھەددە،
كى سۇبھانەللەزى ئەسرا بىئەبدە.
ئۇرۇپ چۇن مەككەدىن ئول بەرقى رەفتار،
سەمەندىن سەككە ئەقساغە دىرەمدار.
يېتىپ بىر لەھزەدە ئول بەرقى كەمتەر،
سۈمى دەۋرىدىن ئۇردى ھەلقەئى دەر.
قەدەم مەسجىدغە قويدى شاھى كەۋنەين،
تەمامى ئەنبىياغە قۇررەتۇل - ئەين.
ئىمام ئولدى جەمىئى ئەنبىياغە،
ئوشۇل مەسجىددە جۈملە پىشەۋاغە.
چۇ ئاندىن چىقتى بىر فىرۇزە خىرگاھ،
كى خەيمە تىكتى مىسلى ھالەئى ماھ.
يۈزىغە قويدى چۇن داغى غۇلامى،
چىقاردى ئاندىن ئول نامى تەمامى.
قەمەرنى تاشلاپ ئۆتتى چابۇكى تىز،
ئەتارۇد فىرقىغە بولدى ئەتارىز.
چۇ ئاندىن زۇھرە سارى قىلدى ئىلغار،
ئاياغىغە يىقىلدى يىغلاپ ئول زار.
قەدەم تۆرتىنچىغە قويدى ئول ئاگاھ،
رىكابىدا يۈگۈردى مېھر چۇن ماھ.
بەشىنچى ئۆيگە ئۇزدى ئەشھەبى گام،
كى پا بوسىدىن ئالدى بەھرە بەھرام.
تۆكۈپ چۇن مۇشتەرىغە نەئلىدىن دۇر،
گۆھەردىن مۇشتى بولدى ئۇقتىدەك پۇر.
قەدەم يەتتىنچىغە يەتكۈردى ئول ئان،
زۇھەل مۇشكىللەرىن ھەل قىلدى ئاسان.
چىقىپ چۇن قەيرى ھەشتەم قىلدى مەسكەن،
سەۋابىت بولدى ئاندىن دىدە رەۋشەن.

تىل ئاچتىلار بەناتۇن ـ نەئشى پەرۋىن.
قىلۇرغە ئانچە نەزمى شىر مەدھىن.
يۈزى شەمئىدىن ئول دەم نەيير زاھىر،
ئاڭا پەرۋانە يەڭلىغ ئېردى دايىر.
چۇ سايە سەرۋى قەددىغە مۇتابىئ،
ئاياغىغە يىقىلدى نەسر ۋاقىئ.
چۇ چەرخ ئەتلەسىغە سۈردى مەركەبىنى،
پايئەندازىغە سالدى ئەتلەسىنى.
بەس ئاندىن سىدرە سارى يۈزلەنىپ چۇست،
پەرى جىبرىل ئوچماقدىن بولۇپ سۇست.
چۇ ئاندىن رەفرەف ئولدى مەركەبى شاھ،
ئاڭا يولباشچى ئىسرافىل ھەمراھ.
ۋۇجۇدىغە مۇشەررەف بولدى رەفرەف،
ئانىڭدىن ئالدى ئەرش ئولدى مۇشەررەف.
بەدەننى خۇردى يەك تاپشۇردى ئاندا،
ئەلەم بىخىرقە تەڭگى لامەكاندا.
گۈلى رەئنا چۇ قولدىن قولغە بارىپ،
بۇ توققۇز پايەدىن ئىلتىپ چىقارىپ.
بۇ دۇندىن مەركەبىن سۈردىلەر ئاخىر،
ئوشول دەرگەھكە يەتكۈردىلەر ئاخىر.
مەكانىنىڭ مەركەبىن سەكرەتتى بەشدىن،
جىھەتنىڭ مۇھرەسىن ئۆتكەردى شەشدىن.
مەكانىكى مەكاندىن يوق نىشان ھەم،
نې تەن مەھرەم ئىدى نې ئاندا جان ھەم،

قەدەم رەڭگى ھۇدۇسى جان يۇدى پاك،
ۋۇجۇد ئالايىشى ئىمكان يۇدى پاك.
دېگىل بىر قالدى بىرلىك ۋەزئى مەئدۇم،
ئەدەد مەئدۇد ئەمەسدۇر ئاندا مەۋسۇم.
ئانى كۆردىيۇ ھەق بىل رەۋيەتىنى،
نېچۈك دەپ سورماغىل كەيفىيەتىنى،
نې ئاندا چەندۇ چۇن گۇنجايىشى بار،
كى چەندۇ چۇنىنىڭ ئاندا نې ئىشى بار.
كەلامىكىم ئىشىتتى نې بەئاۋاز،
مەئەنى ئۆزرە مەئنى راز ئۆزە راز.
كى ئاندىن كامۇ تىل ئاگاھ ئەمەس ھېچ،
ئاڭا نۇتقۇ بەيان ھەمراھ ئەمەس ھېچ.
ئانىڭ دەرگەھدە ئاجىز ھەس قۇلاغى،
ئانىڭ فەھمىدە ناقىس جان سوراغى.
لىباسى فەھم ئانىڭ قەددىغە بەس تەڭ،
سەمەندى ئەقل ئانىڭ سەھراسىدا لەڭ.
مۇنەززەھ بىل ئانى گۇفتۇ شۇنۇدىن،
كېسىلگەن ياخشى بىل بۇ گۇفتىگۇدىن.
دىلا، ھەددىڭنى بىل قايىتارما ھەرسۇ،
قەدەم ھەددىن بىرۇن قويما سەرى مۇ.
سەلامەت سارى ساھىلغە قەدەم ئۇر،
بۇ دەريايى مەھالىكدىن چىقىپ تۇر.
بۇ يەردە ھېچ سۆزدىن ئۇرماغىل دەم،
سۆزۈڭنى خەتم قىل، ۋەللاھۇ ئەئلەم.

**رىسالەت بارگاھىغە ئەجزۇ شىكەستەلىك بىرلە زارى ۋە تەزەررۇئ تۈزمەك ۋە شەفائەت نۇرى ئىقتىباسىدا سەئيى ۋە تەلەب ۋادىسى تەي قىلۇر ئىھتىمامىن كۆرگۈزمەك.**

چىقارغە يەتتى غەمدىن جانى ئالەم،
تەرەھھۇم يا رەسۇلىللاھ تەرەھھەم.
ئەمەسمۇ رەھمەتەن لىلئالەمىن سەن،
نېدىن فارىغ بۇلار ئەھۋالىدىن سەن.
كۆتەر باش لالەئى سىيراب يەڭلىغ،
ئويىما نەرگىسى پۇرخاب يەڭلىغ.

چىقارغىل باش ئەگەر بۇردۇ يامالىي،
جەمالىڭ نۇرى سۇبھى زىندەگانى.
غەمۇ قايغۇ تۈنىنى ئەيلەگىل روز،
يۈزۈڭدىن كۈندۈزىنى ئەيلە فىرۇز.
كىيىپ ئەگنىڭگە ئەنبەر بۇي جامە،

قويۇپ باشىڭغە كافۇرى ئىمامە.
سالىندۇر باشدىن ئۇل گىيسۇيى ئەنبەر،
ئاپاغقە سەيردىن شال سايەئى تەر.
قىلىپ نەئلىن ئەدىمى تائىقىدىن،
شەراك ئەت رىشتەئى جانىم ئىقىدىن.
كۆزۈم فەرشى رەھىگۇدۇر قىلمە مەئيۇس،
ئىنايەت قىل چۇ ئەرش ئىقبالى پا بۇس.
قەدەم قوي ھۇجرەدىن سەھنى ھەرەمگە،
ھەرەمدىن دىيدەئى فەرقى ئۇمەمغە.
كەل ئەمدى قولداغىل ئەفتادەلەرنى،
يولۇڭغە يولدا گۇمرەھ شادەلەرنى.
غەمى ھەددىن فۇزۇن غەمخارلىق قىل،
كۆڭۈل دەردىن سوراپ دىلدارلىق قىل.
ئەگەرچە غەرقى دەريابىز گۇنەھكار،
ياتىپدۇرمەن يولۇڭدا تەشنەئى زار.
سەن ئەبرى رەھمەتى قىل گاھى گاھى،
ئوشۇل لەب تەشنەلەر سارى نىگاھى.
يىتىشسەم كاش مەن ئۇل كوھ سارى،
كۆزۈمغە سۈرسەم ئۇل كويدىن غۇبارى.
قويۇپ باش سەجدەئى شۇكرانە قىلسام،
يۈزۈڭ شەمئىغە جان پەرۋانە قىلسام.
يۈگۈرسەم رەۋزەڭ ئەترافىدا گۇستاخ،
كۆڭۈل چۇن پەنجىرە سەۋراخۇ سەۋراخ.
ھەرىمى ئاستانىڭ ياستانىپ، كاش،
كى قىلسام كۆزلەرىم ئەبرىنى فەرراش.
سۈپۈرسەم ئۇل ھەرەمنىڭكى غۇبارىن،
گەھى تەرسەم ئانىڭكى خاكى سارىن.
ئانى قىلسام كۆزۈمگە تۇتىيايى،
مۇنىڭدىن خەستە كۆڭلۈمگە دەۋايى.
كۆزۈمگە ئاندىن ئارتىپ ھەر زەمان نۇر،
كۆڭۈل داغىغە مۇندىن مەرھەمى سۇر.

تاپىپ يول مەنزىلىڭ سەرە يەسىغە،
يۈزۈمنى سۈرسەم ئالتۇن پايەسىغە.
قىلىپ چۇن سەجدە گەھ مىھرابىڭ، ئەي شاھ،
يۇسام كۆزۈم قانىدىن مەن قەدەمگاھ.
سۇتۇنلار يانىدا قەد راست قىلسام،
مەقامى راستان دەرخاست قىلسام.
جەمالىڭ ئارزۇسى داغىدىن جان،
خۇشۇ خۇررەم كۆڭۈل ھەم شادۇ خەندان.
بۇ داغى شەۋق ئوتىن ئىزھار ئېتەرغە،
كۆڭۈلدىن باقسام ئوت قەندىللەرغە.
ئەمەس خاكى ھەرىمىڭگە تەنى زار،
بىھەمدىللاھكى يۈز جان-ئاندا ئىسار.
بەسى دەرماندە قىلمىش نەفسى بەد شۇم،
كۆرۈپ دەرماندەلەرغە قىل تەرەھھۇم.
ئەگەر لۇتفۇڭ ئەمەسدۇر بىزگە ياۋەر،
گىرىفتارى ھەۋا بىز نەفسى كافەر.
خەتا يولدىن چىقارمىش بىزنى ھەر بار،
خەتامىزنى تىلەرسەن بىزگە يول بار.
كى ئەۋۋەل سىدق ئىلە بەرگەي ھەيتى،
بەس ئاندىن دىن ئىشىدە كۆپ سەباتى.
قىيامەت ھەۋلى بولسە ئاشكارا،
كى بىزنى قىلماغاي شەرمەندە رەسۋا.
بارىمىز ئىن ھەمە گۇمراھدۇرمىز،
زەلالەت چاھىدا جانگاھدۇرمىز.
ھىدايەت باشلابان ئاگاھ قىلغاي،
سېنى بىزگە شەفائەتخاھ قىلغاي.
يۈگۈرسەڭ ھەر تەرەف چۇن ئاسى ئىستەپ،
شەفائەت ۋادەسىدە ئۇممەتى لەب.
مەنى بىچارە ھالىن ئېھتىمام ئەت،
ئىشىم بۇ ئەل تىفەيلىدىن تەمام ئەت.

**ھەقىقەت جامىنىڭ سەفا ئاشامى مەۋلەۋى ئەبدۇررەھمان جاھى زىكرىدەكىم، ۋەسفى ۋىسفىغە سىغماس ۋەتەئرىفى تەئرىفغە راست كەلمەس (قۇددىسە سىررۇھۇ)**

بۇ دەۋران ئىچرە ئۇل قۇتبى ھەقىقەت،
نۇقۇشى كەشفى ئەسرارى تەرىقەت.

ھەقايىق دۇررىنىڭ كەنجىنەسى ئۇل،
مەئانى نۇرىنىڭ ئائىنەسى ئۇل.

يەتە ئەفلاك ئۆزە مۇخلىس ئاڭا ئەل،
ئاڭا يەتتە فەلەك مۇشكىللەرى ھەل.
ئاڭا مەئمەن ئەگەرچە گۇشەئى ئۇنس،
ۋەلې مەسكەن بولۇپ ھەڭگامەئى قۇدس.
كەلامى قەسرى تاقى ئەۋجى ئەفلاك،
ئاڭا يەتمەس كەمەندى ۋەھمى ئىدراك.
شەياتىنلارغە ھەرگىز ئاندا يوق جا،
ئۆرۈپ خەيلى مەلائىك پۇر سەراپا.
چۇ بولماي خىرقە بىرلە ئىختىساسى،
رىيادىن بوينىغە ئەيلەپ خەلاسى.
قولى سالسە تەۋەججۇھدىن ئەگەر باش،
يەرۇ كۆك بەرق يەڭلىغ سەيرا ئېتىپ فاش.
چىچىل سەيرىدە ئانىڭ چەرخى دەۋۋار،
قىلىپ تەيىي زەمىن تەيىي سىنجىلۋار.

فۇياشىن ياپتى ئەيلەپ پەردە پۇشى،
قارا كىلىكى چۇ پۇر ئەيلەپ خۇرۇشى.
ياساپ پەردە نىھان ئەتمەككە ھالىن،
يازىپ سەفھە، قىلىپ سەترى كەمالىن.
يىغىپ زۇلماتنى كوھى دۇۋاتى،
مەئانى چەشمەئى ئابى ھەياتى.
كىشىكىم قەترەسىدىن كامياب ئول،
قىلىپ ئۆمرى مۇئەببەد ئىكتىساب ئول.
تۇتۇپ نەزمى ئەقالىمى جەھاننى،
كەلامى نەسر قىلمىش مۇلكى جاننى.
شەھەنشاھۇ گەداغە فەيزى مەشھۇر،
گەداۋۇ شاھلار قۇللۇقدا مەسرۇر.
مەنى بىدىل ئاچاي مۇندا نېچۇك تىل،
خەسى مۇمكىنمۇ ئايغاي ۋەسفى جىبرىل.

ئانىڭ بەيانىداكىم ئىشق مۇرغىدۇركىم، جەمال ۋە ھەرقايىسى ۋەھدەت
ئاشيانەسىدىن ئۇچۇپ، مەزاھىر كەسرەت شاخسارىغە قونۇپدۇر، ئەگەر
مەئشۇقلۇق ئىززەتى خەۋاسىنىڭ غۇلۇۋسىدۇر ھەم ئاندىن
ۋە ئەگەر ئاشىقلىق مۇھەببەتىنىڭ نالەسىدۇر.

ئوشۇل خىلۋەتكى، ئالەم ئاندا نابۇد،
زەمانىكىم، زەمانى ئاندا نابۇد.
ئىكىلىك نەقشىدىن ئېردى مۇبەررا،
مەنۇ سەنلىك مەقالىدىن مۇئەررا.
ۋۇجۇدى يوق ئىدى ئاندىن نىشان ھەم،
ئەدەم كەنجىندە ئېردى پىنھان ئالەم.
جەمالىكىم مەزاھىر قەيدىدىندۇر،
ئەمەس ئول دەم ئۆزىدىن تاشقە مەنزۇر.
دىلئارا دىلبەرى ئول شاھىدى غەيب،
ئانىڭ زاتىغە ياۋماس تۇھمەتۇ ئەيب.
نې ئايىنە جەمالىغە مۇقابىل،
نې شانە تۇررەسىغە ئېردى ۋاسىل.
سەبا زۇلفىدىن ئاچماي ھېچ تارى،
كۆزى ھەم سۇرمەئى كۆرمەي غۇبارى.

نە گۇل رۇخسارىغە ھەمسايە سۇنبۇل،
نېكىم سەبزە بولۇپ پىرايەئى گۇل.
نە رۇخسارىدا ئانىڭ رەختتۇ خالى،
نې ئاندىن كۆزگە كۆرمەكنىڭ خەيالى.
قىلۇر ئېردى ئۆزىگە جىلۋەسازى،
ئۆزى ئەيلەپ ئۆزىگە ئىشقبازى.
ۋەلې رەسمى تەرىقى خۇبرويى،
ھىجاب ئىچرە مەلۇلى تۇندى خۇيى.
پەرى رو پەردەرا كەلتۇرمەمىش تاب،
زۇھۇر ئەيلەپ شىكافى رەۋزەنى باب.
نەزەر قىل باغۇ سەھرا لالەزارى،
ئېرۇر خۇررەم چۇ ھەر فەسلى بەھارى.
قىلۇر گۇل شەققەسىن زىر شەققى خارا،
جەمالىن ئەيلەر ئاندىن ئاشكارا.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كى ئۇلسە مەئنىئى مەفھۇم خاتىر،
مەئانى سىلكىدە ئۇل بولسە نادىر.
سېنى ئەيلەر بۇ مەئنى فىكرى ناچار،
بىتىپ شۆھرەت بېرۇرسەن يا بەگۇفتار.
چۇ بۇدۇر ئىقتىزايى ھۇسنى بەرجا،
بىرۇن ھۇسنى ئەزەلدىن بۇ تەقازا،
تەقەددۇس مۇلكىدىن بىرۇن قويۇپ گام،
بارى ئەلدە تەجەللى ئەيلەدى ئام.
كى ھەر ئائىنەدە كۆركۆزدى رويى،
ھەمە پەردە ئانىڭدىن گۇفتىگۇيى.
سالىپ ئەفلاك مەلەككە پەرتەۋ ئۇل ئان.
فەلەك يەكلىنى مەلەك سەرگەشتە، ھەيران.
ھەرى سۇبھۇھىلار چۇ يايى سۇببۇھ،
كى مەست بىخۇد ئۇل گويايى سۇببۇھ.
بارى غەۋۋاس دەريايى فەلەك فۇلك،
چىقارىپ غۇلغۇلى سۇبھانى زىل ـ مۇلك.
بۇ پەرتەۋ شۇئلەسىدىن گۇلغە نۇرى،
تۇشۇپ گۇلدىن داغى بۇلبۇلغۇ شورى.
بۇ ئوتدىن شەمئ چۇن ياندۇردى رۇخسار،
ھەر ئۇتدا ئۆرتەدى پەرۋانە بىسيار.
ئالىپ كۇن نۇرىدىن بىر زەررە تابى،
چىقاردى مۇنچە نامى ئافتابى.
يېتىپ لەيلىغە ئاندىن لەمئەئى نۇر،
سالىپ مەجنۇنغە ھەردەم ئىشقى يۇزشور.
لەبى شىرىن بولۇپ ئۇل دەم شەكەررىز،
كېتىپ پەرھاددىن جان‌ە ھۇشى پەرۋىز.

مەھى كەنئان سالىپ ھۇسن ئەۋجىدىن تاب،
زىلەيخا ھۇشى مەھۋى سەبرى ناياب.
بارىدا جىلۋەگەر ئانىڭ جەمالى،
بۇ نەۋئ ئىزھار ئېتىپ ھۇسنۇ كەمالى.
بۇ بارى پەردەئى پەردەنىشىن ئۇل،
كۆڭۈللەر سەيدىغە قىلغان كەمىن ئۇل.
كۆڭۈل ئىشقدىن ئەيلەپ زىندەگانلىق،
تاپار جان ئىشقى بىرلە كامرانلىق.
كۆڭۈلكىم ئاشقى خۇبانى مەھۋەش،
ئانىڭ ئىشقىدا دائىم خاتىرى ھۇش.
غەلەتدۇر دېمەگىل ئىشقى مۇھەببەت،
ئانىڭدا ئىلتىفاتۇ بىزدە خىزمەت.
بۇ يەكلىنى ئىشق بەشدۇر نىكۇ نادىر،
ئانىڭدىندۇر ۋەلى بۇ سەندە زاھىر.
چۇ سەن ئائىنە ئۇل ئائىنە ئارا،
ھەمە پۇشىدە سەن ئۇل ئاشكارا.
تەئەممۇل بىرلە باق ئائىنە ھەم ئۇل،
نې تەنھا كەنج ئۇل كەنجىنە ھەم ئۇل.
بۇ مەيداندا مەنۇ سەن ھېچ بىكار،
سەنۇ مەنلىك ھەمە بىھۇدە بىكار.
بۇ سۆز پايانى يوق بول ئەمدى خامۇش،
شۇزۇڭدىن، بەل ئۆزۈڭدىن ئۇل فەراموش.
مۇھەببەت يولغە كىر ئەرتەۋۇ كەچ،
مۇنىڭسىز گۇفتىگۇ ھېچۇ ھەمە ھېچ.

ئىشق فەزىلىتى نەخلىنى تەقرىر ۋە بەيان باغچەسىدە جىلۋە قىلدۇرەاق
ۋە كىتاب نەزمىنىڭ سەبەبىنىڭ ئاغازى شاخچەسىن ئاگا ئۇلاشتۇرماق

كۆڭۈلكىم ئاندا يوقتۇر ئىشق داغى،
كى دەردى ئىشقدىن باردۇر فەراغى.
كۆڭۈل دېمە ئانى جانسىز جەماد ئۇل،
ئەگەر جان بولسە جانى بەدنىھاد ئۇل.
دېمە ئانى كۆڭۈلكىم دەردى يوقدۇر،
كى دەردى ئىشقدىن رۇخ زەردى يوقدۇر.
تەنىكىم دەردى دىل يوق مەھزى دىۋار،

قىل ئۆزنى ئىشق دەردىغە گىرىفتار.
دىلا، بولغىل سەراسەر ھەمدەمى ئىشق،
ئەجايىب ئالەمىدۇر ئالەمى ئىشق.
غەمى ئىشق ئۆلمەسۇنكىم ھېچ جاندىن،
تەنىكىم ئىشق يوق يېتسۇن جەھاندىن.
بۇ سەۋدادىن فەلەك سەرگەشتە ھەيران،
بۇ غەۋغادىن جەھان پۇر فىتنە ھەريان.

ئەسىر ئول ئىشقغە بولغايسەن، ئازاد،
غەمنى جانغە قوي تا بولغاسەن شاد.
فەنا ئۆزلۈكدىن ئەيلەر بادەئى ئىشق،
ھىدايەتدۇر سەرايى جادەئى ئىشق.
بۇيىدىندۇر ھەمە گەر مەيىي مەستى،
بۇيىدىن ئۆزگە ئىشدۇر خۇد پەرەستى.
بۇ داغ ئولغان كۆكۆللەر تازە بولدى،
كى زىكرىدىن بەلەند ئاۋازە بولدى.
ئەگەر مەجنۇن بۇ مەي نۇش ئەتمەس ئىردى،
ئانىڭ ئاتىنى ھىچكىم تۇتماس ئىردى.
تۈمەنىڭ ئاقىلۇ فەرزانە كەتمىش،
ۋەلې ئول ئىشقدىن بىگانە كەتمىش.
نە قالمىش نام ئالاردىن نې نىشانى،
زەمانە ئىلكىدە نې داستانى.
نى رەئنا مۇرغكىم باردۇر ھەزاران،
ئانىڭ زىكرىنى قىلماس خەلق چەندان.
دەر ئىرسە ئەھلى دىل ئەفسانە ھەر بار،
دىگەي پەرۋانەئى بۇلبۇلدىن، ئەي يار.
ئەگەر قىلساڭ تۈمەن ئىش ئازمايىش،
بىرۇر ئىشق ئۆزلۈكۈڭدىن خۇد رەھايىش.
مەجازى بولسە ھەم قىل ئۆزنى ئاشىق،
ھەقىقەتغە بۇدۇر ھادىيۇ لايىق.
بىلىنمەي تا «ئەلىف»، «با» ئەۋۋەل، ئەي جان،
دىگىل مۇمكىنمۇدۇركىم دەرسى قۇرئان.
ئىشىتتىم كەلدى پىرىغە مۇرىدى،
مۇرادى نەقدىدىن ئەيلەپ ئۇمىدى.
ئاگا بولغاي مەگەر پىرى كەبىر ئول،
سۇلۇكىدە ھەم ئولغاي دەستىگىر ئول.
بار، ئەۋۋەل ئىشق كويىدا يۈگۈر زار،
كېلىپ ئاندىن بۇ ئىشقە بول سەزاۋار.
كىم ئەۋۋەل ساغەرى سۇرەت دەمى نۇش،
ئۇرۇۋسى مەئنىغە بولماس ھەمئاغۇش.
دىمىش ئول شەھرىيارى كىشۋەرى ئىشق،
قىلىپ ئىشقغە فەخر ئول سەرۋەرى ئىشق.
بۇ جامى ئىشق نۇش ئەيلەپ تەمامى،
مەگەر مۇندىن دىمىش ئاتىنى جامى.
بىھەمدىللاھكى، تا بۇ دەير ئارا بار،
مەن ئىردىم ئىشق يولىدا سەبۇكبار.
كۆرۈپ دايە ۋۇجۇدۇم مۇشكىن، ئەي غەم،
مۇجەررەد نافەئى مادەردىن ئول دەم.
كېسىپدۇر ئىشق تىغى بىرلە نافىم،
كى ئىشقىم سىدقىدە يوقتۇر كەزافىم.
ئانام ئاغزىمغە كىم ئەمچەك سالىپدۇر،
جىگەر خۇنخارەسىدىن سۈت بېرىپدۇر.
بۇ دەم چۇن شىير ئىرۇر ساچىمنىڭ ئاقى،
ھەنۇز ئول شىير زەۋقى جاندا باقى.
ئەمەس ئالەمدە شۇغلى ھىچ چۇن ئىشق،
ماگا ئەيلەر دەما دەم بۇ فۇسۇن ئىشق.
كى ئاشىقلىقدە بولدۇڭ ئاقىبەت پىر،
بۇ نەۋئ ئۆلمەكدە قىلمە ھىچ تەقسىر.
بەيان ئەت ئىشقدىن بىر داستانى،
كى قالغاي مەندىن ئاخىر بىر نىشانى.
زىھى كىلكىڭ يازىپ نەقشى نىگارى،
سېنىڭ ئورنۇڭدا قالغاي يادگارى.
ئىشىتتى بۇ ھۇدادىن ئىشقدىن گۇش،
يۈگۈرۈپ چىقتى ئىستىقبالىغە ھۇش.
دىلۇ جان بىرلە مەن فەرمان نەر ئولدۇم،
چىقاردىم رەسمى نەۋ سەھرادا ئولدۇم.
ئىشىم بۇدۇر خۇدادىن بولسە تەۋفىق،
نەسىبىم بولسە داغى جامى تەھقىق.
كۆكۆل سوزىدىن ئانداغ نۇكتەرانلىق،
قىلاي، ئۆرتەنسۇ رەختى نۇكتەدانلىق.
سالاي بۇ گۇنبەزى دەۋۋارغە دۇد،
كەۋاكىب كۆزلەرىدىن قايناسۇن دۇد.
بېرەي سۆز پايەسىغە ئانچە تەزيىن،
فەلەك ئەھسەنت ئوقۇپ فەريادى تەھسىن.

www.uyghurkitap.com



سۆز فەزىلەت جەمەنىدىن دەشنەئىي گۈل ئۈزدۈرمەكى ۋە كىتاب نەزمى
سەبەبىنىڭ ئىتمامى رىشتەسى ئاڭا چۆركۆەك.

كىتابى ئىشقىنىڭ دىباچەسى سۆز،
بەھارى ئىشقىنىڭ نەۋبادەسى سۆز.
خىرەدغە سۆز كەبى يوق كارۇ بارى،
جەھانغە ھەم يوق ئانداغ يادگارى.
نىكىم ئالەمدە نەۋ-كوھنەئى پەيدا،
خىرەدمەند ئالىدا سۆزدىن ھۇۋەيدا.
قەلەمغە كافۇ نۇندىن سۆز دەم ئۇردى،
ۋۇجۇد ئەۋراقىغە ئول دەم يۈگۈردى.
قەلەم قافىغە چۇن كاف ئولدى مەۋجۇد،
ئاچىلدى يولدا فەۋۋارەئى جۇد.
جەھان ئەھلىنىم، ئول بالاۋۇ پايەت،
ئوشۇل فەۋۋارە جۇشىدىن ئىرۇرمەت.
بۇ جۇششىدىن ئەگەر لەب قىلسە جۇنبىش،
مەئانى گۈلشەنىدىن بىر گۈل ئۈنىمىش.
تۇتۇپ بادى نەفەس ئىلكىنى ئول ئان،
ئالىپ چىقمىش بۇ گۈلشەندىن خىرامان.
يول ئەتسە ناگەھ ئول دەرۋازەئى پۇش،
ئاياغىغە يىقىلغاي ھۇشۇ مەدھۇش.
يۈگۈرگاي خاتىر ئىستىقبالىغە جۇفت،
كەنار ئەتكەي كۆڭۈل ھەم غۇنچەتەك رۇست.
كى ئەيلەر شادلىقدىن شادۇ خەندان،
گەھى غەمدىن قىلۇر كۆزلەرى گىريان.
لەبى مەھزۇنغە چەندان كۈلكۈ ئاندىن.
دىلى خۇررەمغە يۈز مىڭ قايغۇ ئاندىن،
كۆرەرمەن ئاندا بۇ سۇنھى ئىلاھى،
زۇھۇر ئەيلەپ بۇ نەۋئى ئاسار شاھى.
بۇ نەۋئى ئانى ئەزىمۇش-شەئن كۆرەرمەن،
مەئازەللاھ كۆڭۈل ئاندىن ئۈزەرمەن.
بۇ مەي شۇغلىغە بۇ دەم بولدى ئىلھام،
قىلاي شۇغل ئەمدى ئىلكىمگە ئالىپ جام.
مەن ئانداغ فاش ئېتەي رازى نىھانىنى،
قىلاي خەندانۇ گىريان بۇ جەھانىنى.

كوھەندۇر قىسسەئى شىرىنۇ خۇسرەۋ،
ياڭى شىرىندىن ئەيلەي قىسسەئى نەۋ.
تۈگەشتى نەۋبەتى لەيلىيۇ مەجنۇن،
يەنە بىردىن قىلاي ئالەمنى مەجنۇن.
قىلاي تەبئىمنى تۇتىدەك شەكەر خا،
جەمالى يۇسۇفۇ ئىشقى زىلەيخا.
دېدى ھەق قىسسەلەردىن ئانى ئەھسەن،
دەي ئەھسەن ۋەجھ ئىلە مەن سۆزنى رەۋشەن.
ئاڭا بولسە گۇۋاھ ئاياتى قۇرئان،
ئانىڭ كىزبىغە يوقدۇر ھەرگىز ئىمكان.
كۆڭۈل ناراستىدىن خاشاك خۇرسەند،
دېسەڭ خۇد گەرچە ئانى راست ماننەند.
بولۇرمۇ راستلىقدىن سۆزگە زىيۋەر،
كى نەۋ سۆزدۇر جەمالى ماھى ئەنۋەر.
نىدىن يوق سۇبھى ئەۋۋەلنىڭ فەراغى،
كى يالغان لافنىڭ يوقدۇر دىماغى.
دەم ئۇردى راستلىقدىن سۇبھى سانى،
ئەلەم ئول تىكتى زىبيەن ئاسمانى.
دېسەڭ چەندان سەنايىئ بىرلە يالغان،
فۇرۇغ ئالماس چەراغىڭ ھەرگىز، ئەي جان.
قەبىھۇ بەدنەماغە تىكسە دىبا،
بولالماس زىشت دىبا بىرلە زىبا.
تۇمەن زىۋەر بىلە زىشت ئولماغاي خۇب،
زەرۇ زىۋەر پەرى رۇخلارغە مەرغۇب،
كېرەك گۈلگۈنە گۈل رۇخسارەلەرغە،
قىلۇر ھۇسنىن فۇزۇن مەھپارەلەرغە.
ئەگەر گۈلگۈنە سۈرسە دىۋە چېھرە،
ئاڭا يوق تىيرەلىكدىن ئۆزگە بەھرە.
چۇ يۇسۇفدەك يوق ئېردى ھېچ مەھبۇب،
جەمالى خۇبلاردا بارچەدىن خۇب.
يوق ئېرسە خۇبلاردىن سانى-ئەۋۋەل،
دېگەيلەر يۇسۇفى سانى تەمام ئەل.

زىلەيخادەك يوق ئىردى ھىچ ئاشىق،
بارى ئۇششاقلاردىن ئىردى فايىق.
ھەمە ئىشق ئىردى ئانىڭ كارۇ بارى،
تۈنۈ كۈن كارۇ بارى ئاھۇ زارى.
شەھەنشەھلىقدە ئىردى ۋەرزىشى ئىشق،
گەداۋۇ بەندەلىكدە ھەم ئىشى ئىشق.
چۇ بولدى ئىرسە پىرى ناتەۋان ئول،
ياڭى باشدىن يەنە بولدى جەۋان ئول.
قەدەم ئىشقى ۋەفادىن ئۇرمادى كەم،
بۇ ئىردى زار بولدى ئۆلمەكى كەم.
قىلاي مەن بۇ ئىكەۋدىن بىرنەچە سۆز،
زىدزا بىرلە ئىشىتسۇن ياتۇ ھەم ئۆز.
ئالىپ خامە قولۇمغە نامە ئەيلەي،

دۇر ئەفشانلىق بىلە ھەڭگامە ئەيلەي.
نې تەقدىكىم بۇزەردىن ئەيلەسەم خەرج،
كى ھىكمەت بىرلە كەنجى ئەيلەسەم دەرج.
ئۇمىدىم ئولكى، ئاگەھ نىك نامى،
ئوقۇپ كۆرگەي بۇ نامەدىن كەلامى.
جىگەرنى قىلغاي ئاندا بىر نەزەر ھەرف،
ئوقۇغاي بۇ «مۇھەببەتنامە» دىن ھەرف.
يۈزىن مەندىن ئۆگۈرمەي نامە يەگلىغ،
ئىلىك ھەرفىمغە ئۇرغاي خامە يەگلىغ.
مۇبادا كۆرسە سەھۋى يا خەتاسى،
ئاڭا يەتكۈزمەگەي چۇنۇ چەراسى.
قولىدىن كەلگەنىچە بەرگەي ئىسلاھ،
ۋەگەرنە قىلماغاي بەزم ئىچرە ئەۋزاھ.

**يۇسۇفنىڭ جەمالى شەمئىنى غەيب شەبىستانى بەزمىدە جىلۋە بەرمەك ۋە ئادەمنىڭ كۆڭلى پەرۋانەسىنى ئانىڭ فۇرۇغى مۇشاھەدەسى بىرلە كۆيدۈرمەك.**

مەئانى بەھرىنىڭ گەۋھەرشۇناسى،
تەۋارىخ ئىلمىنىڭ مۇئجىز نەماسى.
جەھان تەئرىخىدىن قىلدىلار ئاغاز،
خەبەر بەردىلەر ئادەمدىن ئاچىپ راز.
ئاچىپ ئالەمغە ئادەم چەشمى بىينا،
ئاڭا قىلدىلا نەسلىن ئاشكارا.
پەيەمبەرلەر سەفىن قىلدى تەماشا،
تۇتۇپ ئۆز رۇتبەسىدە بىر-بىرى جا.
سۇفۇفى ئەنبىيانى بىكەمۇ كاست،
مەتابىئلىق مەقامىدە تۇرۇپ راست.
يەنە كۆردى گۇرۇھى پادىشاھنى،
كى تاجۇ تەختۇ شەۋكەت بىرلە ئانى.
تۇرۇپ سەف-سەف يەنە ئۆزگە خەلايىق،
زىھى پەستۇ زى خۇش تەدبىر لايىق.
نەزەر قىلدى بۇ مەجمەئ سارى ئادەم،
تەماسا قىلدى بىر-بىر ئانى ئول دەم.
كۆزى تۈشتى يۇسۇفغە گويىيا ماھ،
مەھ ئىرمەس، مىھر ئەۋجى ئىززەتى جاھ.

جۇدا ئول جەمئدىن سەرۋى چەمەندەك،
سەرئەفراز ئاندا شەمئى ئەنجۇمەندەك.
ئاڭا نىسبەت جەمالى خۇبلار گۇم،
كى خۇرشىد ئالدىدا ئانداغكى ئەنجۇم.
چۇ ئۆشىندە رىدايى دىلرەبايى،
شەھەنشەھلەر پىدائى خاكى پايى.
كەمالى ھۇسنىغە ئەندىشە يەتمەس،
خەيالۇ ئەقلۇ فىكرۇ پىشە يەتمەس.
لىباسى ئىگنىدە لۇتفى ئىلاھى،
باشىدا تاجى فەررى پادىشاھى.
جەبىنىدىن سەئادەت سۇبھى زاھىر،
يۈزى تۈن ئىچرە كۈندۈزگە مەزاھىر.
پەيەمبەرلەر ھەمە جەمئى پەرەھناك،
كۇدۇراتى تەنى جىسمانىدىن پاك.
ھەمە ئەرۋاھى قۇدسى بىكەمۇ كاست،
ئەلەم تارتىپ تەمام ئاندا ئاچىپ راست.
بۇ مىھرابى جەھانۇ مىھر قەندىل،
پۇر ئەز سەۋتى سەدايى زىكرۇ تەھلىل.

بۇ جاھۇ شەۋكەتىدىن ئادەم ئۇل ئان،
تەئەججۇبلار قىلىپ چۇن دېدى پىنھان:
«بۇ، يا رەب، قايسى گۇلشەننىڭ گۇلىدۇر،
نې گۇلشەن بۇلبۇلىنىڭ غۇلغۇلىدۇر؟
ئاڭا بۇ ئىززۇ پەررى شاھى قاندىن،
ئانىڭ مۇنداغ جەمالۇ جاھى قاندىن؟»
سۇرۇشى غەيب قىلدى مۇنداغ ئاگاھ:
«كى بىلگىل،قۇررەتۇل - ئەينىڭدۇر ئۇل شاھ،
چۇ يەئقۇب باغىدىن نەۋرەس نىھالى،
خەلىل سەھراسىدىن رەئنا غىزالى.
ئۆتەر كەيۋاندىن ئانىڭ ئىززۇ جاھى،
زەمىنى مىسر بولغاي تەختىگاھى.
يۈزىدىن ئانچە ھۇسنىكىم ئەياندۇر،
سەراسەر رەشكى خۇبانى جەھاندۇر.

ئۇشۇل دەم مەنكى ئىھسان ئىشكىن ئاچتىم،
ئەتايى بىنىھايەت ئەلگە ساچتىم.
ئاڭا بۇ ئالتە ھەسسە خۇبلۇقىدىن،
بېرىلدى تۆرتىنى مەھبۇبلۇقىدىن.
تەمامى دىلرەبالار ھۇسنىكىم بار،
بۇلارگە بىر، ئاڭا دۇ بەخشش، ئەي يار،
قىلۇرغە چۇن پەرى رۇخلارنى مەنسۇخ،
جەمالىن ئاشكارا قىلسە ئۇل شوخ،
بارى ھۇسنىغە كەلتۇرسەڭ مىسالى،
كۆرۈنگەي سۇلس ئاڭا نىسبەت جەمالى.»
ئۇشۇل دەم سىينەسىغە ئالدى ئادەم،
بۇ فەرزەندىدىن ئولدى شادۇ خۇررەم.
سەنا ئايتىپ دۇئا قىلدى بەيەكبار،
كۇلۇپ رۇخسارىغە ئۆپتى پەدەرۋار.

**يۇسۇفنىڭ جەمالى نىھالىنى غەيب بەھارىستانىدىن شەھادەت باغىستانىغە كەلتۇرمەك ۋە ئانى زلەيخانىڭ كۆڭلى ھەۋاسى ۋە يەئقۇبنىڭ كۆزلەرى جۇيبارىنىڭ ئەبرلەرى بىرلە پەرۋەرىش قىلىپ كامالىغە يەتكۇرمەك.**

بۇ نەۋبەتكەھدە ھەركىم تاپتى قۇدرەت،
چالۇر ئۆز نەۋبەتىدە كۇسى رەفئەت.
بولۇر ھەر دەۋر بىر مەئنى زۇھۇرى،
ھەراسىدىن جەھانغە ئۆزگە نۇرى.
تەغەييۇرسىز بۇ ئالەم تۇرسە يەكسان،
كۆپ ئەنۋار ئاندا قالغاي ئېردى پىنھان.
ئەگەر كۇن بولماسا گەردۇن ئارا گۇم،
بولۇر بىرەۋنەقى بازارى ئەنجۇم.
چەمەن رەختىن زىمىستان ئارى قىلماس،
بەھار ئاسارىدىن گۇللار ئاچىلماس.
چۇ ئادەم كەتتى بۇ مىھرابگەھدىن،
ئانىڭ مىھرابىدا شىس ئولدى تەئيىن.
كېتىپ چۇن شىس ئاندىن قىلدى ئىدرىس،
بۇ تەلبىسخانەرا ئاغازى تەلبىس.
بەس ئىدرىس ئولدى ئاندىن ئاسمانى،
كى نۇھ ئولدى بۇ دەيىمن پاسبانى.

فەنا تۇفانىدا غەرق ئولدى چۇن نۇھ،
بۇ باب ئولدى خەلىلۇللاھغە مەفتۇھ.
ئانىڭ خانىدىن ئولدى خالى ئافاق،
بۇ نېئمەتغە سەزاۋار ئولدى ئىسھاق.
ئەدەم گەنجىدە ئۇل ھەم بولدى مەھجۇب،
جەھانغە بولدى پۇر گۇلباڭى يەئقۇب.
بۇ ئىشغە چەكتى چۇن يەئقۇب كۆپ جان،
كېلىپ شام ئۆلكەسىدىن جەددى كەنئان.
چۇ كەنئان مۇلكىدە شاد ئېردى خۇرسەند،
ئاڭا كۆپ بولدى ئاندا مالۇ فەرزەند.
قويى ھەددىغەكىم يوق ئېردى غايەت،
بولۇپ مۇرۇ مەلەخدىن بىنىھايەت.
ئوغۇل يۇسۇفدىن ئۆزگە ئون بىر، ئەي يار،
ۋەلې يۇسۇفغە ئېردى مىھرى بىسيار.
ئۇشۇل كۇن تۇغدىكىم يۇسۇفنى مادەر،
يۈزى ئېردى تالۇن ئايغە بەرابەر.

كۆڭۈل بوستانىدىن نۇرى نىهالى،
دىلۇ جان ئاسمانىدىن ھىلالى.
خەلىلۇللاھ گۈلىدىن تۇرفە رەئنا،
قەبايى نازۇكى قەددىغە زىبا.
تۇغۇپ ئىسھاقدىن پەرخۇندە ئەختەر،
ھەمە ئافاق ئولۇپ ئاندىن مۇنەۋۋەر.
ئاچىلدى لالەئى گۈلباغى يەئقۇب،
ھەم ئاندىن مەرھەمۇ ھەم داغى يەئقۇب.
غىرالىكىم فەرەھ ئەفزايى كەنئان،
بولۇپ رەشكىن قۇبان سەھرايى كەنئان.
ئاناسى تا بار ئېردى جان تەنىدە،
سۈتى ئاتقى ئانىڭ شەككەر لەبىدە.
چۇ كۆردى ئېرسە ئوغلىنى دۇ سالە،
ئاڭا بولدى ئەجەل زەھرى ھەۋالە.
ئانادىن قالدى بۇ دۇررۇ سەمەنى،
نېچارە تارتماي بارى غەمنى.
كەرەم بەھرىدىن ئول دۇررى گىرامى،
يەتىم قالدىيۇ ئايرىلدى نىزامى.
ئاتا كۆردى بۇ گەۋھەر جانى زارىن،
سەدەف قىلدى ئاتاسىنىڭ كەنارىن.
بەس ئاندىن ئەممەسى بۇ ئىشىغە نازىش،
قىلىپ كۆپ پەرۋەرىش ئەيلەپ نەۋازىش.
قەدى دىلجويۇ خۇش رەفتار بولدى،
لەبى لەئلى شەكەر گۇفتار بولدى.
ئاڭا بەند بولدى ئاخىر ئەممە مەيلى،
دىلۇ جانىن قىلۇر ئېردى تۇفەيلى.
چۇ بولدى ئەممە مېھرى ھەددىن ئارتۇق،
زەمانى ئايرىلۇرغە تاقەتى يوق.
كى ھەر تۈن سىينەسىدە ئېردى جاندەك،
ھەمە كۈن كۆزدە خۇرشىدى جەھاندەك.
ئاڭا ئېردى پەدەر ھەم ئارزۇمەند،
خەيالى قەيدىغە كۆڭلى قۇشى بەند.
كىشى كۆڭلىدە تاپماي ئاندىن ئۆزگە،
كۆزۈنمەي بەلكى ئاندىن ئۆزگە كۆزگە،
قاراقى بىزلە ئېردى كۆڭلى غەمگىن،
بىرەر كۆرمەكدە تاپماس ئېردى تەسكىن.
بۇ ئېردى قەسدىدە فىكرى شەبۇ روز،
قاشىدا بولغاي ئول ماھى دىل ئەفرۇز،
دېدىكىم شاھەرىغە: «ئەي ۋەفادار،
بۇ گۈلغە بۇلبۇلى جانىم گىرىفتار،
فىراقى مېھنەتىغە تاقەتىم يوق،
ۋىسالى دەۋلەتىغە قۇدرەتىم يوق.
بۇ دەۋلەتنى ماڭا قىل سەن مۇيەسسەر،
جەمالى شەمئىدىن كۆڭلۈم مۇنەۋۋەر.
خەلاس ئەتكىل بۇ ھىجران مېھنەتىدىن،
خۇش ئەت كۆڭلۈم ۋىسالى دەۋلەتىدىن.
يىبەرگىل ئانى خىلۋەتكە ھەمە تىز،
بۇ مېھرابى نىيازىم قىل شەكەررىز.»
ئىشىتتى خاھەر ئول سۆزنى دېدى: «خۇش»
قەبۇل ئەتتى بەزاھىر تۇردى خامۇش.
ۋەلې ئول قىلدى پىنھان ھىيلەئى ساز،
كى تا يەئقۇبدىن ئالغاي ئانى باز.
ئاڭا ئىسھاقدىن قالغان كەمەربەند،
قولىدا ئېردى ئانىڭ مۇددەتى چەند.
نەفىسۇ قىيمەتى ئېردىيۇ نازۇك،
ئاتاسىدىن ئاڭا قالغان تەبەررۇك.
چۇ يۇسۇفغە ئانى باغلاپ نىھانى،
ئاتاسىغە يىبەردى چۇست ئانى.
نىھانى باغلاپ ئانداغ ئەيلەدى راھ،
كى ئاندىن يۇسۇف ئولماي زەررە ئاگاھ.
ئىبەردى بۇ سىفەت يەئقۇب سارى،
ۋە لېكىن يوق ئىدى ئانسىز قەرارى.
بۇ يەڭلىغ رىشتەئى تەدبىردىن ئالدى.
بەس ئاندىن خەلق ئارا ئاۋازە سالدى؛
«كەمەر بەندىم يوق ئولدى خانۇماندىن!»
تۇتۇپ كۆرسە ھەر كىمنى بۇ گۇماندىن.
بۇ بىرنىڭ ئەگنىن ئىستەپ ئاختارىپ چۇست،
يانا بىرگە كېلۇر ئېردى باقىپ رۇست.
چۇ نەۋبەت ئاخىرىن يۇسۇفغە كەلدى،
كەمەرنى تاپىپ ئاندىن تارتىپ ئالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئۇشۇل ھەيىن كىمسە بولسە ئەھلى ئىسلام،
شەرئەتكە ئاگا بۇ ئېردى ئەھكام.
كى ھەركىم دوزلۇق بولسە ئاگا ھال،
ئەسىر ئەتكەي ئانى بۇ ساھىبى ھال.
بۇ تەزۋىرى بەھانە بىرلە ئانى،
يانا كەلتۈردى ئۆيىگە رەۋانى.
جەمالى بىرلە ئېردى مۇددەتى شاد،
ئەجەل يەتتىيۇ ئۇمرىن قىلدى بەرباد.
بولۇپ يەئقۇب ئاگا خۇررەم چۇ گۇلشەن،
كۆزى دىيدارىدىن ھەر لەھزە رەۋسەن.
تاپىپ ئول قىبلەئى مانەندى يۇسۇف
بارى فەرزەندلەرنى ئەيلەدى تۇق.
تۈنۇ كۈن كارۇبارى يۇسۇف ئېردى.
تەنۇ جانى ھۇزۇرى يۇسۇف ئېردى.
بەلى ھەر قايدا ئانداغ پەرتەۋى ماھ،
ئەگەر خۇرشىد بولسۇن تاپماغاي راھ.
نې دەيكىم بۇ نە ھۇسنۇ دىلبەرىدۇر،
فەرىشتە دەيمۇ يا ھۇرۇ پەرىدۇر.
سىپېھرى رىفئەت ئۇزرە ماھى ئەنۋەر،
ئېرۇر كەۋنۇ مەكان ئاندىن مۇنەۋۋەر.
نې ماھۇ بەلكى رەۋشەن ئافتابى،
مەھ ئاندىن تۈشكەن ئەفلاك ئۇزرە تابى.
نېدەي بىلمەم، نې ھەرگىز ئافتاب ئول،
دۇرەخشان چەشمەسى ئەينى شەراب ئول.
چەھى چۇن قەيدىدىن ئول پاك نۇرى،
بۇ چۇن جىلبابىدىن قىلمىش زۇھۇرى.
كى ئون بىچۇن بۇ چۇندا تۇتمىش ئارام،
ھىجاب ئىستەرگە يۇسۇف ئەيلەمىش نام،
كۆڭۈلدە ئاسرىدى مېھرىنى يەئقۇب،
بەجادۇر قىلسە گەر جان ئىچرە مەھجۇب.
تۇتۇب يەئقۇب مېھرىن جاندا پىنھان،
سەزادۇر بولسە گەر ئىماندا پىنھان،
زىلەيخايىكى رەشكى ھۇرى ئەيىندۇر،
ھىجابى ھۇلمەتى مەغرىب زەمىندۇر.
جەمالى پەرتەۋىدىن كۆرمەي ئاسار،
ئاگا بىر تۈش بىلە بولدى گىرىفتار.
يىراقغە ئىشق تابى ئەيلەدى زور،
ياۋۇقلارغە يىراق ھەرگىز ئەمەسدۇر.

زىلەيخانىڭ سىفەتى ۋە نىسبەتى بەيانىدا كىم، مەغرىب ئانىڭ ئافتابى جەمالىدىن مەشرىق ئېردى. بەلكى ئاندىن ھەزار دەرەجە زىيادە دەرگەلايىق.

بۇ نەۋئ ئايتۇر خىرەد مەندى سۇخەندان،
تۆكۆپ سۆز كەنجىكىم بار ئېردى چەندان.
ئىشىتتىم تەيمۇس ئاتلىغ پادىشاھى،
چالىپ مەغرىب زەمىندە كۇسى شاھى.
ھەمە ئەسبابى شاھى ھاسىل ئولدى،
شەھەنشەھلىق ئىشىدا كامىل ئولدى.
تەمام ئېردى مۇيەسسەر ئارزۇيى،
ھەمە ئافاق ئارا گۇفتىگۇيى.
باشىدىن تاجغە ئىقبال ئىلەبەخت،
ئاياغىدىن بەلەند ئول پايەئى تەخت.
فەلەك خىزمەتدە جەۋزادىن كەمەربەند،
زەفەرلىق تىغى دائىم سەخت پەيۋەند.
چۇ رەئنا دۇختەرى ئېردى زىلەيخا،
قەدى رەئنا، لەبى لەئلى شەكەرخا.
بارى ئالەمدىن ئېردى ئاگا مەيلى،
كى مەقسۇد ئول ئىدى ئۆزگە تىنفەيلى.
نې دۇختەر ئەختەرى بۇرجى سەئادەت،
دەرەخشان گەۋھەرى بۇرجى سەئادەت.
سىغىنماس ۋەسفى تەئرىفۇ بەيانغە،
بەيانى ھۇسن كەلمەس ھەم زەبانغە.
مەھال ئېردى ئانىڭ ۋەسفى جەمالى،
قىلاي تەبئىم يېتىشكەنچە خەيالى.
تۈشەي باشىدىن ئاياغ مەن كاكۇلدەك،
قىلاي خۇشبۇ جەھاننى سۇنبۇلدەك.

يۈزىن ئەيلەپ خەيالى دىلپەزىرىم،
قىلاي خۇد ئەكسىدىن رەۋشەن زەمىرىم.
قىلاي ئىمدادىڭ نۇشىن لەبىدىن،
بەيان ئەيلەرگە ۋەسفى بىنەزىرىن.
قەدى نەخلى مۇراد ئېردى بەرۇمەند،
نىھالى باغى ئەلتافى خۇداۋەند.
ئاقار سۇيى زۇلالى شەھرىيارى،
ئەسرى قەددى سەرۋى جۇيبارى.
ساچى فەرق ئۈزرە دامى ھۇشمەندان،
ۋە لېكىن بۇ ئىكەۋدە فەرق چەندان.
قىلىپ شانە فەراۋان مۇشكافى،
بىلىپدۇر فەرقى نازۇك ئاندا كافى.
ئانىڭ فەرقىدىن ئانداغ نافە دىل تەڭ،
دىلى نافە دۇ نىم فەرقىغە ھەمرەڭ.
چۇ ئاندىن مۇشكۇ نافە ئىچرە دىلرىش،
ئەجايىب كارى مۇشكىل مۇشكىغە ئىش.
سالىنمىش باشىدىن زۇلفى سۇمەنسا،
سالىپدۇر سايەئى گۈل شاخى گويا.
ئىككى گىيسۇ ئىكى ھىندۇ رەسەن ساز،
قەدى شەمشادىدىن ھەردەم رەسەن ساز.
مەلەك ئەيلەپ جەمالى دەرسى تەلقىن،
جەبىنىدىن قويۇپدۇر لەۋھى سىيمىن.
بۇ سىيمىن لەۋھ زەرفىدە نەمۇدار،
ئىكى نۇن سەرنىگۇن مۇشكىن رەقەمزار.
پازىلمىش سىيمىدىن بىنىنى ئەلفزار،
ھۇدۇدى مىم تا نۇن ئەيلەپ ئىزھار.
ئىكى نۇن ئاستىدا تۇرفە ئىكى ساد،
بىتىبدۇر سۇنئ كىلكى بىرلە ئۇستاد.
ئەلىف ئۈزرە قويۇپ سۇفرى دەھانىنى،
بىرىن ئۇن قىلمىش ئاشۇبى جەھانىنى.
ئەياندۇر لەئلىدىن سىنى مەگەركىم،
ئاچىپ دەندانەسىدىن ئەقدەئى نىم.
يۈزى باغى ئىرەمدىندۇر نەمۇنە،
ئاچىلمىش گۈللار ئاندا گۇنە - گۇنە.
يۈزىدە ھەر تەرەف خالىكى باردۇر،
گۈلىستان ئىچرە زەڭگى بەچچەلەردۇر.
زەنەخدانىكى سىيمى بىزەكات ئول،
زىھى چاھى پۇر ئەز ئابى ھەيات ئول.
كىم ئاگاھ ئولسە غەبغەبدىن سەرى مو،
يىقىلغان رەشھەدۇر ئول چاھدىن بۇ.
دىلۇ جانىنىڭ فەرازى ئاندا ناياب،
ھەم ئاندا چاھ ئېرۇر ھەم ئاندا گىرداب.
سەفايى ئاجىدىن گەردۇن مۇسەففا،
ئالۇر گەردۇنغە باج ئاھۇيى سەھرا.
بىرەر دۇشمەن سۇمەنغە تەئن ئۇرمىش،
كى گۈل بەرگىن قەبا ئىچرە ياشۇرمىش.
ئىكى پىستانى ئىككى قۇببەئى نۇر،
ھۇبابى زاھىر ئەتمىش ئەينى كافۇر.
ۋەيا بىر شاخدىن ئەينى ئانارى،
ئۈمىد ئىلكىدە يوق ئۈمىدۋارى.
چۇ بارى گەنجى سىيمىندۇر دىلئاۋىز،
ئەيارى رەسم ئانىڭ ئىلكىدە ناچىز.
بۇ دۇررى پاكغە تەئۋىزدۇر خۇر،
دۇئادىن پاكلار كۆڭلى ھەمە پۇر.
پەرى رويلار بەجا ئەيلەپ سەمەندى،
قىلۇر جان رىشتەسىن تەئۋىز بەندى.
قىلىپ غارەت سۇرۇدى ھەممە ئىقلىم،
ئىكى نىك ئىككى سائىلدىن پۇر ئەز سىيم.
ئىكى قول راھەتى پۇر مېھنەت ئەندىش،
كەفى ھەم مەرھەمۇ ھەم داغى دىلرىش.
ئالىپ ئەڭگۇشتلەردىن قولغە خامە،
كۆڭۈللەرغە مۇھەببەت يازدى نامە.
كۆڭۈل ھەر تىرناغىن ئەيلەپ خەيالى،
كى ھەر بىر بەدر ئۈزرە بىر ھىلالى،
ئۇرۇپ ئاينىڭ يۈزىغە زور پەنجە،
قىلىپ ئول پەنجەنى بۇ ئاينى رەنجە.
بېلى مويىنى، مودىن بەلكى نىمى،
نى مويى بەلكى مودىن ئاڭا بىمى.
كەمەر باغلارغە مودىن قايدا ئىمكان،
بەل ئول مودىن ئۈزۈلمەك ۋەھم، ئەي جان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



شىكەم مانەندى قاقۇم تەختەئى ساف،
زىھى ئاھىستە كەسمىش ئەۋۋەلى ناف.
سىرىنكوھى ۋەلى سىيمى مۇسەففا،
نىچۇك كوھى گۇھەر ئاستىن تۇتۇپ جا.
مۇلايىم ئانچە كىم قول تەگسە ناگاھ،
خەمىر ئاسا ئىلىكدىن تاپقاي ئۇل راھ.
تىزى ئۇستىدىنۇ كىندىكى ئاستىن،
دېمەسمەن ھېچ نۇكتە ھەرگىز ئاندىن.
خىرەد سەرگەشتە گەردى ئۇل ھەرەمگاھ،
ھىسارى ئىسمەتىغە تاپمايىن راھ.
نەزاكەت ساقىدىن دەي نى يوسۇندۇر،
بىنايى ھۇسنىغە سىيمىن سۇتۇندۇر.
ئېرۇر، ۋەللاھكى، بىر گۇلدەستەئى نۇر،
ۋەلى ھەر نۇرسۇز كۆزدىن ئېرۇر دۇر.
سەفاسى كۆرگۈزۈپ ئايىنەغە يۈز،
ئەدەبىدىن ئالىدا ئولتۇرمىش [ئۇل] تۈز.
نېدىن ئايىنە تاپتى ۋەسلىغە يول،
يۈزىدىن بولدى فەيزى نۇرى ياب ئۇل.
لەتافەتدە قەدىم يوق ساقىدىن كەم،
ئەمەس فەررۇخ قەدەم مۇنداغ مەلەك ھەم.
يۈرۈر بولسە ئەگەر يول چۇستۇ چابۇك،
قەدەم باشىدىن ئاياغ بىسيار نازۇك.
كى گەر ئاشىق كۆزىگە ئەيلەسە جاي،
قوپارغاي ئەشكبارىدىن كەفى پاي.
نى دەي، بىلمەم ئانىڭ سىيمۇ زەرىدىن،
نى دېسەم قاسىر ئولدۇم زىۋەرىدىن.
ئەمەس زىۋەر ئاڭا بۇ زەررۇ گەۋھەر،
جەمالى نۇرى ھەر زىيۋەرغە زىيۋەر.
مۇرەسسەئ تاجكىم فەرقى سەرىدە،
خىراجى كىشۋەرىدۇر ھەر يەرىدە.
دۇررۇ لەئلىكى بار ئاۋىزەئى گۇش،
ئانىڭ لۇتفىدىن ئېردى ھۇش مەدھۇش.
گۇلۇ بەندى ئۈزۈلسە تارىدىن بىر،
ئېتەك ئېردى پۇر ئەز گەنجۇ جەۋاھىر.
مۇزەييەن ساچباغىنىڭ ھەر تالاسى،
تۈمەنىنىڭ دۇررۇ گەۋھەردۇر بەھاسى.

ئۆزى لۇتفى مەدەدكار ئولمايىن تا،
ئانى باغلارغە كىمدە ھەددى يارا.
دېمەسمەن مۇندىن ئارتۇقدۇر ئەھۋال،
ئاياغىن ئۆپتى چۈن ئۇل بولدى خەلخال.
تۇرۇپ گەھ ئىشۋەئى مەسنەددە يەكتا،
كىيىپ دىيبايى چىنۇ رۇمى زىبا.
قىلىپ گەھ جىلۋەئى ئەيۋان خىرامى،
لىباسى ھۇللەئى مىسرىيۇ شامى.
سالىپ ھەر روزى نەۋكىم روشنائى،
تەنىدە ئېردى نەۋ زەررىن قەبائى.
كىيىپ ھەر كۈندە رەڭگارەڭ سەرۇ پاي،
بۆلەك يەردىن تۇغۇپ ھەر كۈندە بۇ ئاي.
چىقارماي باش دۇ پارە بىر ياقادىن،
چىقىپ ھەر كۈن بۆلەك ھەر بىر ياقادىن.
كەيان پا بۇسىدىن دامەنكەشان ئۇل،
بۇ دەۋلەت خاس دامەن بىگۇمان ئۇل.
ئانىڭ پىراھەنىدىن باشقە بەرمەي،
ھەمئاغۇشى تېنىدىن ئۆزگە كۆرمەي.
سىھى قەدلەر ئاڭا ھەردەم ھەۋادار،
پەرى رۇخلار ئاڭا ھەردەم پەرەستار.
تۈمەنىنىڭ ھۇررزادە بارچە ھەمزاد،
تۈنۇ كۈن خىزمەتىدە فەخر ئېتىپ شاد.
نى ھەرگىز كۆڭلىگە يەتكەي غۇبارى،
ئاياغىغە ئىلىنمەي ھېچ خارى.
نى مەئشۇقۇ نە ئاشىقلىقدىن ئاگاھ،
نى تاپقاي خاتىرىغە بۇ ھەۋەس راھ.
تۈن ئۇل نەرگىس كۆزى سىيراب خۇفتە،
سەھەر خەندان يۈزى گۇلدەك شىكۇفتە.
ھەمە سىيمىن بەدەنىدىن جەمئ ياشلار،
يىغىلىپ ھۇجرە سەھنىدە قۇياشلار.
مەلالەتدىن تۈنۇ كۈن فارىغۇل ـ بال،
ئويۇنۇ كۈلكە بىرلە ئېردى خۇشھال.
بۇ يەڭلىغ خورەمۇ داشاد ئېردى،
كى غەمدىن خاتىرى ئازاد ئېردى.
نى يەتكۈرگەي بۇ چەرخى پۇرفەن ئاخىر،
نى يەتكۈرگەي شەبى ئاسىن ئاخىر.

**زىلەيخا نەۋبەتى ئۇل يۇسۇفنىڭ ئافتاب جەمالى تىغىنى تۇش نىيامىدا كۆرمەكى ۋە ئانى ئىشىق جەللادى بىدەرىغ ئۆلتۈرمەكى.**

خۇش ئۇل كۈنكىم بۇ سۇبھى كامرانى،
نىشات ئەفزا جەۋانانى جەۋانى.
ۋۇھۇشۇ مۇرغۇ ماھى جۇملە بۇ شام،
تاپىپ ھەرقايىسى ئۆز ئورنۇندا ئارام،
ھەۋادىسلەر تىنىپ، ئاشۇبى شەب ھەم،
غەمۇ قايغۇ قاچىپ، ئەيى تەرەب ھەم.
بۇ كاخى پۇر نەزارە ئىچرە جايى،
نې شاھى ئويغاغىيۇ نې گەدايى.
تولۇپ ئۇيقۇ ھۇجۇمى بارچە كۆزگە،
ئوچۇق يوق ھېچ كۆز يۇلدۇزدىن ئۆزگە.
ئەسەسىدىن ھۇش ئالىپ دۇردى شەبى تار،
بېرىپ تاراجغە ھۇش دۇردى ئەيىيار.
بولۇپ ئىشلارغە تەۋقى ھەلقە ئۇل دەم،
ئاھۇ فەرياد ئېتىپ ئۇل ھەلقەدە كەم.
كېسىپ بويىننى چۇن مۇرغى سەھەر خىز،
كى تارتىپ شەھپەرىدىن خەنجەرى تىز.
بۇ كۈنگۈرلىغ رەۋاقى شەھرىيارى،
كۆرۈپ ھارىس چۇ شەكلى كۆكنارى.
ئوياغلىقغە ئاڭا خۇد قالمايىن تاب،
خەۋاسى كۆكنار ئەيلەپ ئۇيۇقلاپ.
دۇھۇلدىن پەنجىرى مۇتلەق دۇھۇللۇب،
قىلىپ ئۇيقۇ ھۇجۇمى ئانى مەغلۇب.
مۇئەززىن قىلمايىن گۇلباڭى يا ھەي،
فەراشى ھېچ شەب خىز ئولمايىن تەي.
زىلەيخايىكى لەئلى شەككەرى ناب،
چۇ شىرىن نەرگىس ئېردى پۇر شەكەرخاب.
باشى بالىنغە سۇرتۇپ مۇشكى سۇنبۇل،
ئەتى بىستەرنى ئەيلەپ خىرمەنى گۇل.
سىنىپ سۇنبۇللارى بالىن قىلىپ بەخش،
ھەرىرى تازە ئەيلەپ گۇل يۈزى نەقش.
يۇمۇقلۇك ئۇيقۇدىن بۇ چەشمى زاھىر،
كۇشاد ئولدى كۆڭۈلدىن دىدەئى سىر.

ئىشىكدىن كىردى ناگەھ بىر جەۋانى،
جەۋانى دېمە ئانى، بەلكى جانى.
ھۇمايۇن زاتۇ شاھى ئالەمى نۇر،
قىلىپ ئۇچماق ئىچىندە غارەتى ھۇر.
سەراسەر ئىلتىپ ئۇل ھۇسنۇ جەمالى،
كېلىپ بىر-بىر ھەمە غۇنچە دەلالى.
بۇ سەرگەش قامەتى چۇن تازە شەمشاد،
غۇلام ئازادى ئانىڭ سەرۋى ئازاد.
سالىنمىش زۇلفىدىن چۇن ئىككى زەنجىر،
خىرەد تەدبىرىنى باغلارغە بىر-بىر.
جەمالىدىن دەرەخشان لەمئەئى نۇر،
باشىدىن ئەۋرۇلۇر ھەردەم مەيى خۇر.
قاشى تاقى مەگەر مىھرابى پاكان،
نىگاھى جانىستانى تىيرە پەيكان.
يۈزى فىردەۋس بۇرجى ئەۋجىدىن ئاي،
مۇقەرنەس قاشىدىن ئۇل قەۋس ئىلە جاي.
كۆزى پۇر سۇرمە، ئەمما سۇرمەئى ناز،
مىژە جانۇ جىگەرغە ناۋەك ئەنداز.
تەبەسسۇمدىن ئىكى لەئلى شەكەررىز،
تەكەللۇم تا كەلامى شەككەر ئامىز.
دۇر ئەفشان لەئلىدىن بەرراق دەرلەر،
شەفەق ئىچرە دەرەختان بەرقى ئەنۋەر.
كۇلەر بولسە سۇرەييادىن تۆكەر نۇر،
نەمەك ئۇل پىستەدىن شەھدى شەكەر پۇر.
زەقەن غەبغەب مۇتەۋۋەق ساف ئالما،
مۇئەللەق سۇدىن ئۇل سىيبى مۇسەففا.
يۈزى خالى گۇل ئۈزرە رەشكىدىن داغ،
تۇتۇپدۇر ئاشيانى باغ ئارا زاغ.
تەۋانگەر سىيمدىن سائىد چۇ بازۇ،
چۇمۇلە غەربىلى بىسىيم چۇن ئۇ.
زىلەيخا كۆردى ناگەھ بۇ پەرىزاد،
دىلۇ ھۇش بىر نەزەردە قىلدى بەرباد.

www.uyghurkitap.com



جەمالى كۆردى ئىنسان ھەددىدىن دۇر،
پەرى يوق بۇ سىفەتلىغ قايدا بار ھۇر،
ئەجەب ھۇسنۇر جەمالى ئېردى ئەلھەق،
ئەسىر ئولدى دىلۇ جان بىرلە مۇتلەق.
كۆڭۈلغە ئالدى قەددىدىن خەيالى،
تىكىپ مەھكەم مۇھەببەتدىن نىھالى.
يۈزىغە سىينەسىغە ئوت تۇتاشتى،
مەتائى سەبر ئۆرتەپ ھەددىن ئاشتى.
ئىكى گېيسۇنى كۆردى ئەنبەر ئەفشان،
كى ھەر تارىغە باغلىق رىشتەئى جان.
لەبىدىن تەڭ كۆڭۈلگە شەھدۇ شەككەر،
تىشىدىن كىرپىك ئولدى ئەقدى گەۋھەر.
قاشى تاقىدىن ئولدى جۇفت باقىغان،
كى خاب ئالۇد كۆزىدىن غەرقەئى قان.
بەناگەھ كۆردى ئول بازۇيى سىيمىن،
يۈدى ئەقلۇ خىرەددىن مۇتلەق ئىلكىن.
يۈزىدە كۆردى مۇشكىن خالى دىلكەش،
سەفىد ئاسا ھەزىنۇ پېرى ئاتەش.

چۇ سىيىبى غەبغەبىدىن جانغە ئاسىب،
قاچان كۆرمەكنىڭ ئاساندۇر بۇ رەڭ سىيب.
نې زىيبا سۇرەتى، ئەللاھۇ ئەكبەر،
بۇ سۇرەتدىن داغى مەئنى فۇزۇنتەر.
زىلەيخا تاشلابان ناموس ئىلە نام،
كى سۇرەتدىن تۇتۇپ مەئنىدە ئارام.
بۇ مەئنىدىن گەر ئولغاي ئېردى ئاگاھ،
بۇ يولدا بولغاي ئېردى خاسى دەرگاھ،
ۋەلې مەئنىغە ئەۋۋەل تاپمايىن يول،
گىرىفتارى دىلى سۇرەت ئىدى ئول.
ھەمە سۇرەتقە بىزدۇرمىز، گىرىفتار،
گىرىفتارى غۇرۇرۇ مەھزى پىندار.
ئەگەر سۇرەتدىن ئەتمەس مەئنى جەۋلان،
كۆڭۈل بولغاي قاچان سۇرەتغە مەيلان.
سۇ بازدىن كوزە ئىچرە بىلسە تەئيىن،
سۇنار بۇ كوزەغە ئول تەشنە ئىلكىن.
ئەگەر غەرق ئەتسە دەريايى زۇلالى،
كېلۇرمۇ يادىغە نەملىق سەفالى.

## زلەيخا سەھەر نەسىمى تېگىپ خابناك نەرگىسلەرى ئاچىلغانى ۋە كېچەكى تۈش خەيالىدىن غۇنچەۋار قان يۇتۇپ لەبىغە مۇھر ئۇرغانى

سەھەركىم زاغى شەب چۇن قىلدى پەرۋاز،
خۇرۇسى سۇبھى دەم بىريان پۇر ئاۋاز.
پۇر ئولدى باغ ئارا گۇلباڭى بۇلبۇل،
ئاچىلدى غۇنچەدىن ھەم پەردەئى گۇل.
سۇمەن شەبنەم سۇيىدىن يۇز يۇدى پاك،
بىنەفشە جەئدى سۇنبۇل قىلدى نەمناك.
زىلەيخانىڭ كۆزى ناز ئۇيقۇسىدا،
ۋەلې دىلدارى كۆڭلى ئوترۇسىدا.
ئەمەس خابى خۇش ئول، بىھۇشلۇق بىل،
بۇ تۇن سەۋداسىدىن مەدھۇشلۇق بىل.
كەنىزەكلەر ئاياغىغە سۇرۇپ يۈز،
ئۆپۈپ ئىلكىگە خادىملار قويۇپ يۈز.
خۇمار ئالۇد كۆزنى ئاچتى فىلھال،

نىقاب ئالدى گۇلى سىيرابىدىن لال.
سالىپ پەرتەۋ جەمالىدىن بۇ تۈنغە،
كىرىبان ئەتتى مەتلەئ ئايۇ كۈنغە.
بۇ مەتلەئدىن تۇلۇئ ئەيلەپ چۇ ماھى،
چىقاردى باش قىلىپ ھەريان نىگاھى.
كۆرۈنمەي گۇل رۇخىدىن ھېچ نىشانى،
چۇ غۇنچە دەم بىخۇد بولدى زەمانى.
بۇ ھال ئەتتى غەمى ئول سەرۋى چالاك،
ياقاسىن گۇلدەك ئەتكەي ھەر تەرەف چاك.
ۋەلې شەرمۇ ھەيا ئىلتىپ دەما دەم،
ھەيا ئىلتىپ ۋەلېكىن تۇتتى مەھكەم.
ئاياغ ئالدى شەكىبا دامەنىغە،
نىھانى ياقتى ئوت مەھزۇن جانىغە.

بۇ سىرنى ئاسرادى پىنھان ئىچىدە،
چۇ كانى لەئلۇ لەئل ئول كان ئىچىدە.
تۇتۇپ ئول غۇنچە يەڭلىغ بىر زەمان خۇن،
چىقارماي كۆڭلىدىن بىر زەررە بىرۇن.
كەنىزەكلەر بىلە لەب پۇر ھىكايەت،
ۋەلې كۆڭلىدە ئاندىن يۇز شىكايەت.
رەفىقلەر ئاغزى بىرلە پۇر شەكەرخەند،
كۆڭۈل چۇن نەيشەكەردەك يۇز گىرىھ بەند.
ھەرىفلەرغە تىلىدە كۆپ فەسانە،
كۆڭۈلگە ئىشق ئوتىدىن سەد زەبانە.
نەزەردە ھەر زەمان ئەغيار ئىردى،
ۋەلې كۆڭلىدە دائىم يار ئىردى.
لەبىگە كەلدى يۇز مىڭ مەرتەبە جان،
قەرارۇ سەبر ئىتەرگە قايدا ئىمكان.
بۇ كۇن تا شامغە بۇ نەۋئ ئىدى زار،
تۇن ئولدى روزى مىھنەت ئاخىرى كار.
تۈن ئولدى ئىشق ئەھلىنىڭ كارسازى،
تۈن ئولدى ئىشق ئەھلىنىڭ رازدارى.
قىلۇرلار ئىختىيار ئول ۋەجھدىن تۇن،
تۇن ئولمىش پەردەدارۇ پەردە دەر كۇن.
تۈن ئولدى ئىرسە غەم دىۋارى سارى،
كېلىپ قەددىن خەم ئەيلەپ قىلدى زارى.
قىلىپ مانەندە چەڭگى ئول قەدى خەم،
يىغى باشلاپ، تۇتۇپ بىر كۆرسە، ئاھ غەم.
قەدى چەڭگىغە ئەيلەپ ئەشكىدىن تار،
ھەزىن جانىغە ئەيلەپ ئانى غەمخار.
فىغاندىن نەغمەئى جانگاھ تۈزدى،
كى زىرۇ بەم فىغانى ئاھ تۈزدى.
خەيال ئەيلەپ ھۇزۇرى يارى دىلبەر،
كۆزى بىرلە لەبىدىن تۆكتى گەۋھەر:
«كى پاكىزە دۇرى ئەسلىڭ نېچۈن كان،
تۆكەرمەن ھەسرەتىڭدە دۇررۇ مەرجان؟
دېمەي نامۇ نىشانىڭ كۆڭلۈم ئالدىڭ،
ئىچىمگە يۇز تۈمەن ھەسرەتنى سالدىڭ.
ئەگەر شاھسەن، نېدۇر نامۇ نىشانىڭ،
ئەگەر ماھسەن، قايان مەنزىلۇ كانىڭ؟
ئالىپ كەتتىڭ دىلۇ جانىمنى، ئەي ماھ،
مەقامۇ مەنزىلىڭدىن قىلماي ئاگاھ.
سوراي كىمدىن چۇ يوق نامۇ نىشانىڭ،
قايان ئىزدەپ باراي بىلمەم مەكانىڭ.
بۇ غەمغە بولماغاي مەندەك گىرىفتار،
نە دىل سىينەمدە يار ئولدى نە دىلدار.
خەيالىڭ ئىلتىپ ئاخىر قىلدى بىخاب،
ئاقىزدى دىيدە قاندىن چەشمەئى ناب.
مەنى بىچارە نېتكۈم زارۇ ھەيران،
فىراقىڭ سوزىشى تابىدا بىريان.
ئاتىڭ بىلمەم نە ئىردى، كاش، ئەي يار،
كى ئاغزىم تاتقى بولسا تىلغە تەكرار.
گۇلى خەندان ئىدىم سەر سەبزە نەۋبەر،
چۇ ئابى زىندەگانى تازەئى تەر.
نې ئۆتكەن باشىمە ھەرگىز شەمالى،
ئاياغىمغە نە بىر خارى مەلالى.
مېنى بىر ئىشۋەدە بەرباد قىلدىڭ،
پەرىشان ھالنى بۇنياد قىلدىڭ.
تۈمەنمىڭ خار سالدىڭ بىستەرىمغە،
تەمام ئۆرتەندى ئوت سالدىڭ بارىمغە.
بەدەن گۇل بەرگىدىن سەدباز نازۇك،
ھەزاران مەرتەبە بىسيار نازۇك.
بولۇرمۇ خار ئۇيقۇ ھېچ تەنغە،
خۇسۇسەن مەن كەبى نازۇك بەدەنغە.»
قىلىپ ھەر كۇن خەيالى يارى دىلخاھ،
بۇ ئىردى كارۇ بارى تا سەھەرگاھ.
خايالى يار ئېتىپ ھەر لەھزە دەمساز،
بۇ نەۋئ ئەيلەپ شىكايەت ئىستەسەك راز.
تۈن ئۆتتى ئىرسە دەفئى ھەر گۇماندىن،
يۇز ئىردى گىريە چەشمى خۇنفىشاندىن.
كېچە-كۈندۈز بۇ ئايىنى بەس ئىردى،
بۇ ئايىندىن سەرى مو كەچمەس ئىردى.

www.uyghurkitap.com



زىلەيخانىڭ تەغيىرى ھالى مۇشاھىدەسىدىن كەنىزەكلەر فىكرەتنى رىشتەسىغە ھەيرەت
گىرىھە تۇشكەنى ۋە دايە ئىستىغنائى ئىكەنىنىڭ نەۋكى بىرلە ئول رىشتەدىن بۇ
گىرىھنى يېزەرگە ئۇرۇشكەنى، بۇ ئەشكالنىڭ ھەلىغە ئىستىفسارانە ئەھلى
ئاچىز كەلگەنى ۋە چەندان جىددۇ جەھد كىرگۈزۈپ، ۋە ھىيلە ۋە
ئەفسۇنى ئىنسىايانە بىرلە ئول گىرىھنى يەزگەنى،

قاچانكىم ئىشق ياسى ئاتسە چۇن تىير،
بولۇرمۇ دەفئ ئېتەرگە ھېچ تەدبىر.
ئىچىدە كىمنىڭ ئول تىير ئەتسە خانە،
تاشىدىن زاھىر ئولغاي يۈز نىشانە.
خۇشى فەرزانەدىن بۇ نۇكتەئى چىن،
كي مىڭ ئىشقى ئەمەس ئىخفاسى مۇمكىن.
ئەگەر مىڭ ئۈستۈن ئولسە پەردە سەد بوي،
قىلۇر غەممازلىق ھەر پەردەدىن بوي.
نىھان ئاشرىپ زىلەيخا ئىشقى داغى،
يوق ئېردى مەھزەئى غەمدىن فەراغى.
زۇھۇر ئەيلەپ ۋەلي ئاسارىدىن ئىشق،
قىلىپ نەشۋۇ نەما ئەتۋارىدىن ئىشق.
گەھى كۆز گىريەدىن بىخۇد تۆكۈپ ياش،
دېمە ياش، بەلكى ھەردەم قان تۆكۈپ پاش.
دەمى ھەر قەترە ياشكىم تۆكتى مىژگان،
بۇ دەم پاش ئولدى بىر ـ بىر رازى پىنھان.
گەھى ئوتلۇغ كۆڭۈلدىن شۇئلەلىغ ئاھ،
بۇ دۇدى ئاھ ھەمە گەردۇن ئۈزە راھ.
ھەر ئاھكىم كۆڭۈلدىن چەكتى ئوتلۇغ،
بېرىپ بۇيى كەبابى دىل تانۇغلۇغ.
گەھى بىخابلىقدىن تۈنۈ كۈن ئول،
سارىغ لالە كۆرۈنۈپ چۇن قىزىلگۈل.
ئاچىلمىش ھەر بەھارى گۈلشەنى باغ،
يېلۇر ھەركىم بولۇرمۇ لالە بىداغ.
كەنىزەكلەر كۆرۈپ بۇ ھالۇ ئەتۋار،
ھەمە بىلدىكىم ئول ئاشۇفتەئى زار.
بىرى ئايدىپۇ: «يوق ئېردى مىسالى،
يامان كۆزدىن ئېرۇر تەغيىر ھالى.»
بىرەۋنىڭ بولدى بۇ مەئنى پىسەندى:
«بىرى ئاسارىدىن يەتمىش گەزەندى.»
بىرى ئايدىكى: «ساھىر سېھرىدۇر بۇ
ئەسەر قىلمىش ئاڭا بۇ سېھرى جادۇ.»
بىرى ئايدى: «ھەممە ئاسارى ئىشق ئول،
گىرىفتارى غەمى پۇر، بارى ئىشق ئول.
ۋەلي بىدارلىقدا كۆرمەدى يار،
مەگەر تۈش بىرلە ئول بولمىش گىرىفتار.»
گۇماندىن ھەركىم ئەيلەپ بىر خەيالى،
بولۇپ ھەر مەجلىس ئىچرە قىلۇ قالى.
ۋەلي بولماي كۆڭۈلنىڭ سىررى زاھىر،
بۇ گۇفتار ئولمادى ھېچ يەرگە ئاخىر.
فۇسۇنگەر دايەئى بار ئېردى پۇر فەن،
فۇسۇنگەرلىك بىلە كۆپنى كەچۇرگەن،
تەرىقى ئىشقدا كۆپ پۇيە ئۇرغان،
مۇھەببەت كويىدا چەندان يۈگۈرگان.
گەھى ئاشىقلىق ئەييامىدا جانباز،
گەھى مەئشۇقلۇقىدا كۆرگۈزۈپ ناز.
فەلەكدىن گاھى تۈش ئەيلەپ، گەھى نىش،
كۆپ ئىش بۇ يولدا قىلغان ئازمايىش.
ھۇسۇلى مەتلەبى مەئشۇقۇ ئاشىق،
مۇۋافىق سازى ھەر بىر نامۇۋافىق.
فەرەھ ئەفزايى ھەر ئەندۇھى كىينان،
تەرەب ئەنگىز ھەر ھالى پەرىشان.
كېلىپ ئول بىر كېچە خىلۋەتنى چاغلاپ،
يەر ئۆپنى تۇردى قول باغلاپ ئاۋۇلچاپ،
بۇرۇن خىزمەتلەرىنى ياد بەردى:
«كەمىنە خادەمى دەيرىنە ئېردى.»

دېدى: «ئەي غۇنچەئى گۈلزارى شاھى،
سېنىڭ خارىڭغە گۈل زولار مۇباھى.
شەھا، يار ئولسۇ بەختىڭ، مۈلكۈڭ ئاباد،
لەبىڭ خەندانۇ كۆڭلۈڭ خۇررەمۇ شاد.
سەن ئولدىڭ ھۇسن باغىدا نىھالى،
مەل ئول باشىڭدىن ئەۋرۈلگەن شامالى.
نەزاكەت باغىدىن ئېردى يۈزۈڭ گۈل،
ئاڭا بۇ مۇرغى جانىم زار بۇلبۇل.
نىھالى قامەتىڭ ئازادە سەرۋى،
ئاڭا بۇ تۇتىئى جانىمدۇ نەزرى.
مەن ئول بەھرى ۋەفادىن جويبارى،
سەن ئاندا سەبزى تەر سەيرۇ بەھارى.
كەنارىمدا ساڭا بەردى زەمانە،
كەمالى پەرۋەرىش بولدۇڭ يەگانە.
مەن ئول بۇلبۇلكى، سۆيدۈم گۈل يۈزۈڭنى،
ھۇزۇرى جان ئېتىپ شىرىن سۆزۈڭنى.
فەلەك ئول رىشتەئى نافىڭ كىيەر تۈن،
مۇناسىب شەفقەتى تەئيىن ئېتەر كۈن.
مەن ئېردىم كەستىم ئەيلەپ ئېھتىياتى،
ئالىپ مېھر ئىلىكىگە تىغى نىشاتى.
سېنى باشدىن ئاياغ، ئەي سەرۋى چالاك،
گۈلابى مۇشك ئىلە غۇسل ئەيلەدىم پاك.
يۇدۇم نازۇك تېنىڭ ئەيلەپ مۇخاتەب،
خىتاب ئەتتىم گۈلابى مۇشكى بۇ دەپ.
قىمات ئەتتىم ھەرىرى پەردەئى بال،
ئاڭا جان رىشتەسىن چىرماپ مەھۇ سال.
غىزا شىير ئەيلەدىم شەككەر لەبىڭغە،
مەدار ئولدۇم تەقى جانپەرۋەرىڭغە.
تۈن ئولسە ئەيلەدىم ئوردۇڭ مۇھەييا،
سەھەر رۇخسارىڭ ئەتتىم زىيبى زىبا.
ئۇيۇر بولساڭ دەۋام ئېردىڭ ھەمئاغۇش،
يۈرۈر بولسام تىرازى سىينەئى دۇش.
نىھالىڭ بولدى چۈن سەرۋى خىرامان،
تەخى بەرمەم ئىلىكدىن پاك دامان.
ساڭا ھەر ئىشدا خىزمەتكار ئېردىم،
ھەمە خىزمەتتە مەن دەركار ئېردىم.
نې يەرگە بارساڭ، ئەي سەرۋىئى دىلدا،
مەن ئاندا ئىككى ئىشىكلىك سايە ئاسا.
سەن ئولتۇرساڭ چۈتەختى ئىززەت ئۈستۈن،
ئىلىك باغلاپ يۈرۈرمەن خىزمەت ئۈستۈن.
قاچانكىم مەيل قىلدىڭ خابى راھەت،
ئاياغىڭغە باشىم قويدۇم بۇ سائەت.
ھەنۇز بۇ ئىش ماڭا، ئەي شەھسەۋارىم،
بۇرۇنقى سىدقى مېھرى كارى بارىم.
نېچۈكدىن رازى ئول مەندىن ياشۇردۇڭ،
مېنى نې ۋەجھدىن بىگانە كۆردۈڭ؟
سېنى بۇ ھالغە كىم سالدى، ئەي جان،
دېگىل كىم بۇ سىفەت قىلدى پەرىشان.
بۇ رەڭ ئاشۇفتەئى دەرد ھەم نېچۈكدىن،
ساڭا بۇ دەردۇ غەم ھەمدەم نېچۈكدىن؟
گۈلى ئەھمەر نېچۈكدىن بۇ سىفەت زەرد،
دەمى گەرمىڭ نې بائىسدىن ئېرۇر سەرد؟
جەمالىڭ ئافتابى ئەندەك-ئەندەك،
نېدىن نۇقسان تاپار ھەر لەھزە ئايدەك؟
قىلۇرسەن، جەزمىكىم، ماھى ئۇچۇن ئاھ،
ماڭا رەۋشەن دېگىل تا كىمدۇر ئول ماھ؟
ئەگەر بولسۇن فەلەك ئۈستۈن فەرىشتە،
مۇقەددەس نۇرىدىن بولسۇن سەرىشتە.
ئوقۇپ مەن زىكرى تەسبىھۇ دۇئانى،
فەلەكدىن يەرگە ئىندۇرغايمەن ئانى.
پەرى بولسۇن چۇ تاغۇ تۈزدە دائىم،
ماڭا پىشە ئوقۇماقدۇر ئەزايىم.
ئەزىمەتلەر ئوقۇپ، ئەيلەپ مۇسەخخەر،
قىلىپمەن شىشەدە ئانى مۇقەررەر.
قىلۇرمەن كەلتۈرۈپ ئالدىڭدا ھازىر،
بۇ غەمدىن بولغاسەن تا جەمئى خاتىر.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ۋەگەر بولسۇن بۇ جەمئىي ئادەمزاد،
مەن ئاز فۇرسەتدە قىلغۇم خاتىرى شاد.

نې جاندۇر، بولماغاي ئول ساغا پەيۋەند،
نې بەندە، بەلكى سورمىشدۇر خۇداۋەندە.»

زىلەيخا كۆردى مۇنداغ مېھرىبانلىق،
بۇ رەڭ ئەفسۇن ئىلە ئەفسانەخانلىق.

كۆرۈنمەي راستدىن تاش ھېچ چارە،
ئاراغە ئالدى ئاينى كۆپ سىتارە.

دېدى: «زاھىر ئەمەس بۇ گەنجى مەقسۇد،
نې دۇر پەيدا، نې مىفتاھۇ نې مەۋجۇد.

ساغا ئول مۇرغدىن نې دەي نىشانە،
كىم ئول ئەنقا بىلە ھەمئاشيانە.

ۋەلې خەلق ئىچرە باردۇر نامى ئەنقا،
قاچان بۇ مۇرغدىن نامى ھەۋۋەيدا.

زىھى شىردىن بۇ ئەيشى تەلخى كامى،
كى بىلگەي كامىدىن فىلجۇملە نامى.

يىراقلىقدىن ئەگەرچە تەلخى كام ئول،
ئاتىن ئايتىپ، تىلى تاتلىغ مۇدام ئول.»

تىل ئاچىپ دايەسىنى قىلدى ھەمراز،
ئانى ھەمراز ئېتىپ، قىلدى سەرئەفراز.

زىلەيخا ئۇيقۇسىدىن دايە بىدار،
بولۇپ بىھۇشلۇقدىن داغى ھۇشيار.

تۇشىدىن دايە بولدى يەئنى ئاگاھ،
فۇسۇنۇ فەندە مۇتلەق بولدى گۇمراھ.

ئوقۇپ تۇمارىدىن بۇ ھەرفى ئەۋۋەل،
ئانىڭ تەدبىرىدە بولدى مۇئەتتەل.

ئانىڭ دەردىغە تاپماي ھېچ دەرمان،
قىلۇرغە چارە تاپماي بولدى ھەيران.

ھەمە مەئلۇم [ئەمەس] بۇ نۇكتەئى زەرف،
ئېرۇر ھەركىم خەيالى نەقشى بۇ ھەرف.

ھەر ئول مەتلۇبىكىم مەجھۇلى مۇتلەق،
مەھالى مەھزى ئانىڭ جۇيانى بولمەق

مۇرادىكىم بىلىنمەي ئانى ھەرگىز،
بولۇرمۇ ئىستەمەك ئىمكانى جائىز.

يېزەر ئىمكانى تاپماي كۆڭلىدىن بەند،
ئاڭا ئىسلاھ بەرمەك باشلادى پەند.

دېدى: «دىۋە بۇ ھەيئەتتە كۆرۈنمىش،
كۆڭۈل بەرمەك ئاڭا سەندىن نېچۈك ئىش؟

ساڭا يول ئورمىش ئول دىۋى ستەمكار،
بۇ نەۋئ ئاشۇفتەلىك سەندىن ئېرۇر ئار.»

زىلەيخا دېدى: «دىۋغە نې، يارا،
كۆرۈنگەي بۇ سىفەت شەكلى دىل ئارا؟

تەنىكىم شورۇ شەردىندۇر سەرىشتە،
مەئازەللاھكى، ئول بولغاي فەرىشتە.»

«دېدى بۇ تۈش ئېرۇر، ناراست يەكسان،
نېدۇر ناراستلارغە كايىشى جان؟»

«قىلۇرلار ئەھلى دىل بۇ نۇكتەنى راست،
كى كەجدۇر كەجغە مەيلان، راستغە راست.»

دېدى: «سەن ھۇشمەندۇ ئەھلى دانىش،
چىقارغىل خاتىرىڭدىن بۇ مەھال ئىش.»

دېدى: «گەر مەندە بولسە ئىختىيارى،
دۇتا ئەتكەيمۇ قەددىم ئىشقى بارى؟

نىتەي، تەدبىرى كار ئىلكىمدىن ئۆچتى،
ئىنانى ئىختىيار ئىلكىمدىن ئۆچتى.

بۇ كۆن كۆڭلۈمگە چەكمىش نەقش بۇ غەم،
تاش ئۆزرە نەقش يەڭلىغ بەلكى مەھكەم.

ئەگەر سەل ئاقسە يا تەگسە شەمالى،
دېگىل مۇمكىنمۇدۇر ھەرگىز زەۋالى.»

ئانى ئىشق ئىچرە دايە كۆردى مەدھۇش،
نەسىھەتگويلۇقدىن تۇردى خامۇش.

پارىپ ئايدى ئانىڭ ھالىنى پىنھان،
ئاتاسى بولدى ئېشىتىپ كۆپ پەرىشان.

ۋەلې تەدبىر ئىلىكى ئېردى كوتاھ،
بۇ ئىش تەدبىرىدىن قول يىغدى ئول شاھ.

كېلىپ ئاجىز، رىزا بەردى قەزاغە،
ھەۋالە قىلدى تەقدىرى خۇداغە.

**زۇلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى ئىككى نەۋبەت تۈشىدە كۆرگەنى ۋە ئانى ئىشق زەنجىرى كىشاكىشى جۇنۇن ۋەرتەسىگە كەلتۈرگەنى.**

خوش ئول جانكىم قىلۇر ئىشق ئاندا، مەنزىل،
جەھان شۇغلىدىن ئەيلەر ئەسرۇ غافىل.
كۆڭۈلغە يانىدۇرۇپ بەرقى دەرەخشان،
مەتائى ھۇش ئۆرتەپ، خىرمەنى جان.
يوق ئولغاي ئاندىن ئەندۇھى سەلامەت،
چۇ گاھ ئولغاي ئاڭا كوھى مەلامەت.
مەلامەت تەئنىدىن پەرۋاسى بولماي،
بۇ سەۋدادىن بۆلەك سەۋداسى بولماي.
زۇلەيخا چەكتى سالى نالەۋۇ ئاھ،
يېتىپ نۇقسان ئاڭا ھەر كۈندە چۇن ماھ.
دىلۇ جان كايىشىدىن تاكى سالى،
يۈزى بەدرى بولۇپ گويا ھىلالى.
ياڭى ئايدەك قەدى خەم بىرلە بىر تۈن،
شەفەق ئاسا ياشىدىن غەرقەئى خۇن.
دەر ئىبردى ئولتۇرۇپ: «ئەي چەرخى غەددار،
نە قىلغۇڭدۇر ماڭا جەۋر ئەيلەپ ئىزھار.
ماڭا خۇد قىلغۇلۇقنى قىلدىڭ ئاخىر،
مەزەللەت تۇپراغىغە سالدىڭ ئاخىر.
كۇسۇف ئەيلەپ دەرەخشان ئافتابىم،
قارا كۈنلەر سالىپ قىلدىڭ ئەزابىم.
ئىنانىم قىلدىڭ ئول سەرگەش قولىدا،
نې كۆڭلىدە تەرەھھۇم نې تىلىدا.
ئىچىمگە سالدى ئول نە مېھرىدىن تاب،
ماڭا بەخل ئەيلەر ئەمدى قەترەئى ئاب.
نې ئويغاقلىقدا پەيدا ئول سىتەمگەر،
نې كۆرمەك ئۇيقۇدا بولغاي مۇيەسسەر.
ئول ئۇيقۇدۇر نىشانى بەختى بىدار،
كۆرۈنگەي ئاندا ناگاھ جىلۋەئى يار.»
كۆزۈمگە ئۇيقۇدىن يوق بىر دەم ئارام،
مەگەر بەختىمدىن-ئوق ئۇيقۇ بەر، ئەي دام.»
بۇ نەۋئ ئەيلەپ شىكايەت بىرلە ئەفغان،
لەبىگە يەتتى بۇ ئەندۇھدىن جان.

قىلىپ تا پاش شەب ئۆتكۈنچە زارى،
بۇ غەمدىن قالماين بىر دەم قەرارى.
بۇ ھال ئىبردى بەناگاھ ئىلتىپ ئۇيقۇ،
نى ئۇيقۇ، بەلكى دەي بىھۇشلۇق بۇ.
تەخى تەن بىستەر ئۈستۈن تاپماي ئارام،
ئىشىكدىن كىردى جان ئارامى بۇ شام.
ئۇشۇل سۇرەتكىم ئەۋۋەل قىلدى مەزھەر،
كىرىپ كەلدى يۈزى چۇن ماھى ئەنۋەر.
كۆرۈپ ناگەھ يۈزىن، ساچراپ قوپۇپ چۇست،
ئاياغىغە يىقىلدى باش قويۇپ رۇست.
يەر ئۆپتى يەئنى: «ئەي سەرۋى گۇلئەندام
دىلۇ جانىمدىن ئالدىڭ سەبرۇ ئارام.
خۇدا يىمكى ياراتمىشدۇر سېنى نۇر،
بەشەر ئالايىشىدىن ئەيلەمىش دۇر.
قىلىپدۇر خۇبلار خەيلىغە سەرۋەر،
ۋىسالىڭ ئابى ھەيۋان بەلكى بەر تەر.
قەدىڭنى ئەيلەدى بوستانى جان ھەم،
لەبىڭنى ياگەھى قۇۋتى رەۋان ھەم.
يۈزۈڭدىن ياندۇرۇپدۇر شەمئى جانسوز،
كى جان پەرۋانەسىن ئۆرتەپ شەبۇ روز.
كەمەندى بەردى مۇشكىن گىيسۇ تاب ھەم،
كى ھەر تار ئولدى جانغە بەندى مەھكەم.
قىلىپدۇر مويى جىسمى ناتەۋانىم،
دەھانىڭ مىيمىدىن تەڭ خەستە جانىم.
تەرەھھۇم قىل مەنى بىندىلغە يەكبار،
بۇ دەم ئاچغىل لەبى لەئلى شەكەر بار.
بۇ ھۇسنۇ خۇلق ئىلە ئەي دىلسىتانىم،
ئايتغىل راست، ئەي شاھى جەھانىم.
مەھى ئەۋجى كەمالى دىلبەرىسەن،
فەرىشتەسەنمۇ يا ھۇرۇ پەرىسەن؟
دەرەخشان گەۋھەرىسەن قايسى كاندىن،
كەيانى شاھ قايسى خانىداندىن؟

www.uyghurkitap.com



دۇرى يەكتاسەنۇ قايىسى سەدەفىدىن،
گۇلى رەئناۋۇ نى باغى شەرەفىدىن؟»
دېدى هۇققى: «نىژادى ئادەمىمەن،
كى جىنسى ئابى خاكى ئالەمىمەن.
قىلۇرسەن دەئۋىكىم، «مەن ئاشىقى زار»،
ئەگەر سادىق ئېرۇر سەندىن بۇ گۇفتار.
ۋەفاۋۇ ئەهدى مېهرىم تۇت سەلامەت،
رىزاجويلۇقىدا كۆركۆز ئىستىقامەت.
يەراق تۇت زىنهار، ئەي غەم كەشىدە،
قىلۇردىن شەككەر ئەرنىڭدىن رەسىدە.
مۇسەففا گەۋهەرىڭ ئەسرارى، ئەي يار،
ۋەلي ئالماس دىيدە قىلما زىنهار.
ئەگەر مەندىن ئېرۇر سىينىڭدە داغى،
بۇ غەمدىن يوق مېنىڭ كۆڭلۈم فەراغى.
مېنىڭ كۆڭلۈم سىينىڭ داغىڭغە هەم بەند،
كى ئىشقىڭ داغىدىن مەن هەم نىشانەمەند.»
زىلەيخا كۆردى مۇنداغ مېهرىبانلىق،
ئىشىتتى لەئلىدىن گەۋهەر فىشانلىق.
تۇتاشتى جانىغە پەرۋانەنىڭ ئوت،
تۆكۈلدى باشىغە دىۋانەنىڭ ئوت.
پەرى تۇتتى يەنە دىۋانەنى زار،
جۇنۇن زەنجىرىغە قىلدى گىرىفتار.
بولۇپ مەستى خەيال ئول ئويغۇنۇر چاغ،
جىگەر پۇر سوزۇ جانى خەستەپۇر داغ.
ئىچى پۇر هەسرەتۇ ئەندۇه ئېردى،
كۆڭۈل ئەنبۇهى پۇر ئەنبۇه ئېردى.
قىلىپ ئەندۇهنىڭ ئەندۇهىدىن ئاه،
كى دۇدى ئاهىغە گەردۇن ئۇزە راه.
بىرى مىڭ بولدى چۇن سەۋداسى ئانىڭ،
بولۇپ هەددىن فۇزۇن غەۋغاسى ئانىڭ.
بىنايى هۇش بۇنيادىنى بۇزدى،
سەلاهى مەسلەهەت بەندىنى ئۈزدى.
گىرىبان غۇنچە يەڭلىغ ئەيلەدى چاك،
تۆكۈپ گەه لالە يەڭلىغ خۇنى دىل ياك.
ئۈزۈپ گاهى ساچىن گاهى يۈزىنى،

ئۇرۇپ يەرگە باشىن يەرگە ئۆزىنى.
يۈزى مېهرىدىن ئەيلەپ يۈز جەراهەت،
ساچى يادىدا ساچىن بەردى غارەت
چۇ هالە هەلقە ئەيلەپ جۇملە چاكەر،
مەه ئەتىرافىدا ئولتۇردى سەراسەر.
بەناگەه تاپسە گەر ئول هەلقەدىن جا،
چىقىپ كەتكەي چۇ ئوقدەك بىسەرۇپا.
ئەگەر ئول هەلقە تۇتماس بولسە دامان،
بولۇپ سەهرا سارى سەرۋى خىرامان.
ئەگەر بەند ئولماس ئېرسە غۇنچەدەك زار،
يۈرۈر نى يەردە گۇلدەك روي بازار.
بۇ ۋاقىئەدىن پەدەر چۇن بولدى ئاگاه،
بارى دانادىن ئولدى ئول دەۋاخاه.
ئىلاجىدا قىلىپ بىر نەۋئى تەدبىر،
مۇناسىب كۆردىلەر تەدبىرنى زەنجىر.
بۇ يۈردى زەردىن ئانداغ مارى پىچان،
كى بولغاي نەقشى ئانىڭ لەئلۇ مەرجان.
بۇ ئەژدەر ساقى سىيمىننى سۇمۇردى،
كى گەنج ئۈستۈن يىلاندەك هەلقە ئۇردى.
زىلەيخا ئېردى گەنجى خۇبى ئارى،
بولۇر هەر گەنجىغە ناچار مارى
بۇ زەررىن مارىغە بولدى گىرىفتار،
دەر ئېردىكىم تۆكۈپ كۆزدىن گۇهەر بار:
«ماگا ئىشىق ئىچرە بەند ئېردى كىفايەت،
بۇ پىچان مارى بەندىغە نى هاجەت.
نېدۇر ئاخىر ماڭا مۇنداغ گىران بەند،
جەفا تىغىندا بولماق بەندى پەيۋەند.
تۇتۇپدۇر سەير ئاياغىن مۇشتەئى گىل،
رەهى جۇنبىش ئاڭا بىسيار مۇشكىل.
نى هىكمەت باغبان ئەتمىش بۇ تەدبىر،
سۇ بىلە ئالى قىلمىش بەندى زەنجىر.
مەنى مەستۇ جۇنۇن دىۋانەئى زار،
مەيى زەنجىرمەنۇ نى مەئنىسى بار؟
مەيى زەنجىر ئوشۇل دىلبەرغەدۇر نوش،

كى ئالدى مەندىن ئول بىرلەھزەدە ھۇش،
مۇ زەنجىر ئول پەرى بەندىغە بەس خۇب،
كۆرۈلدى بەرق يەڭلىغ بولدى مەھجۇب،
نەزەردە بولمايىن ئانداغ دەرەڭگى،
كۆرۈنگەي تا جەمالى لالە رەڭگى.
ئۆتۈپ مەندىن دەرەخشان بەرقدەك زۇد،
چىقاردى ئوتلۇغ ئاھىمدىن قارا دۇد.
ئەگەر بەختى بەلەند بولسە ماڭا يار،
بۇ زەنجىرىمغە قىلغۇمدۇر گىرىفتار.
يۈزىن كۆرگۈم قاراپ چەندانكى دىلخاھ،
كۆزۈپ رەۋشەن قىلىپ چۇن مېھرئىلە ماھ.
نې دەرمەن نازپەرۋەر ئول نىگارى،
كى قونغاي پايى پۇشتىغە غۇبارى.
يېتىلغان جان باشىغە كوھى ئەندۇھ،
كى دەردۇ غەم گۇرۇھى بولغاي ئەنبۇھ.
كىشى تاقەت قىلۇرمۇ دىلبەرىغە،
غۇبارى بولغاي ئانىڭ خاتىرىغە.

قاچان بولغاي پىسەندى خاتىرى يار،
كى يەتكەي بەندىدىن يارىغە ئازار.
ماڭا يۈز تىغ زەخمى جانىغە بىھراق،
كى دامانىغە زەخمى خار بولماق.»
بۇ نەۋئ ئەفسانەلەر دەپ ئاشىقانە،
كى ئاخىر تەگدى بىر تىيرى فەسانە.
بولۇپ زەخمىدىن ئانىڭ سىينەسى چاك،
يىقىلدى زەخملىق نەخچىردەك پاك.
زەمانى ياتتى خاك ئالۇدە بىخۇد،
ھۇشىغە كەلدىيۇ ئاھ ئۇردى پۇر دۇد.
دىلى دىۋانەسى ئەفسۇن قىلىپ باز،
يەنە ئەفسانەسىنى قىلدى ئاغاز.
گەھى گىرىيان گەھى خەندىدە ئېردى،
زەمانى مۇردە، ئانى زىندە ئېردى.
بۇ نەۋئ ئېردى ئانىڭ تەغييىرى ھالى،
بۇ يەڭلىغ ئېردى ھالى تاكى سالى.

**يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام ئۇچىنچى نەۋبەت تۇشىگە كىرىپ، نام - نىشانىدىن خەبەر**
**بەرگەنى ۋە زۇلەيخا جۇنۇن قەيدىدىن نىجات تاپىپ ھۇشىغە كەلگەنى**

كەل، ئەي ئاشىق، جەھانسۇزى پۇر ئاشۇب،
قىلۇرسەن گاھى شادى، گاھى مەنكۇب.
گەھى دىۋانەنى فەرزانە قىلغۇلۇك،
گەھى فەرزانەنى دىۋانە قىلغۇلۇك.
پەرىۋەشلەرنىڭ ئەيلەپ زۇلفىنى بەند،
جۇنۇن زەنجىرىغە تۇشتى خىرەدمەند.
گەر ئاچساڭ زۇلفى بەندى دىلرەبايى،
چەراغى ئەقل تاپقاي رەۋشەنايى.
زۇلەيخا بىر كۈن ئېردى مەستۇ مەدھۇش،
ئەلەمغە ھەمدەمۇ غەمغە ھەمئاغۇش.
ئەلەمى جاندىن ئېردىيۇ ئاشام،
كى سوزى ئىشقدىن بىسەبرۇ ئارام.
قىلىپ مۇيى مۇئەنبەر پەردەسىن چاك،
ساچىپ ئوتلۇق كۆڭۈلدىن باشىغە خاك.
قەدى نەخلىنى قىلدى سەجدەغە خەم،

ياشىدىن يەرنى گۇلزار ئەيلەدى ھەم.
چۇ نەرگىس تۆكتى ئەشكى ئەرغەۋانى،
چۇ سەۋسەن قىلدى تەرزى خۇش زەبانى.
بولۇپ غەمكىن كۆڭۈلدىن غۇسسە پەرۋاز،
كى ئۆز يارىغە قىلدى قىسسە ئاغاز:
«كى ئەي غارەت، ئەگەر ھۇشۇ قەرارىم،
پەرىشان ئولدى سەندىن روزگارىم.
سالىپ غەم قىلمادىڭ غەمخارلىق ھىچ،
ئالىپ كۆڭلۈم داغى دىلدارلىق ھىچ.
ئانىڭ بىلمەمكى تا ۋىرد ئەيلەسەم، كاش،
ھەرەمگاھىڭ قايان، تا قويغامەن باش؟
مەن ئۆزگە بىيىم بىلە ئېردىم شەكەرخەند،
سەن ئەتتىڭ نەيشەكەردەك يۈز كىرىھ بەند.
يۇتۇپمەن غۇنچە يەڭلىغ تونۇ كۈن خۇن،
تۇشۇپمەن پەردەدىن چۇن لالە بىرۇن.

دېمەيسمەن ساڭا، ئەي يارى ئەزىزى،
ئەمەسمەنمۇ ساڭا كەمتەر كەنىزى.
نى بولغايكىم كەنىزىڭ ئەيلەسەڭ شاد،
نەۋازىش بىرلە غەمدىن قىلساڭ ئازاد.
جىگەر قانىغە يوق سەرگەشتە مەندەك،
جۇنۇنى دەشتىدە سەرگەشتە مەندەك.
پەدەرغە مەندىن ئولدى يۈز تۈمەن ئار،
نېچۈك تەڭلىك دىلى مادەرغە بىسيار.
ۋىدادى ئەتتى ھەمە بىگانەۋۇ خىش،
بۇ تەنھالىق غەمىدىن جانغە كۆپ نىش.
مەنى خەس جانىغە قويدىڭ بەسى داغ،
نېدىن ئۆرتەرسە مەن بىكەسنى مۇنداغ؟!»
خىتاب ئول كامى جانغە تا سەھەر گاھ
بۇ ئېردى، ئىلتىنىۇ تا ئۇيقۇ ناگاھ.
كۆرەي مەست ئولدى ئۇيقۇ ساغەرىدىن،
تۈشىگە كىردى ئول غارەتگەرىدىن.
ئانى چۇن مەست قىلدى ساغەرى خاب،
كۆرۈندى ئۇيقۇدا غارەتگەرى خاب.
ئەجەب ھۇسنۇ ئەجەب شەكلى دىل ئارا،
كەمالىن ۋەسف ئېتەرگە كىمگە يارا.
نىدىن بىلمەم ئانىڭ ۋەسفى كەمالى،
نىھايەتدىن بىرۇن ھۇسنۇ جەمالى.
قىلىپ زارى، تۇتۇپ مەھكەم ئېتەكىنى،
كۆرۈندىن قان تۆكۈپ، تۆكتى يۈرەكىنى.
ئاياغىغە يىقىلدى تۇتتى مەھكەم،
تۆكۈپ خۇنى جىگەر كۆزدىن دەمادەم:
«كى ئىشقىڭدا مەنى بىر ناتەۋانى،
ئەمانى يوق ماڭا غەمدىن زەمانى.
ئالىپدۇر ھەسرەتىم، ئەي شەھسەۋارىم،
كۆزۈمدىن ئۇيقۇ، كۆڭلۈمدىن قەرارىم.
ئۇشۇل پاكىكى قىلمىش تەيرى ئەفلاك،
سېنى مۇنداغ ياراتمىش بارچەدىن پاك.
قىلىپدۇر ئىككى ئالەمدە گەزىدە،
تەمامى خۇبلارغا نۇرى دىيدە.
ئانىڭ ھەققى، ماڭا قىل غەمنى كوتاھ،
دېگىل ئاتىڭنى، قىل شەھرىڭنى ئاگاھ.»
دېدى: «ئاتىم ئەزىزى مىسرى مەشھۇر،
مەكانۇ مەسكەنىم ھەم مىسر مەزكۇر.»
زىلەيخا تاپتى جاناندىن نىشانى،
نې بەلكىم مۇژدەئى سەدساله جانى.
چۇ كۆردى بەختى بىدارىدىن ئول خاب،
كى جانى پۈرنىش ئېردى، جىسمى پۈر تاب.
تەنى جانۇ كۆڭۈلغە يەتتى چۇن نۇش،
قەرارى سەبرۇ تابى تاقەتۇ ھۇش.
ئۇ يەردە گەرچە ئول مەجنۇن ئىدى زار،
تۈشىدىن شاد ئولۇپ ئويغاندى ھۇشيار.
كۆڭۈلغە سالدى ئانداغ بۇ خەبەر خۇش،
جۇنۇنغە بەرھەم ئۇردى ئەقل ئىلە ھۇش.
كەنىزەككە بېرىپ بىر ياندىن ئاۋاز:
«كى ئەي پۈر غەمدە بۇ مەھزۇنغە دەمساز.
پەدەرغە يەتكۈزۈڭلەر بۇ خەبەرنى،
خەبەردىن شاد ئەيلەڭلەر پەدەرنى.
كى شاھا، مۇژدەئى ئىقبالى دەۋلەت
يېتىپ، بەرھەم ئېدى ئەندۇھۇ مېھنەت.
يانا ھۇشۇ خىرەد شەھبازى يەتتى.
گەھى تەن ئاشيانىن مەسكەن ئەتتى.
چۇ بولدى سەبزى خۇررەم مەرغىزارىم،
رەۋان كەتكەي سۈيىن ھەم جۈيبارىم.
كۆتەرگىل بەندى زەرنى سىيمدىن دۇد،
جۇنۇنى ساھىبى ھۇش قىلدى مەردۇد.
قىلۇرسەن سىيمنى بەند ئېچرە تا چەند.
كەل ئەمدى، چۇست ئالغىل سىيمدىن بەند.»
يېتىپ بۇ خۇش خەبەر گۇشى پەدەرغە،
خۇش ئىستىقبالى قىلدى بۇ خەبەرغە.
ئۆزى تەرك ئەيلەپ ئول دەم ئاشىقانە،
يۈگۈردى چوستۇ مەستى بىخۇدانە.
ئالىپ تاشلاپ، كېلىپ مارىشى سەرنى،
كى بەندى زەردىن ئالدى سىيمبەرنى.
مۇتابىبلار كېلىپ باشۇ كۆزىنى،
ئاياغىغە قويۇپ سۈردى يۈزىنى.

ھەم ئۇلدەم كەلتۈرۈپ بىر تەختى زەرزىن،
كى تۈزدىلەر بۇرۇنقى رەسمۇ ئايىن.
بۇ تەخت ئۈستۈن، ئالىپ قىلدىيۇ ئەئزاز،
باشىغە تاج ئۇرۇپ، ئەيلەپ سەرئەفراز.
پەردىۋەش چەۋرەلەر ئاندىن بولۇپ جەمئ،
كى بولدىلار ھەمە پەرۋانەئى شەمئ.
ئەگەر ھىممەتلەر ئولسە مەجلىس ئارا،
بۇ تۇتىدەك بولۇر ئىردى شەكەرخا.
ھىكايەت دۇرجىن ئاچىپ ئول سەرئەفراز،
قىلىپ ھەر شەھردىن ھەر يەر سۆز ئاغاز.
چۇ ئىردى شامۇ رۇمدىن نۇكتە ئەنگىز،
ھەدىسى مىسردە ئىردى شەكەررىز.
بىرىپ مىسر ئەھلى زىكرىغە سەرئەنجام،
تۇتار ئىردى ئەزىزى مىسرىدىن نام.
ئۇرۇپ تاپقان زەمان تىل ئۇززە بۇ ئات،
مەگەر بىخۇد يىقىلغاي ئىردى بۇ زات.
تۆكەر ئىردى كۆزىدىن ئەشكى سەيلى،
چىقارىپ كۆككە ئاھۇ نالە خەيلى.
كېچە ـ كۈندۈز بۇ ئىردى كارۇ بارى،
كى فىكرۇزىكر ئاڭا «يارىيۇ يارى»
دىيەر ئايتۇر سۆزى بۇ ئىردى ھەربار،
ۋەگەرنې قىلماس ئىردى ھېچ گۇفتار.

**زلەيخانىڭ خاستكارلىقىغە مىسىردىن ئۆزگە پادشاھلارنىڭ ئەلچىسى كەلگەنى ۋە زلەيخانىڭ نەۋمىدلىقى تىغىدىن يۈرەكى يازىلغانى ۋە بۇ داغدىن جىگەرى كەباب بولۇپ، كۆڭلى ئىزتىرابغە قالغانى.**

زلەيخا كۆڭلى گەرچە ئىشقدىن قان،
جەمالى شۇھرەتى ھەريان فەراۋان.
جەمالى قىسسەئى ھەرتىلدا مەزكۇر،
كەمالى ھۇسنى ھەم ھەر قايدا مەشھۇر.
ئىشتىپ ھەر كىم ئانىڭ زىكرىنى تا،
كى بولماي قالمادى مەفتۇنۇ شەيدا.
چۇ شەھلەر بەزمىدە غەۋغاسى ئانىڭ،
كى مەھلەر باشىدا سەۋداسى ئانىڭ.
يىبەرىپ ھەر زەمان بىر شەھرىيارى،
ۋىسال ئۇممىدى بىرلە خاستكارى.
بۇ فۇرسەتكىم جۇلۇن قەيدىدىن ئازاد،
كى تەختى ناز ئۇزە ئولتۇردى دىل شاد.
يېتىپ ھەر شاھى كىشۋەردىن رەسۇلى،
قىلىپ ھەر قايسى ئۇممىدى قەبۇلى.
رەسۇلى شاھى شامۇ قەيسەرى رۇم،
بۇ يەڭلىغ قاسىدى ھۇرمۇزۇ ھۇربۇم.
كېلىپ ئۇلدىن فۇزۇنراق ئىردى بۇ تەن،
جەلالى دەرگەھىنى قىلدى مەسكەن.
بىرىدە مالۇ مۇلكۇ دۇر مەرجان،
بىرىنىڭ ئىلكىدە مۇھرى سۇلەيمان.
بۇ ھەر بىر تۇھفەئى كىشۋەرىستانى،
كى ھەر شەھدىن مۇھەببەتنىڭ نىشانى.
كى ھەر يان يۈزلەنۈر ئول غارەتى نۇر،
ئانىڭدۇر تەختۇ تاجۇ كىشۋەرى زور.
ئەگەر ھەر كىشۋەر ئولسە جىلۋەگاھى،
ھەمە تاجى سەر ئىردى خاكى راھى.
«ئۇشۇل شام ئىچرە ناگەھ تۇتسە ئارام،
دۇئاسىن قىلغاي ئول تا سۇبھىدىن شام.»
«مەبادا رۇم سارى تۈشسە مەيلى،
كەمىنە بەندەسىدۇر شاھۇ خەيلى.»
بۇ دەستۇر ئىردى ھەر قاسىد پەيامى،
مۇھەببەتنامەئى ھەر بىكى نامى.
زلەيخا بولدى بۇ مەئنىدىن ئاگاھ،
بولۇپ زىرۇ زەبەر كۆكلى دىدى: «ئاھ!
كى بولغايمۇ كىشى مىسىردىن، ئايا،
مەن ئانىڭ ئىشقىدا دىۋانە گويا.
دىلۇ جان ھەر زەمان مىسرىغە مايىل،
چۇكەلمەس قاسىدى ئاندىن نە ھاسىل.

www.uyghurkitap.com



پەدەر دىيداردىن چۇن قوپتى نەۋمىد،
بۇ غەمدىن تىترەدى چۇن بەرگەئى بىد.
دۇرى مەرجان تۆكۈپ كۆزدىن فەراۋان،
دىلۇ جاندىن ئاقىزىپ خۇن فەراۋان.
دەر ئېردى: «مادەرى بىچارە، ئەي كاش،
كى هەرگىز تۇغماغاي ئېردى مىنى، كاش.
نې بولغاي ئېردى ئەمدى تۇغدى ئاخىر،
مېنى ئىتلارغە بەرسە بەرمەيىن شىر.
نېچۇك تالىبئ بىلە مەن بولغان ئادەم،
بۇ تالىبئ بىرلە مەن رەسۋايى ئالەم.
هەۋاغە ئاغسە دەريادىن سەهابى،
فەراۋان ياغسە تەشنەلەرغە ئابى.
مەنى لەب تەشنەغە يۈزلەنسە ناگەه،
تۆكەر ئوت سۇ كەبى باشىمغە، ئاۋەه.
نې بائىس، ئەي فەلەك، بۇ خار بىلمەم،
مېنىڭ ئاخىر نې كىمنىڭ بار بىلمەم.
بۇ يەگلىغ زار قىلدىڭ سەن نې بائىس،
شەفەقدەك غەرقى خۇندا مەن نې بائىس.
ئەگەر يول باشلاماسسەن يار سارى،
ۋەلې يول بەرمەگىل ئەغيار سارى.
ئەگەر قەسدىڭ ئۆلۈمدۇر، تۇردۇم ئاخىر،
سېنىڭ جەۋرۇڭغە جان تاپشۇردۇم ئاخىر.
ئەگەر فىكرىڭ ماڭا رەنجۇ ئەلەمدۇر،
هەزىن جانىمدا يۈز مىڭ رەنجۇ غەمدۇر.
بۇ كوهى ئاستىدا جانگاه تا كەي،
گىياهى مەۋجى غەمدە ئاه تا كەي.
يۈرەك يۈز يەردە زەخمىگدۇر يارادۇر،
قىلۇرسەن رەهم ئەگەر قىلغىل بەجادۇر.

مەن ئولسام شاد يا رەنجۇرۇ غەمكىن،
ساڭا نې غەم مەن ئەر ياتەلخۇ شىرىن.
نې خەسمەنكىم ۋۇجۇدۇمدىن نە كەلگەي،
مېنىڭ بۇدۇ نەبۇدۇمدىن نە كەلگەي.
بىرۇرسەن خىرمەنىمنى يەلگە بىباك،
تۇمەن خىرمەن ساڭا بىر دانەئى خاك.
ئۆلۈمدىن داغ ئېتىپ خەندان كۆڭۈلنى،
خەزان قىلدىڭ هەزاران تازە گۈلنى.
نې خاتىرغە خۇتۇرى سەندە نې غەم،
ئەگەر بولسام بۇلاردىن مەن بىرى هەم.»
بۇ كۈن يۈز دەردۇ ئەفغان بىرلە تا شەب،
ئىچى چۇن غۇنچەدەك قاندىن لەبا لەب.
تۆكەر ئېردى كۆزىدىن ئەشك غەمناك،
ساچىپ باشىغە ئۆزى ئىلكىدىن خاك.
پەدەر كۆردى بۇ شەۋقى بىنەۋازى،
ئەزىز مىسرى ئۈچۈن بۇ ئاهۇ زارى.
بېرىپ قاسىدلاغە مۇمتازى خىلئەت،
فەراۋان ئۆزر ئىلە بولدى ئىجازەت:
«كى بۇ فەرزەند ئۈچۈن ئۆزر، ئەي خىرەدمەند،
ئەزىزى مىسىر ئۈچۈن ئېردى ئىلىم بەند.»
ئېرۇر بۇ ئەهلى دانىشغە هۇۋەيدا،
كىم ئولسە پىش دەست ئول دەستى بالا،
زەبانى دەهر ئارا مۇنداغ مەسەل يوق،
كى هەرگىز دەستى ئەۋلاغە بەدەل يوق.
رەسۇللار باشىدىن كەتتى بۇ سەۋدا،
كۆڭۈلدىن چىقتى مۇتلەق بۇ تەمەننا.
بېرىپ رۇخسەت بۇلارغە شاهى تەيمۇس،
يانىپ كەتتىلەر ئاخىر بارچە مەئيۇس.

زىلەيخانىڭ ئاتاسى ئەترافى جەهان پادىشاهلار ئەلچىسىغە رۇخسەت بېرىپ،
ئەزىز مىسىرغە قاسىد ئىبەرگەنى ۋە ئول هەم بۇ ئىش دەۋلەتى
ئەزىمى بىلىپ، بەجانۇ دىل قوبۇل قىلغانى.

زىلەيخا كۆڭلى ئېردى ئىشقدىن داغ،
رەهى ئىشق ئۆزرە جىسمۇ جانى تۇپراغ.

بولۇپ نەۋمىدلىقدىن كۆڭلى پۇرخۇن،
بۇ داغ ئۆزرە يەنە داغ ئولدى ئەفزۇن.

بولۇپ ھەر سۇبھى ئەلگە كۈن يۈزى ئاق،
ئاڭا ھەر كۈن قارا كۈندىن قاراراق.
بۇ داغى نائۇمىدى ھەددىن ئارتىپ،
كى غەمدىن ھەردەم ئۇتلۇغ ئاھ تارتىپ.
قىلۇر ئېردى دەمى يـۈز نالەۋۇ ئاھ،
نې شامى ئارام ئاڭا نې سەھەرگاھ.
ئاتاسى كۆردى ئانى مىسـر ئۈچۈن زار،
ھەۋايى مىسرغە كۆڭلى گىرىفـتار.
ھەۋايى مىسر ئۈچۈن ھەردەم چېكەر جان،
ئىلاجى خەستە جانىن كۆردى ئول يان.
كى دانايى بۇ يولغە پۈيە ئۇرغاي،
ئىلاجى خەستە جانىن ئاندا سورغاي.
ئەزىزى مىسـردىن ئىستەپ دەۋاسىن،
نۇقۇدى جان قىلىپ ئانىڭ بەھاسىن.
يەتۈرگەي تاكىم ئاندىن بىر پەيامى،
تاپىپ ئاندىن مەگەر ئۇممىدى كـامى.
كى بۇ پەيغام ئىلە خۇرسەند قىلغاي،
زىلەيخانى ئاڭا پەيۋەند قىلغاي.
مۇئەررەبلەردىن ئەتتى بىرنى تەئيين،
قىلىپ دانالىقىدىن ئانى تەھسىن.
بېرىپ تەرتىب تۈرلۈك تۇھفەلەرنى،
ئەزىزى مىسر ئۈچۈن دۇررۇ گۇھەرنى.
بارۇرغە بولدى بۇ دانا مۇقەررەر،
ئالىپ كۆپ تۆھفەھايى گەۋھەرۇ زەر.
رەۋان ئول چۇستۇ چابۇك ئەيلەدى راھ،
ئۆزى يەتكۈردى ئاخىر ئۇشبۇ دەرگاھ.
بېرىپ پەيغامكى: «ئەي دەۋرى زەمانە،
يۈزىن سۇرمىش بۇ خاكى ئاستانە.
نەۋازىشلار قىلىپ ھەر لەھزە گەردۇن،
ساڭا ھەركۈن ئەزىزى بولسۇن ئەفزۇن.
تەمامى دەۋلەتىڭ بەختىڭ كۇشادى،
پەيامى ئاشنايى خارۇ زارى.
كى نۇرى دىيدەئى پەخۇندە شاھى،
ھىجابى ئىسمەتى ئەۋج ئۇزرە ماھى.
نە ماھى، بەلكى رەۋشەن ئافتابى،
كى مەھ جانىغە ئاندىن پىچۇ تابى،
ئاڭا ماھ ئەۋجىدىن ھەم پايە بىر تەر،
كۆرەلمەي سايەسىنى مېھرى ئەنۋەر.
سەدەفدە يوق گۇھەر مۇنداغ سەفالىق،
شەرەفدە ئەختەرى مۇنداغ زىيالىق.
كۆز ئاچىپ ئايغە قىلماس نەزارە،
كۆرەردىن ۋەھم ئېتىپ كۆز ئاشكارە.
جۇز ئايىنە يۈزىن كۆرگەن كىشى كەم،
تاراغدىن تاش ساچىن تۇتقان كىشى كەم.
ئەمەسدۇر زۇلفىدىن باشقە مۇيەسسەر،
قويارغە گاھ ئاياغى ئۈستىگە سەر.
گەر ئول ئۆي سەھنىدە بولسە خىرامان،
ئاياغىنى ئۆپەلمەي غەيرى دامان.
نې مەششاتۇ قولى سىيبىغە مەھرەم،
نې ھەمدەم لەبلەرىغە نەيشەكەر ھەم.
يۈزىن گۇل سۇھبەتىدىن ئاسراپ ئول پاك،
كى گۇل بەدنامىدىن پىراھەنى چاك.
ئېرۇر سەرگەش كۆزىدىن ھۇسنى رو پۇش،
نې نەرگىس خىيرەئى چەشم ھەمقەدەھ نۇش.
قاچىپ ئاي، كۈن فۇرۇغىدىن ئۇشۇل ماھ،
ئاڭا تا بولماغايكىم سايە ھەمراھ.
ياۋۇماي ھەۋزى جۇيۇ چەشمەئى تۈز،
يۈزىگە تۇشمەگەي تا ئەكسىدىن كۆز.
قىلىپدۇر پەردە ئېچرە روزۇ شەب جا،
جەھان ئېچرە ۋەلې يۈز شورۇ غەۋغا.
ھەمە شەھلەر ھەۋاخاھانى ئانىڭ،
خەرابى لۇتفى ناگەھبانى ئانىڭ.
سەر ئەفرازىكى بار تا رۇمدىن شام،
كى ئانىڭ شەۋقىدىن خۇنى دىلئاشام.
ۋەلې ئول ھېچكىمنى كۇفۇ قىلماس،
ھەۋايى مىسر ئانىڭ باشىدا بەس.
سەل ئەتمىش كۆزىنى مىسرى ئۈچۈن زارە
ياشىنى رۇدى نىل سەيلى بىسيار.
نې بائىسدۇركى بىلمەم بۇ شەفەقنى،
قەبۇلى خاتىر ئەتمەك ئول تەرەفنى.

www.uyghurkitap.com



مەگەرکىم ئاندىن - ئۇق تەخمىرى زاتى،
يارالمىش ئول تەرەف رىزقى بەراتى.
ئەگەر بولسە قەبۇلى خاتىرى شاھ،
تۇتۇپ مىننەت يىبەرگۇم ئالى دەرگاھ.
ئەمەسدۇر گەرچە سەدرى خانەدە خۇب،
كەنىزەكلەردىن ئولغاي پايىگەھ رۇب.»
بۇ سۆزنى چۇن ئەزىزى مىسر ئىشىتتى،
كۇلاھى فەخر چەرخ ئەۋجىغە يەتتى.
قىلىپ ئەشكەستەلىك ئاجىزلىق ئىزھار،
دېدى :«كىم بولغامەن مەن بىكەسى زار؟
كەچۈرگەيمەنكى بۇ سەۋدا خەيالى،
بۇنىڭ ئەندىشەئى فىكرى مەھالى.
ۋەلې تۇفراغدىن ئالدى چۇن مېنى شاھ،
باشىم ئەۋجى فەلەككە يەتتى ناگاھ.
مەن ئول تۇپراغكىم ئەبرى نەۋ بەھارى،
ماڭا لۇتفى ئەيلەپ ئەيلەر قەترە بارى،
تىغىدىن سەبزەدەك ئۆتسە زەبانىم،
ئەجەل تا ھەشر ئەگەر بەرسە ئەمانىم.
بۇ تىل بىرلە دېسەم شۇكرى ئەتاسىن،
قىلالمام شۇكرى لۇتفىنىڭ ئەداسىن.
بۇ لۇتفىكىم قىلىپدۇر شاھ ئىزھار.
ماڭا ۋاجىبكى گەر بەختىم ئېسە يار،
باشىم ئەيلەپ ئاياغى دىيدە نەئلەين،
يۈگۈرسەم ئىشكىدە بىررە ئىسۇ ۋەلئەين.
ۋەلېكىن شاھى مىسر ئول كانى فەرھەڭ،
قىلىپدۇر خىزمەتى ئانداغ مېنى تەڭ.
كى بولسام بەزمىدىن بىر سائەتى دۇر،
سەياسەت تىغىدىن بولغايمۇ رەنجۇر.
مېنى نەخۋەت گۇمانىدىن يىراق بىل،
بۇ خىزمەتدە مېنى مەئزۇرراق بىل،
رەۋا كۆرسەڭ ئەدايى ھەق گۇزارى،
رەۋان يەتكۇم بەسى زەررىن ئەمارى.
كەنىزەك بەندەلەردىن سەد ھەزاران،
سەنەۋبەر قامەتى تۇبى خىرامان.
ھەمە رەئنا غۇلامى خۇب زىيبا،
كى غۇلمانى بىھىشتىدەك مۇسەففا.
ھەمە شىرىن دەھانۇ لەب شەكەر خەند،
جەۋاھىر نەقشلىغ زەررىن كەمەر بەند.
جەۋانانى كۇلەھ، كەۋسەر قەدەھ نۇش،
ھەمە شەھزادەئى زەررىن قەباپۇش.
ھەمە تازى سەۋار ئالتۇر ئىگەرلىغ،
كەيانى رۇتبەلىغ، رۇستەم جىگەرلىغ.
كەنىزەك ھەممەلەر با ھۇللەئى ھۇر،
قۇسۇرى ئابى گىلىدىن ھۇردەكدۇر.
مۇئەنبەر تۇررەلىغ رۇخسارە گۇلار،
مۇقەۋۋەس تاقلىغ ماھى چىگىللار.
بېرىپ زىۋەر ئۆزىگە دۇررۇ گەۋھەر،
كى ھەر بىر ئولتۇرۇپ بىر ھەۋدەجى زەر.
كىياسەت زۇمرەسى پا بەستەلەرنى،
رىياسەت ئەھلىدىن شايىستەلەرنى.
يىبەرگۇم تا بۇ يولدا باغلاپ ئەھرام،
قىلىپ تا ئانچەكىم ئەئزازۇ ئىكرام.
ئالىپ كەلگەيلە بۇ دەۋلەت سەراغە،
تۇمەن ئەئزاز ئىلە بۇ مۇددەئاغە.»
بۇ دانا قاسىد ئىشتىپ ئۇشبۇ سۆزنى،
ئۆپۈپ تۇپراغ يەرگە قويدى يۈزنى:
كى ئەي سەندىن رىۋاجى رەۋنەقى مىسر،
ھـۇدۇدى مىسر ئىچىندە گويىيا خىزر،
كەرەم گۇلزارى سەندىن تازەئى تەر،
قەدەمگاھىڭ غۇبارى مۇشكى ئەز فەر.
كەرەكمەس ئۇشبۇ خەيلۇ بۇ ھەشەم ھەم،
سەن ئايغاندىن بۇ شەھ ھەم ھېچ ئەمەس كەم.
كەنىزەك، بەندەلەرنىڭ غايەتسى يوق،
ساناپ كۆرمەڭ، ھېسابى ھەددىن ئارتۇق.
بۇ شەھ دەرگاھىدا ئەركانى دەۋلەت؛
نەفىسۇ قىيمەتى ئىگىنىدە خىلئەت.
دەرەختلەر بەرگىدىن چەندىن فۇزۇنراق،
ھېسابى بىشەدەد، ھەددىن بىرۇنراق.
دۇررۇ گەۋھەر ھەمە بەزلۇ سەخاسى،
بەيابان رىگىدىن ئەفزۇن ئەتاسى.
قەبۇلۇڭ تاپتى چۇن ئول گەۋھەرى پاك،
يىبەردى ئالدىڭا شەھ چۇستۇ چالاك؛

**مىسىر تەرەپىدىن مەغرىب تەرەپكە ئۆتمەك ئەسنەسى كەلگەنى-ۋە گۈلى ئىمارەتدەك زىلەيخانىڭ مەھمىلى مىسىر چانىبىغە يۈزلەنگەنى.**

يانىپ چۇن كەلدى ئول دانا خىرەدمەند،
زىلەيخا كۆڭلىدىن تا بەرگەي ئول بەند،
خەبەر كەلتۇردى ئانداغ دىلكەشى خۇب،
زىلەيخاغە نىچىم بار ئىردي مەتلۇب.
گۈلى بەخت ئاچىلۇرغە قىلدى ئاغاز،
هۇمايى دەۋلەتى هەم قىلدى پەرۋاز.
تۇشۇپ باشىغە بىر تۇشدىن بۇ سەۋدا،
خەيالى بىرلە دەفئ ئولدى بۇ غەۋغا.
بەلى ئالەم نىشاتى يا مەلالى،
ئاڭا بائىس بۇ خابى يا خەيالى.
خەيالۇ خابدىن كەچكەي خۇش ئول يار،
بۇ رەڭ گىردابدىن كەچتى سەبۇكبار.
پەدەر تاپتى زىلەيخا كۆڭلىنى شاد،
جىهادى تەرتىبىنى قىلدى بۇنياد.
مۇهەييا ئەيلەدى بەهرى ئەرۇسى،
كى يۈزمىڭ شامىلىقۇ، رۇمىيۇ رۇسى.
هەمە پىستە دەهانۇ نارى پىستان،
كى هەر مەجمەئ گۈلىستان بەر گۈلىستان.
سالىپ ئەقدى گۆهەر جۈملە بەناگۇش،
كى مۇشكىن قەۋس تارتىپ گۇش تا گۇش.
سەهەر ۋەقتىدە گۈلدەك تەرۇ تازە،
چۇ رەڭگى ۋەسمەسىنىڭ ئارى ئارە.
زىهى لالە ئۈزە زۇلفى مۇئەنبەر،
هەمە ئاۋىزە گۇشۇ لۇلەئى تەر.
چۇ مىڭ رەئنا غۇلامى فىتنە ئەنگىز،
نىگاهى جانىستانى غەمزە خۇنرىز.
قويۇپ باش ئۈزرە لەئلىن كەج كۇلەهلەر،
ئاچىپ مۇشكىنە گۈل-گۈلدىن گىرەهلەر.
كۇلەه ئەترافىدا بىر تازە كاكۇل،
كى لالە ئاستىدا چۇن شاخى سۇنبۇل.
كىيىپ خىلئەت قەبالارىكىم قەسەب رەڭ،
هەمە گۈل بەرگى يەڭلىغ نازىكۇ تەڭ.
مۇرەسسەئ گەۋهەردىن كاكۇل پەرىشان،
ئالىپ هەر تارى موغە سەد دىلۇ جان.
مىڭ ئاتلارىكىم نىكۇ شەكلى خۇش ئەندام،
يۈرۈردە شوخۇ تۇندۇ ۋەقتى زىن رام.
هەمە چەۋگانۇ گۇيدىن تىزدۇر ئاق،
گۈلى سەبزە مويىدىن نەرمدۇر ئاق.
بەناگەه قامچە تۇشسە سايەسى سۇست،
چىقار سەكرەپ جەهان مەيدانىدىن چۇست.
قۇلاندەك خىڭگى سەهرادا تەكاۋەر،
يىلاندەك مەۋجى دەريادا شىناۋەر.
تۇۋاغىدىن تىكەنلىق سەڭگى خارا،
مەساۋى تەي قىلۇرغە كوهۇ سەهرا.
كىيىسىپ هامۇن كەبى تاغلارنى ئاسان،
ئىنان فەرمانەتىدىن چىقماي هىچ ئان.
مىڭ ئۇشتۇرىكىم يانە هەرقايسى كوهى،
ئەجىب كوهى رەۋانى پۇر شۇكۇهى.
كى تۆرت ئۇستۇن ئۈزە تەن كوهى كىردار،
بۇ هەيئەت بىرلە تۇرفە باد رەفتار.
قەنائەت خەيلىدەك كەم خابۇ كەم خور،
تەهەممۇل زۇمرەسىدەك بارى بەردۇر.
بەيابان قەتئ ئېتىپ، ئەيلەپ تەۋەككۇل،
قىلىپ تۇئمە تىكەن چۇن سۇنبۇلۇ گۈل.
هەدى ئاهەڭگىدىن قەتئ ئەيلەپ ئاسان،
كۆز ئاچقۇنچە كېزىپ چەندان بەيابان.
چۇنان شەۋقى تەرەبدىن تەي قىلىپ تۇل،
كى مۇتلەق خابۇ خورنى ئەيلەپ ئۇنتۇل.
نەفايىسلەردىن ئەيلەپ يۈز شۇتۇرۋار،
خىراجى كىشۋەردۇر يۈز شۇتۇربار.
ئىكى يۈز مەغرىشى دىيبايى نامى،
چۇ رۇمىيۇ چۇ مىسرىيۇ چۇ شامى.
جەۋاهىر ئىككى يۈز ئەۋجى دەرەخشان،
دۇرى ياقۇتۇ هەم لەئلى بەدەخشان.
ئىكى يۈز تەبلەئى مۇشكى تاتارى،
ئەبىرۇ ئەنبەرۇ ئۇدى قۇمارى.

نى يەركىم سەينەلەرنى قىلدى مەنزىل،
دۇكانى ئەتر بولمىش ئاندا ھاسىل.
ھەمە رويى زەمىن سەھراسى گۇلدەك،
مۇئەتتەر بەلكى زۇلفى ئەنبەرىندەك.
بەنا دىلكەش ئىمار ئەيلەپ مۇھەييا،
زىلەيخا ئولتۇرۇرغە جۇملە ئاسا.
تەمام ئەجزاسى ئانىڭ ئۇدۇ سەندەل،
زەرئەندۇدە جەۋاھىردىن مۇكەللەل.
مۇرەسسەئ سەقفى گويا چەترى جەمشىد،
زەر ئەفشان قۇببەسى مانەندى خۇرشىد.
ئىچى تاشى جەۋاھىردىن ھەمە پۇر،
مىخى ئالتۇندىنۇ ئاۋىزەسى دۇر.
سالىپ كۆپ تەھ بەتەھ زەربەفت دىيبا،
ھەمە مەقبۇلى تەبئۇ نەقشى زىيبا.
زىلەيخا بۇ سىفەت ئەئزاز بىرلە،
تۇمەن غۇنچە دەلالى ناز بىرلە.
بۇ ھۇۋدەج ئىچرە قىلدىلار ئانى جا،
بۇ نەۋئ ئەيلەپ ئانى يولغە مۇھەييا.
رەۋانە قىلدىلار چۇن مىسر سارى،
كى تارتىپ بادپالار بۇ ئەمارى.
يەنە يۇزمىڭ شەمشادۇ سەنەۋبەر،
پەرى رويۇ سۇمەن بۇيۇ سۇمەنبەر.
قىلىپ رىھلەت دىيارىدىن دىيارى،
رەۋان ئولدىلا گويا نەۋ بەھارى.
نى يەركىم بولدى مەنزىل ئول سەنەمغە،
خىجالەت بەردى بوستانى ئىرەمغە.
كەنىزەكلەر ھەمە پۇر ئىشۋەئى ناز،
نەزەردە جىلۋەگەرلەر نازۇك ئەنداز.

قىلىپ جەۋلان يىگىتلەر مەستۇ شەيدا،
زەمانە كۆرمەيىن مۇنداغ تەماشا.
كەنىزلەر دام ئېتىپ زۇلفى مۇئەنبەر،
شىكار ئەيلەپ غۇلامى ماھى پەيكەر.
ئاتىپ ھەر بىر غۇلامى غەمزە تىيرى،
كۆڭۈللەر رەخنەۋۇ جانلار ئەسىرى.
ئۇ ياندىن ئىشۋەسازى دىلرەبالىق،
بۇ ياقدىن ئىشقبازى ئاشنالىق.
فەراۋان ئاشىقۇ مەئشۇق دەركار،
كى ھەر يان يۇز مەتا ئۇ يۇز خەرىدار.
كىرىپ مەنزىل بەمەنزىل ئۇشبۇ دەستۇر،
دىيارى مىسر ئىلتىپ مەھمىلى سۇر.
بۇ دەۋلەتدىن زىلەيخا شادۇ خۇشنۇد،
كى شايەد قولغە كەلگەي گەنجى مەقسۇد.
تۇلۇئ ئەتكەي سەھەر گاھ [ئەز] شەبى غەم،
غەمى ھەجرىنىڭ ئولغاي غايەتى ھەم.
ۋەلې غافىلكى بۇ تۈن بەس ئۇزۇندۇر،
فىراق ئەييامى سەد چەندان فۇزۇندۇر.
يىراقدۇر شامى فۇرقەتغە سەھەرگاھ،
بۇ تۈن تا سۇبھ چەندىن سالەدۇر راھ.
كېچە - كۈندۈز يۈرۈپ خۇشھالۇ خۇررەم،
ياراشتى مىسر ھەددى خەيرى مەقدەم.
يىبەردىلەر بۇ يەردىن قاسىدى تىز،
يۈرۈتكەي تا شەھەرگە تۇندى شەبدىز.
ئۆزىن يەتكۇرگەي ئول قاسىد بۇ دەرگاھ،
ئەزىزى مىسرنى تا قىلغاي ئاگاھ:
«چۇ يەتتى باشىڭا چۇن دەۋلەتى تىز،
گەر ئىستىقبال ئېتەرسەن چۇستۇ بەرخىز».

ئەزىز مىسرى زىلەيخانىڭ تەشرىفى كەلتۈرگەنىدىن خەبەرتاپىپ، ئىستىقبالغە يۇز-
لەنگەنى ۋە مىسر لەشكەرىنى تەمام ئاراستە قىلىپ شانۇ شەۋكەت
تەجەممۇلۇ ھىشمەت بىرلە ئىستىقبالغە چىققانى.

ئەزىزى مىسر ئىشىتتى چۇن بۇ پەيغام،
جەھانىنى كۆردى ئۆز مەقسۇدىغە رام.
مۇنادى قىلدۇرۇپ تاكىشۋەرى مىسر،
يىغىلدىلار تەمامى لەشكەرى مىسر.

بۇ ئەسبابى ھەشەمدىن ھەر نېكىم بار،
قىلىپ شەئنى تەجەممۇل ئانچە مىقدار.

سىپاھى جەمئ بولدى پاي تا فەرق،
زەرۇ زىۋەر دۇرۇ گەۋھەر بىلە غەرق.

ياساپ يۈزمىڭ غۇلامزادەلەرنى،
ھەمە گۇل چېھرەلەردىن ماھەلەرنى.

يىگىتى غەرقى تەۋقۇ تاجۇ زىۋەر،
ئىگەردىن ئۆندى گويا نەخلىئى زەر.

كەنىزەكلەر پۈر ئەز ئارايىشى زىبب،
بېرىپ ئەنۋائى گەۋھەر بىرلە تەرتىب.

ھەمە زەربەفت ئەدا پەردەنىشىنلەر،
ھىجابى ئىسمەت ئىچرە مەھ جەبىنلەر.

شەكەر گۇفتار مۇترىب نۇكتە پەرداز،
خۇش ئەيلەپ تەھنىيەت رەسمىدە ئاۋاز.

مۇغەننىي چەڭگى ئىشرەت ساز ئەيلەپ،
نەۋائى خۇررەمى ئاغاز ئەيلەپ.

رۇبابىنىڭ قۇلاقىغە بېرىپ تاب،
تەرەبغە ئەيلەپ ئول تارىنى ئەسباب.

نەۋىدى ۋەسل ئەيلەپ نەي گۇزاسى،
ئۈمىدى ۋەسل ئولۇپ جانغە ھەداسى.

بېرىپ جانغە ئەمان غەم تابىدىن ئۇد،
ھەمە ئەيشۇ تەرەب ئەسبابى مەۋجۇد.

بۇ ئاۋازە سالىپ دەف ھەردەم، ئەي دوست،
ھەمە رەھكۇبلار ئىلكىدە بۇ پوست.

خەلايىق يۈزلەشىپ بولغە بۇ دەستۇر،
نىشاتۇ ئەيش ئارادىن بەردى بۇ شور.

قىلىپ تەي ئىككى-ئۈچ مەنزىلدىن ئول راھ،
يېتىشتى بارگاھى خىرگەھى ماھ.

بۇ يەرنىڭ تىزلىكىدىن كۆردىلەر دۇر،
تىكىپدۇرلار ھەزاران قۇببەئى نۇر.

سەن ئايتۇرسەنكى ئەبرى بىشۇمارە،
ياغىپدۇر ژالەلەر يەڭلىغ ستارە.

بۇلارنىڭ ئورتاسىدا بارگاھى،
ئانىڭ ئەترافىدا سەف-سەف سىپاھى.

ئەزىز ئول بارگەھنى كۆردي ناگاھ،
تەماشا قىلدى بۇ دەرگاھى خىرگاھ.

ئوشۇل دەم سۇبھى دەمدەك بولدى خەندان،
بۇ ئىشغە شادلىق كۆرگۈزدى چەندان.

تۈشۈپ رەخشىدىن ئول دەم خۇسرەۋانە،
يۈگۈردى بارگەھ سارى رەۋانە.

يۈگۈرشۈپ كەلدىلەر ئالدىغە ئول جەمئ،
ھەرەمگاھ ئەھلى چۈن پەرۋانەۋۇ شەمئ

مۇيەسسەر ئەيلەپ ئىقبالى زەمىن بۇس،
يەتۈردىلەر سەلامى شاھ تەيمۇس.

سەلامۇ مەرھەبا دەپ لۇتف قىلدى،
كۈلۈپ ھەر قايسىغە گۇلدەك ئاچىلدى.

تەفەھھۇس قىلدى ئول ئاي ھالەتىدىن،
ھەۋا ئاسىبىدىن يول مېھنەتىدىن.

بەس ئاندىن بىر كىشى رەسمىكى بار چۈن،
لېكىم كۆرگەي كۆزىگە خۇبۇ مەرغۇن.

چۇشىرىن چاكەرانى لەب شەكەرخەند،
مۇرەسسەئ تاجى زەررىن ھەم كەمەربەند.

چۇتازىلار ھەمە ئالتۇن ئىگەرلىغ،
قۇلاقدىن تا دەمى دۇررۇ گۇھەرلىغ.

جەۋاھىرلاركى نايابى خەزىنە،
ھەمە مۇئىنەدە بىرى شەمىنە.

نې شەككەرلەركى قەندالاتى شىرىن،
نې شەربەتلەركى رەڭگا رەڭگى نۇشىن.

بۇلاردىن توشقارىپ سەھرا يۈزىنى،
ئاراغە سالدى ھەم ياخشى سۆزىنى.

قىلىپ كۆپ ئىلتىفاتۇ لۇتفۇ سەفقەت،
بەس ئاندىن ئۇزر ئەتتى بىنىھايەت.

ۋەلې ئول مەنزىلغە ياندى ئولى ھەيىن،
يەنە تاڭلا كېلۈرنى قىلدى تەئيىن.

www.uyghurkitap.com



**زىلەيخا ئەزىز مىسىرنى خەيمە شىكافىدىن كۆرۈپ، پەريادۇ پىغان تۈزگەنى ۋە پەلەكى غەددار ۋەسل ئۈمىدى ۋەئدەسى بىرلە نەۋمىدلىق داغىغە گىرىفتار قىلغانى**

نې پۇر پەن ھۇققە بازى چەرخى غەددار،
ئۇچۇزى ھىيلە پۇر پەردار پۇر ئەۋۋار.
بېرىپ بىدىلغە گاھى مۇژدە ئۈمىد،
سالىپ جانىغە ئاخىر داغى نەۋمىد.
يىراقدىن مەيدەئى كام ئەيلەپ ئىزھار،
قىلۇر رەنجۇرى خاتىر ئاخىرى كار.
كۆڭۈل كامى ئۈمىدى بىرلە مەسرۇر،
قىلۇر ناكامىدىن جانىنى رەنجۇر.
ئەزىزى مىسىرنىكىم چۇن سالدى سايە،
ئوشۇل ئۆيكىم زىلەيخا ئىردى دايە.
ئىنان ئىلتىپ قولىدىن شەۋقى دىيدار،
دېدى: «ئەي دايەئى دەيرىنە غەمخار.
ئىلاجى قىل كۆرەي دىيدار بۇ دەم،
كۆرەرمەن سەبرنى دۇشۋار بۇ دەم.
كۆڭۈل شەۋقى بولۇرمۇ مۇنداغ ئارتۇق،
كى بىر كۆرمەسكە ئەمدى تاقەتى يوق.
ئىلىككە كەلسە ئەگەر سۇ تەشنە جانى،
قىلۇرمۇ تاقەت ئول قىلماي دەھانى.»
كۆرۈپ دايە زىلەيخا ھالىنى زار،
ئۆي ئەترافىنى چەۋگۈلدى بەيەكبار.
قىلىپ تەدبىر يۈز ئەفسۇنۇ نەيرەڭ،
شىكافى زاھىر ئەتتى خەيمەدىن تەڭ.
زىلەيخا ئەيلەپ ئاندىن بىر نىگاھى،
دىلىۇ غەم دىيدەسىدىن چەكتى ئاھى:
«كى ۋاۋەيلا، يىقىلدى باشىمە تاغ،
نې مۇشكىل ئىشكى بۇ دەرد ئۈستىگە داغ.
ئەمەس بۇ تۈشدە كۆرگەن ئول ئەزىزىم،
مۇرادىم، مەقسەدىم، ھۇشۇ تەمىزىم.
ئەمەس بۇ ئالغان ئول ھۇشۇ قەرارىم،
جۇنۇن ئىلكىدە بەرگەن ئىختىيارىم.
ئەمەس بۇ ئولكى راز ئايدى ئۆزىدىن،
ھوزۇر ئالدى كۆڭۈل شىرىن سۆزىدىن.
ئەمەس بۇ قىلغان ئول جانىم گىرىفتار،
گەھى بىھۇشۇ گاھى قىلدى ھۇشيار.
دەرىغا، سۇست بەختىم، غايەتى سەخت،
سەئادەت ئەختەرىم تەئسىرى بەدبەخت.
نىھالى خۇرمە چۇن تىكتىم مەنى زار،
ماڭا بار بولدى ئاندىن ئاقىبەت خار.
مەنى بىدىل ساچىپ تۇخمى مۇھەببەت،
ھۇسۇل ئالدىم ھەمە ئازارى مېھنەت.
چېكىپ بۇ گەنج ئۈچۈن مەن رەنجى بىسيار،
ئىش ئەژدەرھاغە تۈشتى ئاخىرى كار.
كۆڭۈل - جان تەشنە باردى سۇ لەبىگە،
چۇ ئاندىن ئوت تۇتاشتى ئوت تەنىگە.
گۇل ئىستەپ نەچچە باردىم باغى گۇلزار،
تىكەن زەخمىدىن ئەتتىم جاننى ئەفكار.
بەيابان ئىچرەمەن ئول تەشنە جانى،
شىتاب ئەيلەرمە سۇ دەپ ھەر قايانى.
ھەرارەتدىن تىلىم ئاغزىمدىن ئاشقان،
تېپىنىم تەب خالەلەردىن مەۋج ئۇرۇپ قان.
كۆرۈنگەي تا نىھانكىم سۇ يىراقدىن،
يۈگۈرغايمەنكى يۈزمىڭ ئىشتىياقدىن.
كۆرەرمەنكىم سۇ ئورنىدا مەغاكى،
قىزىغ كۈن تابىشىدىن تىيرە خاكى.
مەن ئول بىزادلىقدىن ۋەھم، ئەي جان،
كىم ئەيلەپ راھىلە چۆللەردە ھەيران.
جەراھەتدىن ئاياغىم پارە - پارە،
ماڭارغە نې تۇرارغە ھېچ چارە.
بەناگەھ دىيدەئى خۇنابە ھالى،
ئوشۇل گۇم گەشتەدىن گورگە خەيالى.
بۇ كۆرگەيمەن بەسەد زەۋقۇ دەلىرى،
ياماں بەختىمدىن ئول دەررەندە شىرى.
مەن ئول گەشتى شىكەستە زارۇ نالان،
بەرەھنە تەختەئى ئۈستىدە ھەيران.

تەلاتۇم بىرلە ئۇلتىپ ھەر زەمان مەۋج،
كى ئۇلتىپ قەئرى دەريايى گەھى مەۋج.
يىراقدىن زەۋرەقى بولغاي نەمايان،
يۈگۈردۈمكىم ئىشىتتىم بولغاي ئاسان.
ياۋۇق كەلدىم ئىسە كۆردۈم بەلايى،
ھەلاكىم بائىسىغە ئەژدەھايى.
مېنىڭدەك بىدىلى ئالەمدە بارمۇ،
چۇ مەن بىھاسىلى ئادەمدە بارمۇ؟!
نې دىل بار ئەمدى ئىلكىمدە نې دىلدار،
ئۇرۇپ باشىمنى تاشىغە يىغلاسام زار.
نې بولغاي، ئەي فەلەك، زۇلمۇڭ قىلىپ گۇم،
ماڭا تەگرى ئۈچۈن قىلساڭ تەرەھھۇم.
مۇيەسسەر قىلمادىڭ گەر دامەنى يار،
يانا بىرگە مېنى قىلمە گىرىفتار.
چۇ غەير ئىلكىدە قىلما دامەنىم چاك،
بۇ رەسۋالىق بىلە پىراھەنىم چاك.
مەن ئېرىم پاك دامەنلىقدە يەكتا،
بۇ نەۋئ ئالۇدەلىكدىن قىلمە رەسۋا.»
بۇ يەڭلىغ تا زەمانى قىلدى زارى،
تۆكۈپ ھەركىرفىكىدىن جويبارى.
قىلىپ كۆپ دەردلىغ جانىدىن ئەفغان،
يۈزىن تۇپراقغە سۈرتۈپ يىغلادى قان،
كەرەم شەھبازى بۇ دەم قىلدى پەرۋاز،
سۇرۇشى غەيب بەردى ناگەھ ئاۋاز:

«كى ئەي بىچارە، تۇپراقدىن كۆتەر باش،
بۇ مۇشكىلدىن ئىشىڭ ئاسان بولۇر فاش.
ئەزىز ئېرمەس ساڭا گەرمەقسەدى دىل،
ۋەلې ئانىسىز ئەمەس مەقسۇد ھاسىل.
مۇرادۇ مەقسەدىڭ تاپقايسەن ئاندىن،
جەمالى دوستىنى كۆرگەيسەن ئاندىن.
كۆڭۈلنى بۇ ئەزىزدىن قىلمە غەمگىن،
سەلامەت قالغاي ئاندىن قۇفلى سىيمىن.
كەلىدىنىڭ ئېرۇر دەندانەسى مۇم،
كەلدى مۇمنىڭ ھەنجارى مەئلۇم.
نې ھاجەت تۇتماق ئاندىن گەۋھەرىڭ پاس،
قىلۇرمۇ مۇم ھەرگىز كامە ئالماس؟
ئاڭا سوزەن قولىدا خارى تەردىن،
ئەمەس خاراغە ھەرگىز بەخيە مۇمكىن.
چۇ بولماس ئاستىن قۇل بىرلە ھەمراز،
بولۇرمۇ ئاستىنەتىڭ خەنجەر ئەنداز.»
بۇ سۆزنى غەيبدىن ئىشىتىپ زىلەيخا،
باش ئۇردى كەلتۈرۈپ شۇكرانە بەرجا.
فىغانۇ نالەدىن بولدى فەرامۇش،
تۇتۇپ قان غۇنچە يەڭلىغ بولدى خامۇش.
يۇتۇپ چۈن ھەر نەفەس يۈز ساغەرى غەم،
كۆيۈپ جان ھەر زەمان ھېچ ئۇرمايىن دەم.
ھەمىشە يولدا چەشمى ئىنتىزارى،
كۇشاد ئولغاي قاچان بۇ ئەقدە بارى.

**زىلەيخا ئەزىز مىسرى بىرلە ھەمراھ مىسرغە كىرگەنى ۋە مىسر خەلقى ئىستىقبالىغە چىقىپ، نىسار تەبەقلەرىنى زىلەيخانىڭ ئەمارى باشىغە ساچقانى**

سەھەرگاھ ئولدى ئېرسە چالدى بۇ ھىن،
فەلەك تۈن رىھلەتىغە كۇسى زەررىن.
كەۋاكىب رەخت باغلاپ جۇملە تا ماھ،
شىتابان بولغە كىردى تۈنغە ھەمراھ.
زەر ئەفشان كۇسىنىڭ رەخشانلىقىدىن،
زىياسىنىڭ داغى تابانلىقىدىن.
ھەمە ئافاق بولۇپ پۇر نەقشى زىبا،
چۇ بىر تۇتىيۇ بىر تاۋۇسى زىبا.
تۈزئەيلەپ جۇملەئى پۇر شەھرىيارى،
ئەزىزى مىسرى كەلتۈردى ئەمارى.
چىقاردى خەيمەدىن يۈز نالە بىرلە،
زىلەيخانى تەمام ئەئزازە بىرلە.
ئەمارىغە سالىپ ئول سىيمبەرنى،
سەر ئەنجام ئەيلەدى نۈرى قەمەرنى.

سپەھنى ئوكۇ سول تەقدىمۇ تەئخىر،
ياساپ تا ئانچەكىم ئىمكانى تەدبىر.
چۇ ھەر بىر بەختلەرنىڭ باشى ئۈستۈن،
تىكىپ چەترى زەر ئانداغ باش ئۈزە كۈن.
نې، بەلكىم سايەئى زەررىن دەرەختى،
ھۆۋەيدا ئېردى بەھرى نىك بەختى.
مۇرەسسەئ ھەردەرەخت ئۈستىدە رەررىن،
بۇ ھەر بىر زىن بۇلاردىن بىرگە تەئيىن.
دەرەختى سايەئىدىن خۇش رەۋانە،
ئارادە نىك بەختى ئېردى يانە.
مۇغەننىيلەر بۇدەم ھەريان نەۋاساز،
شۇتۇربانلار ھەدى ئەيلەپ ھەم ئاغاز.
نەۋاۋۇ لەھىندىن پۇر بولدى گويا،
فەلەك يەتتى تەبەق ھەم دەشتى سەھرا.
ئۇرۇپ پۇيە فەراۋان ئەسبۇ ئەشتەر،
دەرى سەھرا ھىلالى بەدرىدىن پەر.
تەكۇ پۇلاردىن ئەيلەپ زەخمى تىرناغ،
ھىلال ئەتتى تالۇن رۇخسارىنى داغ.
تۇلۇئ ئەيلەپ گەھى پەرخۇندە بەدرى،
ھىلال ئاندىن بولۇپ ناجىزى قەدرى.
تۇۋاغىدىن قىلىپ ئات يەر يۈزىن رىش،
كەفى پادىن شۇتۇر ھەم قىلماي ئەندىش.
بولۇپ بۇ بەزم ھەريان نەغمە پەرداز،
خۇرۇشى باد پالار ئەرغەنۇن ساز.
بولۇپ ھۇدەج نىشىنلەرغە سەراپا،
تەغەييۇر ساربانلار پەردە ئارا.
زىلەيخانىڭ سىپاھى شادۇ خۇررەم،
كۆڭۈل خۇش، جەمئ خاتىر، يارۇ ھەمدەم.
ئەزىزى لەشكەرى ھەم شادمانە،
كى بۇ رەئنا بۇتى بانۇيى خانە.
زىلەيخانىڭ يوق ئارامۇ قەرارى،
فەلەككە يەتكۈرۈپ فەريادۇ زارى:
«كى ئەي گەردۇن، نېچۈكدىن زار ئېتەرسەن،
مېنى تاكەي بۇ رەڭ ئەفگار ئېتەرسەن؟
سېنىڭ ھەققىڭدە مەن نې قىلمىشىم بار،
بۇ يەڭلىغ يەتكۈرۈرسەن رەنجۇ ئازار؟
ئالىپ كۆڭلۈمنى بىئارام قىلدىڭ
تەمامى ئۆمردە بىكام قىلدىڭ.
گەھى دىۋانە ئەيلەپ بەندە سالدىڭ،
گەھى فەرزانەلىكدىن بەندىم ئالدىڭ.
شىكەستىم تاپمايىن سەلدىن دۇرۇستى،
يانا سەندىن [يېتىپ] چەندان شىكەستى.
نې بىلدىم مەنكى ۋەقتى چارە سازى،
يېتەر سەندىن بۇ داغى جان گۇدازى.
ماڭا بەس ئېردى داغى بىنەسىبى،
نىدۇر جانىمغە بۇ داغى غەرىبى.
بۇ بولسە سەندىن ئاخىر چارە سازى،
مەئازەللاھ، نە بولغاي جان گۇدازى.
يولۇمغە قويمە ئەمدى مىكردىن دام،
ئۇرۇپ سەبرىمگە تاش سىندۇرماغىل جام.
بېرۇرسەن ۋەئدەئى كامىم جەھاندىن،
تاپىپ ئارام ئوشۇل ئارامى جاندىن.
بۇ ۋەئدىڭغە بەغايەت شادۇ خۇررەم،
ۋەلې بەختىم بۇدۇر ئاخىرنى بىلمەم.»
زىلەيخا ئايتۇر ئېردى بۇ ھىكايەت،
فەلەككە جەۋرىدىن ئەيلەپ شىكايەت.
يوق ئېردى مۇندىن ئۆزگە قىيلۇ قالى،
ئەمارى ئىچرە چۇن بۇ ئېردى ھالى.
غەرىۋ چىقتى ئەلىدىن تۇرفە ھايىل،
بۇ دەۋرى شەھرى مىسرۇ ساھىلى نىل.
مىڭۇ يۈزمىڭ سەۋارەۋۇ پىيادە،
قىلىپ جۇشۇ خۇرۇش ھەددىن زىيادە.
لەبى دەريادا بۇ ئەل جۇش ئۇرۇغلۇق
زىلەيخا مەقدەمىدىن كۆر تۇتۇغلۇق.
كۆرۈپ ئەل شادلىقدىن سالدى قىقاس:
«كى يەتتى دەۋلەتى بۇ، ئەيىۇھەن - ناس!»
ئەزىزى مىسىر تارتىپ ئىنتىزارى،
قولىدا ئول ئەمارىنىڭ نىسارى.
ھەمە زەررىن تەبەقلەردە ئۈزۈم پۇر،
يانا چەندان تەبەقدە گەۋھەرۇ دۇر.

تۇتۇپ گەۋھەر ئەمارى ئۇزرە چەندان،
چەمەن تەرفىدە غۇنچە ئۇزرە چەندان.
فەراۋان ئانچە بۇ گەۋھەر نىسارى،
نىهان ئولدى دۇررۇ زەررىن ئەمارى.
بۇ يولدىن ھىچ مەركەبىنىڭ ئاياغى،
باسىلماي يەرگە گەۋھەر رىز چاغى.
چۇ بەرق ئاتلار سۇمىندىن ئوت چاقىنماي
چۇ نەئلى لەئل ئىدى بۇ تاش چاقىنماي،
تولۇپ ئەل جا بەجا سەف ـ سەف نەچە مىل.
نەچە مىلدىن تۇزۇپ ھۇققى قالىپ نىل،
بىرىلىپ بۇ سىفەت تەرتىبى لايىق.
نىسار ئەفشان سۇدىن ئۆتتى خەلايىق،
تۆكۇلگەن نىلغە ئول دۇررى شاھى.
سەدەفدەك بولدى دۇردىن گۇش ماھى،
دۇرۇ گەۋھەردىن ئەيلەپ بەزل بىسيار.
نەھەڭگى ئىردى ماھىدەك دىرەمۋار،
بۇ نەۋئ ئارايىش ئەيلەپ شەھرىيارى،
يىتىپ باردىلار ئاخىر ئوردا سارى.
نې ئوردا بەلكى دۇنيادا بىھىشتى،
بىرى ئايۇ بىرى كۇن لايۇ خىشتى.
بۇ دەۋلەتخانەدە بىر تەختى زىبىا،
زىھى تەختىكى زىبىـالىقدا يەكتا.
ياساپتۇر ئانچەكىم ئۇستادى ئەزكار،
زەرۇ دۇررۇ گۇھەر خەرۋارۇ خەرۋار.
ئالىپ باردىلار ئول تەخت ئالىغە چۇست،
گۇھەرزۋار ئاندا ئولتۇرغۇزدىلار رۇست.
ۋەلې جانى كۆڭۈل داغىدىن ئوتلۇغ،
نې ئالتۇن تەخت، ئوت ئىچرە ئولتۇرۇغلۇغ.
مۇرەسسەئ تاجىكىم فەرقىدە ئىردى،
بۇ تاجۇ تەخت ئارا ئول جىلۋە بەردى.
ۋەلې ئول تاجدىن كۆڭلى بەسى تەڭ،
چۇ تاغ ئاستىدا قالمىشتۇر خەسى لەڭ.
گۇھەرلەر ساچتىلار باشىدىن ئەنبۇھ،
ئاڭا ئىردى ۋەلې بارانى ئەندۇھ.
كىشىكىم كۆڭلى ھىجران داغىدىن چاك،
ئەگەر تەخت ئۇزرە شەھدۇر كۆڭلى غەمناك
گۇھەرلەركىم ئاڭا ھۇر ئەتكۇدەك رەشك،
ئاڭا يوقتۇر نەزەردە جۇز دۇرى ئەشك.
نىچۇك جانغە بۇ مەيداندا سەرى تاج،
كى يۇزمىڭ باش ئىتەرلەر مۇندا تاراج.
ئەگەر كۆز بولسە نەۋمىد ئەشكىدىن پۇر،
قاچان بولغاي ئاڭا كۇنجايىشى دۇر.

**زىلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ مۇفارەقەتىدە روزگار كەچۇرگەنى ۋە شام - روز چەندان دەردى سوزدىن بىئارامىلىق ۋە بىقارارلىقىدا يۇرگەنى.**

كۆڭۈلكىم دىلبەردىن تاپتى ئارام،
يەنا بىرنىڭ ۋىسالىمۇ بولۇر كام.
قاچان خورشىدغە پەرۋانە مەيلان،
خەيالى شەمئ ئىرۇر جانىدا سوزان.
شەھەركىم مىھردىن ھەر جاندا بولسا،
قىلۇرمۇ ئايغە ئول مەيلى تاماشا.
ئەگەر يۇز دەستە رەيھان بولسا بۇلبۇل،
سورارمۇ خاتىرى جۇز نەكھەتى گۇل،
تەلەبكار ئولسە تەشنە شەربەتى ئاب،
گەدادا ھىچ بولۇرمۇ شەككەرى ئاب.
شـۇبۇ فەرخۇندە مەنزىلدە زىلەيخا
ئۇلۇغلۇق مەسنەدىدە ئىردى يەكتا.
ئەزىز ئالدىدا ئىردى بىر غۇلامى،
كەمالى سەلتەنەت ھاسىل تەمامى.
ھەمە گۇلبۇيۇ چاكەرلەر گۇلئەندام،
كى قۇللۇق يولىدا بىسەبرۇ ئارام.
دىل ئازادۇ دىل ئاشۇبۇ كەنىزلەر،
دەمى ئولتۇرمايىن خىزمەتدە يەكسەر.
ھەممە بەندى غۇلامى خۇشئارالار.
كى سەر تا پا ھەمە شىرىنلىقالار.

www.uyghurkitap.com



تەلبىس بەندەلەر زەرردىن كەمەر بەند،
ھەمە شىردىن زەبانۇ چۇن نەيى قەند.
بۇ بەندەلەر ھەمە ئەنبەر سىرىشتە،
تەمامى پاك دامەن چۇن فەرىشتە.
ھەرەمگاھ كارسازىنىڭ ئەمىنى،
ھەرىمى پاكىنىڭ مەھرەم نىشىنى.
پەرىۋەش ماھ رودىن ھەمنىشىنلەر،
ھەمە رەئناۋۇ گۇل رۇخ نازەنىنلەر.
بارى ھەمقامەت ئېردى، بارچە ھەمزاد،
دەۋامى ھەمنىشىنلىق زەۋقىدىن شاد.
زىلەيخا ئول سەراكىم كىنزلەدى بار،
كى يەكسان ئېردى ئاندا يارۇ ئەغيار.
تۈنۇ كۈن مەجلىسۇ گەرم ئاندە ئېردى.
كۆڭۈل پۇرخۇن لەبىدە خەندە ئېردى.
بەزاھىر ھەمنىشىنلەر بىرلە گۇفتار،
ۋەلې كۆڭلى بۆلەك يەردە گىرىفتار.
تىلى تىلگە باقىپ گۇفتار بىرلە،
ۋەلې جان كۆڭلى بىرلە يار بىرلە.
بەزاھىر شاد ئىدى كۆڭلىدە يۈز غەم،
ئەمەس پەيۋەندى ھېچكىم بىرلە مەھكەم.
كۆرەرگە خەلق بىرلە ئولتۇرۇغلۇق،
ۋەلې كۆڭلىدە دائىم قان يۇتۇغلۇق.
بۇ ئېردى كارۇ بارى سۇبھىدىن شام،
بېرىپ مەجلىس ئىشىن مۇنداغ سەرەنجام.
چۇ تۈن مۇشكىن نىقاب ئەتسە ھۇۋەيدا،
چۇ مەھ تۈن پەردەسىدە ئېردى تەنھا.
خەيالى بار ئىدىيۇ خىلۋەتى راز،
نىياز ئاندىن، مۇنىڭدىن تا شەھەر ناز.
مۇنى ئولتۇرغۇزۇپ يۈز ناز ئۈزرە.
ئۆزى يۈز مىڭ نىيازى راز ئۈزرە.
ئەدەبدىن تىز بۇ ئولتۇردى چۇن شاخ،
غەمىنى يەتكۇرۇپ ئەرزىغە گۇستاخ.
فىغاندىن چەڭگى مېھنەت ساز ئەيلەپ،
نەۋائى بىخۇدى ئاۋاز ئەيلەپ.
دېدى: «ئەي غايەتى مەقسۇدى جانىم،
ئۆزۈڭدىن مىسرىدە بەردىڭ نىشانىم.
نىشان بەردىڭ ئەزىزى مىسر دەپ نام
ئەزىزلىقدىن ئىشىڭ تاپسۇن سەرەنجام.
بۇ ئەززىڭدىن باشىمغە تاجى ئىززەت،
كەنىزىڭ بولماغىم ئىقبالى دەۋلەت.
بۇ كۈن مىسر ئىچرە يوق مەندەك غەرىبى،
ۋىسال ئىقبالىدىن خۇد بىنەسىبى.
ۋۇجۇدۇم ئۆرتەگەي بۇ داغ تا كەي،
يىقىلغاي باشىمە بۇ تاغ تا كەي.
كەل ئەمدى مەرھەمى داغى غەمىم بول،
كۆھەن داغىمغە شافىي مەرھەمىم بول
بول ئەمدى رەۋنەقى باغى دىلۇ جان،
كۆرەرمۇ ئەمدى مەرھەم باغى دىل جان
كۆڭۈل نەۋمىدلىقدىن قىلدى زارى،
كى يەتتى غەيبىدىن ئۇممىدۋارى.
بۇ ئۇممىد بىرلە باقىيدۇر ھەياتىم،
كى نەۋمىدلىق ھەلاكىدىن نەجاتىم.
جەمالىڭ نۇرى چۇن كۆڭلۈمدە ھازىر،
بىلۇرمەن جۇز ھەمە تاپقايمەن ئاخىر.
كۆزۈم شەۋقىڭدىن ئولمىش ئېردى خۇنبار،
بولۇپدۇر شەش جىھەتغە كۆزلەرىم جار،
خۇش ئول ۋەقتىكى ھازىر بولغاي ئول شاھ،
قىلىپ جاھ كۆزلەرىم بۇرجىدە چۇن ماھ،
كۆرۇپ دىيدار بولسام مەھۋى مەقدۇم،
ۋۇجۇدۇم ئۆرتەسەم چۇن شەمئ ئارا مۇم.
يوق ئەتسەم رىشتەئى دىيدار مۇتلەق،
كىم ئەيلەپ جۇملە يوقكىم ـ بار مۇتلەق.
مېنى خۇد كۆرمەيىن تاپماي نىشانىم،
كېلىپ جاندەك مەقام ئەتسەڭ مەكانىم.
يوق ئەتسەم مەن خەيالى ماۋۇ مەننى،
سېنى تاپسام مەن ئىستەپ جانۇ تەننى.
ئىككى ئالەم مۇرادۇ مەقسەدىم سەن،
سېنى تاپسام نې قىلغۇم جان ئىلە تەن.»
قىلىپ زارى بۇ يەڭلىغ تا شەبى تار،
لەبىدە تا سەھەر ئېردى بۇ گۇفتار،

ئەسنم سۇبھى ئېتەرگە قىلسە ئاغاز،
قىلۇر ئېردى بۆلەك تەرزى سۇخەن ساز.
دەر ئېردى ھەردەم:«ئەي بادى سەھەر خىز،
سۇمەن جەيبىغە ھەر دەم مىلك تەرۇ رىز.
قىلۇرسەن تازەۋۇ تەر سەير ئېتەر چاغ،
تەماشاگاھى سەرۋۇ سەۋسەنى باغ.
قىلۇرسەن ھەر زەمان ئارايىشى گۇل،
سۇرۇپ يۈزىڭ يۈزىگە جەئدى سۇنبۇل.
جەلاجىل تىترەتىپ شاخ ئىلە ياپراغ،
كىرەر رەققاسلىقغە نەخلەئى باغ.
خەبەر دىلدارلاردىن يەتكۈرۈرسەن،
نەۋازىش نامە ئاندىن كەلتۈرۈرسەن.
بېرىپ مەئشۇقدىن ھەر لەھزە پەيغام،
بېرۇرسەن ھەر سەھەر ئاشىققە ئارام.
قىلۇرسەن بارچە بىكەسلەرغە يارى،
قىلىپ غەم دىيدەلەرغە غەمگۇسارى.
جەھاندا يوق مېنىڭدەك بىكەسۇ زار،
جۇدالىق داغىغە مەندەك گىرىفتار.
كۆڭۈل پەرۋەرد ئېرۇر دىلدارلىق قىل.
غەمىم بىسياردۇر غەمخارلىق قىل،
جەھاندا ھېچ مەنزىلگاھ بولماس،
ساڭا ئول مەجلىس ئىچرە راھ بولماس.
ئىشىك گەر بولسە ئاھەندىن كىرەرسەن.
ئىشىك بەند بولسە رەۋزەندىن كىرەرسەن.
مەنى بىكەسغە رەھم ئەت ئابرو قىل،
مېنىڭ كۆڭلۈم ئۈچۈن بىر جۇستجۇ قىل.
كىرىپ باق دارى مۇلكى شەھرىيارى،
چىقىپ كۆر تەختگاھى تاجدارى.
نىشان ھەر تەخت ئۈزە ئىستەپ شەھىمدىن،
خەبەر ھەر شەھر ئارا سورغىل مەھىمدىن.
گۈزەر قىل ھەر تەرەف باغى بەھارى،
قەدەم قويغىل ئالىپ ھەر جويبارى.
يۈرۈپ پۈيە ئۈرۈپ ھەر باغۇ بوستان،
كۆرۈنگەي ناگاھ ئول سەرۋى خىرامان.
خوتەن سەھراسىنى سەير ئەت ئۈرۈپ گام،
كى سۇرەتخانەئى چىن ئەتكىل ئارام.
يۈزىن ئىستەپ تەماشا قىل، مىسالى،
ئانىڭ دامىغە كەلتۈرگىل غىزالى.
بۇ يەردىن كەتمەك ئولسە ئىختىيارىڭ،
تۈشۈپ ھەر تاغۇ تۈزگە رەھ گۇزارىڭ.
يولۇقسە ئالدىڭا سەرۋى خىرامان،
ئاياغىغە يىقىل، قۇربان قىلىپ جان.
ئەگەر كۆرسەڭ يول ئۈزرە كارۋانى،
ئاڭا سالار ئېسە بىر دىلستانى.
مېنىڭ گىريان كۆزۈم بىرلە ئانى كۆر،
ئۇشۇل كارۋاننى بۇ كىشۋەرغە يەتكۈر.
كۆرۈپ ئول دىلستاننى شايەد ئولھەين،
گۇل ئۈزگەيمەن ئۈمىدىم گۇلبۇنىدىن.»
سەھەردىن تاكى بۇ خۇرشىدى تابان
فەلەك مەيدانىدا قىلغۇنچە جەۋلان.
كۆزى خۇنبارۇ كۆڭلى ئېردى پۇرخۇن،
ئوقۇپ بادى سەھەرگە ئول بۇ ئەفسۇن.
چۇ بولدى كۈن چىراغى مەجلىس ئەفرۇز.
زىلەيخا بولدى كۈندەك مەجلىس ئەفرۇز.
كېلىپ ئالدىدا سەف تۇردى پەرەستار،
جەمالى بىرلە خۇررەم يارۇ ئەغيار.
تۈزۈپ سۇھبەت رەفىقى يار بولسە،
قۇرۇپ مەجلىس كەبى گۇفتار بولسە.
بەجا كەلتۈردى مۇنداغ رەسمى ئائىن،
قىلىپ بەزم ئەھلى بۇ ئائىننى تەھسىن.
كېچە-كۈندۈز بۇ ئائىن ئېردى ھالى،
بۇ ئائىن بىرلە ئۆتتى ماھۇ سالى.
بولۇپ ئۆي سۇھبەتىدىن گاھى دىل تەڭ،
قىلۇر بەزمى تەماشا، بەزمى ئاھەڭ.
قىلۇرغە داغلىق كۆڭلى تەماشا،
تىكىپ خەيمە چۇ لالە دەشتۇ سەھرا.
دەر ئېردى گۇل رۇخىدىن لالەغە راز،
كۆڭۈل داغىدىن ئەيلەپ شىكۋە ئاغاز.
گەھ ئەيلەپ سەيلدەك سەھرادا تەئجىل،
كۆزى گىريان كېلۇر ئېردى لەبى نىل.

www.uyghurkitap.com



ئاڭا ئايتۇر ئىدى ھەردەم غەمنى،
سالىپ ئىل ئۈزرە دەلقى ماتەمنى.
بۇ رەڭ ئۆتكەردى چەندان روزگارى،
ھەمىشە يولغە چەشمى ئىنتىزارى.
چىقىپ ئايدەك، تۇغۇپ كۈندەك شىتابان،
قايۇ يولدىن چىقىپ كەلگەي ئوشۇل جان.

كەل، ئەي دانا، قىلىپ ھىممەتنى بالا،
ساڭا خۇد يار بولغاي ھەقتەئالا.
كى كەلئاندىن مەھى كەنئاننى كەلتۈر،
كۆڭۈل ئارامى، قۇتى جاننى كەلتۈر.
زىلەيخانىڭ بەسى ئۇمىدۋارى،
تۈنۈ كۈن يولغە چەشمى ئىنتىزارى.

يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئوغلانلارى ھەددىنىڭ ئىبتىداسى ۋە يۇسۇف ئەلەيھىس-
سەلامنى كەنئاندىن چىقارىپ، بەرادەرلەرى جەۋرۇ جەفاسى
ۋە غەرىبلىق مىھنەتىنىڭ ئىبتىلاسى.

يازىپدۇر نامەلەردە كىلكى ئۇستاد،
كى بۇ يەڭلىغ بىرىپ سۆز خەيلىغە داد،
چۇ يۇسۇف ئىردى ھۇسن ئەۋجىدە يەكتا،
ئاڭا يەئقۇب كۆڭلى بولدى شەيدا.
كۆزىگە نۇر ئىدى جانىغە پەيۋەند،
نەزەردە ھىچ ئىدىلەر ئۆزگە فەرزەند.
ئاڭا ھەرلەھزە يەئقۇب ئىردى راغىب،
بۇلارنىڭ ھەردەم ئىردى رەشكى غالىب.
دەرەختى بار ئىدى ئىشكىدە خۇررەم،
ئەجەب سەبزە خۇشۇ بىھجەت فەزا ھەم.
سەرا سەھنىدە گويا سەبزە پۇشى،
چۇ خىزرى تىز جۇنبىش پۇر خۇرۇشى.
شىئار ئەيلەپ مەقامى ئىستىقامەت،
سالىپ يەر يۈزىگە زىللى كەرامەت.
ئانىڭ ھەر بەرگى زىكر ئايتۇرغە بىر تىل،
ئەمەس غافىل تۈنۈ كۈن ئاي ئۆتۈپ يىل.
ھەقىقەت سىررىدىن ھەر لەھزە ئاگاھ،
ئەجەب تەسبىھخان ئەللاھۇ ئەللاھ.
چىقىپ شاخى فەلەكدىن شاخى ئۈستۈن.
فەرىشتەلەرچۇ قۇچقاچ شاخى ئۈستۈن.
چۇ ھەر فەرزەند ئەگەر بەرسە خۇداۋەند،
ئوشۇل خۇررەم دەرەختى سىدرە مانەند.
چىقارىپ تازە شاخى ئۇشبۇ سائەت،
ئاڭا تارتىپ بەرابەر راست قامەت.

بەلاغەت ھەددىغە قويسە ئاياغى،
ئەساپىسىز ئولۇپ ئاندىن تاياغى.
ئەسا يۇسۇفدىن ئۆزگە بارچە فەرزەند.
مۇنى ئىلتىپ بىلىپ لۇتفى خۇداۋەند.
قويى ئىردى ئانىڭ ئىقبالۇ بەختى،
ئەسا لايىق دىگەي شاخى دەرەختى.
نىھالى باغى جانغە ھىچ دەرەخۋەر،
بولۇرمۇ شاخى چۇبى بولسە ھەم سەر.
ئاتاسىغە دىدى بىر كىچە پىنھان:
«كى مەنزۇرى ھەقۇ مەقبۇلى رەھمان.
ئانىڭ دەرگاھىدا قىل بىر دۇئايى،
ماڭا جەننەتدىن ئىندۇرگەي ئەسايى.
جەۋانلىق ئەھدىدىن تاۋەقتى پىرى،
نې يەردە بولسام ئولغاي دەستىگىرى.
قىلىپ ھەر بىر بەرادەردىن سەر ئەفراز،
ماڭا بولغاي غەمۇ شادىدە دەمساز.»
تەزوررۇئ باشلادى يىغلاپ خۇداغە،
كۆتەردى قول تەزەررۇئدىن دۇئاغە.
دۇئا قىلدى پەدەر ئەيلەپ تەزەررۇئ،
ئىكەۋ ئەيلەپ ئىجابەتغە تەۋەققۇئ.
ئوشۇل دەم يەتتى پەيكى مۇلكى سەرمەد،
ئەسايى ئىلكىدە ياشىل زەبەرجەد.
نې دەۋران تىشەسى زەخمىدىن ئاسار،
نې ئەيىام ئەررەسى رەنجىدىن ئازار.

ئاغىر قوي قىيمەتۇ هەيكەل سەبۇك سەنج،
سەنايىغ ئىلكىدىن يوق هېچ ئاڭا رەنج.
دېدى: «بۇدۇر ساڭا فەزلى ئىلاهى،
سۇتۇنى بارگاهى پادىشاهى.»
يېتىپ فەزلى خۇدادىن بۇ كەرامەت،
بولۇپ يۇسۇفغە ئاندىن روزى قۇۋۋەت.
ۋەلې هاسىدلا كۆڭلى بولدى غەمناك،
بۇ هەسرەتدىن يۈرەك باغرى بولۇپ چاك.
بۇلارغە ئول ئەسادىن كۆپ شىكەستى.
يېتىپ يۇسۇفغە ئاندىن پىش دەستى.
كۆڭۈلغە ئالدىلار ئاندىن خەيالى،
هەسەددىن تىكتىلەر جانغە نىهالى.
چۇ ئول خۇش دىللار ئولدىلار بەيەكبار،
خىجالەت بەردى هاسىل ئاخىرى كار.

**يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام ئاي، كۈنى ۋە ئون بىر يولدۇزنى ئۆزىگە سەجدە
قىلۇر تۈش كۆرگەنى ۋە بەرادەرلەرى ئىشىتىپ هەسەدلەرى
ئوتى شۇئلە ئۇرغانى.**

خۇش ئولكىم قىلدى سۇرەت بەندىنى چاك،
چىقىپ سۇرەتدىن ئول بولدى فەرەهناك.
بۇ دۇنيا ئىشۋە سازىدىن يۇمۇپ كۆز،
بارىدىن بولسە فارىغ ئاڭا نې سۆز.
يۇمۇپ كۆز كۆڭلى ئانىڭ بولسە بىدار.
بۇ يەڭلىغ كۆرمەگەي تۈش هېچ هۇشيار.
كۆزى پۇشىدە بولغاي بۇ جەهاندىن،
ۋەلې كۆڭلى كېلۇر نې كۆرگەي ئاندىن.
چۇ يۇسۇف بۇ كېچە هەمراز يەئقۇب،
ئاڭا كۆز نۇرى يەڭلىغ ئېردى مەهبۇب.
ياتىپ ئالدىدا ئەيلەپ خابى شىرىن،
كى شىرىن خەندە ئەيلەپ لەئل نۇشىن.
تاپىپ لەئلى شەكەر خەندىدە نۇرى،
سالىپ يەئقۇبنىڭ كۆڭلىگە شورى.
كۆز ئاچتى ئۇيقۇدىن چۇن بولدى هۇشيار،
كۆزى هەم بەختى يەڭلىغ بولدى بىدار.
دېدىكىم: «ئەي لەبىڭ شەرمەندەسى شەهد.
نې بائىس خەندەئى لەئلىڭغە بۇ جەهد؟»
دېدى: «كۆردۈم تۈشۈمدە ئايۇ كۈننى،
كەۋاكىبدىن بىرەۋنى يانە ئوننى.
كى بارچە قىلدىلار تەئزىم بىسيار،
يىقىلدىلار سۇ جۇدۇمغە بەيەكبار.»
دېدى: «سەن قىل بۇ تۈشدىن بول فەرامۇش،
مۇنى ئايتۇردىن ئول زىنهار خامۇش.
بەرادەرلەر ئىشىتكەيلەر مەبادا،
بۇلار ئىلكىدە قالغايسەن بەلادا.
بۇلار كۆڭلىدە سەندىن غۇسسە بىسيار،
ئەگەر بۇ قىسسەدىن بولسە خەبەردار،
هەسەددىن كەلتۈرەلمەي تابۇ تاقەت،
سېنىڭ هەققىڭدە قىلغايلا كەسافەت.
بۇ تۈش تەئبىرى بەس رەۋشەندۇرۇر بىل.
مۇنىڭ فاش ئولماغىدىن بەس هەزەر قىل.»
پەدەر قىلدى پىسەرغە بۇ ۋەسىيەت،
كەمالى مېهر ئىدىيۇ ئەينى شەفقەت.
ۋەلې مۇمكىن ئەمەس تەغيىرى تەقدىر،
ئۈزۈلدى ئاقىبەت زەنجىرى تەدبىر.
بىرەۋغە ئايدى يۇسۇف بۇ فەسانە،
بۇ بىر ئايدى بەرادەرلەرغە يانە.
تەجاۋۇز ئىككىدىن چۇن قىلدى بىر سىر،
كى ئاز فۇرسەتدە ئول فاش ئولدى بىر-بىر.
ئىككىلەپ دېدى بۇ ئىككىنى دانا،
سەرايدىن چىقتى ئالەم بولدى غەۋغا.
بەسا سىركىم ئىككىدىن بولدى بىرۇن،
دىلاۋەرلەر ئىچى ئاندىن ئېرۇر خۇن.
نې خۇش دەپدۇر خىرەدمەندى سۇخەندان،
سەلامەت ئىستەسەڭ تۇت سىرنى پىنهان.

www.uyghurkitap.com



قەفەسدىن چىقتى ۋەھشى تۇتسە بولماس،
ئىلىك بىرلە ئاياغىن چاتسە بولماس.
بۇ سۆزدىن بارچە ئەخۋان بولدى غەمناك،
بۇ غەمدىن پىرەھەننى قىلدىلا چاك.
نې بائىس تىفلىغە بۇ نەۋئى مەيلى،
ئەمەسدۇر ھېچ تىفلى جۇز تۇفەيلى.
توقۇپ يالغان، دەر ئۇل مىسكىن قارىغە،
بېرۇر ئاندىن فۇرۇغى جەۋھەرىـغە.
بۇ پىرى مىسكىن ئاندىن يەپ فەرىبى،
قىلىپدۇر سۇھبەتىدىن ناشەكىبى.
«كى بىزدىن ئار ئېتەر فەرزەندلىكنى،
نې بەلكىم قەتئى ئېتەر پەيۋەندلىكنى.
ئاڭا بەرمىش پەدەر بۇ سىر بەلەندى،
بۇ مىقدار ئولمايىن ئانىڭ پىسەندى.
قىلۇر مۇنداغ ھەۋەسلەر ھەم تەمەننا،
كى قىلغايمىز ئاڭا بىر سەجدە بەرجا.
نە تەنھا سەجدەمىز مادەر پەدەر ھەم،
بولۇرمۇكىم تەمەننا بۇ قەدەر ھەم.
پەدەر ھالىغە بىز دۇرمىز خەبەردار،
پەدەر ھالىغە بىزدۇرمىز ھەۋادار.
ھەمە كۈن دەشتۇ سەھرادا شۇبان بىز،
تۈن ئولسە ئۆي ئىچىدە پاسىبان بىز.
ئەدۇغە` قۇۋۋەتى بازۇسى بىزدىن،
ئەھىببا بەزمى ئابى روسى بىزدىن.
كىم ئاندىن ھىيلەدىن تاش نې كۆرۈپدۇر،
قويۇپ بىزنى بۇ نەۋنى ئانى سۆيۈپتۇر.
كېرەك ئەمدى بۇ ئىشقە چارە قىلماق،
ئانى ھەر نەۋئ ئېتىپ ئاۋارە قىلماق.
ئەمەس ئول ھېچ ئىشدە بىزگە غەمخار،
كېرەك ئاۋارە قىلماق ئانى ناچار.
تۇتارمىز رىشتەئى تەدبىرى مەھكەم،
كى بىزدە ئىختىيارۇ چارە، نې غەم.
چەمەندە بولسە ناگاھ تۇخمى خارى،
دەرەخت ئولماسدا يولماق سەھل كارى.»
بۇ يەڭلىغ ئىتتىپاق ئەيلەپ بۇلار جەزم،
بارى بۇ مەشۋەرەتغە قىلدىلار ئەزم.
قىلىپ بۇ ئىشدا بارچە ئەھدۇ پەيمان،
بارى بولغاي بۇ ئىش ئەزمىدە يەكسان.

بەرادەرلەرنىڭ مەشۋەرەتى زىكرىكىم، نې تەرىق مەكر ۋە ھىيلە قىلغايلار
ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى ئاتاسىدىن ئايرىپ، يىراق
تاشلاماقغە ۋەسلە قىلغايلار

خىرەدمەندىغە گەر ئىش تۈشسە مۇشكىل،
ئانىڭ كۆڭلىدە بولسە ھەسرەتى دىل.
يانا بىرنى قىلۇر ئۆز ئەقلىگە يار،
ئانىڭ كۆڭلىدە تا بولغاي مەدەدكار.
ئەگەر بىر شەمئدىن يوق ئۆزگە نۇرى،
بولۇر ئاندىن يەنە بىرنىڭ زۇھۇرى.
نە ئول كەج رايۇ كەج فەھمۇ كەج ئەندىش،
كى ئىككى كەجدىن ئولغاي كەج رەۋى پىش.
چۇ مەجلىس قۇردىلار ئەخۋانى يۇسۇف،
قىلۇرغە مەشۋەرەت خەسمانى يۇسۇف،
بىرى ئايدى:« بۇ تۆكتى قانىمىزنى،
غەمۇ ھەسرەتدىن ئالدى جانىمىزنى.
مۇنىڭ قانىنى تۆكمەكدۇر سەزاۋار.
بۇ ئالەمدىن يوق ئەتمەكدۇر سەزاۋار.
چۇ دۇشمەن قانى تۆكمەك تاپساڭ ئىمكان،
تۆكۈپ قانىنى قۇتقارماق كېرەك جان.
چۇ ئۆلگەندىن كېيىن پىنھان قىلۇر راز،
ئۆلۈكدىن چىقماغايكىم ھەرگىز ئاۋاز.»
بىرى ئايدى: «نېچۈك گۇمراھلىق بۇ؟
كى قەتلى بىگۇناھ ئىنسافدىنمۇ؟!
نېچەكىم بىز جەفا جويۇ سىتەمكار،
مۇسۇلماندۇرمىز ئاخىر، نې بۇ مىقدار.

غەرەز بۇ بۇقئەدىن ئانى چىقارماق،
نې ئۆلتۈرمەك نې كۆيدۈرمەك نې ئۇرماق.
مۇناسىب ئولكى قىلغايمىز ئانى دۇر،
جۇدا ئەيلەپ پەدەردىن زارۇ مەھجۇر.
بەيابانىكى بولغاي سەختۇ مۇھلىك،
كى پەر ئۇرغان پەرەندە ئاندا ھالىك.
سۇ ئاندا بولماغاي جۇز ئەشكى نەۋمىد.
نان ئاندا غەيرى قۇرسى ئايۇ خۇرشىد.
نې مەھرەم ئانداكىم جۇز كەرگى رۇباھ
نې ھەمدەمكىم ئاڭا جۇز نالەۋۇ ئاھ.
نې بولغاي سايە ئاندا جۇز شەبى تار،
نې بولغاي بىستەرى جۇز نەشتەرۇ خار.
چۇ ئاز فۇرسەتكىم ئاندا تۇتقاي ئارام،
ئۆلۈپ قالغايكىم ئاندىن قالماغاي نام.»
بىرەۋ ئايدىكى: «بۇدۇر قەتلى دىگەر
نې بەلكى قەتلدىن يۈز قاتلا بەدتەر.
چۇ تىغ ئاستىدا يۈز جان بەرمەك ئاسان،
بەيابان ئىچرە تەشنە زارۇ ھەيران.
جەۋاب ئولكىم كىرىپ ھەريان پەناھى،
تاپىلغاي بىزگە بىر تەڭ-تار چاھى.
كى مەھكەم باغلاپ ئانى ئەيلەبان خار،
ئوشۇل چاھ ئىچرە سالغايمىز قىلىپ زار.
كى شايەد تۇشكەي ئاندا كارۋانى،
ئەمانى قالغاي ئول مەنزىلدە ئانى.
بەناگەھ سالغاي ئول دىۋى رەسەنــنى،
سۇ ئالماق ئۇرنىدا ئالغاي بۇ تەننى.
ئانى فەرزەند ئوقۇغاي يا غۇلام ئول،
ئالىپ كەتمەكدە بولغاي تىز گام ئول.
ئۇزۈلگەي رىشتەسى مۇنداغ تەمامى،
نىشانى قالماغاي مىن بەئدە نامى.»
دېدى بۇ قىسسەئى چاھى پۇر ئاشۇب،
دېدىلەر بارچەسى: «بۇ مەسلەھەتخۇب.»
نې ئۆز مەكرى چەھى قەئرىدىن ئاگاھ،
ھەمە بىرىسمان كەتتى تەگى چاھ.
تۇتۇپ مەھكەم ئاتاسىغە نىفاقى،
بۇ مەكر ئولدى بارىنىڭ ئىتتىپاقى.
بۇ ئىش ئىتمامىغە كۆپ قىلدىلار جەھد،
كى فەرداغە مۇقەررەر قىلدىلار ئەھد.

**يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئوغلانلارى ئاتاسىغە چەندان تەمەللۇقى ئەفسۇن بىرلە فەرىب بەرگەنى ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى بۇ مەكر بىرلە سەھراغە ئالىپ چىققانى.**

كېچىپ ئۆزلۈكدە فەرد ئولغان جەۋانمەرد،
ھەمىشە گەنجى خامۇش ئولتۇرۇپ فەرد.
ھەۋايى تەبئۇ مەكرى نەفسدىن پاك،
كى راھى دەردۇ كويى ئىشق ئاراخاك.
بۇلاردىن ئۆزگە يوق ھەرگىز غۇبارى،
داغى ئەلدىن بۇلار كۆڭلىگە بارى.
بۇلار سازىش قىلۇر قىلماق زەمانە،
يۈرەرلەر نەچچە بولسا بار يانە.
ئۈيۈپ ھەر تۈن پۇر ئەز ئىمانۇ ئىنساف،
سەھەرگاھ ئويغانىپ ئاقشامقىدەك ساف.
بۇ ئەرئە ئول ھۇسۇدانى بەد ئەفئال،
بەنا قىلغان خەيالى بىرلە خۇشھال.
پەدەر دىيدارى سارى باغلاپ ئەھرام،
ۋەلې پىنھان فۇسۇنى مەكردىن دام.
ئەدەب بىرلە كېلىپ ئولتۇردىلار جەمئ،
پەدەر ئالدىدا چۇن پەرۋانەئى شەمئ.
تىلى پۇر مېھرۇ كۆڭلى كىينە ئەندىش،
نىھانى كەرگى دەرران، سۇرەتى مىش.
قىلىپ زەۋقى تەمەللۇق ئىستەگەن باز،
ھېكايەت ھەر تەرەفدىن ئەيلەپ ئاغاز.
بەيان ئەيلەپ بۇرۇنقى رەسىم بىر-بىر،
بۇ يەرگە سۆزنى يەتكۈردىلەر ئاخىر:

www.uyghurkitap.com



«كى ئۆيدىن بىزگە يەتتى كۆپ مەلالەت،
چىقارمىز سەيرغە بولسە ئىجازەت.
قىلۇرغە سەيرى سەھرا قەسدىمىز بار،
بولۇرمىز تاڭلا تا ئاقشامغە سەييار.
بەرادەر نۇرى دىيدە يۇسۇفىم ھەم،
بۇ كۈن بۇ يولدا [بولغاي]بىزگە ھەمدەم.
ئۇيۇن كۈلكۈگە مايىل ياش ئوغۇلدۇر،
ئۆيۈ تۈزدە غەنىمەت بىزگە ئولدۇر.
نې بولغاي بىزنى بىر قىلساڭ سەرئەفراز،
بەرادەر سۇھبەتىدىن ئەيلە مۇمتاز.
بۇ يول قىلغاي نە بولغاي بىزگە ھەمراھ،
ئانىڭ ئەھۋالىدىن بولغايمىز ئاگاھ.
چۇ كۈل قول-قول ئالىپ بارساق نە بولغاي،
بارىپ ئويناپ-كۈلۈپ يانساق نە بولغاي.
يۈرۈرمۇ ئۆيدە نەئىتان روز تا شەب،
فەئەرسەلھۇ غەدەن يەرتەئ ۋە يەلئەب.
يىبەرگىل تاڭلا يەئنى بىزگە ھەمراھ،
تەماشا قىلغۇمىزدۇر شاھۇ دادخاھ،
گەھى سەيرى تەماشا گۈلشەنى باغ،
يۈگۈرشۈپ گاھى پۇشتى بىيشەئى تاغ.
گەھى شادىيۇ غەمدىن خۇش فەرامۇش،
ساغىپ قوي گاھى شىرىن ئەيلەسە نۇش.
گەھ ئاندا سەبزەزار ئىچرە ئىچىپ زۇل،
گەھ ئويناپ لالەزار ئىچرە ئۈزۈپ گۈل.
ئالىپ گەھ لالەدىن لەئلىن كۇلاھى،
قىلىپ يۇسۇف باشىدىن جىلۋەگاھى.
بېرىپ گەھ كەبىك يەڭلىغ جىلۋە ھەريان،
قىلۇرمىز سەبزەزار ئىچرە خىرامان.
شىكارى كەبىك ئېتىپ ئول يان تەماشا،
بۇ جانىب كەللەئى ئاھۇيى سەھرا،
بۇلاردىن شايەد ئولغاي خاتىرى شاد،
ۋەتەن رەنجى غەمىدىن بولغاي ئازاد.
جۇد ئەيلەپ كۆركۈزۈپ چەندان ھەۋەرنى،
ئەجايىب ئارالار ئەئجۇبەلەرنى.
كىچىكلەر كۆڭلىگە سىغماس ئويۇندەك،
ئۇ رەڭگىم كۆڭلى ئاچىلماس ئويۇندەك.»
بۇ ئەفسۇنلارنى چۇن يەئقۇب ئىشىتتى،
ئوشۇل دەم نارىزالىق زاھىر ئەتتى.
دېدى: «كۆڭلۈم پىسەند ئەتمەس بۇ ئىشنى،
غەمۇ ھەسرەت بىلۇر مۇنداغ دېمىشنى.
مەبادا غافىل ئولتۇرغايسىز ئاندىن،
بۇ غەفلەتدىن خەبەر تاپمايسىز ئاندىن،
بۇ دەشتى مېھنەت ئەنگىز ئىچرە ناكام،
كىم ئاندىن كەركى زالىم بولغاي ئاندىن.»
ئىشىتتىلەر بۇ ئەفسۇنگەرلەر ئانى،
بۆلەك ئەفسۇن ئوقۇپ سوردىلار ئانى.
«ئانىڭ نازۇك تەنىن قىلغاي گىرىفتار،
مېنىڭ ئاجىز تېنىمغە يەتكەي ئازار.
كى بىز مۇنداغ زەئىفى سۇست رامۇ،
كى ئون تەن بىر-بىرىگە مۇبتەلامۇ.
بورى يوق، بەلكى بولسۇن شىرى غەرران
بىزىڭ سەر پەنجەمىزغە قايدا ئىمكان.»
بۇ ئەفسۇن بىرلە يەئقۇب ئولدى خامۇش،
يەنە ئۈزر ئايتۇرىن قىلدى فەرامۇش.
ئالىپ يۇسۇفنى چىقماقىغە تالاغە،
رىزا بەردى تۈمەن رەنجۇ بەلاغە.

**يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى بەرادەرلەرى ئاتاسى ئالدىدىن ئالىپ چىققانى ۋە**
**ھىدايەت يولىدا ئۆز ھەلاكىغە زەلالەت قۇدۇقى قازغانى ۋە**
**ئانى ھېچ جىنايەتسىز قۇدۇققە سالغانى.**

فىغانكىم، چەرخى بەد مېھرۇ سىتەمكار،
سالۇر چاھىغە بىر ماھىنى ناچار.
غىزالىدىن ئىچىپكىم جان نۇشىدىن.
①..............................
قىلۇر ئانى ئەسىرى پەنجەئى شىر.
قىلىپ يەئقۇب يۇسۇفغە نەۋازىش،
بەرادەرلەرغە كۆپ قىلدى سىپارىش.
ئالىپ چىقتىلەر ئول بىچارەئى زار،

① قول يازمىدا بۇ ئورۇندىن ئىككى مىسرا چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك.

غىزالى كەرگىغە بولدى گىرىفتار.

فەلەك بۇ غەمدىن ئانداغ قىلدى فەرياد،
ئالىپ قاچتى بۆرىلەر بەررەنى شاد.

پەدەر كۆرگۈنچە قولدىن قولغا ئالىپ،
مۇھەببەتلەر بىلە ئىلتىپ ئىبەرىپ.

بۇ ئالىپ بوينىغە ئەيلەپ سەرەفراز،
قۇچۇپ، يىلداپ، ئۆيۈپ بۇ ئەيلەب ئىئزاز.

بۇ نەۋئ ئىكرام بىلەكىم كىردى يولغە،
بىرى بوينىغە ئالىپ، بىرى قولىغە.

پەدەر دىيدارىدىن چۇن بولدىلار دۇر،
قىلۇرغە تۇردىلار مەھجۇرۇ رەنجۇر.

مەزەللەت تۇپراغىغە تاشلاپ ئانى،
كى قىلدىلار قىلۇر جەۋرۇ جەفانى

ياياغ ھەيدەپ ئانى خاھ ئۇستىدە زار،
قادالىپ ھەر قەدەمغە يۈز تۈمەن خار.

قەدەم قويدى تىكەن ئۈزرە شىتابان،
تىكەندىن مىخ قاقىپ گۇلغە ھەزاران.

قەدەم قويغان يېرى چۇن خارە ئېردى،
ئاياغى خارىدىن سەد پارە ئېردى.

كەپى پاسى ئىدى گۇلدىن ئاكا نەڭ،
كى قاندىن خارى خارا ئۈزرە گۇل رەڭ.

كېيىن قالسە ئۇرۇپ ھەرقايىسى پەنجە،
بۇلار كارىدىن ئاي رۇخسارى رەنجە.

قىلىچ قەتىئدىن ئول قول كوتە بولغاي،
كىم ئول ئاينىڭ يۈزىگە پەنجە ئۇرغاي.

بۇرۇنراق يۈرسە ناگاھ زەخمى سىلى،
قەفايىنى قىلۇر ئېردى چۇ نىلى.

بۇ قول باغلانغالى ئەۋلا قەفادىن
ئەلەمناك ئول قەفا بولغاي جەفادىن.

يۈرۈسە يانداش ئول قالماي يۈرۈشدىن،
تاپىپ مالىش قۇلاغى تۇشمە - تۇشدىن.

كىشىكىم ئول قۇلاقغە بەرسە مالىش،
بەتەر بولغاي ئاكا ھەر كۈن ئاكا ئىش.

ئېتەكىن تۇتسە بىرىنىڭ زار ئەيلەپ،
ياقاسىن يىرتىپ ئول بىزار ئەيلەپ.

ئاياغىغە يىقىلسە يىغلاپ ئول زار،
يىتىپ باشىغە خەندە ئەيلەپ ئىزھار.

چۇ قىلسە نالەدىن ھەر كىمنى ئاۋاز،
ئاكا ئەيلەپ بارى دۇشنامىلار ساز.

ئەگەر ھەركىمگە مۇڭدىن كەلتۈرۈپ روي،
ئانىڭ ھەققىدە بارچە ناسەزاگوي.

بولۇپ نەۋمىد ئۇلاردىن تۈزدى نالە،
گۇل ئۈزرە قان - ياشىدىن تۆكتى لالە.

گەھى تۇپراقۇ گەھ قان ئىچرە غەلتان،
دىلى سەد پارەسىدىن ئەيلەپ ئەفغان.

دەر ئېردى: «ئەي پەدەر، ئاخىر قايانسەن،
قايانسەن، بۇ سىفەت كۆزدىن نىھانسەن؟!

گىرىفتارى بەلامەن زارۇ بىدىل،
كى مەندىن سەن نېدىن بۇ نەۋئى غافىل.

كېلىپ كۆر بۇ كەنىزەكزادەلەرنى،
كى ئايىنى خىرەدىن سادەلەرنى.

كېلىپ باشىمغە ھەردەم تۇرغىل ئاخىر،
ئەدايى ھەق گۇزارىن كۆرگىل ئاخىر.

گۇلى جان رەۋزەسىدە ناز پەرۋەر،
كى ئېھسان يامغۇرىدىن تازەئى تەر.

بۇ يەگلىغ تەشنەلىكدىن زارۇ بەدھال،
ھەرارەتدىن بۇ رەڭ پەژمۇردەئى لال.

شەبابى ئۇمرى باغىدا نىھالى،
تىكىپ ئېردىڭ نىھالى بىمىسالى.

يىقىلدى تۇندى بادى جەۋرىدىن پاك،
بىيىكلىك ئىستەر ئاندىن خارۇ خاشاك.

مەھىكىم شەئنىڭ ئاندىن ئېردى پۇرنۇر،
كى دەۋران زۇلمەتىدىن ئېردى بەس دۇر.

فەلەكدىن يەتتى ئانداغ رەنجۇ تاراج،
كى يولتۇز لەمئەسىغە زارۇ مۇھتاج.»

بۇ ئېردى ھالى تا باردى تانۇر نىل،
دىگىل ئۇچ پەرسەخ ئول... قىل.

بۇ ھەردەم كۆرگۈزۈپ مېھرۇ ۋەفالار،
بۇ باغرى تاشلارى ئارتىپ جەفالار.

بۇ نەچچە يالبارىپ مۇڭ بىرلە ھەردەم،
بۇلار ئاچچىغلاپ ئول بىكەسكە ھەردەم.

يېتىپ بارچەغە ناگاھ راھ ئۈزرە،
يۈرۈردىن تىندىلار ئول چاھ ئۈزرە،

چەھى زالىم كورىدەك تارۇ تىيرە
قاراڭغۇ تىيرەلىكدىن ئەقل خىيرە.

ئاچىپ ئاغزىنى ھەردەم ئەجدەھادەك،

www.uyghurkitap.com



يۇتارغە ئەجدەرى مەردەم رەبادەك.
ئىچى گوياكى دۇددىن ھەردەم ئازار،
مەگەر ئازار بەرمەككە پۇر ئەزمار.
ئانىڭ دەۋرى مەدارى نۇقتەئى غەم،
بىرۇن غورى خەيالى فىكرىدىن ھەم.
كى يەئنى قەئرىغە ئەندىشە يەتمەس،
كى ئەترافى ئۆلۈمدىن ۋەھم ئىرۇر بەس.
كۇدۇرەتلىك مۇھىتى قەئرى بەسدۇر،
ئۇفۇنەتلىك ھەۋايى چەشمەسى شور.
مەبادا زى نەفەس ئولتۇرسە ھەر دەم،
نەفەس ئۇرماق ھەمان جان چىقماغىھەم.
يوق ئەيلەرغە ئوشۇل گۇل چېھرە مەھنى،
ياراغ كۆردىلەر ئول نابەھرە چەھنى.
يانا جەۋرۇ سىتەمدىن باشلادى داد،
قىلىپ ئانداغ فىغانۇ ئاھۇ فەرياد.
كى ئول گەر بولسە ئىردى تاشغە مەئلۇم،
بۇ سوزىشدىن ئېرىپ بولغاي ئىدى مۇم.
ۋەلې ئول جەۋر پىشە تاش باغىرلەر،
چۇ سەڭگىن كۆڭلى تاشدىنبولدى بەدتەر.
نې دەي بولغاي بۇلار قىلغان جەفانى.
كۆڭۈلنىڭ تاقەتى يوق دەرگە ئانى.
تېگىپ ئۇچماق ھەرىرىدىن چۇ بىر تار،
قولىغا يەتكەي ئاخىر ئاندىن ئازار.
تاڭىپ ئارغامچە بۇ قەۋمى بەد ئەندىش،
ئاڭا ھەر تارى مۇ بىر زەھرىلىق نىش.
بېلىكنىم نازۇك ئىردى مۇي مانەند،
چۇپۇردىن زەي سىمان باغلاپ ئاڭا بەند.
بەدەندىن تارتىبان پىراھەنىنى،
قىلىپ ئۇريان چۇ گۇل نازۇك تەنىنى.
مەلامەتدىن لىباسى ئۆز تەنىغە،
بۇلار ئالدى قىيامەت دامەنىغە.
بۇ ھۇسن ئەۋجىدە مېھر ئىردى پۇر ئەنۋار،
سۇ ئىچرە سالدى كۇندەك چەرخىدەۋۋار.
سۇدىن بىرۇن قۇدۇقدا ئىردى بىر تاش،
ئورۇن تاپتى بۇ تاش ئۇستىدە ئول باش.
نې دەۋلەت تاپتى بۇ تاش ئاخىرى كار،
دۇرى يەك تاغى كان ئولدى بەيەكبار.
قۇدۇق شورئابەسى شەككەر لەبىدىن،
ئوشۇل دەم شەھد يەگلىغ بولدى شىرىن،
يۇزى نۇرىدىن ئولدى چاھ رەۋشەن.
قارا تۇندەككى قىلغاي ماھ رەۋشەن.
نەسىمى سۇنبۇلى ئەنبەر شەمائىل،
ئۇفۇنەتلىق ھەۋاسى قىلدى زايىل.
ئانىڭ مەھ تەلئەتدىن ھەرگەزەندە،
تۆشۈكغە كىردى، چۆكتى ھەر قاياندە.
بار ئىدى پىرەھەن تۇمارى ھەمراھ،
ئول ئىردى جەددىغە ئوتدىن ئەمانگاھ،
ئىبەرگەچ ئىبراھىمغە، ئىردى رىزۋان،
كىم ئاندىن ئوت ئاڭا بولدى گۇلىستان.
يېتىپ كەلدى بۇ دەم رۇھۇل-ئەمىن تىز،
ئانىڭ بازۇسىدىن ئالدى بۇ تەئۋىز.
يازىپ ئاندىن چىقاردى پىرەھەننى،
ئانىڭدىن تاپتى بۇ پاكىزە تەننى.
بەس ئاندىن دېدى:«ئەي مەھجۇرى غەمناك،
پەيام ئايتۇر ساڭا ئول ئىززەدى پاك.
كى بىر كۇن بۇ خىيانەت پىشەلەرنى،
سىتەمكار ئول خەتا ئەندىشەلەرنى.
دىلىۇ جانىغە سەندەك يەتكۇرۇپ نىش،
قىلىپ شەرمەندە رەسۋاۋۇ دىلى رىش.
سېنىڭ ئالىڭدا تۇرغۇزغۇمدۇر ئاخىر،
ساڭا مۇھتاج قۇل قىلغۇمدۇر ئاخىر.
بۇ قىلغان جەۋرنى بىر - بىر سورارسەن،
تانۇش بەرمەي ئۆزۇڭ پىنھان تۇتارسەن.
تانۇرسەن تۇرغۇزۇپ ئالىڭدا دىلخاھ،
ۋەلې سەندىن بۇلار ھېچ بولماي ئاگاھ.»
بۇ سۆزنى يۇسۇف ئىشتىپ جىبرەئىلدىن،
غەمۇ مېھنەتدىن ئول دەم تاپتى تەسكىن.
بۇ تاشنى قىلدى ئانىڭ تەختگاھى،
بۇ تەخت ئۇستىدە گويا پادىشاھى.
ھەزىن جانىغە ئانىڭ بولدى غەمخار،
كېلىپ نامۇسى ئەكبەر ھەمدەمى يار.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# زوھۇرى شېئىرلىرىدىن

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئىسرائىل يۇسۇپ

قۇياشنىڭ ئەكسىدىن ئالەمدە يۈز نۇرى سەفا پەيدا،
كۆزۈڭنىڭ مەستىدۇر ئالەمدە مۇستەغرەق ھەمە ئەشيا.
كەلامىڭ رەمزىدىن ئىشق ئەھلى بولدى جۇملە رەمز ئامۇز،
بۇلاردىندۇر بىرى ئىيسا ئۆلۈكنى ئەيلەدى ئەھيا.
ساڭا گەر بولماسا مەقسەد ئەمانەتكە ئەمىن قىلماق،
نېدۇر قىلماقلىغىڭ ئادەمنى بىر دانە بىلە رەسۋا.
قەمەر ھەم سەير ئېتىپ چەرخ ئۈزرە تاپتى نۇر مېھرىڭدىن،
ئېرۇر ئانداغ قۇياشنىڭ تابىش ئەتكەچ لەئل ئولۇر خارا.
جەمالىڭ شەمئىدىن گەر بولماسا لەيلىدە بىر پەرتەۋ،
نېدىن پەرۋانەۋەش مەجنۇن كۆيەر ئىشقىدا بىپەرۋا.
ئەگەر باغ ئىچرە ئۈشمەس گۈل يۈزىڭگە تابى رۇخسارىڭ،
نېدىن گۈل شەۋقىدە ھەر سۇبھدەم بۇلبۇل بولۇر گويا.
مۇھەببەت باغبانى سالماسا بىر ھۇببە ئىشقىڭدىن،
نېدىن ئۈتكەي ئەلىفدەك جان ئارا بىر قىبچەئى زىيبا.
كۆكەرتىپ نەۋ بەھارى ئارەزىڭدىن تەربىيەت قىلماي،
بولۇرمۇ ئەسلەھا سابىتدىن ئەسلى فەرئ ئىستىئلا.
زوھۇرىغە نەھەددۇركىم سېنىڭ ۋەسفىڭ بەيان ئەتكەي،
قۇياش ئەۋسافىنى زەررە قىلۇرغە بارمۇ يول ئەسلا.

*　　　　*

زىھى زۇلفۇڭ خەيالىدىن ئولۇس باشىدا مىڭ سەۋدا،
بۇ سەۋدادا ئەجەب غەرق ئەيلەمىش ھەر كىمنى بىر سەۋدا.
بېلىغ ئىستەر سۇنى ھەر يان يۈزۈپ دەريا ئارا تەشنە،
ۋەلى خالى ئەمەستۇر سۇ بېلىغدىن ھەر تەرەف دەريا.
بۇ دەريا بىگەران ئېرمىش تۇتۇپ سۇ جۇملە ئالەمنى،
سۇ بىلگەنلەر بېلىغدەك سەير ئېتەرلەر، بىلمەگەن رەسۋا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



جەھان پۇر بولدى سەندىن مەست جۇملە بىخەبەر ئاندىن،
ئىرۇر بەند پەردەك شىشە ئىچرە كۆزدە ناپەيدا.
ئەگەر ھەر خەستە ھۇسنۇڭ سۇبھىگە يەتمەس، ئەمەس تاڭ كىم،
ئۇزارتىپ ئىككى زۇلفۇڭ ئىككى ياندا ئەيلەدىڭ يەلدا.
مۇھەببەت رىشتەسى چىرمالدى گويا جانغە پەيدەرپەي،
كۆرۈپمەن ئۆمرى نۇھۇ مىھنەتى ئەييۇب ھىجرىڭدە.
ئەگەر بىلسە زۇھۇرىڭغە بۇ ئالەم جۇملە مەزھەردۇر،
ئۈزۈڭ شوخۇ كۆزۈڭ فىتنە، يۈزۈڭ ئايۇ قەدىڭ زىبىبا.

* *

نەسىردۇركىم سالىپسەن ھەر كىشى باشىغە بىر سەۋدا،
بۇ سەۋدالار بىلە كەۋنەين بازارىندا يۈز غەۋغا.
كىرىپ بىر ئەين ئىككى لام ئاراسىغە بولۇپ جان بەخش،
تۈشۈپ خالى قۇياشىڭ ئۈزرە بولدى مىڭ ئەدۇۋ پەيدا.
قويۇپ بىر خەستەنى بار ئەمانەتكە ئەمىن ئەيلەپ،
زۇلۇمانۇ جەھۇلان دەپ ئىتىپسەن ئىشق ئارا شەيدا.
ئەجەب جەھلى كى باردۇر فىرق ئىشكىلىك نۇرۇ زۇلمەتدىن،
بارىن فەتھ ئەيلەمەي بولماس لەدۇننى ئىلمىدە دانا.
ئەمانەت ھەمزەسىنى جانىم ئىچرە ئاسرادىم ئانداغ،
داغى مىننەت ساڭا بولغاي تانۇغدۇر جۇملەئى ئەشيا.
قالىپدۇر شام ھىجرانىڭدا، مەھزۇن ئەھلى مەغرىبىكىم،
كۆرەيدەپ ئاي يۈزۈڭنى ئايىنە تۇتمىش سىكەندەرسا.
ئەگەر سۇلتان ئۈزىن پىنھان قىلۇرغە كەيسە بىر ژەندە،
گەدانىڭ دەلقى ئىچرە شاھنى بىلگەيمۇ كىم ئايا.
جەھان ئىچرە ھەمىشە بارچەلەرگە يارۇ ھەمرەھدۇر،
ئەۋامۇنناس ئارا ئۇل يار پىنھان غەمزەسى پەيدا.
زۇھۇرى زاتىڭ ئانداغكى بولغاي مۇشتەغەل ھەردەم،
يوق ئەيلەپ ئۈزلۈكىدىن قالماغاي ئەۋساف ھەم ئەسما.

* * *

شۇئائى ئافتابىڭدىن نەسىب ئەت زەررەئى جانا،
تاتۇر ۋەھدەت مەيدىن قەترە يا رەززاق ئەرزەقنا،
فىراق ئەندۇھىدىن كەلمەس تىلىم تەقرىر ئەيلەرگە،

نىھان دەردۇ زەمىرىمغە ئىرۇرسەن ۋاقفۇ دانا.
قارا زۇلفۇڭ خەيالى بىرلە قالدىممەن قارا تۈنلەر،
تاپالماي ۋەھ يولۇمنى بولدى زىكرىم رەببى
تاپاي مەنسۇر يەگلىغ كافىر ئىشقىڭ ئارا نۇسرەت،
ئۇراي دار ئۈزرە فەرياد ئەنەلھەق گاھ ئەنسەرنا.
بىرىپ ئانچە جىلاسىن ئول جەلالىددىن رۇمغە،
تاپىپ ئىززۇ شەرەف ئاشىقلار ئىچرە بولدى مەۋلانا.
نىدۇرمەن تاپمادىم بىر سۆز سىنىڭ ۋەسفىڭنى ئەيلەرگە،
لەبىڭ لەئلۇ قەدىڭ زىبىا، كۆزۈڭ شوخۇ ئۈزۈڭ رەئنا.
ئىلاھا! بۇ زۇھۇرى كۆڭلۈگە سالغىل زۇھۇردىڭنى،
جۇداۋۇ ئۆزلۈكىمدىن جانىغە جۇفت ئولغاي ئىستىسنا.

* *

ئەي كىلىپسەن گەۋھەرى يەكتا بەنى ئادەم ئارا،
بىر دۇرى يوقتۇر سەدەف ئىچرە سىنىڭدەك يەم ئارا.
ئىشق بەھرى مەۋجىدىن بولمىش مەقاتىر قەتـرەلەر،
قەترەئى يوقتۇر سىنىڭدەك دەجلەئى قۇلزۇم ئارا.
ئافەرىنىش گۇلشەنىنىڭ بۇلبۇلى خۇشخانىسەن،
بوستانى ئەللەمەك مالەم تەكۆن تەئلەم ئارا.
پەيرەۋلىكدىن فەلەكدە مەسكەن ئەتتى ئول مەسىھ،
بولدى مىئراجى ئانىڭ بۇ نىلگۇن تارەم ئارا.
ئول تەمەننادىن ئىشىكىڭغە سۈرەي دەپ يۈز قۇياش،
چەرخ ئەۋجىدىن تۈشەر غەم شامىغە ئالەم ئارا.
نې قارا بولمىش ئەجەب گەر بىلسەم ئول يەلدا تۈنى،
فۇرقەتىڭدىندۇر قارا قىلمىش ئىگىن ماتەم ئارا.
ئىسمىڭ ئەھمەددۇر مۇھەببەتدىن نىشانى كۆرگەزىپ،
كەلدى «ھامىم» ئۈزرە ئانداق يوق نىشان ئالەم ئارا.
شەھ كىلىپسەن جۇملە شەھلەرغە پەيغەمبەرلەرغە ھەم،
جان ئىرۇرسەن، ئۆزگەلەر تەن خەت كەبى خاتەم ئارا.
سىدق ئەھلى شەفقەتىڭدىن بولدى يارى باسەفا،
جەھل ئەھلىدۇر ۋۇجۇدىڭدىن ھەمىشە غەم ئارا.
ساف ئىتەي كۆڭلۈم يۈزىن مىھرىنى سالغايسەنمۇ دەپ،
ئۈيلەكىم ئانداغ قۇياش ئەكسى تۈشەر زەمزەم ئارا.
ئىتلارىڭدىن ئىلتىماس ئەيلەر زۇھۇرى كاشكى،
قاتغاي ئول ئۆز خەيلى ئىچرە زۇمرەئى مەھرەم ئارا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

*　　　*

جان گۇلشەنىدە قەددىڭ ئەرئەرمۇ ئىكىن ئايا،
قەددىڭ ئۈزە رۇخسارىڭ ئەھمەرمۇ ئىكىن ئايا.
ھۇسنۇڭ ئارا ئول لەئلىڭ ياقۇتمۇكىن ياخۇد،
بىر شۇئلە ئارا گويا ئەخگەرمۇ ئىكىن ئايا.
كۆڭلۈم ئارا لەئلىڭكىم پەرتەۋسىمۇكىن ياھەم،
ئىشقىڭ ئوتىدىن قويغان مەجمەرمۇ ئىكىن ئايا.
سەۋدايى قىلۇر زۇلفۇڭ بويى ھەمە ئالەمنى،
يا مۇشكى خوتەن ياھەم ئەنبەرمۇ ئىكىن ئايا،
ئول ئىككى قۇلاقىڭدا دۇردانە مۇكىن ياخۇد،
ھەر جانىبىدە ئاينىڭ ئەختەرمۇ ئىكىن ئايا.
يا كۆڭلۈم ئارا تۈشكەن كۆز بىرلە مۇژەڭ ئەكسى،
يا نەيزەمۇ سانجۇر يا خەنجەرمۇ ئىكىن ئايا.
نى غەمزەلەر ئەيلەرسەن ھەم دەمدە كۆزۈڭ يۇملاپ،
سانجۇرمۇ ماڭا تۈشلاپ نەشتەرمۇ ئىكىن ئايا.
ئۇششاق مۇقامىدا دەرد ئولغۇسىدۇر مەتلۇب،
ھەجرىدە ئاقىزغان ياش دۇرلارمۇ ئىكىن ئايا.
ئەھلى دەيدۇ زۇھۇرىنى لاف ئۇردى مۇھەببەتدىن،
بۇ لاف ساڭا جانا، باۋەرمۇ ئىكىن ئايا.

*　　　*

ئەلائەي ساقى، جان تۇت مەينىڭنى خۇشگۇار ئەيلەپ،
نىچۇر تۇرماقلىغىڭ لەبى تەشنەلەرنى ئىنتىزار ئەيلەپ.
قۇياش جامىڭغە چەرخ ئۈزرە ئىتائەتدىن غۇرۇب ئەتتى،
كەۋاكىب سۇبھلەردە زەررە يەڭلىغ جان نىسار ئەيلەپ.
فەلەك ھەم نەيلەيىن فەرمان تۇتۇپ قەددى دۇتەھ بولدى،
دەمادەم يورۇلۇپ جامىڭ ئۈزە ئۈزنى دەۋۋار ئەيلەپ.
كۆرۈپ جامىڭنى پۇر ئۈمىدە بولدى زىمىن خامۇش،
تامىتقاي كەفەكنى دەپ كىم ئۈزنى خاكسار ئەيلەپ.
تەمامى ئۈمرنىڭ يوق ئەرزىشى بىر كاسەئى مەيغە،
ھەبىبى ئىلكىدىن تىترەپ سۆھۇرسە ئىختىيار ئەيلەپ.
ماڭا پىرى مۇغان ئەتسە ئىنايەت لەئلىگۇن مەيدىن،

ئىچىپ مەست ـ ئەلەست ئولسام ئۆزۈمنى كامكار ئەيلەپ.
كەل، ئەي ساقى، مەيى ئىشرەتنى كەلتۈر ئەمدى بەزمىمغە،
قەددىڭنى سەرۋەدەك زىبىا، رۇخۇڭنى گۇلئۇزار ئەيلەپ،
تۇتۇرمەن كۆز، نەۋائى قۇيسە جامىمغە مەيى شىراز،
ئىچىمگە سالغاي ئاتەشرەك مەيدىن ئوت شەرار ئەيلەپ.
زۇھۇرى ئىلتىماس ئەيلەر كۆرەيدەپ ئانچە مەزھەردىن،
ئەيا ساقى، كۆتەرمەي، تۇرئەمدى ئىنتىزار ئەيلەپ.

× ×

تاپمادىم دەردىمگە دەرمان، ئەلغىياس،
زەخمەلەر جانىمدە پىنھان، ئەلغىياس.
كەتكەلى قوينۇمدىن ئول ماھىم بەسۇبھە،
غەمگە سالدى شامى ھىجران، ئەلغىياس.
ئول فۇسۇنگەر لەئلى خەندان شەۋقىدىن،
ئەيلەدىم بەغرىمنى بەريان، ئەلغىياس.
خەستە جىسمىمنى ھەۋايى ئىشــق ئارا،
ئۆرتەدى بۇ ئوتلۇق ئەفغان، ئەلغىياس.
سورسالار بارغاي گۇلۇم شول كويغە،
ئىشق ئوتى كۆيدۇردى چەندان، ئەلغىياس.
كەلمەيىن فەزلى بەھاردىن نەسىم،
گۇلشەنى جاندا زىمىستان، ئەلغىياس.
مەشرىقىمدىن ئافتاب ئەتمەي تۇلۇئ،
كۇنلەرىم بولدى شەبىستان، ئەلغىياس.
لەئلىگۇن رۇخسارى لەئلى ئەكسىدىن،
بۇ كۆڭۇل بولغاي گۇلىستان، ئەلغىياس.
ھەر زەمان جان تۇتىسى فەرياد ئېتۇر،
تاپمايىن بىر شەككەرىستان، ئەلغىياس.
ھۇســن باغىنى قۇرۇپ ياسىن قۇرۇر،
قاشىدۇر پەيۋەستە رىزۋان، ئەلغىياس.
نەچچە يىللاردىن زۇھۇرى خار ئولۇپ،
تاپمادى گۇل بەرگى خەندان، ئەلغىياس.

× ×

يارنىڭ ھەجرىدە گەر يەتسە ساڭا يۈز مىڭ ھەرەج،
يۈز ئۆگۈرمە سەبر قىل، ئەلسەبر مىفتاھۇلئەرەج.
دەير ئىچىدە يارنىڭ يادىدا بولغان ياخشىدۇر،

www.uyghurkitap.com



هازىر ئۇلماي كەئبە ئىچرە قىلغۇچە مىڭ قەت ھەج.
ڕاست تۇت كۆڭلۈڭ يۈزىنى قاشى مىھرابىغە كىم،
جايىز ئېرمەستۇر نەمازىڭ قىبلەدىن يۈز بولسە كەج.
زۇمرەئى ئۇششاق ئارا كىر ئىشقدىن تاپغىل ھەيات،
ۋەرنە كەلگۈسى خەيلدىن ئېرۇرسەن كەلھەمەج.
يار ئۇچۇن خەرج ئەيلەسەڭ ئىككى جەھاننى سەھلدۇر،
تارمو خەرج ئەيلەگۈنچە بىلمەگىل ئاندىن ماكەج.
ئەي سەبا، يەتسەڭ بەناگەھ يارغا ھالىمنى ئېيت،
كېچە تاڭ ئاتماي سېنىڭسىز كۈندۈزۈم بولمايدۇ كەچ.
بۇ زۇھۇرى تەرك ئەيلەپ جۇملەئى دىۋانەۋەش،
مەزھەرىنىڭ يولىغە كىردى دۇئائى جان دېگەچ.

× ×

قاشىڭ گويا مەلاھەت ئەۋجىنىڭ نازۇك ھىلالىدۇر،
قەدىڭ گۇلى نەزاكەت گۇلشەنىن نەۋرۇست نىھالىدۇر،
كىشى كۆرگەن ئەمەس سەرۋ ئۈزرە ئانداغ بىر گۇلى سىراب،
يۈزۈڭ گۇل سەرۋ رەئنالىقدا قەددىڭ ئېئتىدالىدۇر.
لەتافەت باغىدا سەرۋ گۇل ئىچرە گوييا رەمزى،
كۆرۈپمەن يوقكى ئانداق غۇنچەئى ئاغزىڭ مىسالىدۇر.
كۆزۈڭدۇر فىتنەئى ئالەم، لەبىڭدىن بارچەلەر خۇررەم،
بۇ سۆزنىڭ سىررىغە يەتكەي كىشىكىم كۆڭلى خالىدۇر.
كۆزۈڭ ھەر گۇشەسى خۇمخانەئى ۋەھدەت ئېرۇر ئاندىن،
نەزەر قىلساڭ ھەمە مەست ئولماغاي نە ئىھتىمالىدۇر.
فۇزۇن ھەيۋان سۇيىدىن زەھر ئىچسەم بولغاي، ئەي ساقى،
بۇ دەمكىم جامىم ئول شوخ ئىتلارى سىنغان سەفالىدۇر.
نېدىن ئەيلەرسەن ئول مىقدار سۆزلەر ئەي زۇھۇرىدىن،
ئۆزۈڭ ھالىدىن ئارتۇق بۇ ھەمە ياكى خەيالىدۇر.

× ×

شەيئى لىللاھ دەپ يۈرۈرمەن ھەر تەرەفدە دەربەدەر،
كاشكى تۇتقايمۇ دەپ ئىلكىمنى بىر ساھىب نەزەر.
ھەر كېچە جانىم قۇشى جىسىم ئىچرە كۆپ فەرياد ئېتەر،
ۋىرد ئېتىپ «قالەننەبى ھۇببۇل - ۋەتەن»تا سەھەر.
كۆزلەرىم ھەجر ئارا سەن نېگە نابىينا دېسەم،
ئېيتۇر: ئەي نادان، «ئىزاجائەل - قەزا ئەئمەل - بەسەر»،
كېچە - كۈندۈز يادىدا بەغرىمنى بىريان ئەيلەسەم،

ئسككى كۆزۇمدىن تۆكەنمەيدۇر تەغى خۇنى جىگەر،
كۆپ يۇگۇردى ھەر تەرەف دەرماندە بۇ شىكەستە ھال،
ئەيلەگىل روزى ئاگا، يارەب، ۋەتەن ئىچرە سەفەر،
دەير ئىلىگە مۇغبەچە ئايدى بۇدىۋانە زۇھۇر،
بىلمەيىن ئىستەيدۇ ھەريان مەتلەبىدىن بىخەبەر.

*　　*

ئەي، دەرىغا! ئۇمرلار غەفلەتتە ئۆتتى يازۇ قىش،
يازۇقۇم كۆپدۇر ۋە لېكىن قىلمادىم بىر ياخشى ئىش.
كىرمەدىم دەيرى فەناغە ئىستەبان كەھفى يىغا،
نە بولۇپ ئىت تاپمادىم كەھف ئەھلى سارى پەرۋەرىش.
نې ئېتىپ ئىلم ئەھلى بىر نەفسۇ ھەۋا دەمسازلىق،
جەھل ئېلىگە بىر نەفەس تەرك ئەتمەدىم بارىش - كېلىش
قىلمادىم ئانداغ بىر ئىشكىم تاپقۇم ئاندىن ئافىيەت،
ئالەمۇ فانى ئىشىدىن تاپمادىم بىردەم تىنىش.
ئوق كەبى پەرران ئۆتەر ئۇمرىمنى بىلدىم گويىا،
ياكەبى قەددىم ئېگىلگەندە ئەسا بولمىش كىرىش.
چۇن تۆگەتتىم خەرج ئېتىپ ئۇمر ئەزىزىم نەقدنى،
ھىرسۇ ئارزۇ جۇملە ئىسياندىن تولا بولدى گىرىش.
رەھمەتىڭ دەرياسى ھەددۇ بىنەھايەت، يارەھىم،
مۇستەھەق ئەفۋىڭغە مەندەك ھىچ ئاسى تەگمەمىش.
تاق تاغىدىن ئاغىر بولسە گۇناھىم، يا كەرىم،
ئەفۋىڭىز دەرياسىغە ھۇسن يەگلىغ ئاسان ئۆتكەرىش.
بولمە نەۋمىد، ئەي زۇھۇرى، كۇفردۇر نەۋمىدلىق،
جان بىلە «لاتەقنەتۇمىن رەھمەتۇللاھ» نى ئىرىش.

*　　*

مەي مەنى قىلدى خۇمارۇ مۇبتەلالىقدىن خەلاس،
كەيفى بىخۇد ئەيلەگەچ ھەم خۇدنەمالىقدىن خەلاس.
ھەمدۇلىللاھ، قاچتى مەندىن مەست كۆرگەچ زۇھد ئەھلى،
بولماپ ئېردىم جەھد ئېتىپ كۆپ ئاشنالىقدىن خەلاس.
تاكى مەسجىد تەرك ئېتىپ مەيخانە سارى بارغالى،
شۇكركىم تاپتىم رىيايى پارسالىقدىن خەلاس.

www.uyghurkitap.com

دەير ئىلكىدىن پەرى تائماس كىشكىم جۇرئەئى،
قىلغاسەن بىر جۇرئە ئىلە بۇ ئارالىقدىن خەلاس.
مەزھەرى بىر دەير ئارا تۇتساڭ ئىكەۋلەن بىر ھەۋا،
بولغامىز نەفسۇ ھەۋا رۇمى رىيالىقدىن خەلاس.
مىر نەۋائى بىرلە جامىدىن زۇھۇرى تۇت ئۇمىد،
قىلغۇسى بىر جام بىرلە بىنەۋالىقدىن خەلاس.

*           *

بۇ ئۆتەر مەنزىل تۇرۇر، ئۆتكۈنچە قىل كۆپ ئىھتىيات،
ئۆتكەرۇر ھەردەم ياڭى مىھمانىنى بۇ ئەسكى رەبات.
تىفل يەڭلىغ گۈنبەز ئەيلەپ قۇم بىلە تۇپراقدىن،
بارمۇدۇر ئاندا سەباتى ئەتكەلى ئەيشۇ نەشات.
مەستلەردەك زەرق جامىدىن ئىچىپ قىلمە سۇرۇد،
يۈزغەمۇ ئەلدۇھ ئىررۇركىم قىلسە تۇشدە ئىنبىسات.
دەم غەنىمەتدۇر بۇكۈن بىر دەمنى زايىئ ئەيلەسە،
ھەردەمىڭ بىر گەۋھەرى فەقر ئەھلىگە قىل ئىھتىيات.
مات بولدى بۇ فەلەك شەترەنجىدە شاھۇ گەدا،
دانىشى يۈز نەچچەنى كۆپ ئۆتكۈرۈپدۇر بۇ بىسات.
ماسىۋاللاھنىڭ بەقاسى يوقدۇرۇر مەندىن ئىشىت،
ئىستەگىل بىر پىرى كامىل، يەتمەسەڭ تۇت بىر ئەسات.
يىلۇ ئاي فىسق ئىچرە بولدۇڭ ئەمدى يانغىل ئەي زۇھۇر،
ئەيلەگىل لاتەقنەتۇمىن رەھمەتۇللاھدىن نەشات.

*           *

كەچتى ئۆمرۈم فىسق بىرلە نامۇسۇلمانلىقدا ھەيف،
ئۆتتى زايىئ ۋەقت غەفلەت بىرلە نادانلىغدا ھەيف.
ئەسكەرى ئۆمرۈم ئۆتتۈپ نەفسۇ ھەۋايۇ ھىرس ئىلە،
قالغانىيۇ سەرفى ئەندۇھ ئول پۇشەيمانلىقدا ھەيف.
نەفسىمە تارتىپ رىيازەت گوشمالى بەرمەيىن،
ئۆتكەرىپمەن دۇشمەنى كۆڭلىنى ئاسانلىقدا ھەيف.
ھەيفدۇركىم بۇ جەھان لەززەتىدىن ئۈزمەي كۆڭۈل،
كەتسە جانىم بىخەبەر بۇ نەۋئ ھەيرانلىقدا ھەيف.
ھەر سارى قويدۇم يۈزۈمنى ئەيلەمەي كۆڭلۈمنى جەمئ،

ۋەھ، ئەزىز ئۆمرۈم ئۆتتۈپدۈر بۇ پەرىشانلىقدا ھەيف.
سەير ئېتىپ ئول قورۇقنى ئەيلەدىم كۆڭلۈمنى سەير،
ھەسرەتا، ۋاۋەيلاتا، قالدىم بۇ ھىرمانلىقدا ھەيف.
بازگەشت ئەيلەپ زۇھۇرى تۇت نەۋائىدىن ئۇمىد،
ئۆتكەرىپسەن خوپ دىل ئۇمرۇڭنى بۇھتانلىقدا ھەيف.

* *

ساڭا مەقسەد بولسە مەيدان ئىچرە چەۋگان ئويناماق،
ماڭا ئاسان باش قويۇپ كويۇڭدا ھەيران ئويناماق.
قىش كۆنى تاپماي ھىنا ئىلكىڭنى رەڭگىن قىلغالى،
ساڭا گەرقان ئويناماق، ماڭا ھەم جان ئويناماق.
چىن قىلىپ زۇلفۇڭنى رۇخسارىڭنى پىنھان ئەيلەدىڭ،
چىن ئېلى يەڭلىغمۇدۇر بۇ رەسم قالقان ئويناماق.
قان ياشىم تۇتتى كۆزۈمنىڭ مەردۇمىنىڭ نۇرىنى،
ئويناغىل بىباك مەندىن بولسە پىنھان ئويناماق.
ئويناي-ئويناي نەچچەكىم دىنىمنى تاراج ئەيلەدىڭ،
بۇ بولۇپدۇرمۇ ساڭا ئەي نامۇسۇلمان ئويناماق.
بولدى چۈن ئەندۇھى مىھنەت ئوتىغە كۆكسۈم ھەدەف،
ئاقتارىپ ئال نەچچە لازىم بولسە پەيكان ئويناماق.
ۋەئدەئى ۋەسل ئەيلەدىڭ ئويناپ زۇھۇرىغە نەچە،
مۇنچەمۇ يالغان بولۇرمۇ ئەھدى يالغان ئويناماق.

* *

ساڭا مەقسەد مېنى ئىشقىڭدا زارۇ مۇبتەلا قىلماق،
ماڭا ھەم ئارزۇ جانۇ جەھانىمنى فىدا قىلماق.
كېچە-كۈندۈز تىلەرمەن بىر كۆرۈپ يادىڭدا ئۆلمەكنى،
نە لازىم غەير زىكرىڭنى ماڭا شامۇ سەبا قىلماق.
يۈرۈپ ئالەمنى كەزدىم تاپمادىم ۋەھ دىلىستانىمنى،
كۆڭۈلنىڭ نالەسى بۇدۇر تاپىپ يار ئىلتىجا قىلماق.
ئەجەب مۇشكىلدۇرۇر بۇ يۈز قارا ئەرزىن بەيان ئەتمەك،
نە لازىم غەير زىكرىڭنى يۈز ھاجەتىم رەۋا قىلماق.
زىھى دەريايى ئەفۋىڭ ئاقتۇر يۈزىمىڭ گۇناھلارىنى،
ئانى بىلگەچ ماڭا ھەردەم ئىش بولدى يۈز قارا قىلماق.

مۇيەسسەر بولسە گەر مەخفى سىنىڭ يادىڭدا بولماقلىق،
كىرەكمەس دەم ئۇرۇپ ئۇششاق تەرزىدە نەۋا قىلماق.
ئىلاھا! بۇ زۇھۇردىنى يىراق تۇت زۇھدۇ تەقۋادىن،
كىشىكىم زۇھد ئېتەر ئاندىن يىراق بولماس رىيا قىلماق.

*    *

قاشىمدا تا مېنىڭ لەيلى كەبى بىر گۈلئۇزارىم يوق،
ئانىڭ ھەجرىدە مەجنۇن كەبى ئىشىم جۇز ئاھ يارىم يوق.
خەزانى ھەجر ئارا سارغارمىشام يافراقدەك ۋەھكىم،
نەيەگلىغ غۇنچەدەك خەندان بولۇرمەن نەۋبەھارىم يوق.
يۇرۇرمەن گۇلرۇخۇم شەۋقىدە بۇلبۇلدەك ئېتىپ فەرياد،
ئەجەب بىچارەلىكدۇر كىم مېنىڭ بىر لالەزارىم يوق.
نەچە كىم جەۋر چەكتىم كۆرمەدىم يارىمدا بىر ئىنساف،
نەچۇك ئەيلەي ئانىگسىز لەھزەئى سەبرۇ قەرارىم يوق.
بۆلەكلەر تاپسە ھەم يارۇ مېنىڭ يارىمچە بولماسلار،
فىغان كىم يارسىزدۇرمەن تەمام ئۇمرۇمدا يارىم يوق.
كىشىكىم يار ۋەسلىدىن ماڭا بىر مۇژدەئى بەرسە،
ساچارغە باشدىن جاندىن بۆلەك لايىق نىسارىم يوق.
ئالىپ سىنغان سەفال ئىلكىمگە ۋە مەيخانەغە كىرسەم،
ماڭا جەم جامىدىن ئارتۇقدۇر ئاندىن نەگگۇ ئارىم يوق.
تەرەھھۇم ئەيلەسەڭ ھالىم كۆرۇپ ئەي ساقىئى گۇلرۇخ،
مېنى مەستى ئەزەل قىل، سەندىن ئۆزگە غەمگۇسارىم يوق.
مېنى مەزھەكەبى بۇ يولدا مەھكەم ئەيلەسەڭ يارەب،
زۇھۇردەك بۇ يولدا جان بېرىپ ھەرگىز يانارىم يوق.

*    *

نەچچە كۆن ياردىن جۇدا ئەتتى فەلەك، يەتمىش كىرەك،
بۇ فەلەك سەقفىن تېشىپ مەقسۇدىغە يەتمىش كىرەك.
بۇ فەلەكدىن يوققارى باردۇر تۆمەن تۇرلۇك فەلەك،
ھەر فەلەككە يەتسە تەمكىن ئەيلەمەي ئۆتمىش كىرەك.
بۇ فەلەك مىئراجىغە بولماس چىقىپ ئۆزلۈك بىلە،
لاجەرەم بىر پىر بۇ يوللارنى كۆرسەتمىش كىرەك.
سەئىي كۇششغە قويۇپدۇر بەئزەلەر بۇ سىرنى،

بەئزەلەر ئېيتۇر تەۋەككۇلنى ئىمام ئەتمىش كېرەك.
ئادەمىدەدۇر سىرىشتە دىۋە ھەيۋان ھەم مەلەك،
پىرى ئىشق ئولسە ئاڭا ئەسرارى ئۆرگەتمىش كېرەك.
يار باردى گەر زۇھۇرى مەزھەرىدە بولماسا،
ئىز تىراب ئەيلەپ ئەدەم مەلەك سارى كەتمىش كېرەك.

*　　*

لەتافەت باغىدا يوقتۇر يۈزۈڭدەك بىر ئاچىلغان گۇل،
ئانىڭ شەۋقىدە فەرياد ئەتكەلى مەن يوق كەبى بۇلبۇل.
ئاچىلغان يوق چىنان نەۋرۇزىدە ئاغزىڭ كەبى غۇنچە،
گۇلى گۇلشەندە ئۆتكەن يوق يەنە ساچىڭ كەبى سۇنبۇل.
ئەدالەت باغىدا پۈتكەن ئەمەس قەددىڭ كەبى ئەر ئەر،
لەبىڭ شەۋقىدە ئاسىلغان ئاڭا ئەژدەر كەبى كاكۇل.
سەخا دەرياسىدا چىقماس تىشىڭدەك ھىچ دۇررى ناب،
ئاڭا يوق مۇستەھەق يوق جەھاندا مۇفلىسى بىغۇل.
كۆزۈڭ كەيفىيەتىدىن مەستدۇر ئالەمدە ئاشىقلار
يەنە مەست ئولغالى دايىم ئىچۈرگە ھاجەت ئېرمەس قول.
مەلاھەت يوق كەبى ئىقلىمدەۋۇ سەن كانىيۇ بىر شاھ،
سىنىڭ كويۇڭدا مەندەك يوق يەنە ئىخلاسلىق بىر قۇل.
شەھى ئالى نەسەب يۇسۇف زۇھۇرىددىن ئاڭا مۇخلىس،
ئەبەن ئەن جەددى ھۇمايۇن بەخت كەلدى مەۋلىدى قامۇل.

*　　*

ئەيا ساقى، كۆتەرگىل يار بەزمىدە پەياپەي مۇل،
ئاچىلغان مەجلىس ئەھلى مەستلىكدىن بارچەسى گۇل - گۇل.
نېدۇر تۇرماقلىغى ئىچمەي بىردەمى غەم شامىدا مەھزۇن،
سۇراھىدىن كېلۇر ئاۋاز ئىچ دەپ دەمبەدەم قۇلقۇل.
مۇغەننى نەغمە چەكسە ئۇششاق تەرزىدە نەۋا ئەيلەي،
ئانىڭ شەۋقىدە فەرياد ئەيلەگەچ باغ ئىچرە ھەر بۇلبۇل.
مەنى مەھزۇننى ئەي بۇلبۇل تەرەبناك ئەيلەسەڭ نە ئېتەي،
نە بولغايكىم مۇرادىن تاپسە سەندىن مېنىڭدەك بىر قۇل.
مەنى بىچارەنى كۆيدۈردى بىر پەرى پەيكەر ئىشقىدا،
قاشى يا كىرفىكى ناۋەك ئىدى سۇنبۇل ئۇزۇن كاكۇل.

ئىلاھا! بارچەسى ئىشقىنى بەرگىل بۇ پەرىشانىغە،
قىلىپ مەجمۇئ خاتىر غەير زىكرىنى كۆڭۈلدىن پۇل.
شەھى ساھىبقىران يۇسۇف ئانىڭ بىر خاك پايىنى،
زۇھ-ۇرى سۇرسەڭ ئەر كۆزگە قىردەۋسدۇر قامۇل.

*　　*

دەمبەدەم كۆڭلۇم تىلەر يارىم بىلە كام ئەيلەسەم،
ھەم تەكەللۇم كەيفىدىن چېھرىمنى گۇلفام ئەيلەسەم.
رەم ئېتىپ كەلمەس ئۇلۇس غەۋغاسىدىن.....
كېچەلەر بىدار ئېتىپ ئەمدى ئانى رەم ئەيلەسەم.
تۇتى يەڭلىغ سۆزلەتىپ ئۇر نەقشتى كۆڭلۇم ئارا،
كۆرسەتىپ ئۆز ئەكسىنى ئايىنەدە دام ئەيلەسەم.
ئۇمرلار دۇنيا ئىشىدە بولدى زايىئ ۋاي كىم،
پەردەئى غەفلەتنى يىرتىپ شامنى بام ئەيلەسەم.
نەچچە مۇددەتكىم ئەھلىنىڭ كارۇ بارى ئەتتىكىم،
ئەمدى ھەق يولىدا بۇ جىسمىمنى جەۋلان ئەيلەسەم.
يارسىز بىر سائەت ئۆلدى كىم ماڭا مەھشەر كۈنى،
كاشكى ۋەھدەت مەيىنى ئەمدى ئاشام ئەيلەسەم.
كۆزلەرىڭ كەيفىيەتىدىن ئىلتىماس ئەيلە زۇھۇر،
مەستلىك ئاغاز ئېتىپ ھۇش بىرلە ئاغاز ئەيلەسەم.

*　　*

مەيخانە كونجى بولدى كويۇڭدا خانقايىم،
پىرى مۇغان دۇئاسى ئەۋراد سۇبھگاھىم.
باشىمغە خىشت ياستۇق بولدى تىكەن تۇشەنجىم.
ئىتلارىڭ ئاستانى ھەر كېچە تەكيە گاھىم.
فەقىر ئولماغىمدۇر دەير ئىچرە شاھلىقدىن،
باغلاي بەلىمنى مەھكەم تەۋفىق بەرسە شاھىم.
دۇنيا يۈزىدە ھەركىمكى ئۆز يارى بىلە خۇشنۇد،
يوقتۇر ماڭا ئۆزىدىن ئۆزگە پەناھىم.
يۈزىڭ قىغانلار ئەتسەم نەچۈن ئېشىتمەس ماھىم،
ھەر كېچە يەتتى يۈز يول توققۇز فەلەككە ئاھىم.
سەنسىز ماڭا بۇدۇر ھال ھەر كېچە قىلماق ئەفغان،
كەيۋان بىلە سۇرەييا باردۇر ئىككى گۇۋاھىم.

بولغىل زۇهۇرى ئەمدى شىكەستە بەستە ـ بەستە،
شايەد كۆرۈپ بۇ هالىڭ رەهم ئەيلەگەي ئىلاهىم.

* *

سىنى بىر كۆرمەكىم ئارتۇق جانۇ جەهانىمدىن،
لەبىڭدىن تازە جان ئىستەپ تويۇپمەن خەستە جانىمدىن.
بۇ ۋەيران ئىچرە قالدىم يارسىز هەيرانۇ سەرگەردان
نەچۇك ئۇمىد ئۈزەي كۆرمەي زەمانى مىهربانىمدىن.
ئەيا ساقى، كەتۇرمەي بىردەمى مەست ئولماقىم خۇشتۇر،
ئۆزۈمدىن بىخەبەر ئولماغلىغۇ ياخشى يامانىمدىن.
قىلىپدۇر ئوقلارىڭ زەخمى يۈزۈمنىڭ دەۋرىدە ئەندەك،
نىدىن كىرمەس جەمالىڭ مىهرى جىسمى ناتەۋانىمدىن.
بارىپ هەر يولغە تاپماي مەقسەدىم، كۆڭلۈم پەرىشاندۇرۇر،
بولۇرمەن جەمئ دىل ئالسام خەبەر ئول دىلىستانىمدىن.
نىتاڭ بۇلبۇل سۇفەت ئۇششاق تەرزىدە نەۋا قىلسام،
مەشامىمغە يەتسە نەسىمى هەردەمى بۇ گۈلىستانىمدىن.
زۇهۇرى يارسىزلىق خەلق ئارا باردۇر ئۈزۈن سۆزلەر،
* .............................................

* *

فىدا جانىمنى ئەيلەي ئول قەددى زىيبا نىهالىغە،
نىسار كۆڭلۈمنى ئەيلەي ئول قارا زۇلفى خەيالىغە.
تامۇز ۋەقتىدە كەلگەن مۇز ئۈرۈركىم تاغدىن ئانداغ،
خەيالىم تاب كەلتۇرمەي جەمالى لايەزالىغە.
جەمالى تابىدىن قورقۇپ يۈرۈرمەن سايەلەر ئىستەپ،
ئۆزۈمنىڭ كەملىكىدىن بەستەدۇرمەن زۇلفى خالىغە.
نەچۈن بولغاي ئۆزۈمنى تۇتقامەن ئۇششاق تەرزىدە،
ئوقۇپ تەرزى غەزەل ئوخشاتقەمەن قالۇ مەقالىغە.
هەمە زاهىد رىيايى يار يادىن بىئاگاه ئەيلەر،
بارۇر پەيۋەستە كۆڭلۈمنىڭ خەيالى ئىتتىسالىغە.
هەمە ئەل مۇنتەزىردۇر ئاي باشىدا كۆرگەلى ئاينى،
تۇتۇرمەن كۆز هەمىشە ئەيد رۇخسارى هىلالىغە.

* قول يازمىدا بۇ يەردىكى بىر مىسرا يېزىلمىغان.

www.uyghurkitap.com



ۋەفاسىزدۇر جەھان رەئناسى جەھد ئەت ئەي زۇھۇرىددىن،
گىرىفتار ئولماغىل ھەردەم فەرىب چەرخ زالىغە.

* *

ئەيا ساقى ماڭا تۇت رەھم ئېتىپ بىردەم ئەياقىڭنى،
چىقارىپ غەمنى ئىچدىن ئۇنۇتقايمەن فىراقىڭنى.
ماڭا كۆركەز يولۇڭنى كۆزلەرىمگە تۇتىيا ئەيلەي،
مۇبارەك تۇفراقىدۇر كىم باسىپ ئۆتكەن ئاياقىڭنى.
يولۇڭدا سۇ سەپىپ فەرراشلاردەك سىيمى ئەشكىمدىن،
يۈزۈمنى ئالتۇن ئەيلەپ تاپقامەن ئول سىيمى ساقىڭنى.
دېسەم مەيگۈن كۆزۈڭنى مەن مۇھەببەتدىن شەرابى شەۋق،
ھەمـە بولدى كۆرۈپ دىۋانە ئول سەھبا قەباقىڭنى.
ئاناسىدىن يىتىم قالغان كىبىك ئوغلاقىدەك قالدىـم،
يىتىمدۇرمەن يەقىن ئەت ئۇتىسىز ئەيلەپ بۇ يىراقىڭنى.
ياساپ ئېرىدىڭ ئۆزۈڭدىن ئۆزگە ئەيلەپ جۇملە ئالەمنى،
يەساقىڭلار ئارا قويما ئۆزۈڭگە ئال يەساقىڭنى.
سۇۋۇ پالچىقدا نەھەد دەم ئۇرغاي ئول قۇياشىڭدىن،
زۇھۇرى كۆڭلىگە سالغىل كى سالغاي ئول سوراقىڭنى.

* *

دۇنيا يۈزىدە ئەھلى سەفالار ھەمە كەتتى،
يۈز ۋاي، شەھىنشاھ شەھىلەر ھەمە كەتتى.
تەھسىل ئېتىپ ئىلمۇ ھۇنەر ئىلە ئەمەل كىم،
زۇھھادلار ئۆتتى، ئۇلىمالار ھەمە كەتتى.
لوقمان قەنى، بۇقرات قەنى، بارمۇ فىلاتۇن؟
نە قالدى؟ ئەرىستو، ھۇكىمالار ھەمە كەتتى.
بۇ دەھردە خۇسرەۋ قەنى سەئدى، نىزامى،
فىردەۋسىيۇ تۇتى شۇئەرالار ھەمە كەتتى.
قارۇن قەنى، شەدداد قەنى، قالدىمۇ جەمشىد،
ئىسكەندەرۇ كاۋۇس كىيالار ھەمە كەتتى.
مەغرۇرلىغىڭ مەنسەب جاھىڭغە نەدىندۇر،
مۇفتى قەنى، قازى قەنى ئۇمرالار ھەمە كەتتى.
ئالەمدە كۆڭۈل مال ئىلە دەۋلەتكە ئاۋۇتمە،
نې قالدى فەقىر ـ غۇربالار ھەمە كەتتى.

بەزم ئىچرە قەنى دوستلار ساقىئى گۇلرۇخ،
ھەممە مۇترىب، خۇش سەرالار؟ ھەمە كەتتى.
ئەھلى ۋەفا، قىلمە ھۇنەر جەۋرۇ جەفانى،
يۇز قايغۇ ئىلە ئەھلى جەفالار ھەمە كەتتى.
بۇ ئالەم ئۆتەر، كۇھنە رەبات ئۇلغۇسى فانى،
بۇنيادى ئانىڭ سۇست بىنالار ھەمە كەتتى.
ساتمە قەرىغە تەئنە ئۇرۇپ ھىچ يىگىتلىك،
ھوشۇڭ بىلە بول پۇرفەتالار ھەمە كەتتى.
تەنبىھ زۇھۇرى ساڭا بۇ ئۆتكەن ئۇلۇسدىن،
يۇز نەچە سىپىنگىدەك ۋۇزەرالار ھەمە كەتتى.
غەم شامدە دىلگىر، فەرەھ سۇبھىدە دىلشاد،
ھەر شامۇ سەباھ، ئاقۇ قارالار ھەمە كەتتى.

## مۇستەھزادلار

ئىشق ئوتىدا ئۇچقۇن كەبى سەرگەشتە يۇرۇرمەن،
ھەر سارى ئۇچۇپ زار،
كويىم تەغى خاشاكدەك ئۆزىدىن قۇتۇلۇرمەن،
ئوتدىن نە غەمىم بار.
سەيد ئەتتى كۆڭۈل قۇشلارىنى ئول كۆزلەرى جادۇ،
ھەر لەھزەدە لىبكىن،
ھەيف ئەتمە گەرچە مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلۇرمەن،
لەئلىدە فۇسۇن بار.
بەند ئەيلەدى فۇرقەت تۈنىدە زۇلفى پەرىشان،
بىچارە كۆڭلۈمنى،
نىيەت مەن ئانىڭ سۇبھى ۋىسالىغە يېتۇرمەن،
زۇلفىدە گىرىفتار.
جىسمىمنى ئەگەر ئۆرتەسە ھىجران ئوتى ھەردەم،
يوقتۇر ماڭا قايغۇ،
ئىشق ئوتى خەيالى بىرلە كۆڭلۈم ئاۋۇتۇرمەن،
كۆيمەككە سەزاۋار.
قەددىم ئىگىلىپ سەرۋ قەددىمىنىڭ قەدەمىغە،
يەتسەم قويابان باش،
مىڭ بەھرنى بىردەمدە كۆزۈمدىن ئاقىزۇر مەن،
چۇن ئەبرى گەۋھەر بار.

www.uyghurkitap.com



كۆپ قىلدى ماڭا چەرخ نى جەۋرۇ جەفالار،
يارىم تەغى بىداد،
باشىمنى ئالىپ دەيرى فەنا ئىچرە كىرۇرمەن،
نەخۇش سەبۇكبار.
تاك كۆرمە مەنى خەستە زۇھۇرى سۆز نىكىم،
مەزھەر دىبسە شىردىن،
لەچۇنكىم ئەلىشىرغە بىرولۇق ئېتەرمەن،
ئول بولسە مەدەدكار.

*　　*

ئەي كىرفىكى نەشتەر، رۇخى لالە، كۆزى ئاھۇ،
جانىم قۇشىغە سەيياد،
ۋەي تىشلارى دۇرر، ساچلارى ئەفئى، لەبى جادۇ،
ئەفسۇنىغە فەرياد.
ئالماق خۇش ئېرمەس بىر ـ بىرىمىزدىن كۆزۈمىزنى،
فۇرقەتدە ئېتىپ سەير،
مەن ئايىنە بولسام ساڭا، سەن ھەم ماڭا كۆزگۇ،
شاگىرد ئىلە ئۇستاد.
ھەر سۇبھىدە ھەجرىڭ غەمىدىن نالەلەر ئەتسەم،
رەھم ئەيلەمەيىن ھىچ،
لەئلىدە ئەجەبدۇر تەغى غۇنچە كەبى كۈلكۈ،
بۇ غەمدىن ئولۇپ شاد.
يۈزۈڭ ئۈزە قاشىڭ ئىگەلىپ ئەيلەدى رەمزى،
دىبسەم ئانى راكىئ،
بىر بۇتغە ئەگەر سەجدە قىلىپدۇر ئىككى ھىندۇ،
يا ھۇرى ـ پەرىزاد.
تەن ھەبسىدە جانىم قۇشى ھەردەم قۇتۇلۇرغە،
نالە ئېتىپ ئەفغان،
قىلغاچ نەچەكىم فاختەدەك سۇبھىدە گۇكۇ،
ھىچ بولمادى ئازاد.
بىر نۇكتە ۋەسلىڭ دەمىدىن ئىشق رەمۇزىن،
ئاڭلاپ ھەمە ئاشىق،
مەجنۇن كەبى سەرگەشتە يۈرۈپ ئىستەدى بىرھۇ،
ۋەسلىڭنى قىلىپ ياد.

بىر رەمزەكى جاننى فىدا قىلسە ئەجەب يوق،
بۇ خەستە زۇھۇرى،
سىرىنى نىھان ئەيلەدى ئۇل كافىرى بەد خۇ،
فەرياد ئۇزە فەرياد.

*　　　*

تاپازدى بەلاسىن ئىشق ئەزەل كەلەكى ماڭا،
كۆڭلۇم قىلىپ ئەفگار،
كەسپ ئەيلەدىم ئۇل مۇغبەچەلەرنىڭ تەلالاسىن،
دەير ئىچرە يۇرۇپ زار.
ئۆرگەتتى كۆڭۈل تىفلىغە مۇغ دەيرىدە پەرى،
بىر نۇكتەئى غامىز،
ئەتفالىغە مەكتەب ئىچىبان ئىشق بىناسىن،
ئۇل ساھىبى ئەسرار.
دەير ئىچىدە كۆردۇم بىر ئەجەب بەكىر پەرىزاد،
ھەم شوخ پۇر ئاشوب،
بولدى مۇتەلەبىس كەسب ئۇششاق قەباسىن،
ئۇل دىلبەرى ئەييار.
نەرگىس كۆزى، يا قاش، ساچى سۇنبۇل، لەبى شەكەر،
ئەفسۇن ئىلە ئەتتى،
جان تۇتىسىغە كۆرگۆزۇبان نەشۇ نەماسىن،
تۇنقىغە گىرىفتار.
كىم كۆرگەن ئەمەس قەۋس قۇززەھنى كۆن ئىچىدە،
بۇ تۇرفە ئەجەبكىم،
رۇخسارى ئۇزە ئاسانى ئىكىپدۇر ئىككى ياسىن،
نەمىكر ئىلە دىدار.
فاش ئەيلەمە ھەر سىفلەغە ئەسرار مەئانى،
ئەي ۋائىز خۇشگۇ،
جانىغە ئالۇر نەغمەئى ئۇششاق سەداسىن،
كىم بولسە خەبەردار.
گەرتالىب ئەتسەڭ ئىشق تەرىقىنى پەلانى دەپ،
ئەي خەستە زۇھۇرى،
كۆڭلىدە بەسى مەھكەم ئىتىپ ئىشق نىداسىن،
بول ئاڭا نىگاھدار.

*　　　*

گۇلشەنی هۇسنۇڭ تەمەنناسىدا يىللار خۇي ئېتىپ،
تاپتىم ئۇل گۇلرۇخۇمنى ئەمدى جۇستجۇي ئېتىپ.
فىكر ئېتىپ كىردىم بۇ گۇلگە ئالسام ئاندىن بىر ئېتەك،
تۇهفە ئەيلەي بارچە هەمرەهلەرگە ياخشى خۇي ئېتىپ.
گۇل تۆبىگە باردىمۇ بولدۇم ئۆزۇمدىن بىخەبەر،
نە ئېتەك قالدى، جاهاننى تۇتتى گۇل خۇشبۇي ئېتىپ.
بۇيىدىن يايىدى جەهانغە بارچەنى مەست ئەيلەدى،
قاچتى ئۇل گۇل مەست ئەيلەپ جۇملەنى گۇلروي ئېتىپ.
قالدى بۇلبۇللار چەمەندە گۇلرۇخىغە مۇنتەزىر،
جان قۇشىن ئاتىدى رەمۇزى ئىشق شەككەر جۇي ئېتىپ.
گۇللەر ئاچىلدى سۆزۇڭدىن ئەي زۇهۇرى شۇكر قىل،
بۇلبۇلى شەيدا سۆزۇڭدىن كەلدى گۇفتگۇي ئېتىپ.

*　　　*

قەترەئى سۇدىن ئىككى دەريا ئەجەب جارى بولۇر،
بۇ ئىككى دەريا ئارا دۇررى گۇهەر بارى بولۇر.
هەجرىنىڭ ئەندۇهىدىن هەردەم سىرىشكىم قانىدىن،
يۈز سەرىغ بولغانچە ئىككى رۇخىدا گۇلنارى بولۇر.
زۇلفى مۇشكىندۇر مۇهەببەت رىشتەسى ئىشق ئەهلىنىڭ،
گەردەنىدە تەۋق ئىلە بېلىدە زۇننارى بولۇر.
بارچە ئەهل ئىستەر دەۋا، ئاشىقلار ئىستەر دەردنى،
ۋەه، ئۇششاق ئەهلىگە هەم دەردى دىلدارى بولۇر.
دەردلىكلەرنىڭ دەۋاسى يارنىڭ رۇخسارىدۇر،
ئات ئۇلۇرغە دەردسىزلەر شاه رۇخسارى بولۇر.
ئۇل قۇياشىكىم زۇهۇرى يارنىڭ ئانىڭ جۇملەدە،
ۋەسلىدە يۈز نۇردۇر، هەجرىدە مىڭ نارى بولۇر.

## ۋەلەهۇ زۇهۇرى

جامى مەيسىز يەتمەكى لەئلى شەهىنشەهغە مەهال،
تۇرفەدۇركىم قىلمەسەل تۇپراقىدىن ئۇشبۇ خەيال.
جام هەم مەيدىن پۇر ئۇلسە ئايغە مەگىز ئەتسەم نېتالىك،

ئاي يارۇقلۇغىدىن تاپىپ كۈندىن بولۇر كۈنگە مىسال.
ۋەھ يېتىپدۇركىم سۇۋار ئەيلەپ سەمەندەر نارغە،
يار ۋەسلىنى سورمە تا سەن بولماغۇنچە پايمال.
ھەر كىشى يول تاپمادىكىم تاش كېسىپ فەرھاددەك،
يار ئەگەر لۇتف ئەتمەسە ئۇششاقدىن بولماس مەھال.
كۆز تىكىپ مىرزا يارىمغە ھەر سەبا ئەيلەپ دۇئا،
ھەر زەمان بولماس چىقىپ پۇرگاردىن ئۈستەپ جەمال.
كۈن زۇھۇرى ئايدادۇر ئايدىن تۇشۇپدۇر كۆڭلۈمە،
ھەرنە بار مەزھەردەدۇر مىرزا زۇھۇرىدىن خەيال.

* *

ۋەسلىڭىز يوقتۇر مۇيەسسەر بىر نەزەر خۇشتۇر ماڭا،
گەرنەزەردە بولماسام خۇنى جىگەر خۇشتۇر ماڭا.
ئابى ھەيۋان ئىچكەنىمدىن ۋەسل ئولۇپ ئەغيار ئىلە،
زەھرى ھىجران نۇش قىلسام يۈز خەتەر خۇشتۇر ماڭا.
مىڭ تەكەللۇم كەلسە ناجىنسدىن نەسۇد ئولۇر،
كەلسە سىزنىڭ قاشىڭىزدىن بىر خەبەر خۇشتۇر ماڭا.
يۈز قىزارتۇر ھەر كىشى سۇرتۇپ ئۇفا ـ ئەگىلىك بىلە،
مەن قىزارسام خەتتىڭىزدىن بۇ ئەسەر خۇشتۇرماڭا.
ھەجرىڭىزدە ۋەسلىڭىزدىن مەن زۇھۇرى بولماسام،
بولساڭىز كۆزگۈ ئارادا جىلۋەگەر خۇشتۇر ماڭا.

## مۇخەممەس زۇھۇرى بەر غەزەل مەزھەرى

ئەي نىھالى قامەتىڭ زىبا تۇشۇپدۇر جان ئارا،
ھەسرەتىمدىن يۈز تۇمەن ئەندىشەئى قان قەترە ئارا،
زاھىر ئولدۇڭ رەڭۇ رەڭ بۇشىشەئى ئەكۋان ئارا،
ئەي زۇھۇرى ئافتابىڭدىن تۇشۇپ ئەئيان ئارا،
زەررە يەڭلىغ ئۇرۇلۇر جان ھەر تەرەف ئەبدان ئارا.

خەلق قىلدىڭ ئول ھەبىبىڭ بائىسى ئالەمنىكىم،
رەھمەتى لىلئالەمىن دېدىڭ داغى خاتەمنىكىم،
رەھم ئىلە پاسنى تۇتۇپ ئادەمدە ئۇشبۇ دەمنىكىم،
ئەيلەدىڭ بار ئەمانەتكە ئەمىنى ئادەمنىكىم،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



ئۇل سەبەبدىندۇر زۇھۇرى كامىلىك ئىنسان ئارا.

پەس لەفىخەت فىھى مىن روھى تۆبەندە بولماسا،
نىگە سەرگەرداندۇ بىز بۇ جەزب سەندە بولماسا.
نە ئەجەب يارئەلدە بولسە، ئۇشبۇ مەندە بولماسا،
گەر تەجەللىئى جەمالىڭدىن چەمەندە بولماسا،
نەدۇر ئەفغان قىلماغى بۇلبۇلغە ھەم بوستان ئارا،

ئىككى كۆزنىڭ مەردۇمىدۇر ئىككى خالىڭغە تانۇغ،
ھەر كۆڭۈل ئايىنەسى باردۇر جەمالىڭغە تانۇغ،
گەردىبسەم جان رىشتەسى نازۇك نىھالىڭغە تانۇغ،
جۇملە ئەشيادۇر نىھالى ئىئتىدالىڭغە تانۇغ،
كىمكى ئارىفدۇر ئاڭا، بۇ راستدۇر يالغان ئارا.

ئىككى زۇلفۇڭ ئەكسىدۇر كىم ئۇل يا قاشىغە،
يا ئىبرۇر مىھرابى يا ئىككى قارا يا قاشقە،
ئۆرۈلۈپ يا بولدى ئاي قاچىپ قارادىن قاشقە،
يا سىينىڭ سەۋدايى زۇلفۇڭ تۈشكەلى ھەر باشقە،
يۈز تۈمەن غەۋغا تۈشۈپدۇر جۇملە ئىنسۇجان ئارا.

ئۇل كۆنى دىداردىنكىم ۋەئدەلەر بولغان بەلا،
بۇ تەمەننادىن بولۇپمەن بۇ بەلاغە مۇبتەلا،
كاشكى تۇرغاي ئىدى بۇ ۋەئدەگە مەھكەم بولا،
ئۇل بەلى ھۆكمىدە بولدى جانىمە يۈز مىڭ بەلا،
دۇدى غەم مەھزۇن كۆڭۈلگە مىھرى ئىشقىڭ جان ئارا.

ئەي زۇھۇرى سەبرى جامىدا مەيى مەردانە تۇت،
مەسئىلىكۇ دىۋانەلىكنى ئاقىلۇ فەرزانە تۇت،
كاسەدارنىڭ بولماسا بۇكۇشەئى مەيخانە تۇت،
مەزھەرى بولغىل قەنائەت كۇنجىدا ۋەيرانە تۇت،
زاھىر ئولغاي گەنجلەر شايەد ساڭا ۋەيران ئارا.

## مۇخەممەس زۇھۇرى بىر غەزەل نەۋائى

قان يۇتۇپ ھەر دەم فىراقىڭدا ئەدەم جامى بىلە،
سۇبھى ۋەسلىڭ يادىدىن كۈنلەر بۇ غەم شامى بىلە

ۋەھكى ئۆمرۇم بارچە زايىئ بولدى ئەل كامى بىلە،
كۆز قاراردى، سارغارىپ يۈز، خەلق بەدنامى بىلە،
بادەئى ناب ئورنىدا خۇنابە ئاشامى بىلە.

بۇ فەلەكنىڭ جەۋرىدىن يۈز يىغلاكىم ئازدۇر دىمەس،
باشىڭگە غەم تاشىنى ياغدۇرسە گەردۇن غەم يىمەس،
دۇنيادا مەقسۇدىمچە بولدۇم دىسەڭ ھەم خوب ئەمەس،
كىمسە يۈز يىل كامرانلىق قىلسە بىلكىم ئەرزىمەس،
دەھر ئارا بىر لەھزە بولماقلىق بىرەۋ كامى بىلە.

ساغەرى گۇلفامدەك خۇنى جىگەردىن خۇي قىل،
ھەجر دەشتى ئىچرە سەرگەردان قۇيۇندەك كوي قىل،
نەچە زەخم ئولسە يۈزۈڭنى لالەدەك گۇلروي قىل،
ئەي كۆڭۈل ئەل سۇبھى ئەيش سارى باقما خۇي قىل،
فەردلىق ۋەيرانەدە مىھنەت قارا شامى بىلە.

مەزھەبى ئۇششاق ئارا ۋەيرانەلىق ـ ئابادلىق،
ئول سەبەبدىن يىغلامىشمەن شادلىق ـ ناشادلىق،
زور ئىلە قىلغان ئىمارەت بولماغاي بۇنيادلىق،
قۇشغە يۈك مەسكەن ئارا خۇشراقدۇر ئازادلىق،
بولغانىدىن بەند ئارا سەييادى ئىپەك دامى بىلە.

كىمكى قىلغاندۇر ۋەفا ئالەمدە غەير ئىشق ئوتىنى،
ئىشقسىز ھەرگىز يىتتۇرمۇ پارىغە بۇ ماۋەتەنى،
پاش ئىدىڭ كۆردۈڭ زۇھۇرى خوبلارنىڭ دەۋلەتىنى،
ئەي نەۋائى، ھەزن ئىلە ئۆتكەر قىرلىغ مىھنەتىنى،
چۇن يەتتىلىك باردى ئەيشۇ ئىشرەت ئەييامى بىلە.

ئابدۇلجىلىل تۇران كۇتۇپخانىسى
مكتبة عبدالجليل توران
Abdulcelil Turan Kütüphanesi
www.uyghurweb.net

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھېكايەتلەر

## جاۋاھىرنامەدىن

### ئەبۇ رەيھان بىرۇنى①

### ئۆز قەدرىنى بىلگەن چۆرە قىز

ھارۇن رەشىدنىڭ② چۆرىلىرى ئارىسىدا بىرى ھۆسن - لاتاپەتتە تەڭداشسىز ئىكەن. خەلىپە چۆرىلەرگە سوۋغا-سالام تارقىتىپ بەرگەن چاغلاردا باشقا چۆرىلەر زور مىننەتدارچىلىق بىلەن قوبۇل قىلىدىكەن، ئۇ چۆرە قىز زادىلا ئالمايدىكەن.

بىر كۈنى خەلىپە بىر خالتا مەرۋايىتنى چۆرىلەرنىڭ ئالدىغا توكتى. ھەممىسى سوۋغىغا ئۆزىنى ئاتتى، ھېلىقى چۆرە قىز بولسا، بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويمىدى. خەلىپە خەزىنىچىدىن بىر خالتا ياقۇت ئالدۇرۇپ كېلىپ يەنە چاچتى. ھەممىسى ئۆز ئۈلۈشىنى ئالدى. ئۇ يەنە پەرۋامۇ قىلماي تۇرۇۋەردى.

— نېمە ئۈچۈن باشقىلار قاتارىدا ئۈلۈشۈڭنى ئالمايسەن؟— دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن خەلىپە.

— مۇبادا، مۇشۇ يەردىن ئۆزۈمگە ياققان نەرسىنى تاللىۋالسام مېنىڭكى بولامدۇ؟— دەپ سورىدى گۈزەل چۆرە قىز.

— مەيلى سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى قىز ھارۇن رەشىدنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، مەن سىزنى تاللىدىم.

ھارۇن رەشىد ئۇنى نىكاھىغا ئېلىشقا مەجبۇر بولدى.

### سۇلتان ۋە تىلەمچى

سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋى ③ بەلختە تۇرغان ۋاقتىدا ئوۋ ئىشتىياقى بىلەن سارايدىن چىققانىدى، بىر تىلەمچى كېلىپ ئۇنىڭ يولىنى توستى ۋە خەير - ئېھسان تىلەپ تۇرۇۋالدى. سۇلتان بۇنداق ئىشلارنى ياقتۇرمايتتى. ھاجىبىغا ④ «ئۇنى توقماقلىغىلار» دەپ بۇيرۇدى ۋە ئاتنى «چۇ...» دەپ قامچىلاپ كېتىپ قالدى، ئەنە شۇ چاغدا قىممەتباھا ئۈزۈكىنىڭ كۆزى چۈشۈپ قالدى. تىلەمچى بۇنى كۆرۈپ قالدى، ئاتلىقلار توپى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنى يەردىن ئېلىپ ھەميانىغا سالدى.

سۇلتان سارايغا يېنىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئۈزۈكىنىڭ ياقۇت كۆزى چۈشۈپ قالغانلىقىنى بايقىدى ۋە غۇلاملىرىنى ئىزدەشكە ئەۋەتتى. ئۇلارغا تىلەمچىنىمۇ تېپىپ كېلىشنى بۇيرۇدى. لېكىن ئۇلار تىلەمچىنىمۇ، ئۈزۈكنىڭ كۆزىنىمۇ تاپالماي قۇرۇق قول قايتىپ كېلىشتى.

ئەتىسى سۇلتان شەھەر ئايلانغىلى چىقتى. يولدا يەنە ھېلىقى تىلەمچى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. تىلەمچى سۇلتاننىڭ يولىنى توسۇپ، يەنە خەير-ئېھسان تىلىدى.

— بۇ بەددالنىڭ بېشىنى يانجىپ تاشلاڭلار، — دەپ بۇيرۇدى سۇلتان ھاجىپقا.

غۇلاملار ئۇنى يولنىڭ چېتىگە سۆرەپ چىقتى. ئەمدى توقماقلىماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، تىلەمچى ئۇلارنىڭ قولىدىن قېچىپ چىقتى-دە، ھەمياندىن قانداقتۇر بىر نېمىنى ئېلىپ، يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ سۇلتاننىڭ قولىغا تۇتقۇزدى ۋە تىز چۆكۈپ شەپقەت تىلىدى. سۇلتان تىلەمچى بەرگەن تۈگۈننى يېشىپ، تۈنۈگۈن يوقاتقان ئۈزۈكىنىڭ كۆزىنى تونۇدى، غۇلاملىرىغا «توختاڭلار، بولدى». دەپ ئىشارە قىلدى-دە، تىلەمچىگە ئۈچ يۈز دىنار ئىنئام قىلدى. ئاندىن:

— ئاللاتائالا سەن تۈپەيلى مېنى سەدىقە بېرىشكە مەجبۇر قىلدى. ئۆزۈمگە قويسا بىر تىيىنمۇ بەرمىگەن بولاتتىم، — دېدى.

## ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك

فارابلىق ئەھمەد ئىبن ئەل ھەسەن ئەل يەزدى ئىسىملىك دۆلەتمەن ئادەم بىر كۈنى كەچقۇرۇن جۇرجانىيە⑤ ئەتراپىدىكى قورۇقخانىدا دوستلىرى بىلەن ئۇزاق كەيىپ-ساپا قىلىشتى. ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن ئەتىگەندە قارىسا، ئۈزۈكىنىڭ ياقۇت كۆزى يوق. كۆپ ئىزدىدى، لېكىن تاپالمىدى. ئارىدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن بىر كۈنى كەچقۇرۇن كىمدۇر بىرى ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى. چىقىپ قارىسا ناتونۇش بىر ئادەم. ئۇ ئەھمەد ئىبن ئەل ھەسەنگە لاتىغا يۆگەلگەن بىر نەرسىنى ئۇزىتىپ: «فەقىھ⑥ ئەل ئىخشىدى ئەل خاتىبتىن»، — دېدى. ئەھمەد ئىبن ئەل ھەسەن ئىچكىرىگە كىرىپ قارىسا بۇندىن ئىككى يىل ئىلگىرى كەيپچىلىكتە يوقىتىپ قويغان ئۈزۈكىنىڭ كۆزى ئىكەن.

ئەھمەد ئىبن ئەل ھەسەن ئەتىسى ئەتىگەندىلا فەقىھ ئەل ئىخشىدىنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۈزۈك كۆزىنىڭ قانداق قىلىپ ئۇنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى سوراشتۇردى.

فەقىھ ئۇنىڭغا مانا بۇلارنى ھېكايە قىلىپ بەردى:

— سىزگە مەلۇمكى، مېنىڭ جۇرجانىيە ئەتراپىدا خىش پىشۇرىدىغان خۇمدىنىم بار. بىر كۈنى خىزمەتكارلارنىڭ خۇمداندىن چىققان خىشلارنى قانداق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆزىتىپ تۇراتتىم. شۇ چاغدا بىر خىش خىزمەتكارنىڭ مۆرىسىدىن يەرگە چۈشۈپ ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. خىشنىڭ سۇنغان يېرىدە بىر نېمە كۆزنى قاماشتۇرۇپ پارقىراپ تۇراتتى. ئاشۇ خىش پارچىسىنى ئېلىپ قارىسام پارقىراپ تۇرغان نەرسە ئۈزۈكنىڭ كۆزى ئىكەن. ئۇنىڭ بىر تەرىپىگە سىزنىڭ نامىڭىز پۈتۈلگەنىكەن.

## ياقۇت كۆزلۈك بۇت

زەمىنداۋەر شەھىرىدىكى ئىبادەتخانىلارنىڭ بىرىدە ئافغانىستانلىقلار ئېتىقاد قىلىدىغان قۇياش خۇداسىنىڭ ئالتۇندىن قۇيۇلغان، ياقۇت كۆزلۈك بۇتى بار ئىدى. ئەرەب قوشۇنىنىڭ قوماندانى ئابدۇرەھمان ئىبن سەمۇرە⑦ بۇتنىڭ بىر قولىنى سۇند-

ئۇرۇۋالدى، كۆزلىرىدىكى ياقۇتنىمۇ ئويۇۋالدى، ئاندىن مەرزۇبانغا⑧ «بۇنىڭ قالغان قىسمىنى، مەيلى، سەن ئال، چۈنكى ئەمدى چوقۇنغۇچىلارغا ئۇنىڭ كېرىكى يوق، بىزگە بولسا زىيىنى تەگمەس» دېدى.

## ئىنساپسىز ئەمىر

خەلىپە ھىشام⑨ ئىبنى ئابدۇلمەلىككە «يەتىمە» ناملىق ئەتىۋارلىق بىر مەرۋايىتنى ئەكېلىپ بېرىشتى. خەلىپىنىڭ ئەبدە ئىسىملىك سېمىز بىر خوتۇنى بولۇپ، ئۇ مۇئاۋىيەنىڭ ئەۋلادى ئىدى. ئەبدە چۆرىلەرنىڭ ياردىمىسىز ئورنىدىن تۇرالمايتتى، ھىشام ئۇنى رىغبەتلەندۈرمەكچى بولۇپ:

— ئەگەر بىرسىنىڭ ياردىمىسىز ئورنىڭدىن تۇرساڭ، مۇشۇ مەرۋايىتنى ساڭا ھەدىيە قىلىمەن، — دېدى.

ئەبدە تۇرۇشقا كۆپ ھەرىكەت قىلدى. ئاخىرى تۇردى، بىراق ئۆزىنى تۇتالماي يىقىلىپ چۈشتى. يۈزى بىلەن يىقىلغانلىقى ئۈچۈن ئاغزى - بۇرنى قانغا بويالدى. ھىشام خوتۇنىنى ئۆز قولى بىلەن يۆلەپ تاردى ۋە مەرۋايىتنى ئۇنىڭغا ئىنئام قىلدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ ئەڭ ئالىي مەرۋايىت بولۇپ، ئېغىرلىقى ئىككى يېرىم مىسقال، باھاسى بىر يۈز يىگىرمە مىڭ دىنار ئىكەن.

ئۇمەۋىيە سۇلالىسى ئىنقىرازغا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئاببىاسىلار سۇلالىسىنىڭ ئاساسچىسى ئەس سەففاھنىڭ بوۋىسى ئەلى ئىبنى ئابدۇللاغا كىمدۇ بىرسى شۇ مەرۋايىتنىڭ ئەبدەنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ قويدى. ئەلى ئىبنى ئابدۇللا ئەبدەنى چاقىرتىپ كەلدى.

— مۇبادا، مانا مۇشۇ مەرۋايىتنى ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى جۈپ قىممەتباھا زىرە ھالقىنىمۇ ساڭا بەرسەم، مېنى ئۆز مەيلىمگە قويۇپ بېرەمسەن؟ — دېدى ئەبدە ئۇنىڭغا.

— ھە، بۇنىڭغا ۋەدە بېرەمەن، — دېدى ئەلى ئىبنى ئابدۇللا.

ئەبدە ئۇنىڭغا مەرۋايىت بىلەن ھالقىلارنى تاپشۇردى.

— خالىغان يۇرتقا بار. ياخشى ئورۇنلىشىشىڭ ئۈچۈن نېمە زۆرۈر بولسا شۇنى ھازىرلىتىمەن، — دېدى ئەلى ئىبنى ئابدۇللا.

ئەبدە شام شەھىرىدىن بىر يەرنى تاللىدى. ئۇنى يۈك - تاقلىرى بىلەن شۇ ياققا يولغا سالدى، كېيىن ئەلى ئىبنى ئابدۇللا نەۋرىسى خەلىپە سەففاھ بىلىپ قالسا تارتىۋالارمىكىن، دەپ قورقۇپ، كەمپىرنىڭ ئارقىسىدىن ئادەم ئەۋەتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتتى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ مەرۋايىت ھازىر ئەل - ئەھسا شەھىرىدە كەرامەتىيلەر قولىدا ئىمىش.

## قۇرۇق ۋەدە

ھارۇن رەشىد ۋەزىرى يەھيا ئىبنى خالىدقا «قاراپ قوي» دەپ بىر قاپ قىممەتباھا ئۈنچە - مەرۋايىتلارنى بەردى، ۋەزىر قاپنى ئېلىپ كېلىپ ئايۋانغا قويۇپ قويدى ۋە ھېچكىمگە دەپ قويماستىن ئىش بىلەن شەھەرگە كىرىپ كەتتى. خىزمەتكارلاردىن بىرى پايلاپ تۇرۇپتىكەن، ئۇنى ئوغرىلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتتى. بىر ۋاقىتتا ھېلىقى قاپ ۋەزىرنىڭ يادىغا كېلىپ قايتىپ كېلىپ قارىسا ئورنىدا يوق. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدىم. ۋەزىر

نىھايىتى ياش قاتۇردى، ئاخىرى، غۇلاملىرىدىن بىرىنى پالچىغا ئەۋەتتى. پالچى ئەبۇ ياقۇپ ئىسىملىك بىر كۆزى ئاجىز ئادەم ئىكەن. ئۇ كىرىپ كېلىشى بىلەن ۋەزىر ئەتراپتىكىلەرگە «ھېچكىم بىر ئېغىز گەپ قىلمىسۇن، ھەتتا بىرەرسىنىڭ ئاۋازىمۇ چىقمىسۇن» دەپ ئىشارە قىلدى. پالچى كېلىپ سۇپىنىڭ بىر چېتىگە ئولتۇرغاندىن كېيىن، يەھيا ئىبنى خالىد سۆز باشلىدى:

— مەن سەندىن بىر نەرسە توغرىسىدا سورىماقچىمەن، سەن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى ئېيتىپ بەر.

— بىلمەن، سەن مەندىن يوقالغان بىر نەرسە توغرىسىدا سورىماقچىسەن، — دېدى، پالچى ئۇنىڭغا.

— قېنى ئېيت، — دېدى ۋەزىر، — مەن يوقاتقان نەرسە نېمە ئۇ؟

پالچى ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىن، جاۋاب بەردى:

— ئاز ئۇچرايدىغان نەرسىلەرنى، مەسىلەن، قىممەت باھا مەرۋايىت تىزمىلىرىنى يوقاتتىڭ. ئۇلار قاپتا. قاپ بولسا كۆپتە.

— تاپتىڭ، پالچى، — دېدى ۋەزىر خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي. — ئەمدى بۇ تەرىپىنى ئېيتقىن: ئاشۇ نەرسە ھازىر قەيەردە ۋە كىمنىڭ قولىدا؟

— كۆپ خىزمەتكارلىرىڭدا. ئۇلار كۆپنى خەندەككە كۆمۈشكەن، — دەپ جاۋاب بەردى پالچى.

ۋەزىر «خەيرىيەت» دەپ چوڭقۇر بىر ئەپەس ئالدى. ئاندىن خىزمەتكارلارغا «پالان يەردىكى ئەخلەت تۆكۈلگەن ئورەكنى ئاختۇرۇڭلار» دەپ بۇيرۇدى.

خىزمەتكارلار ئورەكنى ئېھتىياتلىق بىلەن ئاچتى ۋە كۆمۈلگەن كۆپنى تېپىۋالدى.

ۋەزىر سەركارنى قىچقىرىپ پالچىغا بەش مىڭ دىنار مۇكاپات بېرىشنى بۇيرۇدى. «يەنە ساڭا ئۆز مەھەللەمدىن كاتتىنا قورۇ - جاي ئېلىپ بېرىمەن» دەپ ۋەدە بەردى.

— بەرگەن پۇلۇڭنى ئالىمەن، قورۇ - جاينى قويۇپ تۇر، دېدى پالچى مۇكاپاتقا قول ئۇزىتىپ تۇرۇپ.

ۋەزىر تەئەججۇپلەندى:

— چۈنكى، — دېدى پالچى، — پۇل نەق، قورۇ - جاي بولسا قۇرۇق ۋەدە.

كىچىك قۇشنىڭ ئۈچ پەند - نەسىھىتى

ئېتىبارغا لايىق بىر مەسەلدە مۇنداق دېيىلگەن: بىر ئادەم كىچىك بىر قۇشنى تۇتۇۋالدى.

كىچىك قۇش سورىدى:

— مېنى نېمە قىلماقچىسەن؟

— سويۇپ يېمەكچىمەن، — دېدى ھېلىقى ئادەم.

— مېنى سويۇپ نېمە قىلىسەن، قارنىڭنىڭ بۇرجەكلىرىمۇ بارمايمەنغۇ، — دېدى قۇش يالۋۇرۇپ، — ئەڭ ياخشىسى قويۇپ بەر. مەيلى دېسەڭ، ساڭا ئۈچ ھېكمەتلىك سۆز ئېيتىپ بېرىمەن. بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر ئەگەر ئەمەل قىلىدىغان بولساڭ ھاياتىڭدا ئەسقېتىپ قالىدۇ.

— خۇدا گۇۋاھ، ئەلۋەتتە سېنى قويۇپ بېرىمەن، قېنى، ھېكمەتلىك سۆزلىرىڭنى ئېيتە.

— بىرىنچىسى، — دېدى قۇش، — بىرەر نەرسىنى قولدىن چىقىرىپ قويساڭ، زادىلا پۇشايمان قىلما؛ ئىككىنچىسى، تېپىلمايدىغان نەرسىنى ئىزدەپ ئاۋارە بولما؛

ئۇچىنچىسى، يوق نەرسىگە ئۈمىد باغلىما.

— بۇ ھېكمەتلەر ماڭا بىر توغرام گۆشتىن ئەۋزەلرەك، — دېدى ھېلىقى ئادەم ئۆز-ئۆزىگە ۋە قۇشنى قويۇپ بەردى.

قۇش «پىررر ...» قىلىپ ئۇچتى-دە، تامغا بېرىپ قوندى.

— ھەي، نادان، مېنى سويغان بولساڭ پايدا ئالاتتىڭ، قارنىمدا كەپتەرنىڭ تۇخۇمىدەك ياقۇت بار ئىدى.

بۇ ئادەم قىلىپ قويغان ئىشىغا پۇشايمان قىلدى ۋە قۇشنى ئالداشقا كىرىشتى:

— كەل ئەزىزىم، يېنىمغا كەل. سېنى كۈنجۈت بىلەن بۇلاق سۈيى بېرىپ پەرۋىش قىلىمەن.

— ئەمدى سويۇپ يېمىگىنىڭگە پۇشايمان قىلىۋاتىسەن، — دېدى قۇش ھېلىقى ئادەمگە، — نېمە، مەن ساڭا ئېيتىپ بەرگەن پەند-نەسىھەت دەرھال يادىڭدىن چىقىپ كەتتىمۇ؟ ئاۋارە بولما، ئەمدى مېنى ھېچقاچان تۇتالمايسەن. ئۆزۈم بارماقچىلىك تۇرسام، كەپتەر تۇخۇمىدەك ياقۇت مېنىڭ قورسىقىمغا قانداقمۇ پاتسۇن؟

قۇش شۇنداق دېدى-دە، قاياقلارغىدۇر ئۇچۇپ كەتتى.

### سۇ ئاستىدىكى يامبۇلار

سۇماترا پادىشاھى قولىغا كەلگەن دارامەتنى ئالتۇن يامبۇغا ئايلاندۇرۇپ كۆلگە تاشلاپ قويىدىكەن. ئۇنى شۇ كۆلدىكى ھەددى-ھېسابسىز تىمساخلار ساقلايدىكەن. مۇبادا پادىشاھقا ئالتۇن-يامبۇلاردىن بىرەرسى كېرەك بولۇپ قالسا، ئۇنىڭ ئادەملىرى يىغىلىپ «ھايت-ھۇيت!» دەپ ۋارقىرىشىپ، تىمساخلارنى كۆلنىڭ بىر چېتىگە قوغلاپ ئاپىرىدىكەن. ئاندىن غەۋۋاس چۆشۈپ ئالتۇن يامبۇنى ئېلىپ چىقىدىكەن.

ئالتۇننى شۇ تەرىقىدە ساقلاش خەۋپسىز ھېسابلىنىدىكەن. چۈنكى ئۇنىڭ بىر دانىسىنى ئېلىش ئۈچۈن ناھايىتى نۇرغۇن ئادەمنىڭ چوقان-سۈرەن كۆتۈرۈشىگە توغرا كېلىدىكەن.

## «نەسىھەتۇل-مۇلك»تىن

ئەبۇ ھامىد غەززالى(10)

### پادىشاھلىقنىڭ قۇدرىتى نېمىدۇ؟

بىر كىشى بوزۇر جىمھىردىن «پادىشاھلىقنىڭ قۇدرىتى نېمىدە؟» — دەپ سورىدى.

— پادىشاھلىقنىڭ قۇدرىتى بەش نەرسىدە، — دېدى ئۇ سورىغۇچىغا، — بىرىنچىسى — ئىنسابلىق بولۇش؛ ئىككىنچىسى — دۈشمەندىن ھەممە ۋاقىت ۋاقىپ بولۇپ تۇرۇش؛ ئۈچىنچىسى — ئالىملار ۋە پەزىلەت ئىگىلىرىنىڭ ھۆرمەت-ئېتىبارىنى جايىدا قىلىش؛ تۆتىنچىسى — ئەل-يۇرتنى ئاۋات تۇتۇش؛ بەشىنچىسى — پۇقرالارنىڭ ھال-ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرۇش.

### كۆڭۈل ئىختىيارى

ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننىڭ (11)

ئالدىغا بىر ئوغرىنى تۇتۇپ ئەكېلىشىپتۇ. ئىسكەندەر «ئۇنى دەرھال دارغا ئېسىڭلار» دەپ بۇيرۇپتۇ. ئوغرى ئۆزىنى پادىشاھنىڭ ئاياغلىرىغا ئاتتى، يىغلىدى، يالۋۇردى:

— پادىشاھى ئالەم! بۇ ئوغرىلىقنى كۆڭۈل ئىختىيارى بىلەن قىلمىدىم، مېنى كەچۈرۈڭ. بۇندىن كېيىن بۇ ھۈنەرنى ئەسلا قىلماسلىققا قەسەم ئىچىمەن.

— ئۇنداق بولسا — دېدى ئىسكەندەر ئوغرىغا، — دار ئاستىغىمۇ كۆڭۈل ئىختىيارى بىلەن كەلمەيسەن-دە؟!

## ئەدلۇ ئىنساپ مىزانى

بىر كۈنى ئابدۇللا تاھىر⑫ دادىسىدىن:

— دۆلەت سىزنىڭ ۋە ئەۋلادىڭىزنىڭ قولىدا قانچە ۋاقىت تۇرىدۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ئەدلۇ ئىنساپ تۇتقىنىڭچە — دەپ جاۋاب بەردى دادىسى.

## ھەركىم بىلگىنىنى قىلىدۇ

بىر پادىشاھنىڭ بىر نەچچە ۋەزىرى بار ئىدى. ئۇلاردىن ئىسمائىل ئاياز ئىسىملىك بىرسى كامالەتكە يەتكەن ۋە زېرەك ئادەم ئىدى. پادىشاھ ئۇنىڭغا كۆپرەك ئىشىنەتتى ۋە ئۇنىڭغا تايىنىپ قالغانىدى. شۇ تۈپەيلى باشقا ۋەزىرلەر ئۇنى كۆرەلمەي قالدى ۋە پادىشاھنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەيۋەت قىلىشقا باشلىدى. ئاخىرى پادىشاھ ھەممە ۋەزىرلەرنى ھۇزۇرىغا يىغدى.

ئىسمائىل ئاياز مۇنداق دېدى:

— شاھىنشاھقا مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىپ يۈرۈپسىلەر. قېنى ئېيتىڭلارچۇ، قايسىڭلار پادىشاھقا بىرەر قۇر نەرسە يېزىپ بېرىشكە قادىرسىلەر؟

ئۇلار بۇ خۇسۇستا ئاجىز ئىدى. ئۇلار ھېچنېمە دېيەلمىدى. پادىشاھ دېدى:

— ئىسمائىلغۇ بىر ئەمەس، كۆپ نەرسىلەرنى يازدى. لېكىن سىلەردىن ئىغۋا ۋە غەيۋەتتىن باشقا نەرسە كۆرمىدۇق.

— ھەركىم ئۆزى بىلگىنىنى قىلىدۇ-دە، شاھىنشاھ! — دېدى غەيۋەتچى ۋەزىرلەردىن بىرى.

## خۇسرەۋ پەرۋىز ۋە بېلىقچى

خۇسرەۋ پەرۋىز غىزالار ئىچىدە بېلىقنى ياخشى كۆرىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئامراق خوتۇنى شېرىن بىلەن چاھار باغلىرىدىن بىرىسىدە ئولتۇرغان پەيتتە، ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بېلىقچى كىرىپ كەلدى ۋە چوڭ لاققا⑬ بېلىقنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. خۇسرەۋ پەرۋىز بېلىقنى كۆرۈپ خۇرسەن بولدى ۋە خەزىنىچىنى چاقىرىپ: «تۆت مىڭ دەرھەم بېرىۋەت» دەپ بۇيرۇدى. بېلىقچى پۇلنى ئېلىپ، تېخى چاھار باغدىن چىقىپ بولمىغان ئىدى. شېرىن ئېرىگە قاراپ:

— ئۇنىڭغا شۇنچىۋالا پۇلنى ئىنئام قىلىپ ياخشى قىلمىدىڭ، — دەپ قالدى.

— نېمىشقا؟ — تەئەججۈپلەندى پادىشاھ.

شېرىن جاۋاب بەردى:

— بۇندىن كېيىن بىرەر خىزمەتكارغا قانداقتۇر خىزمىتى ئۈچۈن شۇنچىلىك

پۇل ئىنئام قىلغۇدەك بولساڭ، «پادىشاھ مېنى بېلىقچى قاتارى كۆردى» دەيدۇ. مۇبادا ئۇنىڭدىن ئاز بەرگۇدەك بولساڭ، «مېنى بېلىقچى قاتارىمۇ كۆرمىدى» دەپ رەنجىشى مۇمكىن.

— راست دەيسەن، — دېدى پادىشاھ بېشىنى قاشلاپ، — لېكىن ئەمدى ۋاقىت ئۆتتى. قىلغان سۆزدىن يېنىۋېلىش ياخشى ئەمەس.

شىرىن بوش كەلمىدى ۋە ئېرىگە دېدى:

— بۇنىڭ چارىسى بار. بېلىقچىنى يولىدىن ياندۇر ۋە ئۇنىڭدىن «مانا بۇ بېلىقنىڭ ئەركەكمىدى ياكى چىشىمىدى؟» دەپ سورا. ئەگەر «ئەركەك» دېسە، ماڭا چىشىنى ئەكەپ بەر! — دېگىن. مۇبادا «چىشى ئىدى» دېسە، ئەركىكىنى ئەكەپ بەر! — دەپ تۇرۇۋال.

خۇسرەۋ پەرۋىز شىرىننىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن دېدى ۋە بېلىقچىنى قايتۇرۇپ كەلدى. لېكىن ئۇ ئەقىللىق ۋە زېرەك ئادەم ئىدى. پادىشاھ:

— «ئېلىپ كەلگەن بېلىقىڭ ئەركەكمىدى ياكى چىشىمىدى؟» دەپ سورىغىنىدى. ئۇ:

— ئەركەكمۇ ئەمەس، چىشىمۇ ئەمەس، ئىككى جىنسلىق ئىدى، — دەپ جاۋاب بەردى.

پادىشاھ بېلىقچىنىڭ ئەقىل - پاراسىتىگە قايىل بولدى ۋە خەزىنىچىنى چاقىرتىپ، بېلىقچىغا يەنە تۆت مىڭ دەرھەم بېرىشنى بۇيرۇدى. بېلىقچى پۇلنى ئېلىپ، ھەميانىغا سالدى - دە، چاھارباغ دەرۋازىسىغا قاراپ يول ئالدى. دەرۋازىغا بارغاندا بىر دەرھەم پۇل ھەميانىدىن چۈشۈپ قالدى. بېلىقچى ئۇنى دەرھال ئېلىپ، يەڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى ۋە كۆزلىرىگە سۈرتۈپ ھەميانىغا سالدى. پادىشاھ بىلەن خوتۇنى ئۇنى كۆزىتىپ تۇرغانىدى. بېلىقچىنىڭ بۇ ئىشىدىن تەئەججۈپلەندى، شىرىن ئېرىگە مەنىلىك قاراپ قويدى ۋە دېدى:

— ئۇ ناھايىتى ئاچكۆز ئادەم ئىكەن، بىر بېلىق ئۈچۈن سەككىز مىڭ دەرھەمنى ئېلىپ تۇرۇقلۇق، ھەميانىدىن چۈشۈپ قالغان بىر دەرھەمنىمۇ كۆزى قىيماي، يالاپ يانچۇقىغا سېلىۋالدى.

بېلىقچىنىڭ بۇ ئىشىغا خۇسرەۋ پەرۋىزنىڭمۇ ئاچچىقى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ خوتۇنىغا قاراپ:

— توغرا دېدىڭ. ئۇ ھەقىقەتەنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئاچكۆز ئادەم ئىكەن، — دېدى. ئاندىن بېلىقچىنى چاقىرتىپ، سوراققا تارتتى:

— بىر بېلىققا سەككىز مىڭ دەرھەم ئالدىڭ. ئاچكۆزلۈكىڭنىڭمۇ چېكى بار. چۈشۈپ قالغان بىر دەرھەمگىمۇ كۆز ئالايتقىنىڭ نېمىسى؟ ئىنساپ دېگەن بارمۇ سەندە؟!

بېلىقچى پادىشاھنىڭ غەزىپىدىن چۆچۈپ كەتمىدى. بەلكى ۋەزمىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى:

— پادىشاھىمىزنىڭ ئەزىز ئۆمۈرلىرى ئۇزۇن بولغاي! بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، مۇشۇ دەرھەمنىڭ بىر تەرىپىدە پادىشاھنىڭ مۇقەددەس سىماسى تەسۋىرلەنگەن، ئارقا تەرىپىدە بولسا، ئۇنىڭ مۇبارەك ئىسىملىرى يېزىلغانىكەن. ئەگەر ئاياغ - ئاستى بولغۇدەك بولسا، گۇناھقا پاتاي دەپ، ئۇنى يەردىن ئاۋايلاپ

ئېلىپ يانچۇقۇمغا سالدىم.

پادىشاھ بېلىقچىنىڭ ساداقىتىدىن ھەمنۇن بولدى ۋە خەزىنىچىنى چاقىرتىپ «ئۇنىڭغا يەنە تۆت مىڭ دەرھەم بېرىۋەت!» — دەپ بۇيرۇدى.

### نېمە تېرىساڭ شۇنى ئورۇيسەن!

بۇخارا شەھىرىدە بىر سۇچى ئۆتكەنىكەن. ئۇ ئوتتۇز يىلدىن بۇيان ھال ئوقىتى يامان ئەمەس بىر زەرگەرنىڭ ئۆيىگە سۇ توشۇپ تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇ بىر كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا زەرگەرنىڭ ئۆيىگە سۇ ئېلىپ كەلدى. شۇ چاغدا زەرگەرنىڭ خوتۇنى دەرۋازىنىڭ ئالدىنى سۈپۈرۈۋاتقانىكەن (ئۇ ئايال ناھايىتى گۈزەل ۋە ئاقىل ئىكەن). سۇچىنىڭ كۆزى تۇساتتىن زەرگەرنىڭ خوتۇنىغا چۈشتى ۋە ئۇنىڭدا كۈتۈلمىگەن بىر ھېسسىيات پەيدا بولدى. تۇلۇمنى يەرگە قويدى-دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇ ئايالنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ، ئۇنىڭ يۈزىگە بىرنى سۆيۈپ قويدى. ئاندىن ھېچنېمىگە قارىماي كوچىغا قاراپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى. زەرگەر قاش قارايغاندا ئۆيىگە قايتتى. كەچلىك تاماقتىن كېيىن خوتۇنى ئېرىدىن سورىدى:

— سەن خۇداغا ياقمايدىغان بىر ئىش قىلدىڭمۇ؟

زەرگەر كۆڭلىدە: «خوتۇنۇم بىر نەرسىنى سېزىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ گۇمان قىلدى-دە، ھەممە گەپنى ئېيتىپ سالدى:

— چاشگاھدا بىر ئايال دۇكىنىمغا كەلدى ۋە: «ياخشىراق ھالقا تېپىلامسۇ؟» — دەپ سوراپ قالدى. مەن ياقۇت كۆزلۈك تىللا ھالقىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. ئايالنىڭ ئاۋازى خۇش خۇي ۋە قوللىرى ئىنتايىن چىرايلىق ئىكەن. ئۆزۈمنى تۇتۇپ ئالالمىدىم ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ بىرنى سۆيۈۋالدىم. شۇندىن باشقا گۇناھلىق ئىش قىلغىنىم يوق.

زەرگەرنىڭ خوتۇنى مىيىقىدا كۈلدى ۋە دېدى:

— ئەي پەرۋەردىگارى ئالەم! بۈگۈن ئىككىلىمىزلا خۇداغا ياقمايدىغان بىر خىل گۇناھلىق ئىش قىلىپ قويۇپتىمىز. بۈگۈن چاشگاھدا سۇچى ئادەتتىكىدەك سۇ ئېلىپ كەلدى. بىراق كۈتۈلمىگەن بىر يامان ئىش يۈز بەردى. ئوتتۇز يىلدىن بېرى ھالال ئىش قىلىپ، بىرەر قېتىممۇ زىناغا كۆڭۈل بۆلمىگەن ئادەم بۈگۈن تۇلۇمنى قويدى-دە، كۆزلىرىمگە تىكىلدى، ئاندىن قولۇمدىن تۇتۇپ «چوك» قىلىپ سۆيۈۋالدى.

زەرگەرنىڭ ئاچچىقى كەلدى، لېكىن خوتۇنىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرگەنلىكىدىن ئاچچىقىنى باستى، ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىنمۇ بىر ئاز پۇشايمان يېدى. ئەر-خوتۇن ئىككىسى بىر ۋاقلارغىچە ئۈنچىقماي ئولتۇرۇشتى، ئاندىن يەنە گەپلىشىپ كەتتى، لېكىن سۇچى توغرىسىدا بىر نېمە دېيىشمىدى.

ئەتىسى سۇچى زەرگەرنىڭكىگە سۇ ئېلىپ كەلدى ۋە ئايالنىڭ ئايىغىغا يىقىلىپ تۆۋە قىلدى، ئاندىن دېدى:

— ئەي، كەرەملىك ساھىبە! مەن قۇلۇڭنى كەچۈر! تۈنۈگۈن مېنى شەيتان يولدىن ئازدۇرۇپتۇ، بولمىسا مۇنداق گۇناھلىق ئىشقا ئەسلا ئۆزۈمنى ئۇرمىغان بولاتتىم.

ئايال خاپا كۆرۈنمەيتتى. سۇچىغا تەسەللى بەردى:

— سەندە ھېچقانچە ئەيىب يوق. مەلۇم بولۇشىچە، شەيتان سېنى ئەمەس بەلكى مېنىڭ ئېرىمنى يولدىن ئازدۇرۇپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## ئىزاھلار:

① ئەبۇ رەيھان بىرۇنى — ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىم (973 — 1048)؛
② ھارۇن رەشىد — ئابباسىيە سۇلالىسىدە ئۆتكەن خەلىپە (786 — 809)؛
③ سۇلتان مەھمۇد — غەزنەۋىيلەر سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن ھۆكۈمدار (998 — 1030)؛
④ ھاجىپ — دەرۋازىۋەن؛ ئوردا ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدار؛
⑤ جۇرجانىيە — خارەزىمنىڭ XI، XIII ئەسىرلەردىكى پايتەختى؛
⑥ فەقىھ — مۇسۇلمانلارنىڭ قانۇنشۇناسى؛
⑦ ئابدۇرەھمان ئىبنى سەمۇرە — خەلىپە ئوسمان (644 — 656) زامانىسىدا ئۆتكەن سەركەردە؛
⑧ مەرزبان — ساسانىيلار زامانىدا ئۆتكەن چېگرا ئۆلكە ھاكىمى؛
⑨ ھىشام ئىبنى ئەبدۇلمەلىك — ئۇمەۋىيە سۇلالىسىدىن چىققان خەلىپە (724 — 743)؛
⑩ ئەبۇ ھامىد غەززالى — تولۇق ئىسمى: ئەبۇ ھامىد مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئەل-غەززالىي. يىرىك ئىلاھىيەت ئالىمى ۋە پەيلاسوپ. 1058 - يىلى ئىراندا تۇغۇلۇپ، 1111 - يىلى ۋاپات بولغان.
⑪ ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن — ماكىدونىيىلىك يىرىك سەركەردە ۋە دۆلەت ئەربابى (مىلادىدىن ئاۋۋالقى 356 — 323 - يىللار).
⑫ ئابدۇللا تاھىر — تاھىرىيلەر سۇلالىسى (821 — 873) دىن چىققان ھۆكۈمدار. 828 — 845 - يىللىرى خۇراساننى ئىدارە قىلغان.
⑬ لاقغا — تاتلىق سۇلاردا ياشايدىغان قاسراقسىز، بۇرۇتلۇق بىر خىل يىرتقۇچ بېلىق.

تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەجدادلار ئۆگۈتى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

**ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: س . ياسىن.**



# يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھى توغرىسىدىكى تارىخىي ھۆججەتلەر

ئابدۇرېھىم سابىت

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ 11 - ئەسىردىكى بۈيۈك، مۇتەپەككۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھى قەشقەر شەھىرىدىكى ئەسكىشەھەر قەدىمكى شەھىرىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان «پايناپ»① يېزا تەۋەسىدىكى «ئالتۇنلۇق»② تا ئىكەنلىكى تارىختىن بۇيان ھەممىگە ئايان. بۇ قىل سىغمايدىغان ئەمەلىي پاكىت. ئەمما، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى كىشىلەر: «بۇ قەبرىگاھ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەمەس، يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھنىڭ ئىدى»، «يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلاد ساغۇنلۇق بولغاندىن كېيىن، قەبرىگاھىمۇ بىلادساغۇندا بولۇشى كېرەك.» دېگەن دەۋالاردا بولۇپ، جامائەتچىلىك ئارىسىدا بەزى مۇجمەل قاراشلارنى شەكىللەندۈرۈپ قويدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ كىشىلەر يۇقىرىقىدەك ئاساسسىز دەۋالاردا بولۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ھازىرغىچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ ئورنى توغرىسىدا ھېچقانداق بىر پاكىت ئاساسىنى ئوتتۇرىغا قويالمىدى. مانا بۇ يۇقىرىقى دەۋانىڭ يالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

قايتا ياساپ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىغا ھۇل قويۇشتىن ئىلگىرى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، باشقۇرۇش ئورنى ئۈچ ئايدىن ئارتۇق ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەبرىگاھىنىڭ ئورنىغا دائىر بىر مۇنچە پاكىتلارنى توپلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى ئەۋەتىپ، پاكىتلارنى دەلىللەش خىزمىتىنى ئىشلەپ بەردى. ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەر پاكىتنى تەكشۈرۈش، سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تېپىلغان ھۆججەتلەرنىڭ ھەقىقىيلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈردى.

ھازىر قولىمىزدا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھىجرىيە 410 - يىلى (مىلادىيە 1019 — 1020 - يىللىرى) بىلاد ساغۇندا تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 478 - يىلى (مىلادىيە 1085 — 1086 - يىللىرى) قەشقەردە ۋاپات بولغانلىقى، جەسىتىنىڭ دەسلەپ قەشقەر شەھىرىنى غەربىي شىمالدىن شەرقىي جەنۇبقا كېسىپ ئۆتىدىغان تۈمەن دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى دۆلەتباغ يېزىسىغا قاراشلىق «بارىگاھ» دېگەن جايغا دەپنە قى-

①ئەسلى «پايى ئاب» («سۇنىڭ ئاخىرى») دېگەن سۆز بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بۇ پارسچە سۆزگە ئېغىزى كەلمىگەنلىكتىن، ئۇلار يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «پايناپ» قا ئۆزگەرتىۋالغان.

②ئىلگىرى بۇ جاينىڭ ئىسمى «ئات بازىرى» بولۇپ، موڭغۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە «ئالتۇنلۇق» قا ئۆزگەرتىلگەن. چۈنكى، موڭغۇللار جەسەتنى «ئالتۇن» دەپ ئاتىغانلىقتىن، بۇ جايدىكى پادىشاھلار قەبرىستانلىقىغا «ئالتۇنلۇق» دەپ نام بەرگەن.

www.uyghurkitap.com



لىنىغانلىقى، ھىجرىيە 514 - يىلى (مىلادىيە 1120 - 1121 - يىللىرى) ئۇ جايدىن
ھازىرقى «ئالتۇنلۇق» قا يۆتكەپ دەپنە قىلىنغانلىقى توغرىسىدا خېلى كۆپ پاكىتلار
ساقلانماقتا. مەن ھازىرچە بۇ پاكىتلاردىن 19 - ئەسىرگە تەئەللۇق بولغان ئىككى
پارچە ھۆججەتنى جامائەتچىلىككە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.
بىرىنچى ھۆججەت «بەھرۇل - ئەنساب» («نەسەپ دەرياسى») نامىلىق ئەسەر بولۇپ،
بۇنى 19 - ئەسىردە قەشقەردە ياشىغان ئۇيغۇر شائىرى ئىمىر ھۆسەيىن سەبۇرى تۈزگەن.
ئىراق، سەبۇرىنىڭ ئۆمرى «بەھرۇل - ئەنساب» نى ئاخىرلاشتۇرۇشقا يار بەرمىگەنلىكتىن،
شاگىرتى قازى مۇھەممەد سايىم سوفىئاللايارغا ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشنى تاپشۇرغان
ھەمدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان يىلىنامىسىنى، قەبرىگاھ ئورنىنى شۇ ئەسەرگە
كىرگۈزۈپ قويۇشنى ۋەسىيەت قىلغان. قازى مۇھەممەد سايىم سوفىئاللايارى ئۇس-
تازى سەبۇرىنىڭ ۋەسىيىتىگە ئاساسەن «بەھرۇل - ئەنساب» نىڭ ئەڭ ئاخىرىسىنىڭ سول
بۇرجىكىگە: «ئەز ھەزرەتى يۈسۈف خاس ھاجىب دەرسىنە چەھارسەد ھەفتاد ھەشت
ھىجرىيە ۋەفات شۇدە. قەبرى شىمالىي كۆھنە ھىسار زەمىنى فايى ئاب مەدفۇن
شۇدەست. سوگرە يۈسۈف قادىرخان، يۈسۈف قىدىرخان مەزكۇر دوتەن قەبرى يۈسۈف خاس
ھاجىب را پەيۋەند دەفن شۇدەست، ئامىن. مىن شەيخى دۇئاگۇي مۇھەممەد سائىم
سۇفى ئاللايارى سۇبھۇ شام، بەلكى ئەلەدداۋام مەزارى مەزكۇر سىپەتەن بۇزرۇگۋار رۇھى
پۇزفۇتۇھ دۇئايى قۇرئان مىكۇنەم»،① دەپ يېزىپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپاتىنىڭ
ھىجرىيە 478 - يىلى ئىكەنلىكىنى، قەبرىگاھىنىڭ شىمالىي كوھنە ھىساردىكى «فايى
ئاب» تا ئىكەنلىكىنى، بۇ قەبرىگاھتا يەنە يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھىمنىڭ
ۋە يۈسۈپ قىدىرخان ئىسىملىك شاھزادىنىڭ مازىرىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئىزاھلىغان.
تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، يۈسۈپ قىدىرخان مىلادى 1040 - يىللىرى غەربىي قاراخانىلار
زېمىنىدىن شەرقىي قاراخانىلار زېمىنىغە قېچىپ كەلگەن يۈسۈپ ئىبنى ئەلى
ئىسىملىك شاھزادە ئىكەن. قازى مۇھەممەد سايىم سوفىئاللايارى «بەھرۇل - ئەنساب» نىڭ
ئاخىرقى بېتىنىڭ، تۆۋەنكى ئوڭ بۇرجىكىگە: «ئەز ھەزرەتى ساھىب قەلەم ئۇستادىم موللا مىر
ھۆسەيىن سەبۇرى بۇ مەزكۇر ‹بەھرۇل - ئەنساب› نىڭ تەمامىغە يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ
قەبرى شەرىفلىرى شىمالى كۆھنە ھىساردۇر. مەزافىئى فايى ئابتا مەدفۇن ئىكەنلىكىنى
ئىزھار قىلىپ، يېزىپ تەماملاشنى پەقىرگە تەۋسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇستادىم مەرھۇم
موللا مىر ھۆسەيىن سەبۇرىنىڭ ۋەسىيىتىگە بىنائەن يۈسۈف خاس ھاجىپنىڭ دەفنە-
گاھىنى بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» قا كىرگۈزۈپ، جەمائە مۇسۇلمان، ئەۋلادى تۈرك خەلقلە-

① تەرجىمىسى: «يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھىجرىيە 470 - (مىلادىيە 1085 - 6085) -
يىلى ۋاپات بولغان. قەبرى شىمالىي كونا ھىسا (ئەسكىھىسار) دىكى «پايىناپ» دېگەن جايدا
كېيىنچە يۈسۈپ قادىرخان، يۈسۈپ قىدىرخاندىن ئىبارەت ئىككى كىشىنىڭ جەسىتىمۇ يۈسۈپ
خاس ھاجىپ بىلەن بىرگە قەبرىگە دەفنە قىلىنغان. مەن دۇئاگوي شەيخ مۇھەممەد سايىم
سۇفى ئاللايارى كېچە - كۈندۈز، بەلكى ھەمىشە مەزكۇر مازاردىكى ئۈچ تەن بۇزرۇكۋارنىڭ
مۇقەددەس روھلىرىغا قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلىمەن.»

رىغە يادىكار قىلدىم. قازى مۇھەممەت سايىم سۇفى ئاللايارى» دەپ يېزىپ، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتىنى، قەبرىگاھىنىڭ ئورنىنى، كىمنىڭ تەشەببۇسى بىلەن، نېمە سەۋەبتىن بۇ «بەھرۇل - ئەنساب»قا كىرگۈزۈپ قويغانلىقىنى ئەسكەرتكەن ھەمدە ئۆزىنىڭ قازىلىق مۆھۈرىنى باسقان.

ئۇزۇنلۇقى 8٠20 مېتر، كەڭلىكى 26 سانتىمېتر كېلىدىغان بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» نى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە قوغان يېزىسىنىڭ ئاياقچىلا كەنتىدە ئولتۇرۇشلۇق ئۆلىما ۋە شائىر، ئابدۇرېھىم ھاجىم (1897 - 1845 - يىللار) ساقلاپ كەلگەن. ئابدۇرېھىم ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» مەرىپەتسۆيەر ئوغلى مەھەممەت ئىمىن قارىمغا مىراس قالغان. 1965 - يىللاردا بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» مەھەممەت ئىمىن قارىمنىڭ قولىدىن 20 - ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدا ياشىغان تارىخچى ئالىم، تالانتلىق شائىر ئېمىر ھەسەن قازى ھاجىم (1900 - 1985 - يىللار) نىڭ قولىغا ئۆتكەن. مەرھۇم ئېمىر ھەسەن قازى ھاجىم 1985 - يىلى بۇ «بەھرۇل - ئەنساب» نى ئاۋۋال قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، باشقۇرۇش ئورنىغا، كېيىن شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە تەقدىم قىلغان. بۇ «بەھرۇلئەنساب» ھازىر شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

ئىككىنچى ھۆججەت «قەلەمىي قۇرئان»① بولۇپ، خوتەندىن تېپىلغان. بۇ قۇرئاننى خوتەنلىك بىر يارى بۇرادەر ئېمىر ھەسەن قازى ھاجىمغا ھەدىيە قىلغان. ئېمىر ھەسەن قازى ھاجىم بۇ قۇرئاننى 1984 - يىلى قەشقەر ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش، باشقۇرۇش ئورنىغا تەقدىم قىلغان.

قۇرئان 726 بەت بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 34 سانتىمېتر، كەڭلىكى 22 سانتىمېتر، قېلىنلىقى 6 سانتىمېتر، ھەر بېتىدە 13 قۇردىن خەت بار. قۇرئاننىڭ تاش مۇقاۋىسى بىلەن باشتىكى ئىككى بېتى يوقالغان. قۇرئاننى ساقلىغۇچى تاش مۇقاۋىسىنى ھازىرقى زامان رەختىنى ئىشلىتىپ قايتىدىن قەغەز بىلەن مۇقاۋىلاپ قويغاندىن باشقا، ئىچ بېتىگە: «قۇرئاننى بىتەرەت قولغا ئالساق گۇناھكار بولىمىز» دېگەن خەتنى ۋە يوقالغان ئىككى بەت ئورنىغا: «سۈرە فاتىھە» بىلەن «سۈرە ئەلىف، لام، مىم» نى خۇش خەت قىلىپ يېزىپ، تولۇقلاپ قويغان. قۇرئاننىڭ ئاخىرىدا يەنە ئەسلى كۆچۈرگۈچى كاتىپ تەرىپىدىن يېزىپ قويۇلغان «ئەللاھۇممە ئەنفەئنا» دېگەن دۇئا بار.

بۇ قۇرئاننى قەشقەر شەھىرىنىڭ تاشقىرقى سېپىلىنى سوقۇشقا تەييارلىق قىلىۋاتقان مىلادى 1835 - يىلدىن باشلاپ ھېسابلىغاندىمۇ، ئەڭ كەم دېگەندە 155 يىللىق تارىخقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ قۇرئان ئەسلىدە 1830 - يىلدىن 1848 - يىلغىچە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى

① «قەلەمىي قۇرئان» — كىتابنى تىزىمغا ئېلىش جەريانىدا قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، ئەسلى قۇرئاندا بۇ ئىسىم مەۋجۇت ئەمەس. قۇرئان قولدا، قومۇش قەلەمدە خوتەننىڭ يىپەك قەغىزىگە خۇش خەت قىلىپ يېزىلغانلىقتىن، تىزىمغا ئالغۇچىلار شۇنداق دەپ نام قويغان بولسا كېرەك.

تەرىپىدىن قەشقەرگە ھېكىمبەگلىككە ئەۋەتىلگەن زوھۇردىن ھېكىمنىڭ دىۋانىدىكى كىتاب بولۇپ، بۇ كىتابنى زوھۇردىن ھېكىمبەگ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىغا چىقىپ، ئون بىر كۈن ئېتىكاپتا ئولتۇرۇپ، ئىستىخارە قىلىپ، قەشقەر شەھىرىنىڭ تاشقىرىقى شەھەر سېپىلىنى سوقسا خەيرلىك بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى خۇش-خەۋەر بېشارىتىنى ئېلىپ كەلگەن شۇ زاماننىڭ مەشھۇر مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىدىن نىئمەتۇللا كاشغەرى①غە تەقدىم قىلغان. زوھۇردىن ھېكىمبەگ نىئمەتۇللا كاشغەرىنى بۇ ئىشقا ئۆزى بۇيرۇغان. بۇ ھەدىيەدىن ئىنتايىن سۆيۈنۈپ كەتكەن نىئمەتۇللا كاشغەرى بۇ ئىشنىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە قۇرئاننىڭ 723-بېتىنىڭ ھاشىيەسىگە (چەت چۆرىسىدىكى بىكار جايغا) تۆۋەندىكىلەرنى يېزىپ قويغان: «بۇ سۈرەتنى ۋاقىئە تەھرىر ئولدىكىم، ھەزرەتى ۋاڭ زوھۇرىددىن ھاكىم ئالىيلىرى فەقىر دەرۋىش كەمىنەرنى كاشغەر قەلئەسىنىڭ تەئمىراتى ئۈچۈن نەھەس-سەئدلىكىكە بىر ئىستىخارە رۇئياغە تەكلىپ قىلغانلىقىدىن، مەن ھەزرەتى پادىشاھ ساھىب قەلەم يۈسۈف خاس ھاجىبنىڭ مازار قەبرى مۇتەبەررۇكلەرىگە چىقىپ، ئون بىر كۈن ئېتىكاب ئىستىخارە قىلدىم. كاشغەر قەلئەسىنىڭ تەئمىراتىنىڭ سەئدنەھەسلىكىگە ئىستىخارە رۇئيا بىشارەت بولدى ۋە قەلئەنىڭ تەئمىراتىنىڭ ياخشى ئاقىبەتىگە رۇخسەت بولدى. بۇ رۇئيانى ھەزرەتى ھاكىم ئالىيلارىغە بەيان قىلدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەزرەتى ھاكىم دىۋانە شاھانەدىن بۇ كەلام شەرىفنى فەقىرغە ھەدىيە، ئىنئام قىلدى. رەھمەت، فەقىر ساھىب دۇئا نىئمەتۇللا كاشغەرى مۇھۇرۇمنى باستىم. 1253-ھىجرى»

تامغا (مۆھۈر) ھىجرىيە 1238-يىلى (مىلادىيە 1822-1823-يىللىرى) ئويۇلغان. تامغىدىكى خەت «نىئمەتۇللا بىن سەدرىددىن» دۇر.

مانا بۇ ئىككى پارچە ھۆججەت يالغۇز يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىنىڭ ئورنىنى، ۋاپات بولغان ۋاقتىنى ئىسپاتلايدىغان قىممەتلىك ماتېرىيال بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئۇ، كىشىلەرنىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مازىرىغا بولغان ئېتىقادىنى ۋە 19-ئەسىردە ئۆتكەن ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى، قازى مۇھەممەت سايىم سوفى ئاللايارى، زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ، نىئمەتۇللا كاشغەرىدەك بەزى تارىخىي شەخسلەرنىڭ پائالىيىتىنىمۇ يورۇتۇشتا بەلگىلىك پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە بولغان مۇھىم ھۆججەت ھېسابلىنىدۇ.

① نىئمەتۇللا كاشغەرى 19-ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن مەشھۇر مەرىپەتچىلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ 1846-يىلى ۋاپات بولغان، ئاپاق خوجام مازىرىغا بارىدىغان كوچا يولىدىكى ھارۋا توختايدىغان جايغا نىئمەتۇللا كاشغەرىنىڭ نامى بىلەن «بەيتىم» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ جايدىن 50 قەدەم يۇقىرىدا ئۇ كىشىنىڭ رەڭلىك كاھىشلىق چوڭ گۈمبەز ئىچىگە ئېلىنغان قەبرىسى بار ئىدى، بۇ قەبرە «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا چېقىۋېتىلگەن.

# ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار *

مۇھەممەتجان ھەكىموۋ

موللا ئابدۇننەبىجان قازى — «تەرمە دىۋان» نى قوقەندە كۆچۈرگەن، ھىجرى 1207/م: 1792-93-يىللار. كىتابەت قىلىنغان. قول يازما ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى فوندىدا بولۇپ 115 ۋاراق، ИНВ. 1-6945-№ ئېنىق ۋە راۋان نەستەئلىق خېتىدە.

شىر مۇھەممەد مۇنىس — خارەزملىق ئىستېداتلىق شائىر، ماھىر تەرجىمان ۋە تارىخنەۋىس، يېتۈك خەتتات. ئۇ ھەم نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن. ئۇنىڭ قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈلگەن ئۈچ پارچە قول يازما بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. 1) «مىزانۇل-ئەۋزان». تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتىدا بولۇپ 40 ۋاراق، ИНВ. №250، ھىجرى 1209/م: 1794-يىلدا خىۋادا كۆچۈرۈلگەن. 2) «سەبئەئى سەييار»، «ھالەتى سەييىد ھەسەن ئەردەشىر». تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. №2، 150 ۋاراق. ھىجرى 1213/م: 1798-1799-يىللاردا خىۋا شەھىرىدە كۆچۈرۈلگەن. 3) «خەمسە» ئۇ تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. №1444، 402 ۋاراق. ھىجرى 1251-54/م: 1835 — 1838-يىللاردا خىۋادا كۆچۈرۈلگەن. قول يازمىلاردا كاتىپ «شىر مۇھەممەد بېك ئىبنى ئەۋەز مىراب» ياكى «شىر مۇھەممەد ئەل-موللاق قاب بىل مۇنىس ئەل خىۋاقىي» تەرزىدە ئىمزا قويغان. شىر مۇھەممەد مۇنىس نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كىتابەت قىلىش بىلەن بىللە خەت تەئلىمى ۋە خەتتاتلىق سەنئىتى ھەققىدە «ساۋادى تەئلىم» ناملىق شېئىرىي رىسالە (1804-يىل) نىمۇ يازغان. رىسالىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئوقۇغۇچىلارنى يېزىقتا ۋە ئاستا-ئاستا ھۆسنخەتكە ئۆگىتىشتىن ئىبارەت. شىر مۇھەممەد مۇنىسنىڭ بۇ رىسالىسى 1906-يىلى تاشكەنتتىكى پورتسىۋ مەتبەئەسىدە تاش باسما ئۇسۇلدا ئابدۇمەننان قارى خېتى بىلەن «ساۋادى تەئلىم ۋە گۈلدەستەئى رەياھىن» نامىدا بېسىلىپ چىققان.

مۇھەممەد مىرھادى ئىبنى مۇھەممەد نىزامىددىن — ھىجرى 1215/م: 1800-يىلدا «خەمسە» نى كۆچۈرگەن: ئۇ تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. №404، 269 ۋاراق.

* بېشى ئۆتكەن ساندا.

www.uyghurkitap.com



سەيىيد مۇھەممەد ئىبن تۇردى سەيىيد خارەزمىي — «خەمسە» نى ھىجرى 1215/م: 1800-1801-يىلىدا خارەزمدە كۆچۈرگەن: تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. №3459، 433 ۋاراق. ئاددىي نەستەئلىق خېتىدە.

موللا ئەزىز ئىبن موللا جارۇب — «خەمسە» نى كۆچۈرگەن. ئەسەر تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. №406، 292 ۋاراق. قول يازمىنىڭ ئاخىرى(«سەددىي ئىسكەندەرىي» داستانى) دىن ئىككى-ئۈچ ۋاراق كەملىكى سەۋەبىدىن كىتابەت قىلىنغان ۋاقتى ۋە ئورنى نامەلۇم. كىتابىنىڭ قەغىزى مۇقاۋىسى ۋە باشقا بەلگىلىرىگە قاراپ كاتىپ XVII ئەسىردە فەرغانە ۋادىسىدا ياشىغان دەپ تەخمىن قىلىش مۇمكىن.

موللا ئەبدۇررەسۇل — «خەمسە» ۋە «لىسانۇت-تەير» نى بىرلىكتە كۆچۈرگەن. بۇ قول يازما تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. №4358، 362 ۋاراق. ئەسەر بۇخارادا ھىجرى 1216/م: 1801-1802-يىلىدا كىتابەت قىلىنغان. ئېنىق ۋە راۋان نەستەئلىق خېتىدە.

ئاللاھقۇلى ئىبن موللا دەرگاھقۇلى — «ئەربەئىن»، «خەمسەتۇل-مۇتەھەييىرىن» ۋە «مىزانۇل-ئەۋزان» نى بىرلىكتە كۆچۈرگەن. قول يازما تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. VII، VI، V — №3902، 99 ۋاراق. ئەسەر بۇخارادا ھىجرى 1216/م: 1801-1802-يىلى كىتابەت قىلىنغان. ئېنىق ۋە راۋان نەستەئلىق خېتىدە.

مۇھەممەد مەدەد ئىبن يەكرەك سوفى ئەرسارى — «تەرمە دىۋان»، «مەھبۇبۇل-قۇلۇب» ۋە «خەمسە» نى بىرلىكتە كۆچۈرگەن. قول يازما تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. №11391، 589 ۋاراق. چارجۈي شەھىرىدە ھىجرى 1218/م: 1803-1804-يىللاردا كىتابەت قىلىنىپ تۈگەللەنگەن. ئېنىق ۋە راۋان نەستەئلىق خېتىدە.

ئەۋەز بەردى ئىبن تىلەۋ مۇھەممەد بىشەرىقىي — نەۋائىينىڭ 11 پارچە ئەسىرى («خەمسە»، «لىسانۇت-تەير»، «نەۋادىرۇش-شەباب»، «تارىخىي ئەنبىيا ۋە ھۆكەما»، «تارىخى مۇلۇكى ئەجەم»، «ھالەتى سەيىيد ھەسەن ئەردەشىر»، «ھالەتى پەھلەۋان مۇھەممەد») كىرگەن قول يازما توپلىمىنى كۆچۈرگەن. قول يازما لېنىنگراد، سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، E1، 323 ۋاراق. ئۆلچىمى 47.5 × 30 سم. قوقەند شەھىرىدە ھىجرى 1240/م: 1824-1825-يىلىدا كىتابەت قىلىنىپ تۈگەللەنگەن. ئېنىق ۋە راۋان نەستەئلىق خېتىدە.

مۇھەممەد مۇسا خوجا ئىبن سەيىيد ئەمىن خوجا ھۇسەينىي — نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن ئىككى قول يازمىنى كىتابەت قىلغان: 1) «رىسالەئى مۇفرەدات»، ھىجرى 1221/م: 1806-1807-يىلىدا كۆچۈرۈلگەن: تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، ИНВ. V-4565№، 8 ۋاراق. 2) «مەھبۇبۇل-قۇلۇب»،

«خەزائىنۇل ـ مەئانىي»، «لىسانۇت ـ تەير»، ھىجرى 1228/م: 1813- يىلى بۇخارادا كۆچۈرۈلگەن: تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، ИНВ. №149، 557 ۋاراق. چىرايلىق نەستەئلىق خېتىدە.

موللا توختى قومائىي — كاشغەر خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نامايەندىلىرىدىن. كاتىپ «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» نى ھىجرى 1224/م: 1809–1810- يىلىدا يەكەن شەھىرى يېنىدا كۆچۈرگەن. قول يازما لېنىنگراد، سوۋېت پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى فوندىدا، ИНВ. №A451-1، 112 ۋاراق.

مۇھەممەد ئالىم ئىبنى ئاخۇند داموللا مۇھەممەد شەرىف نەمەنگانىي — «خەزائىنۇل ـ مەئانىي» نى ھىجرى 1225/م: 1811- يىلى نەمەنگاندا كۆچۈرگەن. قول يازما دۈشەنبە، تاجىكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. №796-1، 464 ۋاراق.

يارمۇھەممەد ساۋۇد — كاشغەر خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نامايەندىلىرىدىن. كاتىپ «لىسانۇت ـ تەير» ۋە «خەمسە» نى بىرلىكتە ھىجرى 1227/م: 1812- يىلى يەكەن شەھىرىدە كىتابەت قىلغان. قول يازما تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. №8831، 270 ۋاراق. چىرايلىق نەستەئلىق خېتىدە كۆچۈرۈلگەن.

موللا ئوراز مۇھەممەد ئىبنى روزى مۇھەممەد ئەلبېگى چاھار جۇئىي — «خەمسە» نى ھىجرى 1227/م: 1812- يىلى چارجۇي شەھىرىدە كۆچۈرگەن. قول يازما تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. №8831، 270 ۋاراق، چىرايلىق نەستەئلىق خېتىدە.

مۇھەممەد لەتىف ئىبنى مۇھەممەد شەرىف كىشىي — «خەزائىنۇل ـ مەئانىي» نىڭ ئۈچ نۇسخىسىنى كىتابەت قىلغان: 1) نۇسخىسى تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. №9746، 500 ۋاراق، ھىجرى 1229/م: 1813–1814- يىل؛ 2) نۇسخىسى تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. V - 185№، 176 ۋاراق، ھىجرى 1238/م: 1822–1823- يىل؛ 3) نۇسخىسى تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. №1775، 501 ۋاراق، ھىجرى 1239/م: 1823–1824- يىل. يۇقىرىدىكى ئۈچ قول يازما چىرايلىق نەستەئلىق خەتتە كۆچۈرۈلگەن.

يارمۇھەممەد قارا شەھرى سەبزىي — شەھرى سەبز خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن. XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمىدا خەتتاتلىق پائالىيىتىنىڭ ئاساسىي قىسمىنى نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كىتابەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن. ئۇنىڭ كۆچۈرگەن قول يازمىلىرىدىن بىرنەچچىسى يېتىپ كەلگەن: «خەمسە» Самду ئاساسىي كۇتۇپخانىسى، ИНВ. №1008817، ھىجرى 1229/م: 1814- يىل؛ «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب». تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق

www.uyghurkitap.com



ئىنستىتۇتى، ИНВ. №3592، 354 ۋاراق، ھىجرى 1237/م: 1822- يىل؛ «خەمسە» تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، ИНВ. №8261، 304 ۋاراق، ھىجرى 46 - 1244/م: 31 — 1828- يىللار؛ «خەمسە»، تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، ИНВ. №13242، 289 ۋاراق، ھىجرى 49 - 1248/م: 34-1833- يىللار. ھەممە قول يازمىلار شەھىرى سەبزدە كىتابەت قىلىنغان. چىرايلىق نەستەئلىق خېتىدە.

مۇھەممەد ئەل - مۇسەۋىي — ئىران ئەزەربەيجانىدىكى كاتىپلاردىن. «ۋەقفىيە»، «ئەربەئىن» ۋە «خەزائىنۇل - مەئانىي» نى بىرلىكتە كۆچۈرگەن. قول يازما لېنىنگراد دۆلەت خەلق كۇتۇپخانىسى شەرق بۆلۈمى، خانىكوۋ 56، 379 ۋاراق، ھىجرى 1230/م: 1815- يىلى كىتابەت قىلىنغان.

موللا نۇرمۇھەممەد ئىبنى مۇستەفا قۇلى خەلىفە — «لىسانۇت - تەير» ۋە «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» نى سەمەرقەنددە ھىجرى 1234/م: 19 - 1818- يىللاردا كىتابەت قىلغان. تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، ИНВ. №1071، 111 ۋاراق. يىرىك نەستەئلىق خېتىدە.

فەخرىددىن خوجا ئىبنى ئىبراھىم خوجا — «تەرمە دىۋان» نى ھىجرى 1234/م: 19- 1818- يىللاردا كۆچۈرگەن. تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتى، ИНВ. 1-1498№، 251 ۋاراق.

موللا مۇسا ئىبنى ئۇستا ئەۋەزنىياز رەگرېز — «تەرمە دىۋان» نى ھىجرى 1234/م: 19-1818- يىللاردا كۆچۈرگەن. لېنىنگرد لودئاك، ИНВ. №924، 161 ۋاراق.

شاھ كىچىك ئىبنى موللاشاھ ئاسىق تاشكەندىي — «خەمسە» نى ھىجرى 1235/م: 20-1819- يىللاردا كۆچۈرگەن: سەمەرقەند СамДУАК، ИНВ. №823626 315 ۋاراق.

موللا تۇرسۇن: «لىسانۇت - تەير» ۋە «خەمسە» نى بىرلىكتە ھىجرى 1238/م: 23- 1822- يىللىرى قاغىلىق ناھىيىسىدە كۆچۈرگەن. قول يازما تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا، ИНВ. №191، 518 ۋاراق. چوڭ ۋە چىرايلىق نەستەئلىق خەتتە كۆچۈرۈلگەن.

........................ *)

ئابدۇرەھىم ئىبنى مۇھەممەد پازىل كاشغەرىي — XIX ئەسىر كاشغەر (قەشقەر) خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ ئەڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى. نەۋائىنىڭ كۇللىياتىنى كىتابەت قىلغان: تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنستىتۇتى، ИНВ. №316، 692 ۋاراق. ئۆلچىمى 44 × 30 س م. بۇ زور كۇللىيات

*) ژۇرنالنىڭ سەھىپىسى كۆزدە تۇتۇلغانلىقتىن تۆۋەندە بىر قىسىم خەتتاتلارنىڭ ھاياتىنى قىسقارتىلدى. رىسالىگە كىركۈزۈلگەن ئالتە شەھەر تەۋەسىدە ياشىغان ئۇيغۇر خەتتاتلاردىن بىرقانچىسى ئۆزئەينى ئېلىندى (ت).

تەركىبىگە نەۋائىنىڭ 18 پارچە ئەسىرى (ئىككى دېباچە ‹نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن مۇقەددىمە›، «خەزائىنۇل - مەئانىي» نىڭ تۆت دىۋانى، «مەجالىسۇن - نەفائىس»، «لىسانۇت - تەير»، «مەھبۇبۇل - قۇلۇب»، «خەمسە» نىڭ بەش داستانى، «مۇنشە ئات»، «خەمسەتۇل - مۇتەھەييىرىن»، «ئەربەئىن»، «ۋەقفىيە») كىرگەن. بۇ قول يازما ئەلىشىر نەۋائىي كۇللىياتلىرىنىڭ XIX ئەسىرگە مەنسۇپ يېگانە مۆتىۋەر نۇسخىسىدۇر. (نەۋائىي كۇللىياتىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا XVIII-XIX ئەسىرلەردە تۈزۈلگەن نۇسخىسى سوۋېت ئىتتىپاقى ۋە چەت ئەل فونىدلىرىدا ھازىرچە مەلۇم ئەمەس). كاتىپ قول يازمىنى بەش يىل (ھىجرى 1245—1240/م: 1830-1824 - يىللار) داۋامىدا كاشغەر شەھىرىدە كۆچۈرگەن. بىرنەچچە ئەسىر كېيىن يېزىلغان تارىخلار بۇنى ئىسپاتلايدۇ. يەنى ئەڭ ئاخىرقى سەھىپىدە (692 ۋاراق، B) كاتىپ «ئابدۇرەھىم ئىبىن مۇھەممەد پازىل كاشغەرىي» دەپ ئىمزا قويغان. قول يازما مەتنى، XIX ئەسىر كاشغەر ئۇسلۇبىغا خاس چوڭ، چىرايلىق، نەستەئلىق خېتىدە پۈتۈلگەن. قول يازمىدىكى ھەربىر ئەسەرنىڭ باشلىنىشىدا زەرھەل لەۋھە بار. قول يازما ئويما تامغا ۋە تامغىسىمان نەقىشلەر چۈشۈرۈلگەن دەسلەپكى مۇقاۋىسى بويىچە ساقلىنىپ قالغان.

موللا ئىلمۇددىن ئىبىن موللا مۇھەممەد ئەل كاشغەرىي — كاشغەر خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نامايەندىلىرىدىن. كاتىپ «خەمسە» نى ھىجرى 1246-1245/م: 1831-1830 - يىللىرى كاشغەردە كىتابەت قىلغان: تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنىستىتۇتى، ИНВ، №1934، 395 ۋاراق.

ئابدۇقادىر ئىبىن موللا باھادىر كاشغەرىي — كاتىپ «لىسانۇت - تەير» ۋە «خەمسە» نى ھىجرى 1249/م: 1934 - 1933 - يىللىرى كاشغەردە كۆچۈرگەن: تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنىستىتۇتى، ИНВ. № 229، 425 ۋاراق. ئېنىق ۋە راۋان، يىرىك، چىرايلىق نەستەئلىق خېتىدە.

موللا توختى ئىبىن موللا نۇرمۇھەممەد كاشغەرىي — كاتىپ «ھەيرەتۇل - ئەبرار» نى ھىجرى 1284/م: 1868-1867 - يىللىرى كاشغەردە كىتابەت قىلغان: تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى قول يازمىلار ئىنىستىتۇتى، ИНВ. №2331، 141 ۋاراق.

موللا مۇقەررەبشاھ جايتاشىي — كاتىپ «خەمسە» («فەرھاد ۋە شىرىن»، «لەيلى ۋە مەجنۇن»، «سەبئەئى سەييار») نى ئالتەشەھەر (جەنۇبىي شىنجاڭ) تەۋەسىدە كۆچۈرگەن: XIX ئەسىر، تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنىستىتۇتى، ИНВ. №11698، 247 ۋاراق.

......

ئىبادۇللا ئادىلوۋ — 1872 - يىلى سەھىاق ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، 1944 - يىلى

www.uyghurkitap.com



تاشكەنتتە ۋاپات بولغان. XX ئەسىرنىڭ ئاتاقلىق خەتتاتى. ئۇ بۇخارا ئىنقىلابىغا قەدەر خەتتاتلىق ۋە سەھھافلىق ①) بىلەن شۇغۇللانغان. 1920- يىلدىن تارتىپ بۇخارا شەھەر كۇتۇپخانىسىدا، 1930- يىلدىن تارتىپ سەمەرقەند شەھەر كۇتۇپخانىسىدا، 1935- يىلدىن تارتىپ تاشكەنتتە ئۆزبېكىستان دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا، 1943- 1944- يىللاردا ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتىدا ئىلمىي خادىم بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇ ئەلىشىر نەۋائىنىڭ قول يازمىلىرىدىن هازىرغىچە ناهايىتى ئاز ساقلىنىپ قالغان بىرنەچچە ئۇ ئەسەرلىرىنى قايتىدىن كۆچۈرگەن: يەنى «مۇنشە ئات»، «مىزانۇل - ئەۋزان» قاتارلىقلار. تاشكەنت ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، ИНВ. №3441، 39 ۋاراق. هىجرى 1357 (مىلادى 1938) يىل؛ «رىسالەئى مۇفرەدات»، №5667-1، 13 ۋاراق، 1940- يىل؛ «هالاتى پەهلىۋان مۇهەممەد»، «هالاتى سەييىد هەسەن ئەردەشىر» №5733، 23 ۋاراق، 1941- يىل؛ «مۇهاكىمەتۇل - لۇغەتەيىن» №5829، 34 ۋاراق، 1941- يىل.

ئىبادۇللا ئادىلوۋ نەۋائى ئەسەرلىرىدىن باشقا بىرقانچە كىتابلارنى هەم كۆچۈرگەن. ئۇلارنىڭ ئىچىدە «مەجمۇئەئى مۇراسەلەت ياخۇد مۇرەققەئى نەۋائى» (خەتلەر توپلىمى ياكى نەۋائى ئالبومى) ئالاهىدە ئەهمىيەتلىكتۇر. مەلۇمكى بۇ قول يازما ئابدۇرەهمان جامىي ۋە XV ئەسىرنىڭ باشقا ئاتاقلىق كىشىلىرى تەرىپىدىن نەۋائىغا يېزىلغان خەتلەر مەجمۇئەسىدىن ئىبارەت. نەۋائى ئۆزىگە كەلگەن خەتلەرنى مەخسۇس قەغەزلەرگە چاپلاپ، هەربىرىنى جەدۋەللەرگە ئېلىپ توپلاپ بارغان ۋە ئۇلاردىن مەخسۇس مۇرەققەئ (ئالبوم) هاسىل بولغان. مۇرەققەئدىكى خەتلەر فارس تىلىدا دىۋانىي، رىقەئ، نەسخ، تەئلىق ئۇسلۇبلىرىدا يېزىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى نۇقتىسىز يېزىلغانلىقى ئۈچۈن مەتنلارنىڭ ئوقۇلۇشى غايەت مۇرەككەپتۇر. شۇ قىيىنچىلىقنى بىر تەرەپ قىلىش مەقسىتىدە ئىبادۇللا ئادىلوۋ «مۇرەققەئى نەۋائى» نى چىرايلىق نەستەئلىق خېتى بىلەن يېڭىدىن كۆچۈرگەن ۋە بۇ ئىشنى 1939- يىلى 13- ماي كۈنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تۈگەتكەن: تاشكەنت، ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق ئىنستىتۇتى، ИНВ. №2178.

## ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ تاشباسما نۇسخىلىرى ۋە ئۇلارنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار

ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنى ياۋروپادا كەڭ يولغا قويۇلغان كىتاب بېسىش دەستىگاهى — مەتبەئەچىلىك ئۇسلۇبىدا نەشىر قىلىش XVIII ئەسىر ئاخىرلىرىدىن باشلاندى. نەۋائىنىڭ «تارىخىي مۇلۇكى ئەجەم» ئەسىرىنىڭ فەنائىي تەرىپىدىن ئوسمانلى تۈرك تىلىغا قىلىنغان تەرجىمىسى «تارىخى فەنائىي» نامى بىلەن 1785- يىلى

① سەههاف — كىتاب مۇقاۋىلىغۇچى، مۇقاۋا ئىشلىگۈچى.

ۋېنا شەھرىدە مەتبەئە ئۇسۇلى بىلەن چاپ ئېتىلدى. كىتابنىڭ ئاخىرقى سەھىپىسىدە: «بۇ مەرغۇب نۇسخە رۇمىيا ئىمپېراتورلۇقىنىڭ پايتەختى بولغان ئەزىم شەھەر باچ (ۋېنا) دا ھىجرىنىڭ 1199- سەنەسى (مىلادى 1785- يىل) دا تەبئ بولدى» دېگەن جۈملە ئەرەب تىلىدا يېزىپ قويۇلغان. نەۋائى ئەسەرلىرىدىن ياۋروپادا بىرىنچى نەشرى ھېسابلانغان بۇ كىتابنىڭ بىر دانە نۇسخىسى بۈگۈنكى كۈندە تاشكەنتتە ئەلىشىر نەۋائى نامىدىكى ئۆزبېكىستان دۆلەت خەلق كۇتۇپخانىسىنىڭ نادىر كىتابلار بۆلۈمىدە ساقلانماقتا.

پارىژدىكى شەرق جانلىق تىللىرى مەكتىپىنىڭ تۈركىي تىللار كافېدراسىنى باشقۇرغان فرانسۇز شەرقشۇناسى ئېتېن كاترېمېر 1841- يىلى پارىژدا «شەرقىي تۈرك ئەدەبىياتى خرېستوماتىيىسى» نىڭ بىرىنچى قىسمىنى نەشر قىلغان. خرېستوماتىيىگە نەۋائىنىڭ «مۇھاكىمەتۇل- لوغەتەيىن» ۋە «تارىخىي مۇلۇكى ئەجەم» ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. ئې. كاترېمېر نەۋائىنىڭ باشقا ئەسەرلىرىنى ھەم ئېلان قىلىش نىيىتىدە بولغان، بىراق خرېستوماتىيىنىڭ ئىككىنچى قىسمى نەشر قىلىنمىغان.

XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىدا بىرقاتار ۋەقەلەر سادىر بولۇشقا باشلىدى. شۇلاردىن بىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا تىپولىتوگرافىك *) كارخانىلارنىڭ قۇرۇلۇشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيادا كىتاب بېسىشنىڭ ئىككى خىل ئۇسۇلى قوللىنىلدى. بىرىنچىسى تىپوگرافىيە ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا مىخ شەكلىدىكى مېتال ھەرپلەرنى قولدا تىزىش ئارقىلىق كىتاب بېسىلغان. بۇنىڭدا ئەرەب يېزىقىنىڭ نەسخ ئۇسلۇبىدىن كەڭ پايدىلانغان. ئىككىنچىسى تاش باسما (لىتوگرافىيە) ئۇسۇلى بولۇپ، ئۇنىڭدا دەسلەپكى ئاساسىي ئىشنى خەتتات بېجىرگەن. خەتتات بېسىلىدىغان كىتابنىڭ مەتنىنى مەخسۇس قەغەزگە كۆچۈرگەن. بۇ قەغەزدىكى مەتن تاش قېلىپ سىرتىغا ئۆتكۈزۈلگەن ۋە ئۇنىڭغا خىمىيىۋى ئەشيا بېرىلگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەنە شۇ تاش قېلىپلاردىن نۇسخا ئېلىنىۋەرگەن. خەتتات تاش باسمىغا مەتن كۆچۈرگەندە ئاساسەن نەستەئلىق خەت ئۇسلۇبىدىن پايدىلانغان. ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدە قۇرۇلغان مەتبەئەلەرنىڭ كۆپچىلىكى تاشباسما ئۇسۇلدا كىتاب باساتتى. ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ 1879—1917- يىللار داۋامىدا ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىدىكى 20 گە يېقىن مەتبەئەدە بېسىلغان 70 كە يېقىن نەشرى پەقەت تاشباسما ئۇسۇلدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دەسلەپكى تاشباسما مەتبەئە ھىجرى 1291/م: 1874- يىلى خىۋا خانى مۇھەممەد رەھىمخان II سارىيىدا قۇرۇلغان. بۇ مەتبەئەدە 1879- (ھىجرى 1297-) يىلى مۇھەممەد رەھىمخان II نىڭ پەرمانى بىلەن نەۋائى «خەمسە» سى تولۇق چاپ ئېتىلگەن. «خەمسە» نى شائىر مۇھەممەد نىياز ئىبن ئەبدۇللا ئاخۇند كامىل خارەزمىي نەشرگە تەييارلايدۇ ۋە ئۆزى ئۈچ سەھىپىلىك مۇقەددىمە يازىدۇ. «خەمسە» نى تاشباسما ئۈچۈن خەتتات موللا مۇھەممەد يۈسۈف

*) تىپولىتوگرافىت (تىپوگرافىيە)—مىخ مەتبەئەنى كۆرسىتىدۇ.

www.uyghurkitap.com



ئىبنى بېردى مۇراد سۇفى خارەزمىي كۆچۈرگەن. 640 سەھىپىلىك بۇ «خەمسە» نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا بېسىلغان بىرىنچى مۇكەممەل تاشبا سما نۇسخىسى (نەشرى) ھېسابلىنىدۇ. «خەمسە» كېيىنچىرەك تولۇق ھالدا يەنە ئىككى قېتىم بېسىلدى. 1904-(ھىجرى 1322) يىلى تاشكەنتتىكى پورتسېۋ مەتبەئەسىدە بېسىلغان نۇسخىنى خەتتات شاھنىمەتۇللا شاھمۇراد ئوغلى كۆچۈرگەن. يەنە شۇ مەتبەئە 1905-(ھىجرى 1323) يىلى خەتتات ئەبدۇمەنناپ قارى قەلىمى بىلەن پۈتۈلگەن «خەمسە» نىڭ مەتنىنى ھەم بېسىپ چىقارغان. «خەمسە»نىڭ بۇ ئۈچ مۇكەممەل نەشرىدىن باشقا ئۇنىڭ قىسقارتىلغان نەسرىي ۋارىيانتى ھەم ئېلان قىلىنغان. 1908-(ھىجرى 1326) يىلى تاشكەنتتىكى ئارىفجانوۋ مەتبەئەسىدە «نەسرى خەمسەئى بېنەزىر» ناملىق كىتاب (351 سەھىپە) بېسىلىپ چىقىدۇ. بۇ نەسرىي نەشر پەقەت ماقالاتلاردىن ئىبارەت بولۇپ، پۈتۈن سيۇژىتىغا ئىگە بولمىغانلىقى ئۈچۈن بولىسا كېرەك «ھەيرەتۇل-ئەبرار» چۈشۈرۈپ قويۇلغان. كىتابىنىڭ ناشىرى (نەشىر قىلغۇچى) مىرمەھمۇد ئىبنى شاھ يۇنۇس، دەپ كۆرسىتىلگەن. داستانلارنى نەسرىي ۋارىيانتىغا كىم ئايلاندۇرغانلىقى ئېيتىلمىغان. ئەگەر شۇ چاغدىكى نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن ناھايىتى ياخشى خەۋەردار ئىكەنلىكىنى نەزەردە تۇتساق، «خەمسە» داستانلىرىنىڭ نەسرىي ۋارىيانتىنى نەشرگە تەييارلىغۇچىنىڭ ئۆزى — مىرمەھمۇد ئىبنى يۇنۇس تەييارلىغان بولۇشى مۇمكىن. «نەسرىي خەمسەئى بېنەزىر» ئەسىرىدە داستانلار مەزمۇنىغا قاراپ 38 پارچە رەسىم ئىشلەنگەن. مۇسەۋۋىر (سۈرەت ئىشلىگۈچى) ۋە خەتتات رەھمەتۇللا ئىبنى موللا ئابدۇشۇكۇر.

شۇنى ھەم ئەسلىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، نەۋائىي داستانلىرىنىڭ «نەسرىي خەمسەئى بېنەزىر» گە قەدەر ھەم نەسرىي بايانلىرى — خەلق كىتابى ۋارىيانتلىرى يارىتىلغاندى. بۇنىڭغا XVI ئەسىر ئىككىنچى يېرىمى ۋە XIX ئەسىر باشلىرىدا ياشىغان شائىر ئۆمەر باقى تەرىپىدىن يېزىلغان «قىسسەئى فەرھاد ۋە شىرىن»، «كىتابى مەجنۇن ۋە لەيلى»، XIX ئەسىر شائىرى مەھزۇن ياراتقان «قىسسەئى شاھزادە فەرھاد ۋە شىرىن» مىسال بولالايدۇ. ئەنە شۇ نەسرىي بايانلار — خەلق كىتابى ۋارىيانتلىرى ھەم تاشكەنتتە 1908-، 1909، 1910، 1912-ۋە 1915-يىللاردا تاشباسمىدا قايتا-قايتا نەشر قىلىندى. ئۆمەر باقى ئەسەرلىرىنى نەشرگە تەييارلاش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە تەرغىپ قىلىشتا سەييىد ھەيبەتۇللا خوجا سەييىد ئارىف خوجا ئوغلى خىسلەت (1880 — 1945) نىڭ خىزمەتلىرى كاتتا بولدى. «قىسسەئى فەرھاد ۋە شىرىن» مەزمۇنىغا 13 پارچە، «كىتابى مەجنۇن ۋە لەيلى» مەزمۇنىغا 11 پارچە رەسىم ئىشلەنگەن. بۇ رەسىملەرنى شەۋكەت ئىسكەندەرىي سىزغان.

«خەزائىنۇل-مەئانىي» نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنىشى ھەم خىۋا مەتبەئەسى بىلەن باغلىقتۇر. نەۋائىينىڭ بۇ لىرىك كۇللىياتى خەلق ئارىسىدا مەشھۇر بولغان «چاھار دىۋان» نامى بىلەن مۇھەممەت رەھىمخان II نىڭ پەرمانىغا ئاساسەن ھىجرى 1299-(مىلادى 1882) يىلى خىۋا مەتبەئەسىدە چاپ قىلىنغان.

ئەسەرنى مۇھەممەد نىياز ئىبن ئابدۇللا ئاخۇند كامىل خارەزمىي نەشرگە تەييارلىغان. مەتىننى تاشباسما ئۈچۈن خەتتات ئىبراھىم سۇلتان ئىرانىي كۆچۈرگەن. تۆت دىۋاننىڭ مەتىنلىرى مۇكەممەل بولۇپ، «خەزائىنۇل-مەئانىي» نىڭ تاشباسما نۇسخىلىرى ئىچىدە ئەڭ تولۇقى شۇ قېتىملىق نەشرى ھېسابلىنىدۇ. خىۋا مەتبەئەسى مىلادى 1882-(ھىجرى 1300) يىلى «خەزائىنۇل-مەئانىي» نىڭ ئۈچىنچى دىۋانى «بەدايىئۇل ۋەسەت» نىمۇ مۇكەممەل ھالدا ئالاھىدە چاپ قىلغان. بۇ نۇسخىنىمۇ مۇھەممەد رەھىمخان II نىڭ پەرمانىغا ئاساسەن مۇھەممەد نىياز ئىبن ئەبدۇللا ئاخۇند كامىل خارەزمىي نەشرگە تەييارلىغان. ئەمما كاتىپى كۆرسىتىلمىگەن.

«خەزائىنۇل-مەئانىي» دىن تاللىۋېلىنغان تەرمە (ئىنتىخاب) دىۋانلار 1888-(ھ. 1306) يىلىدىن 1916-(ھ.1335)-يىلغىچە 40 قېتىمدىن ئارتۇق نەشر قىلىنغان. ئۇلار تاشكەنتنىڭ «لەختىن»، «ئاكا-ئۇكا كامېنسكىيلار « «بىرپىدېنباخ»، «ئىلىن»، «ئارىفجانوۋ»، «تۈركىستان ھەربىي ئوكرۇگى شتابى» مەتبەئەلىرىدە؛ سەمەرقەندنىڭ «دېموروۋ» مەتبەئەسىدە؛ يېڭى بۇخارانىڭ «كاگان»، «لېۋىن» مەتبەئەلىرىدە چاپ ئېتىلگەن. شۇنىڭدەك تەرمە دىۋانلارنى نەشر قىلىشقا ئىستانبۇلنىڭ «ئارىپ ئەپەندى»، «سەيىد مەھبۇدبېك» مەتبەئەلىرىمۇ قاتناشقان. نەۋائىي تەرمە دىۋانلىرىنى چاپ قىلىشتا تاشكەنت مەتبەئەلىرى ئالاھىدە پائالىيەت قىلغانىدى. جۈملىدىن تەرمە دىۋانلارنى «ئاكا-ئۇكا كامېنسكىيلار» مەتبەئەسى 1893-يىلى ئۈچ قېتىم، «بىرپىدېنباخ» مەتبەئەسى 1893-(1315) يىلى ئۈچ قېتىم، «ئىلىن» مەتبەئەسى 1906-(1324) يىلى ئۈچ قېتىم نەشر قىلىشقا مۇۋەپپەق بولغانىدى. نەشر قىلىنغان دىۋانلاردا نەشر قىلغۇچىلار تەرىپىدىن قويۇلغان «نەۋائىي»، «ئەمىر نەۋائىي»، «ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىي»، «مەۋلانا ئەمىر نەۋائىي»، «دىۋان»، «دىۋانى ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىي»، «نەۋائىي دىۋانلىرى»، «ئەمىر نەۋائىي دىۋانى» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئونلاپ دىۋانلارنى ئۇچرىتىمىز. ھەتتا، ھەجمى 150 سەھىپە ئەتراپىدا بولۇپ، «ئارىفجانوۋ» مەتبەئەسىدە 1914-1915-يىللىرى بېسىلغان ئىككى پارچە نەشرگە «كۇللىياتى دىۋان ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىي» دېگەن نام قويۇلغان. بۇ خىل ناملار تەرمە دىۋانلار ھەجمى ۋە مۇندەرىجىسىگە مۇتلەق ماس كەلمىسىمۇ، لېكىن ئەلىشىر نەۋائىي نامىنى قەيت قىلىپ ئۆتۈشنى نەشرىياتچىلار ئۆزلىرىگە بۇرچ دەپ بىلىشكەن. نەۋائىي تەرمە دىۋانلىرىنىڭ ئەنە شۇ ئونلاپ تاشباسما نۇسخىلىرى كونا ھەممە يېڭىچە ئۇسۇلدا ئوقۇتىدىغان مەكتەبلەردە ئىلمىي ئەدەب (ئەدەبىيات) تىن دەرسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «ئەربەئىن» ئەسىرى «چىھىل ھەدىس» نامى بىلەن تاشباسمىدا ئون قېتىمچە چاپ قىلىنغان. تاشكەنتنىڭ «لەختىن» مەتبەئەسىدە 1893-(1310) يىلى، «ئاكا-ئۇكا كامېنسكىي» لار مەتبەئەسىدە 1894-(1311) يىلى، «ئارىفجانوۋ» مەتبەئەسىدە 1910-يىلى بېسىلغان. ھەممە نەشرلەردە ئابدۇرەھمان جامى ۋە ئەلىشىر نەۋائىي قىتئەلىرى بىلەن ئۇلارغا ئاساس بولغان ھەدىسلەر يانمۇ-يان بېرىلگەن.

www.uyghurkitap.com



ئەلىشىر نەۋائىنىڭ تاشباسمىدا بېسىلغان نەسرىي ئەسەرلىرىدىن «مەھبۇبۇل-قۇلۇب»، «مەجالىسۇن - نەفائىس» ۋە «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين»لا مەلۇم خالاس. «مەھبۇبۇل - قۇلۇب»نى بۇخارادىكى «گېسىنىسكىي» مەتبەئەسى خەتتات مۇفتى مىر ئەھمەد قەلىمىدە 1907 -(1325) يىلى؛ «مەجالىسۇن - نەفائىس» نى تاشكەنتتىكى «ئارىفجانوۋ» مەتبەئەسى خەتتات ئەبدۇمەنناپ قارىي قەلىمىدە 1917 -(1336) يىلى نەشىر قىلدى. «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين» نى ئەشۇر ئەلى زاھىرىي ئۆز قەلىمى بىلەن كۆچۈرۈپ 1917 - يىلى قوقەندىكى «ۋاينېر» مەتبەئەسىدە چاپ قىلدۇرغان. ئەشۇر ئەلى زاھىرىي نەۋائىنىڭ «ۋەقفىيە» ئەسىرىنىمۇ تاشباسما ئۈچۈن كۆچۈرۈپ نەشرگە تەييارلىغان. بىراق نامەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بۇ ئەسەر چاپ قىلىنماي قالغان. («ۋەقفىيە» نىڭ ئەنە شۇ تاشباسما ئۈچۈن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى قوقەن ئەدەبىيات مۇزېيىدا ئەشۇر ئەلى زاھىرىنىڭ شەخسىي ئارخىپىدا ساقلانماقتا). «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» نىڭ ئىستانبۇلدا 1872 -(1289) يىلى «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەين» نىڭ ئىستانبۇلدا 1897 -(1320) يىلى ۋە باغچە ساراي 1902 - يىلىدا مىخ باسما (تىپوگرافىيە) ئۇسۇلىدا بېسىلغان نەشرلىرىمۇ بار. بۇ ئۈچ نەسرىي ئەسەرنىڭ مەتنلىرى تاشباسما نۇسخىلاردا مۇكەممەل ساقلانغان.

تاشباسما كىتابلىرىنىڭ خەت جەھەتتىن چىرايلىق ۋە سۈپەتلىك نەشر قىلىنىشى بىرىنچى قەدەمدە خەتتاتلارغا باغلىق بولغان. ئەگەر خەتتات مەتىننى نەپىس خەت بىلەن كۆچۈرسە، كىتاب ئوقۇغۇچىلار تەرىپىدىن ناھايىتى تېز سېتىپ ئېلىنىپ، شۇ ئەسەرنىڭ نۆۋەتتىكى نەشرلىرىگە تەلەپ ۋە ئېھتىياج تۇغۇلغان. نەشر قىلغۇچىلار ۋە كىتابپۇرۇشلارمۇ خېلى جايىدا ئىقتىسادىي پايدىغا ئېرىشكەن. بىزگە ھازىرچە 1879-يىللاردىن 1917 - يىللارغىچە تاشباسمىدا بېسىلغان نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن 25 خەتتاتنىڭ نامى مەلۇم. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئايرىملىرى نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن بىر دانە نەشر مەتىنىنى كۆچۈرگەن بولسا، بەزى خەتتاتلار بىر نەچچە نەشر مەتىنىنى كۆچۈرگەنىدى. مەسىلەن، شاھمۇرات كاتىپ شاھ نېمىتۇللا ئوغلى «تەرمە دىۋان» لارنىڭ 1888-، 1893-1900 - يىلدىكى، «ئەربەئىن»نىڭ 1894 - يىلدىكى، «خەمسە» نىڭ 1904 - يىلدىكى نەشرلىرىنى تاشباسما ئۈچۈن كۆچۈرگەن.

شۇنى ھەم ئېيتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، تاشباسمىدا بېسىلغان ھەممە نەشرلەردىمۇ خەتتاتلار ئۆزناملىرىنى ئېيتىپ ئۆتمىگەن. شەرق كىتابەت ئىشىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخىدا قول يازمىلارنى كۆچۈرۈشتە بەزى ھاللاردا كاتىپلار ئۆز ئىسىملىرىنى قەيت قىلماسلىق ئەنئەنىسى تاشباسما كىتابچىلىقى دەۋرىدىمۇ مەلۇم دەرىجىدە داۋام قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ بىر مۇنچە تاشباسما نەشرلىرى قايسى خەتتاتلار تەرىپىدىن باسمىغا تەييارلانغانلىقى بىزگە نامەلۇم. بۇلارنىڭ ئىچىدە تەرمە دىۋانلارنىڭ 1882- يىلى (ھ.1300) خىۋادا؛ 1892 - 1891- (ھ.1309) يىلى يەركەندە؛ 1893-(ھ. 1311) يىلى، 1897 - 1896 - (ھ.1314)، 1897 - (ھ. 1315)، 1900 -، 1902 -،

1904 –، 1906 –، 1907 –، 1911 –، 1912 –، 1913 –، 1916 – يىللىرى تاشكەنتتە؛ 1901 – 1902 – يىللىرى ئىستانبۇلدا؛ 1904 – يىلى سەمەرقەندە؛ 1912 – 1913 –، 1916 – يىللاردا بۇخارادا چاپ قىلىنغان نۇسخىلىرىدىن ئىبارەت. شۇنىڭدەك «ئەربەئىن» نىڭ 1893 – (ھ. 1310) يىلى ۋە 1894 – (ھ. 1311) يىللىرى تاشكەنتتە؛ 1907 – (ھ. 1325) يىلى باغچە ساراي ۋە ئىستانبۇلدا بېسىلغان نەشرلىرىدىمۇ خەتتات نامى كۆرسىتىلمىگەن.

يىرىك مەتبەئەلەر تاشكەنتكە جايلاشقانلىقتىن تاشباسما ئۈچۈن قول يازمىلارنى تەييارلايدىغان خەتتاتلارنىڭ كۆپچىلىكى ھەم تاشكەنتتە ياشىغان. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتتۈلگەن ئەسەرلەرنى تاشباسما ئۈچۈن كۆچۈرگەن 25 نەپەر خەتتاتنىڭ كۆپچىلىكى تاشكەنت خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ نامايەندىلىرىدۇر. جۈملىدىن مەزكۇر خەتتاتلىق مەكتىپى ۋەكىللىرىگە شاھمۇراد ئىبنى شاھنىئمە تۇللاھ، سىراجىدىن مەھمۇد سىدىقى خاندەيلىقىي، موللا ئارتۇق ئابدۇرەسۇلباي ئوغلى، ئەبدۇمەنناپ قارىي، شاھ ئىسلام شاھ مۇھەممەد ئوغلى، يۈسۈپجان زاكىرجان ئوغلى، موللا ئۇتەب رەسۇل مۇھەممەد ئوغلى، ئابدۇلقادىر مۇرادىي ۋە باشقىلارنى كۆرسىتىش مۇمكىن. ئومۇمەن، تاشكەنت خەتتاتلىق مەكتىپى ۋە ئۇنىڭ نامايەندىلىرى XIX ئەسىر ئاخىرى ۋە XX ئەسىر باشلىرىدا ئوتتۇرا ئاسىيادا تاشباسما خەتتاتلىق ئىشىنى يولغا قويۇشتا ۋە ئۇنى مەتبەئە خەتتاتلىقى سەنئىتى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى.

تاشباسمىدا بېسىلغان ھەر بىر نەشرنىڭ تىراژى 500 — 600 نۇسخىدىن ئاشمىغان. كەمدىن-كەم ئەھۋاللاردا بىر نەشرنىڭ تىراژى 1000 نۇسخىغا يەتكەن. خەتتات تەرىپىدىن يېزىلىپ تاش قېلىپقا چۈشۈرۈلگەن مەتنىدىن مۇئەييەن نۇسخا (كۆپىنچە 500 — 600 ئەتراپىدا) ئېلىنغاچقا مەتن ئۇپراپ ئۆچۈشكە باشلىغان. نەتىجىدە خەتتات شۇ نەشر مەتنىنى يېڭىدىن يېزىپ بەرگەن. ئايرىم مەتبەئەلەردە بىر يىلنىڭ ئىچىدە مەلۇم بىر ئەسەرنىڭ بىر قانچە خەتتات قەلىمىدە قايتا-قايتا بېسىلىشىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇنىڭ ئۈچۈندۇر.

نەۋائىي ئەسەرلىرىنى نەشر قىلىشتا ھەر بىر تاشباسما مەتبەئە ئۆز شەرت-شارائىتلىرى ۋە ئىمكانىيەتلىرى بويىچە ئىش كۆرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ بەزى تاشباسما نۇسخىلىرى قەغەز، بوياق، بەدىئىي بېزەك، مۇقاۋا جەھەتتىن سۈپەتلىك بولسا، ئايرىملىرى ناھايىتى ئاددىي كۆرۈنۈشكە ئىگە.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ تاشباسمىدا بېسىلغان ئەسەرلىرى باشقا كىتابلار قاتارىدا ئوتتۇرا ئاسىيا، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ چوڭ شەھەرلىرىدە تارقىتىلغان. بەزى كىتاب سودىگەرلىرىنىڭ باشقا شەھەرلەردىمۇ كىتاب دۇكانلىرى بولغان (كۆپ كىتابلارنىڭ ئاخىرقى سەھىپىسى ياكى مۇقاۋىسىدا شۇ كىتابنى نەشر قىلدۇرغان نەشرى ياكى تاجرى كىتابنىڭ قايسى شەھەرلەردە كىتاب دۇكانلىرى بارلىقى يېزىپ قويۇلغان). بىر نەچچە كىتاب سودىگەرلىرى تاشكەنتتە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا شەھەرلىرىدە بېسىلغان كىتابلارنى تاتارىستان، قىرىم، ئەزەربەيجان ھەمدە قەشقەر، تۈركىيە، ھىندىستان، ئافغانىستان، ئىران، ئەرەب مەملىكەتلىرىگە ئېلىپ بېرىپ تارقاتقان. ئۇلار ئۆز نۆۋىتىدە ئاشۇ

ئۆلكىلەردە بېسىلغان كىتابلارنىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا شەھەرلىرىگە ئېلىپ كەلگەن.

شۇنداق قىلىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا XIX ئەسىر ئاخىرى XX ئەسىر باشلىرىدا تاش باسما مەتبەئەلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن ئۆزبېك خەلقى تارىخىدا كىتابەت مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى بىر دەۋرى باشلاندى. تاشباسما ئۇسۇلىدا نەۋائىينىڭ شاھ ئەسەرلىرى «خەمسە» ۋە «خەزائىنۇل - مەئانىي»، «مەجالىسۇن - نەفائىس»، «مۇھاكەمەتۇل - لۇغەتەيىن»، «مەھبۇبۇل - قۇلۇب» قاتارلىقلار نەشىر قىلىندى. ئومۇمەن، تاشباسما كىتابلار ئارىسىدا نەۋائىي ئەسەرلىرى سالماقلىق ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بۇ يەنىلا ئەلشىر نەۋائىي ھەممە دەۋرلەرنىڭ بۈيۈك شائىرى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى خەلق چوڭقۇر چۈشىنىپ، غايەت زور قەدىرلىگەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. ئەينى زاماندا تاشباسمىدا بېسىلغان نەۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن بىر قاتار نەشىرلىرى نەۋائىي مىراسىنى ئۆگىنىشتە ئۆزىگە خاس ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىز تۆۋەندە ئەلشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنى تاشباسما ئۈچۈن كۆچۈرگەن خەتتاتلارنىڭ نامىنى تونۇشتۇرىمىز. بەزى خەتتاتلارنىڭ ھاياتى ۋە پائالىيىتى ھەققىدىكى مەلۇماتلار ئۈچۈن ئابدۇلقادىر مۇرادىينىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيا خەتتاتلىق سەنئىتى تارىخىدىن» (تاشكەنت، ئۆزبېكىستان «پەن» نەشرىياتى، 1971) ناملىق كىتابىغا مۇراجىئەت قىلىمىز.

......

شاھمۇراد ئىبنى شاھ نېئمەتۇللا (1850 — 1922) — XIX ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى ۋە XX ئەسىر باشلىرىدا تاشكەنت خەتتاتلىق مەكتىپىنى قۇرغان مەشھۇر خەتتات، خەتتاتلىقنىڭ خەت باسما ئۇسلۇبى ئاساسچىلىرىدىن بىرى. شاھمۇراد شاھ نېئمەتۇللا ئوغلى تاشكەنتتە باغۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ياش شاھمۇراد باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاتىسى ئۇنى زەنجىلىق مەھەللىسىدىكى داۋۇت خوجا كاتىپقا شاگىرتلىققا بېرىدۇ. خەتكە غايەت ئىستىدادلىق بولغان ياش كاتىپ شاھمۇراد تېز پۇرسەتتە نەسخ، نەستەئلىق، شىكەستە ئۇسلۇبىنى ئۆگىنىۋالىدۇ ۋە ئۆزى مۇستەقىل رەۋىشتە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كىتابەت قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە شاھمۇراد تۇقۇمىچىلارغا تىغ، تىرەك ياساپ بېرىش ھۈنىرىنىمۇ ئۆگىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، دەسلەپ كۆچۈرگەن قول يازمىلىرىغا ئۇ «تىغ بەند»، «شاھمۇراد تىغ بەندىي» دەپ ئىمزا قويغان. شاھمۇراد كاتىپ بىر ئاز مۇددەت كۆكەلداش مەدرىسىدە ئىلىم تەھسىل قىلدى. XIX ئەسىرنىڭ 80 - يىللىرىدىن تارتىپ تاشكەنتتە كەينى-كەينىدىن تاشباسما مەتبەئەلەر تەشكىل قىلىنىشى بىلەن شاھمۇراد كاتىپ تۈركىي تىلدىكى ۋە پارس - تاجىك تىلىدىكى كىتابلارنى كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. ئۇ ئەللىك يىللىق خەتتاتلىق پائالىيىتى داۋامىدا ئونلاپ كىتابلارنى تاشباسما ئۈچۈن كۆچۈرىدۇ. ئۇنىڭ قەلىمىدە ھاپىز شېرازىي، ئابدۇرەھمان جامىي، ئەلشىر نەۋائىي، مىرزا بېدىل، ئەمىرىي ۋە باشقىلارنىڭ ئەسەرلىرى چاپ قىلىنغان. شاھمۇراد كاتىپ ئۆز دەۋرىنىڭ شائىرلىرى، ئالىملىرى، سەنئەتكارلىرى، زىيالىلىرى ئارىسىدا كاتتا ئابرويى - ئىناۋەتكە سازاۋەر بولغان. ئۇنىڭغا ھەر قايسى شەھەرلەردىن مەكتۇپلار كېلىپ تۇرغان. جۈملىدىن،

قوقەنلىك شائىر مۇھىننىڭ شاھمۇراد كاتىپقا يازغان پارسچە مەكتۇبى ساقلىنىپ قالغان. ئاتاقلىق دېموكرات شائىر مۇقىمىي تاشكەنتكە كەلگەن سەپەرلىرىنىڭ بىرىدە شائىر كامىي ئارقىلىق شاھمۇراد كاتىپ بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولغان. شاھمۇراد كاتىپ نەسخ ۋە نەستەئلىق خېتىدە ئوندىن ئارتۇق ئىستېداتلىق شاگىرتلارنى يېتىشتۈرگەن. ئۇ نەۋائىي ئەسەرلىرىدىن تاشباسما ئۈچۈن تۆۋەندىكى نەشرلەرنى كۆچۈرگەن.

1) ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىي دىۋانلىرى (تەرمە دىۋان) نەشرى — رەھىمخوجا ئىشان ئىبن ئەلى خوجا ئىشان. تاشكەنت، لەختىن مەتبەئەسى، 1888 - (1306) يىل، 288 بەت.

2) ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىي نەۋۋارەللاھۇ مەرقەدەھۇ دىۋانلىرى (تەرمە دىۋان). تاشكەنت ئاكا - ئۇكا كامېنسكىيلار مەتبەئەسى، 1894 - (ھ. 1311) يىلى، 208 بەت.

3) چىھل ھەدىس (جامىي ۋە نەۋائىي قىتئەلىرى بىللە بېرىلگەن). تاشكەنت. ئاكا - ئۇكا كامېنسكىيلار مەتبەئەسى، 1894 - (ھ.1311) يىل، 24 بەت.

4) ئەمىر نەۋائىي (تەرمە دىۋان) نەشرى — غۇلام رەسۇل خوجا. تاشكەنت، ئىلىن مەتبەئەسى، 1900 - (ھ.1318) يىل، 158 بەت.

5) دىۋان (تەرمە دىۋان)، نەشرى — غۇلام رەسۇل خوجا. تاشكەنت، ئارىفجانوۋ مەتبەئەسى 1900 - (ھ.1318) يىل، 126 بەت.

6) «خەمسە» ئەمىر ئەلىشىر نەۋائىي. نەشرى — غۇلام رەسۇل خوجا تاشكەنت، پوروتسېۋ مەتبەئەسى، 1904 - (ھ.1322) يىلى، 512 بەت.*)...

1991 - يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەلىشىر نەۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن خەتتاتلار» ناملىق كىتابچىدىن قىسقارتىپ ئېلىندى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇقەييۇم خوجا

*)... نەۋائىي ئەسەرلىرىنى تاش باسما ئۈچۈن كۆچۈرگەن كاتىپ - خەتتاتلاردىن يەنە 20 نەپەرسىنىڭ ئىسمى، كۆچۈرگەن ئەسەرلىرى، نەشرى، نەشر قىلىنغان مەتبەئە ۋە ئورۇن قاتارلىقلار تونۇشتۇرۇلغان بايانلار قىسقارتىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر كوراگان ۋە ئۇنىڭ ئەسىرى توغرىسىدا

تۇرسۇن ھۇشۇر

تارىخچى مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر كوراگان 1499 - يىلى تۇغۇلۇپ، 1551 - يىلى 52 يېشىدا كەشمىردە بولغان بىر قوزغىلاڭدا ئۆلتۈرۈلگەن. بۇ زات چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ داۋامى بولغان دۇغلات خاندانىنىڭ كېيىنكى ئەمىرزادىلىرىدىن بىرى. ئانا تەرەپتىن چاغاتاي خانلىرىدىن يۇنۇسخاننىڭ نەۋرىسى ۋە بابۇر شاھنىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى. مىرزا دېگەن نام بابۇر شاھ تەرىپىدىن قويۇلغان. ئاتا تەرەپ بولسا موغۇل قەبىلىسىدىن بولغان دۇغلاتلارغا مەنسۇپ بولغاچقا، ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «دۇغلات» دېگەن ئىسىم قوشۇپ ئېيتىلغان.

مىرزا ھەيدەر دادىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن كابۇلغا قېچىشقا مەجبۇر بولدى (1509). ئۇنى بابۇر شاھ ئۆزىنىڭ ئوغلى قاتارىدا قوبۇل قىلدى. ئۇ، بابۇر شاھنىڭ بۇخارا، سەمەرقەندلەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرىغا قاتناشتى. 1512-يىلى بابۇر شاھنى تاشلاپ پەرغانىگە، موغۇل ھۆكۈمدارى سەئىدخاننىڭ يېنىغا باردى. سەئىدخان ئۇنىڭغا كوداگان ئۇنۋانىنى بەردى.

مىرزا ھەيدەر سەئىدخان ئېلىپ بارغان يۈرۈشلەرگە قاتنىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە قەشقەر، ياركەندكە كەلدى. سەئىدخان ئۆلۈپ، ئورنىغا ئابدۇرەشىدخان چىققاندىن كېيىن گەرچە ئارىلىرىدا ھېچقانداق زىددىيەت بولمىسىمۇ، يۇرتىنى تاشلاپ تىمۇرىلەر يېنىغا كەتتى. 1541 - يىلى كەشمىرنى ئالدى ۋە ئۇ يەردە ئۆز ئالدىغا بىر ھۆكۈمەت قۇردى.

مىرزا ھەيدەر تارىخنى كەشمىردە ھۆكۈمدار بولۇپ تۇرغان دەۋردە يازغان بولسىمۇ، ئەسىرىنىڭ ئىسمىنى ئابدۇرەشىدنىڭ نامىغا بېغىشلىدى. شۇنىڭ بىلەن كىتابنىڭ نامى «تارىخى رەشىدى» ئاتالدى. ئەسەر ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن بولۇپ، بىرىنچى قىسمى 1544 — 1547 - يىللىرى، ئىككىنچى قىسمى 1541 — 1544 - يىللىرى يېزىلغان. «تارىخى رەشىدى» نىڭ بىرىنچى قىسمى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ دەسلەپكى دەۋرى (مىلادى 1329، ھىجرى 730 - يىلى) دىن ئابدۇرەشىدخان زامانى (مىلادى 1545، ھىجرى 952 يىلى) غىچە بولغان چاغاتاي خاندانلىقىنىڭ موغۇل خانلىرى ياكى بۇ خانلىقنىڭ شەرق تارمىقىنىڭ ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق بىر دەۋرىنىڭ تارىخىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ. ئىككىنچى قىسمى بولسا ئاپتور خاندانىنىڭ ۋە ئۆزىنىڭ تارىخى،

چاغاتاي ھەم ئۆزبېك ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ۋە مۇھىم شەخسلەرىنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى، جۇغراپىيىگە ئائىت مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، كېيىنكى دەۋر تارىخچىلىرى ۋە جۇغراپىيەشۇناسلىرى XVI ئەسىرگە ئائىت ۋەقەلەرنى يېزىشتا بۇ ئەسەرنى مەنبە قىلىپ پايدىلىنىشاتتى. چۈنكى مىرزا ھەيدەر مەيلى تارىخىي ھېكايىلار بولسۇن، مەيلى بۇلارغا قوشۇمچە قىلىنغان جۇغراپىيىۋى بۆلۈملىرى بولسۇن، زامانىسىنىڭ ئەھۋالىنى ئىنتايىن ياخشى سۈرەتلەپ بەرگەندى.

بۇ ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمى 180 بەت، ئىككىنچى قىسمى 498 بەت. جەمئىي 678 بەت.

ئەسەرنىڭ تىلى ۋە نۇسخىلىرى: «تارىخىي رەشىدى» ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىدىكى تۈركىي ۋە موڭغۇلچە سۆز-ئىبارىلەر كۆپ ئارىلىشىپ كەتكەن پارسچە تىل بىلەن يېزىلغان. ئۇ زامانلاردا ئىلىم ئەھلىلىرى ئەسەرلىرىنى كۆپرەك ئەرەبچە، پارسچە يېزىشقانلىقلىرى ئۈچۈن، بۇ ئەسەرمۇ دەۋر مودىسى بويىچە پارسچە يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن.

ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ۋە تۈرلۈك تىللارغا قىلىنغان تەرجىملىرى ئەپسۇسكى شەرت-شارائىت تۈپەيلى بېسىلماي قالغان. شۇڭلاشقا ئەسلى نۇسخىسىدىن كۆپەيتىلگەن كۆچۈرمىلەر ياكى تەرجىمە نۇسخىسىنىڭ كۆچۈرمىلىرى ئوتتۇرا ئاسىيا مەملىكەتلىرىدە كەمدىن-كەم تېپىلىدۇ. كەشمىر دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىپ كېلىۋاتقان، ئاپتورنىڭ قولىيازما ئورىگىنال نۇسخىسى بەختكە قارشى 1948-يىلى كەشمىر ھادىسىسىدە يوقىلىپ كەتكەن. كىتابنىڭ ئىككىنچى قىسمى بولسا، كابۇل مائارىپ مىنىستىرلىكى كۇتۇپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇنىڭدىن باشقا «تارىخىي رەشىدى» نىڭ نۇسخىلىرى بەزى ياۋروپا ۋە ئاسىيا مەملىكەتلىرىدە ھازىرمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ. بىرىتانىيە مۇزېيىدا ئۈچ نۇسخىسى بار. شۇنىڭدەك پروفېسسور كوۋېلىنىڭ قولىدا بىر نۇسخا، باشقا شەخسلەرنىڭ قولىدا ئۈچ نۇسخا ساقلىنىۋاتىدۇ. بىرىتانىيە مۇزېيىدىكى نۇسخىلاردىن بىرى پايدىلانغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە بولۇپ، باشقا نۇسخىلىرىنىڭمۇ كەم يەرلىرى تولا. ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسى مەشھۇر شەرقشۇناس دېنىسون روسى تەرىپىدىن تېپىلغان نۇسخا بولۇپ، ھازىر بىرىتانىيە مۇزېيىنىڭ 24090-نومۇرلۇق كاتالوگىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخا ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخىنىڭ قاچان، قەيەردە، كىم تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. يالغۇزلا كىتابنىڭ باش تەرىپىدىكى بوش بېتىگە بۇ نۇسخىنىڭ ھىجرىيە 1145-يىلى مىرزا مۇھەممەد مۇئتەمەدخان ئىسىملىك بىر زاتنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى ھەققىدىكى مەلۇماتلا بار. بۇنىڭغا قارىغاندا مەزكۇر نۇسخىنىڭ مىلادى 1732-يىلىدىن بۇرۇن كۆچۈرۈلگەنلىكى مەلۇم. نۇسخىدىكى ئۇيغۇرچە سۆز-ئىبارىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكىنىڭ خاتا يېزىلغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇيغۇرچىنى ياخشى بىلمەيدىغان بىر كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. كىتاب بەتلىرىنىڭ كۆپ جايلىرى نەملىك تۈپەيلى ئۆچۈپ كەتكەن.

www.uyghurkitap.com



ئەسەرنىڭ باشقا تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشى:

1. مەلۇماتلاردا كۆرسىتىلىشىچە مىرزا ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» كىتابىنى دەسلەپتە پارسچە يازغان، كېيىن بۇ ئەسەرنى شەخسەن ئۆزى چاغاتاي يېزىقىدا ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان. شۇنداق بولغاندا، بۇنى مۇشۇ كىتابنىڭ پارسچە نۇسخىسىدىن باشقا، ئەڭ دەسلەپتە باشقا تىللارغا قىلىنغان نۇسخىسى دېيىشكە بولىدۇ. ئەپسۇس، بۇ نۇسخا بىزگىچە يېتىپ كېلەلمىدى.

2. «تارىخىي رەشىدى» مىرزا ھەيدەرنىڭ يۇرتداشلىرى ئارىسىدا ئۇيغۇرچىغا ئىككى قېتىم تەرجىمە قىلىنغان. بىراق قاچان، كىم تەرىپىدىن قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلمىگەن. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ نۇسخىنى مىرزا ھەيدەر ئۆزى ئۇيغۇرچىلاشتۇرغان نۇسخىسىدىن قالسا، بىرقەدەر قەدىمىرەك نۇسخا دېيىشكە بولىدۇ.

3. روسىيەدە ۋېلىيامىنوۋ - زېرنوۋ ۋە سالەمانىلار تەرىپىدىن، بۇ كىتابنىڭ بىر مۇنچە قىسىملىرى نەشر قىلىنغان. بىراق، بۇنىڭ قاچان، قايسى تىلدا نەشر قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلمىگەن.

4. «تارىخىي رەشىدى» ن. ئېلىياس تەرىپىدىنمۇ ياخشىلاپ نەشر قىلىنغان. بىراق، بۇنىڭ قاچان، قايسى تىلدا نەشر قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلمىگەن.

5. «تارىخىي رەشىدى» نى XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا موللا نىياز پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلدى ۋە ئۇزۇن بىر قوشۇمچە يازدى. ئەپسۇس، بۇ نۇسخا نەشر شارائىتىغا ئىگە بولالمىدى.

6. «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىلىرى ئىچىدە ئەڭ ئىشەنچلىك نۇسخا بىبلىكان سوكېتى (Biblikan socity) دە ساقلانغان نۇسخا ھېسابلىنىدۇ. بۇ نۇسخىنىڭ ياردىمى بىلەن باشقا نۇسخىلاردىكى ئۇقۇلمىغان يەرلەر، خاتالىقلار ۋە ئىملادىكى سەۋەنلىكلەر، يەر ۋە ئايماقلار ئىسىملىرىنى توغرىلاش مۇمكىن بولدى.

«تارىخىي رەشىدى» نىڭ بۇ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىنى قىلغان كىشى ناھايىتى ئۆتكۈر، ئەينى ۋاقىتتا كىتابىتا تىلغا ئېلىنغان مەملىكەتلەرنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىغان بىر كىشى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرىدۇ. چۈنكى تەرجىمان ئەسەرنى مۇھاكىمە ۋە تەتقىق قىلىپ تەرجىمە قىلغان. ئۇ ئورغۇن ئىبارە ۋە جۈملىلەرگە چۈشەنچە يازغان، ئاپتورنىڭ مەقسىتىنى شۇنچىلىك ئېنىق قىلىپ بەرگەنكى، ئۇيغۇرچە خاس ئىسىملارنى ھېچقانداق بىر ئاسىيالىق تەرجىمان ئاسىيالىق ۋە غەربلىك كىتابخانلارغا بۇنچىلىك گۈزەل ۋە ساددا بىر ئۇسلۇبتا ئىپادىلەپ بېرەلمىگەن بولاتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى تەرجىماننىڭ كىم ئىكەنلىكى نامەلۇم. پەقەت ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا: «مەن بۇ تەرجىمىنى خوتەن شەھىرىدە ھىجرىنىڭ 1263 (مىلادى 1845) - يىلى 22 - جامادىئۇل سانى كۈنى پۈتكۈزدۈم» دېيىلگەن.

7. «تارىخىي رەشىدى» نى ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىش تەشەببۇسىنى بۇنىڭدىن بىر يېرىم ئەسىر بۇرۇن مەرھۇم ئەسكرىنە (Eskrine) ئوتتۇرىغا قويغانىدى.

ئەسكەرىنە بىرىتانىيە مۇزېيىنىڭ ئىلمىي خادىملىرىدىن بولۇپ، پېنسىيىگە چىققىنىدىن كېيىن، بىر يىلدىن ئارتۇقراق ئەمگەك سەرپ قىلىپ، «تارىخىي رەشىدى» نىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 221 بەتلىك تەرجىمىسىنى مىلادى 1841 - يىلى 4 - يانۋاردا تاماملىغانىدى. ئەسكەرىنەنىڭ بۇ تەرجىمىسى نەشىر قىلىنمىدى، ئەسەر مۇزېي قوليازمىلار بۆلۈمىدىلا قېپقېلىپ، كۆپ كىشىلەر بۇنىڭدىن خەۋەرسىز قالدى.

ئەسكەرىنەنىڭ ئەمگىكى قىممەتلىك بىر ھۆججەت بولسىمۇ، لېكىن «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئەينەن تەرجىمىسى ئەمەس. ئاپتور بۇ ئەمگىكى نەشىر قىلىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى 1854 - يىلى يازغان «موغۇل دەۋرىدىكى ھىندىستان تارىخى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 1 - ۋە 2 - تومлиرىغا تەييارلىغان ماتېرىياللىرىدىن بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى ئەسكەرىنەنىڭ تەرجىمىسىدە بىرىنچىدىن «تارىخىي رەشىدى» نىڭ موغۇل خانلىرىغا دائىر قىسمى ئەينەن تەرجىمە قىلىنغان؛ ئىككىنچىدىن ئەسكەرىنە تارىخنىڭ كۆپ يەرلىرىدە «تارىخىي رەشىدى» نى تىلغا ئالغان ۋە ئۇرغۇلانغان يەرلىرىدە «تارىخىي رەشىدى»نىڭ تەرجىمىسىدىن ئەينەن نەقىل كەلتۈرگەن. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئەسكەرىنەنىڭ تارىخىنى مىرزا ھەيدەر رىۋايەتلىرىنىڭ خۇلاسىسى دېيىش مۇمكىن.

8. ئەسكەرىنەدىن باشقا «تارىخىي رەشىدى» نىڭ پارسچە ئورىگىنالىدىن كەڭ كۆلەمدە پايدىلانغان كىشى ئىنگلىز ئاپتورلىرىدىن مەرھۇم دوكتور ۋ. ھ. بىللوۋ بولدى. بۇ كىشى 1872 - يىلى سىر. د. فوسىسنىڭ قەشقەر سەپىرىگە قاتناشقان. فوسىس ھەيئىتى دوكلاتىنىڭ شىنجاڭ تارىخىغا دائىر قىسمىنىڭ كۆپى «تارىخىي رەشىدى» دىن ئېلىنغان. لېكىن دوكتور بىللوو «تارىخىي رەشىدى»نىڭ ئۆز خىزمىتىگە دائىر قىسمىنىلا تەرجىمە قىلىپ، تەتقىق قىلغان. شۇڭلاشقا دوكتور بىللوونىڭ بۇ ئەسىرىنى «تارىخىي رەشىدى» نىڭ خۇلاسىسىنىڭ خۇلاسىسى دېيىش مۇمكىن.

دوكتور بىللوو ئەسەردە تىلغا ئېلىنغان رايونلارغا بېرىپ، يەرلىك خەلق بىلەن ئۇچرىشىپ، ئەمەلىي تەتقىقات ئېلىپ بارغاچقا، يەر ۋە جۇغراپىيىلىك ئىسىملار ھەققىدە ناھايىتى توغرا ۋە قىممەتلىك مەلۇمات بېرىدۇ.

9. قەشقەردە خىزمەت قىلغان ر. ب. شاۋ (R·B ·SHAO) «تارىخىي رەشىدى» نىڭ بىر نەچچە بابىنى تەرجىمە قىلىپ، 1876 - يىلى «جۇغراپىيە جەمئىيىتىنىڭ مەجمۇئەسى» دە نەشىر قىلدۇردى. بۇ بابلار شىنجاڭ تارىخىغا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى شىنجاڭ ۋە ئۇنىڭ جەنۇبى، شەرقىي جەنۇبىدىكى قوشنىلىرىنىڭ جۇغراپىيىسىگە ئائىت مەلۇماتلاردىن ئىبارەت ئىدى. بۇلار مىرزا ھەيدەر ئەسىرىنىڭ قىسمەن تەرجىمىسى ۋە ر. ب. شاۋنىڭ بۇ تېمىغا دائىر زامانىۋى بىلىملەر بىلەن يەرلىك ئاھالىدىن ئېلىنغان مەلۇمات ۋە چۈشەنچىلەردىن ئىبارەت.

10. ئىنگلىز ئالىملىرىدىن ئېللىئو (Ellio) نىڭ «ئۆز ياراتقۇچىلىرى تىلىدىن ھىندىستان تارىخى» ناملىق ئەسىرىگىمۇ «تارىخىي رەشىدى» نىڭ بىر قىسمى نەقىل قىلىپ ئېلىنغان. ئېللىئو بۇ نەقىلنى بىۋاسىتە «تارىخىي رەشىدى» دىن ياكى ئاسىيالىق ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئالغانلىقى كۆرسىتىلمەي تۇرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



11. روسىيە ئالىملىرىدىن پروفېسسور گرىگورىيېۋ، رىتتېرلىڭ «ئەردكۇندى» ناملىق ئەسىرىنىڭ رۇسچىسىنى تەييارلاشتا «تارىخىي رەشىدى» دىن پايدىلانغان. شۇنىڭدەك باشقا رۇس شەرقشۇناسلىرىمۇ «تارىخىي رەشىدى» نىڭ ئۆزلىرىگە كېرەكلىك قىسىملىرىنى رۇسچىغا تەرجىمە قىلىشقانىدى.

12. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بۇ ئەسەر ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىر نۇسخىسى شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

13. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئىنستىتۇتى ئۆزلىرىدە ساقلىنىۋاتقان ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى «ئوتتۇرا ئاسىيا موغۇل تارىخى» دېگەن نام بىلەن خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ 1983 - يىلى نەشرگە تەييارلىدى. بىرىنچى قىسمى ئىنگلىزچىغا ۋە خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىش، نەشىر قىلىش توغرىسىدىكى كىرىش سۆزلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 1985 - يىلى 377 بەتلىك قىلىپ بېسىلدى. ئىككىنچى قىسمى كىرىش سۆز، ئىلاۋە، ئىندېكسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، 1986 - يىلى 840 بەتلىك قىلىپ بېسىلدى. ئەپسۇسلىنارلىقى بۇ كىتاب هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە ۋە نەشر قىلىنمىدى.

مىرزا ھەيدەر دۆلەت ئەربابى، تارىخچى بولۇپلا قالماي بەلكى تالانتلىق شائىر ئىدى، بۇ ھەقتە ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىدە مۇنداق مەلۇمات بار: «ھەيدەر مىرزىنىڭ بۇنىڭدىن باشقا چاغاتاي تۈركچىسى بىلەن نەزمە شەكلىدە يازغان ‹جاھاننامە› ناملىق ئەسىرى بولۇپ، بىر ھىندى ھېكايىسىنىڭ پۈتۈنلەي ئۇيغۇرلار مۇھىتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن راۋان ئاداپتاسىيون (غەيرىي بىر تىلدا يېزىلغان ئەدەبىي ئەسەرنى يەرلىك ئۇسۇلغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىپ تەرجىمە قىلىش) دىن ئىبارەت 125 بەتلىك بۇ ئەسەرنىڭ بىر قول يازما نۇسخىسى پروسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. مۇئەللىپنىڭ ناھايىتى قابىلىيەتلىك بىر شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان بۇ ئەسەرنىڭ خاتىمىسى 1533 - يىلى 11 - ئايدا يېزىلغان بولسىمۇ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قەشقەر ھۆكۈمدارى سەئىدخان بىلەن بىرلىكتە، 1528 - يىلى قىشتا ناھايىتى ناچار شارائىتتا تىبەت ۋە بەدەخشان سەپەرلىرىدە بولۇۋاتقان چاغدا، قارلار ئارىسىدا بەدەخشاننىڭ قەلئەئى زەپەر قەلئەسىدە قامىلىپ قالغان ۋاقىتتا يېزىلغانىدى.»①

مەن ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسىدىكى بۇ مەلۇماتنى كۆرگەندىن كېيىن بىزدە ھازىرچە ئېلان قىلىنغان «جاھاننامە» ناملىق داستاندىن ئىككىسى ئېسىمگە چۈشتى. بۇنىڭ بىرى «بۇلاق» مەجمۇئەسىنىڭ ئومۇمىي 9 - سانى (1983 - يىلى) دا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، توختى ئابىخان، ئابلىمىت ھاجى يولداشلار تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلانغان ۋە ئاپتورى «ئايازبېك قۇشچى» دېيىلگەن. يەنە بىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985 - يىلى كىتابچە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان بولۇپ، يولداش ئابدۇشۈكۈر تۇردى نەشرگە

① «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى» 5 - توم 1 - قىسمى 388 - بەت.

تەييارلىغان ۋە ئاپتورىنى «ئاياز شىكەستە» دېگەن. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىزدە ئېلان قىلىنغان بۇ ئىككى نۇسخىنى سېلىشتۇرۇپ چىقتىم. «بۇلاق» مەجمۇئەسىدە ئېلان قىلىنغان «جاھاننانە» داستانى 2650 مىسرا (1325 بېيىت)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن كىتاب قىلىنىپ ئېلان قىلىنغان «جاھاننامە» داستانى 2658 مىسرا (1329 بېيىت) بولۇپ، ئوتتۇرىدا پەقەت سەككىز مىسرا (تۆت بېيىت) پەرق بار. كېيىن ئۇقۇشسام بۇ ئىككى نۇسخا نەشرى داستاننىڭ بىر قول يازما نۇسخىسىغا ئاساسەن نەشرگە تەييارلانغان بولۇپ، بۇ قول يازما ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە ساقلىنىۋېتىپتۇ. داستاننىڭ يېزىلغان دەۋرى ۋە نېمە ئۈچۈن بۇ ئەسەرگە «جاھاننامە» دەپ ئات قويغانلىقىغا كەلسەك، داستاننىڭ ئۆزىدە:

يىل ئات ئېردى ماچىن تارىخىدا،
رەجەپ ئاي فەرخۇندە تارىخىدا.
تۈگەتتىم جەھان مىھنەتۇ غۇسسەسىن،
قىلىپ نەزم بىر داستان قىسسەسىن.
جەھاننامە قويدۇم ئانىڭ ئاتىنى،
دېدىم چۇن ئانىڭ ھالۇ ھالاتىنى. ①

دېگەن مەلۇمات بار. بۇ ھەقتە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن كىتاب قىلىپ نەشر قىلىنغان «جاھاننامە» داستانىنىڭ كىرىش سۆزىدە مۇنداق دېيىلگەن: «بۇ ئۇرۇندىكى «فرخندە ـ فەرخۇندە» سۆزى ئەبجەد ھېسابىدا ھىجرىيە 939 ـ يىلى (مىلادىيە 1532 ـ يىلى) غا توغرا كېلىدۇ. ئاپتورنىڭ ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىگە ئالاقىدار بايان قىلىنغان ۋەقەلەرنىڭ ئەينى زاماندىكى تارىخىي پاكىتلارغا ئۇيغۇنلىقىمۇ ئەسەرنىڭ دەل ئاشۇ يىللاردا يېزىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ».①

دېمەك، بۇ مەلۇماتتىن داستاننىڭ يېزىلغان ۋاقتىنى ئېنىقلىۋېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى. تۆۋەندە بىز بۇ داستان ئاپتورىنىڭ كىملىكى ھەققىدە ئىزدىنىپ كۆرەيلى. بۇنى باشقا جايدىن ئەمەس، دەل مۇشۇ داستاننى نەشرگە تەييارلىغۇچىلارنىڭ داستان ھەققىدە يازغان كىرىش سۆزلىرىدىن ئىزدەيمىز.

يولداش ئابدۇشۇكۇر تۇردى يازغان كىرىش سۆزىدە مۇنداق بىر تارىخىي ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ: «ئاپتور ئۆز يىگىتلىك ۋاقىتلىرىنىڭ بىر ۋىلايەتتە ئۆتكەنلىكى، ئۇ يەر ئاپتور ئۈچۈن بىر ۋەتەندەك بولۇپ قالغانلىقى (دېمەك، ئۇ يەر ئاپتورنىڭ ۋەتىنى ئەمەس)، مەزكۇر جايدىكى مەلۇم ۋەيرانچىلىقلاردىن كېيىن، ئاتىدىن ـ ئاتىغا خان بولۇپ كەلگەن بىر ھۆكۈمدارنىڭ خىزمىتىگە كىرگەنلىكى، بەلكى ئۇنىڭ «قەدىمىي

---

① «بۇلاق» مەجمۇئەسى ئومۇمىي 9 ـ سان 143 ـ بەت. «جاھاننامە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 108 ـ بەت.

①«جاھاننامە». شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 4 ـ بەت (كىرىش سۆز قىسمى).

www.uyghurkitap.com



قۇلى» ئىكەنلىكى توغرىسىدا سۆزلەيدۇ. كەينىدىنلا ئۇ خانىنىڭ ئەنجاننى ئالغانلىقى ۋە ئابابەكرى قولىدىن قەشقەرنىمۇ... ئالغانلىقىنى بايان قىلىدۇ». بۇمەلۇماتلار شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋاقىئەلەر، يەنى 1510 - يىلى سەئىدخانىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى بابۇرنىڭ قېشىغا كابۇلغا كەتكەنلىكى، 1512 - يىل قەشقەرنى خوتەن ھۆكۈمدارى ئابابەكرىدىن تارتىۋالغانلىقى توغرىسىدىكى مەلۇماتلارنىڭ ئەينى ئۆزىدۇر. يۇقىرىقى سېلىشتۇرمىدىن ئاياز شىكەستىنىڭ 1510 - يىللار ئەتراپىدا ئەنجاندا مۇساپىر بولۇپ تۇرغانلىقى، 1512 - يىلىدىن كېيىن سەئىدخانىنىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، 1514 - يىلى قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى ھەمدە «بىر ئۆكسۈك 19 — 20 يىل (بۇنى سەئىدخانىنىڭ خىزمىتىگە كىرگەن ۋاقتىتىن ھېسابلىغاندەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ)» ئۆتۈپ، سەئىدخان تاپشۇرغان ۋەزىپە بىلەن ئوتتۇرا ئاسىياغا يەنى بەدەخشانغا بارغانلىقى، ئەنەشۇيەردە «جاھاننامە» داستانىنى يازغانلىقىنى ئېنىقلاشقا بولىدۇ».①

توختى ئابىخان، ئابلىمىت ھاجى يولداشلار «جاھاننامە» نى نەشرگە تەييارلاش توغرىسىدا يېزىلغان كىرىش سۆزىدە يەنە يۇقىرىدىكى تارىخ ۋەقەلىكنى بايان قىلىدۇ.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتۈلگەن ھەر ئىككى داستانىنىڭ كىرىش سۆزىدىن ئېلىنغان مەزمۇنلارغا دىققەت بىلەن قارايدىغان بولساق، گەرچە بۇ ئىككى نۇسخىدا مەزمۇنلارنىڭ بايان قىلىنىش ئۇسۇلى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ھەر ئىككىلا كىرىش سۆز شىنجاڭ تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدىغان تارىخىي شەخس سۇلتان سەئىدخان ۋە ئۇنىڭ پائالىيەتلىرى تەكىتلەنگەن بولۇپ، بۇنى ھەرگىزمۇ تاسادىپىي ئوخشاشلىق دېگىلى بولمايدۇ ئەلۋەتتە. بۇلار «جاھاننەمە» داستانىدىكى بەزىبىر يىپ ئۇچلىرىغا ئاساسەن، شىنجاڭ تارىخىدا بولۇپ ئۆتكەن راست ۋەقەلىكلەرگە باغلاپ تۇرۇپ تەتقىق قىلىنىپ چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈنلەر ئىدى.

بۇ يەردە بىز ئېنىقلىۋالماقچى بولغان مۇھىم نۇقتا «جاھاننامە» داستانىنىڭ ئاپتورى زادى كىم؟ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن يەنە داستان ئاپتورىنىڭ ئۆزى تەرىپىدىن يېزىلغان ئەسەر ئىچىدىكى بەزى ئېنىقسىز بولغان يىپ ئۇچلىرىغا، ئاندىن كېيىن باشقا ماتېرىياللاردا مۇشۇ ھەقتە يېزىلغان مەلۇماتلارغا تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئالدى بىلەن داستانىنىڭ ئۆزىدىن ئىزدىنىپ كۆرەيلى، داستاندا:

بولۇپ لۇتفۇ ئېھسانىدىن سەرەفراز،
بولۇپ ئىردى مەھمۇد يەكلىغ ئاياز.①

دېگەن مىسرالار ئۇچرايدۇ. بۇ ھەقتە «تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى» دە مۇنداق دېيىلگەن: «ھەيدەر مىرزا (ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد ھەيدەر؛ 1499 - 1551)②». بۇلاردىن داستان ئاپتورىنىڭ ئىسمىنى «ئايازبېك قوشچى» ياكى «ئاياز شىكەستە» ئەمەسلىكىنى«ئاياز» ياكى «ئاياز شىكەستە» دېگەن سۆزلەر پەقەت ئۇنىڭ تەخەللۇسى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

① «جاھاننامە» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 5 — بەت

② جاھاننامە» «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى 6 — بەت.

③ تۈرك ئىنسىكلوپېدىيىسى 19 توم «ھەيدەر مىرزا» ماددىسىدىن. (داۋامى ئىسلام ئىنسىكلوپېدىيىسىدىكى مەزمۇن بىلەن ئاساسەن ئوخشاش بولغانلىقى ئۈچۈن ئالدۇرۇلدى).

بىز «تۈرك ئېنسىكلوپېدىيىسى» ۋە «ئىسلام ئېنسىكلوپېدىيىسى»دىكى مەلۇماتلار بىلەن «بۇلاق» مەجمۇئەسى ئومۇمىي 9 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «جاھاننامە» داستانى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن كىتاب قىلىپ چىقىرىلغان «جاھاننامە» داستانىنىڭ نەشرگە تەييارلىغۇچىلار تەرىپىدىن يېزىلغان كىرىش سۆز، تەھلىللىرىنى بىرمۇ بىر سېلىشتۇرۇپ كۆرىدىغان بولساق، بۇلاردا تۆۋەندىكىدەك ئوخشاشلىقلارنىڭ بارلىقىنى كۆرىمىز.

1 - يىل دەۋرى ۋە تارىخىي ۋەقەلەر جەھەتتىكى ئوخشاشلىق.

2 - داستان ئاپتورى بىلەن مىرزا ھەيدەرنىڭ سۇلتان سەئىدخان خىزمىتىگە كىرگەنلىكى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق.

3. بەدەخشان ۋە تىبەت يۈرۈشى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق.

4. داستاننىڭ يېزىلغان دەۋرى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق.

5. داستان ئاپتورى بىلەن مىرزا ھەيدەرنىڭ يۇرتى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق.

6. داستانىڭ يېزىلغان ئورنى جەھەتتىكى ئوخشاشلىق.

ئەسلىدە يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئوخشاشلىقلارنى، مەنبەلەر بويىچە كىتابخانىلارغا بىرمۇ بىر كۆرسىتىپ ئۆتسەك ناھايىتى ياخشى بولغان بولاتتى. لېكىن تېمىمىزغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ئەينەن نەقىل كەلتۈرۈلۈپ ئېلىنغاچقا، يەنە تەكرار سېلىشتۇرۇشنى خوپ كۆرمىدىم. زۆرۈر تېپىلغاندا كىتابخانىلىرىمىزنىڭ ئۆزلىرى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ئالار.

دېمەك يۇقىرىدىكى پاكىتلاردىن مىرزا ھەيدەر مۇھەممەدنى «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابىدىن باشقا «جاھاننامە» ناملىق داستانمۇ يازغان دەپ مۇقىملاشتۇرۇشقا تولۇق ئاساسلىقمىز. يېقىندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا «جاھاننامە» نىڭ يەنە بىر قول يازما نۇسخىسى بارلىقى بايقالدى. شۇنداق بولغاندا «جاھاننامە» داستانىنىڭ ھازىرچە ئىلىم ساھەسىگە مەلۇم بولغان ئۈچ خىل نۇسخىسى بار دېيىشكە بولىدۇ. بۇ نۇسخىلار — پرۇسسىيە دۆلەت كۇتۇپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان 125 بەتلىك نۇسخىسى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ماتېرىيال بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىنىڭ قول يازمىلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان قول يازما نۇسخىسى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

«جاھاننامە» ناملىق داستان بىلەن «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابنىڭ يېزىلغان يىل دەۋرىگە كەلسەك، بۇ ھەقتە بېرىلگەن مەلۇماتلاردىن «جاھاننامە» داستانىنىڭ مىلادى 1528 - يىلى يېزىلىشقا باشلاپ، 1533 - يىلى خاتىمىسى يېزىلغانلىقىنى، «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابنىڭ بولسا، ئىككىنچى قىسمى مىلادى 1541 — 1544 - يىللىرى، بىرىنچى قىسمى مىلادى 1544 — 1547 - يىللىرى يېزىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. شۇنداق بولغاندا مىرزا ھەيدەر «تارىخىي رەشىدى» نى يېزىشقا كىرىشىشتىن ئىلگىرى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. شۇنداق ئىكەن، مىرزا ھەيدەر «جاھاننامە» داستانى بىلەن «تارىخىي رەشىدى» ناملىق كىتابىدىن باشقا يەنە ئىجادىي ئەسەرلەرنى ياراتقان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھەقتە يەنىمۇ ئىنچىكىلىك بىلەن تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىن

## خېمىرخان

(چۆچەك)

ناھايىتى ئۇزاق زامانلار ئىلگىرى ئەدھەم ئاتلىق جاھان كەزدى بىر سوداگەر ئۆتكەنىكەن. بۇ ئادەم نېمە ئۈچۈندۇر خوتۇن ئالسىلا ئۇزۇن ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىدىكەن. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ كەينى-كەينىدىن ئالغان قىرىق خوتۇنىنىڭ ھەممىسىلا ئۆلۈپ كېتىپتۇ. كىشىلەر بۇ سىرلىق ئادەمگە «ئىككىنچى ئەزرائىل» دەپ لەقەم قويۇشۇپتۇ. بىراق ئەدھەم بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدىكەن. شۇندىن بېرى يۇرتتىكى كىشىلەر ئەدھەمگە قىزىنى بېرىشكە ئۇنىماپتۇ. ئەمما ئەدھەم ئۆيلىنىش نىيىتىدىن زادىلا يانماپتۇ. ئۇ ئۇيان-بۇيان قاتراپ يۈرۈپ يۇرتتا كىملەرنىڭ قىزىنىڭ بالاغەتكە يەتكەن-يەتمىگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن تىڭ-تىڭلاپ يۈرۈپتۇ. ھەم «كىمكى قىزىنى ماڭا بەرسە، مال-دۇنيارىمنىڭ يېرىمىنى بېرىمەن» دەپ جار ساپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەدھەم بىر دەللالنىڭ ئاشكارىلاپ قويۇشى بىلەن شۇ يۇرتتىكى نامرات بىر كىشىنىڭ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس ماھىن بانۇم ئىسىملىك بىر قىزىنىڭ بارلىقىنى بىلىپ قاپتۇ. دەرۋەقە پەرىزات سۈپەت بۇ قىز جاھاندىكى بارچە گۈللەرنىڭ سەردارى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ئەقىل-پاراسەتتىمۇ كامالەتكە يەتكەن دانىشمەن ئىكەن.

ئەدھەم قىزنىڭ ھەر جەھەتتىكى ياخشى تەرىپىنى ئاڭلاپ بەكلا قىزىقىپ كېتىپتۇ ھەم شۇ ھامان نۇرغۇن سوۋغا-سالام، نەرسە-كېرەكلەر بىلەن قىزنىڭ ئائىلىسىگە ئەلچىلەرنى كىرگۈزۈپتۇ. قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى بارى يوق بىر تال قىزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ئەدھەمگە بېرىشنى رەت قىلىپتۇ ھەم ئەلچىلەر ئېلىپ كەلگەن نەرسە-كېرەكلەرنى قايتۇرۇۋېتىپتۇ. ئەدھەم بۇ دانىشمەن قىزدىن ئۈمىدىنى ئۈزەلمەي «مەرتەم-مەرتەم ئۈچ مەرتەم» دەپ يەنە ئەلچى كىرگۈزۈپتۇ. بىراق قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئىرادىسىدىن قىلچىمۇ بوشاشماي قىزىنى بەرمەسلىكتە چىڭ تۇرۇۋېتىپتۇ. ئەپسۇسكى

ماھىن بانۇم ئويلىمىغان يەردىن ئەدھەمگە تېگىشكە ماقۇل بوپتۇ ھەمدە ئاتا - ئانىسىنىڭ بۇ ئىشقا قوشۇلۇپ ئىجازەت بېرىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

— جېنىم بالام، — دەپتۇ ماھىن بانۇمنىڭ ئانىسى كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ،— بىزگە مال - دۇنيا كېرەك ئەمەس، بالا كېرەك. ئەدھەم قىردىق خوتۇن ئالغان بولسىمۇ بىرەرسىمۇ ھايات قالغىنى يوق. ئۇ خوتۇن ئالسىلا ئۆلىدۇ، ئالسىلا ئۆلىدۇ. بۇنىڭ سىرىنى بىر تەڭرىدىن باشقا ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. مال - دۇنيانى دەپ بىز سەندىن ئايرىلىپ قالساق، بۇ دۇنيا بىزگە ھارام بولىدۇ. بۇ نىيىتىڭدىن يانغىن بالام، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

— جېنىم ئانا، بۇ ئىشقا ھەرگىزمۇ بىھۇدە ياش تۆكمەڭ، مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىمەن، — دەپتۇ قىز، — مېنىڭ ئەدھەمگە تېگىمەن دېيىشىمدىكى مەقسەت ئۇنىڭ مال - دۇنياسىغا قىزىقىپ ۋاتقانلىقىمدىن ئەمەس، مەن پەقەت، ئۇنىڭ ئالغان قىرىق خوتۇنىنىڭ نېمە سەۋەبتىن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ سىرىنى بىلمەكچىمەن. جېنىم ئانا، سىلەر مېنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار، ھەرگىزمۇ قايغۇرماڭلار، مەن ئەقىل - پاراسىتىم ئارقىلىق چوقۇم ئامان - ئېسەن قالىدىغانلىقىمغا ئىشىنىمەن.

ماھىن بانۇم ئاتا - ئانىسىنى ئاخىر قايىل قىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئەدھەم يۇرتقا كاتتا توي قىلىپ بېرىپ، ماھىن بانۇمنى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ. كۆڭلىدىنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئەدھەم دائىملىق ئادىتى بويىچە، ئايالىنىڭ توققۇزىنى تەل قىلىپ بېرىپ، ئىككى ئايدىن كېيىن سودىگەرچىلىك بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ماھىن بانۇم بۇ كاتتا سارايىنىڭ ئىچىدە ئۆزى يالغۇز قاپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ھەپتىلەر ئۆتۈپتۇ. ئۇ بارا - بارا بۇ ھەشەمەتلىك كاتتا تۇرمۇشنى زېرىكىشلىك ھېس قىلىپتۇ. يېگىلى ئېغىز يوق، تۇرۇپ كەتكەن نازۇ - نېمەتلەرمۇ، كىيىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان ساندۇق - ساندۇق كىيىم - كېچەك، زىبۇ - زىننەتلەرمۇ كۆزىگە قىلچە چېلىقماپتۇ. مۈگدەشىدىغان ئادەم تۇغۇل، ئىنىسى - جىنى يوق بۇ ئۆيلەردىن قورققۇسى كېلىپ، بارغانسېرى روھىي ئازاب تارتىشقا باشلاپتۇ. كۈندىن - كۈنگە ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ، چىرايى سارغىيىشقا باشلاپتۇ.

ماھىن بانۇم بىر كۈنى «يالغۇز ئۆي ئادەمنى يەپ قويىدۇ» دېگەن بىر گەپ بار. ئەگەر مەن بۇنىڭغا ئامال قىلمىسام مېنىڭ تەقدىرىممۇ يۇقىرىقى قىرىق خوتۇننىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش نەتىجىدە ئاخىرلىشىدۇ، دەپ ئويلاپتۇ - دە، مۇنداق بىر چارىنى ئويلاپ چىقىپتۇ.

ئۇ بىر تاغار ئۇندا خېمىر يۇغۇرۇپ ئون - يىگىرمىدەك ئايال ئادەم ياساپتۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە پاشا خېنىم، تىللا خېنىم، ئالتۇن خېنىم، زۇمرەت خېنىم، ئېپپار خېنىم، مەرۋايىت خېنىم... دەپ چىرايلىق ئىسىملارنى قويۇپتۇ. كۆزنى قاماشتۇرغىدەك ئېسىل تاۋار - دۇردۇنلاردا كۆڭلەك كىيگۈزۈپتۇ. قېشىغا ئوسما قويۇپ، يۈزىگە ئۇپا - ئەڭلىك سۈركەپ، چېكىسىگە گۈل قىسىپ پەرداز قىپتۇ. ئاندىن مېھمانخانا ئۆيىگە تامنى بويلاپ يېكەنداز كۆرپىلەرنى سېلىپ خېمىرخانلارنى قاتار قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپتۇ. گويا

www.uyghurkitap.com



راست ئادەمگە داستىخان سالغاندەك تەييارلىق بىلەن نازۇ-نېمەتلەرنى ئۆز پېتى بويىچە كېلىشتۈرۈپ تىزىپتۇ، ھەر بىر مېھماننىڭ ئالدىغا پەتنۇستا چاي كەلتۈرۈپ، ساھىبخانىغا خاس ھۆرمەت-ئىكرام بىلەن خېمىرخانىلارنى چايغا تەكلىپ قىپتۇ. ماھىن بانۇم ئۆزى گەپ سوراپ، ئۆزى جاۋاب بېرىپ دېگەندەك خېمىرخانىلار بىلەن كەڭ-كۇشادە مۇڭدىشىپتۇ. دەرد-ھەسرىتىنى تۆكۈپتۇ. ئېرىنمەي ھەر كۈنلۈكى-بىر كۈن مانتا، بىر كۈن پولو، بىر كۈن سامسا، بىر كۈن لەگمەن، بىر كۈن چۆچۈرە قىلىپ، «ئېلىشسىلا، ئېقىشسىلا» بىلەن ئۆزىمۇ كۆڭۈللۈك غىزالىنىپتۇ. خېمىرخانىلارغا دۇتار چېلىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ بېرىپ ئۆز كۆڭلىنى ئۆزى خۇش قىپتۇ. بۇ ئىش ماھىن بانۇمنىڭ كۈندىلىك ئادىتىگە ئايلىنىپتۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇنىڭ سارغىيىشقا باشلىغان گۈل چىرايىغا قان يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئىشتىھاسىمۇ ئېچىلىپ، خېلى ئوبدان سەمرىپ قاپتۇ. غەم-قايغۇنىڭ ئورنىنى خۇش تەبەسسۇم ئىگىلەپتۇ. ئەدھەمنىڭ سەپەردىن قايتىدىغان ۋاقتىمۇ يېقىنلاپ قاپتۇ.

بىر كۈنى ئەدھەم سەپەردىن قايتىپ كېلىپ ئىشىك تۈۋىگە يېتىشىغا، ئۆي ئىچىدە ئايالىنىڭ ئاللا كىملەرگە: «قېنى مانتا سوۋۇپ قالمىسۇن، تارتىنماي بەھۇزۇر ئېلىشسىلا» دېگەنلىكى ئاڭلىنىپتۇ-دە، ئۇ ئۆيدە خېلى كۆپ مېھماننىڭ بارلىقىنى پەملەپ، ھەر خىل گۇمانلاردىن خالىي بولالماپتۇ. ئىشىككە قارىسا، ئۆزى سېلىپ قويغان قۇلۇپ شۇ پېتى تۇرغان، مەخپىي بەلگىمۇ بۇزۇلمىغان. «مېھمانلار ئۆيگە نەدىن كىرگەندۇ، قانداق كىرگەندۇ؟» دەپ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى چۈشىنىكسىز ھەيرانلىق ئىگىلەپتۇ. ئەسلىدە ئۇ ئالغان بۇرۇنقى خوتۇنلار ئەدھەم سەپەردىن كەلگۈچە بەزىلىرى ئۆلگەن، بەزىلىرى جۇدەپ بىر تېرە-بىر ئۇستىخان بولۇپ، نىمجان ھالەتتە ئىكەندۇق. ئەدھەم ئايالىنىڭ قوڭغۇراقتەك جاراڭلىق ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئىنتايىن ياخشى ھەم سالامەت تۇرغانلىقىنى بىلىپ، بۇ سىرنىڭ تېگىگە يېتەلمەپتۇ. ئۇ پەم بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ ھويلىغا كىرىپتۇ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا ئاستا دەسسەپ مېڭىپ، مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئىشىك يوچۇقىدىن قارىغۇدەك بولسا، بىر ئۆي ئاياللار ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئۇلار بىر-بىرىدىن ئېسىل، بىر-بىرىدىن چىرايلىق ئىمىش. ماھىن بانۇم خۇشال-خۇرام ھالدا مېھمان كۈتۈۋاتقان. ئەدھەم ھەيرانلىقتا ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، بۇ كارامەتنىڭ سىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزلىرىنى تىڭشاپتۇ. ئاڭلىغۇدەك بولسا ماھىن بانۇم مۇنداق دەۋاتقان:

— ئەمدى بايامقى پاردىڭىمىزغا كېلەيلى، ھەر قايسىلىرى توغرا ئېيتىشتىلا. مەنمۇ ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى چۈشىنىشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن ھەم ئۆز ئاياللىرىنى ئىنسان قاتارىدا كۆرۈپ قەدىرلىسىكەن دەيمەن. بىراق گاھى بىر ئەرلەر ئاياللارنى سېتىۋالسىمۇ، سېتىۋەتسىمۇ بولۇۋېرىدىغان، خالىسا خوتۇن قىلىپ، خالىسا ئۇرۇپ-سوقسىمۇ بولىدىغان قول ئورنىدا كۆرىدۇ. ئۇلار خوتۇنىنىڭ ئۆزىنى كۈتۈشكە، ھاۋايى-ھەۋىسىنى قاندۇرۇشقا، مالايلىققا ئالىدۇ. بىراق ئۇلارنىڭ خورلىنىپ ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن پەرۋايى پەلەك. كۈنلەرنىڭ

ئېيتقىنىدەك «ئەر كىشى ئۆيگە كىرسە بىرنىڭ، سىرتقا چىقسا مىڭنىڭ». ئۇلار بوسۇغىدىن پۈتىنى شۇنداق ئالدىمۇ، ئۆزى بىلگەننى قىلىپ، داپ داراڭلىغان، ئېشەك ھاڭرىغان جايلاردا ئۆز كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئۇلار ھېچقانداق نەرسىنىڭ چەكلىمىسگە ئۇچرىمايدۇ.

— ئەمدى ھەر قايسىلىرى مېنىڭ ئېرىم ئەدھەمنى سوراپ قېلىشتىلا، بوپتۇ، بۇنىمۇ دەپ بېرەي. ئۇ ئالغان ئايالارنى مەن ھەرگىزمۇ مەقسەتلىك ئۆلتۈرۈپ قويدى، دەپ ئويلىمايمەن. ئۇ بېخىلمۇ ئەمەس، زالىممۇ ئەمەس، ئايال كىشىنىڭ كۆڭلىنىمۇ رەنجىتمەيدۇ. ئۇرمايدۇ، تىللىمايدۇ ياكى يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەكتىن قىسمايدۇ. مانا، كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسىلا مېنىڭ ئۆيۈمدە توخۇ سۈتىدىن باشقا ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. ئەمما بۇ ئادەمنىڭ بىرلا كەمچىلىكى بار. ئۇ بولسىمۇ جاھان كەزدىلىك كېسىلى. ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ تۇرمىسا كۆڭلى ئۇنىمايدۇ. ئۇ ھەر قېتىم ئۆيدىن چىقىپ كەتسە بىر - ئىككى ئاي ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇن ۋاقىت سىرتلاردا يۈرىدۇ. ئۇ ئالغان بىچارە مەزلۇملار يالغۇز ئۆيدە بۇرۇختۇم

لۇقتا ھەسرەت چېكىدۇ. ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يەيدۇ...

— ئادەم دېگەن ئالدىغا بىردە بىلەن سامان تاشلاپ بېرىپ قوتانغا سولاپ قويسىمۇ بولۇۋېرىدىغان ھايۋان ئەمەسته! بىزنىڭ كونىلاردا «ئادەمنىڭ ئىچ - پۇشۇقىنى ئادەم ئالىدۇ» دېگەن تەمسىل بارغۇ. ئەگەر كۇنلىرىمنى ھەر قايسىلىرى بىلەن مۇڭدىشىپ، گۇڭۇر - مۇڭۇر ئۆتكۈزمىگەن بولسام مەنمۇ ئالابۇرۇن تۈگەشكەن بولار ئىدىم....

ئەدھەم خوتۇنىنىڭ قىلغان ئاقىلانە گەپ - سۆزلىرىگە ھەيران قاپتۇ. ئۇ ماھىن بانۇمنى كۆرۈشكە ئالدىراپ، ئۆيگە كىرگۈدەك بولسا، كېسەل - مەسەللەردىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق. ھۆسن - جامالى بۇرۇنقىدەك



گۈزەل تۇرغان. ئۇئايالنىڭ قاراپ قېتىپلا قاپتۇ.

ماھىن بانۇم ئېرىنى ناھايىتى ياخشى كۈتۈۋاپتۇ ھەم ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ بۇنداق ياخشى تۇرغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىپتۇ. ئاندىن ئەدھەمگە بىر مۆجىزە كۆرسىتىش ئۈچۈن تۆردە ئولتۇرغۇزۇپ قويۇلغان خېمىرخانىنى يەرگە بىر ئاتقان ئىكەن ۋاققىدە يېرىلىپ، ئىچىدىن بىر داستەك زەرداب سۇ يەرگە سىرغىپتۇ.

— قارالىڭ ئەدھەم، بۇنى كۆردىڭىزمۇ، — دەپتۇ ماھىن بانۇم ئېرىگە مۆلايىمغىنا قاراپ، — بۇ زەرداب مېنىڭ دەرد-ھەسرىتىم، مەن خېمىرخانىلار بىلەن مۇڭدىشىش ئارقىلىق مەندىن ئۇلارغا ئۆتكەن. مەن مۇشۇ چارە-تەدبىرنى قوللانمىغان بولسام يالغۇز ئۆي مېنىمۇ يەپ قويغان بولاتتى ... — دەپتۇ.

ئەدھەم ئەقىللىق، دانىشمەن ماھىن بانۇمغا قايىل بوپتۇ ھەم نادانلىقىنىڭ قۇربانى بولغان ئاياللىرىغا ئۆكۈنۈش بىلەن قايغۇرۇپتۇ. ھەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ماھىن بانۇمنى بىر كۈنمۇ يالغۇز قويماي، خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: ئەزىزىخان

رەتلىگۈچى: ئايگۈل مۆيىدىن

# سەڭگى - سەمى تاش

(چۆچەك)

**ئەۋۋەلنىڭ** ئەۋۋىلىدە بىر تول ئايال ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى قىيىنچىلىقتا ئۆتۈدىكەن، موھتاجلىقنىڭ دەردىدىن بىر كۈن ئۇنىڭ ئۆيىدە، بىر كۈن بۇنىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ، تاپقان-تەرگىنىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. ئۇنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن. قىزى يەتتە ياشقا كىرگەندە ئوقۇتۇش ئۈچۈن موللامغا بەرمەكچى بوپتۇ ۋە موللامنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلىپ كېلىپتۇ.

— ئىسمىڭ نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ موللام قوپاللىق بىلەن ۋە قىز جاۋاب بېرىپ بولغىچە موللام يەنە سوراپتۇ، — كەل، بەدبەخ قىز، مەندە ئوقۇمسەن؟

قىز شوخلىدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ ۋە جاۋاب بەرمەپتۇ. قىزنىڭ ئانىسىمۇ ئۇندىمەپتۇ. لېكىن موللامنىڭ ئۆز قىزىنى بەدبەخ دەۋاتقانلىقىغا كۆڭلىدە نارازى بوپتۇ.

نېمىلا بولمىسۇن قىز ئاخىر مەدرىسكە كىرىپ ئوقۇپتۇ. ئوقۇغاندىمۇ كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپتۇ.

بىر كۈنى ئۇ دوستلىرىغا دەرس ئۆگىتىپ ئولتۇرسا، پايپاسلاپ يېتىپ كەلگەن موللام بالىلارنىڭ ئالدىدىلا:

— ھەي بەدبەخ، باشقىلارغا دەرس ئۆگىتىشنى ساڭا كىم قويۇپتۇ؟ — دەپ تىللاپ چىقىپ كېتىپتۇ. قىز ئىزا تارتقىنىدىن يىغلاپ كېتىپتۇ.

— موللام مېنى بالىلارنىڭ ئالدىدا ھاقارەتلىدى، — دەپتۇ قىز ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئانىسىغا.

قىزنىڭ ئانىسى موللامنىڭ ئالدىغا بېرىپ نېمە سەۋەبتىن قىزىنى «بەدبەخ» دەيدىغانلىقىنى سورىغانىكەن، موللام:

— قىزىڭغا ئۆلۈكنىڭ نىكاھى پۈتۈلۈپتۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئانا يىغلاپتۇ، قاقشاپتۇ، ئاخىرى قىزىنى ئەگەشتۈرۈپ يۇرتنى تاشلاپ باشقا يەرگە كېتىپتۇ. مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ ئالدىغا چوڭ بىر دەرۋازا ئۇچراپتۇ. ئانىسى قىزىنى ھويلىغا كىرىپ سۇ بار-يوقلۇقىنى بىلىپ چىقىشقا بۇيرۇپتۇ. قىز دەرۋازىدىن كىرىپ، شۇنداق قارىسا، بىر بۇلاق تۇرغىدەك. بۇلاقتىن سۈپسۈزۈك سۇ ئېتىلىپ چىقىۋېتىپتۇ. قىز ئانىسىغا:

— ئانا، بۇلاق بار ئىكەن. سىز كىرىپ سۇ ئىچىپ چىقىڭ، ئاندىن مەن كىرىپ ئىچىپ چىقاي، — دەپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن قىزنىڭ ئانىسى دەرۋازىدىن كىرىپ بۇلاق سۈيىدىن قانغۇچە ئىچىپ چىقىپتۇ. قىزمۇ كىرىپ ئىچىپتۇ. ئۇسسۇزلۇقىغا قېنىپتۇ. ئۇ ئەمدىلا چىقىپ كېتەي دەپ مېڭىشىغا بۇلاقنىڭ يېنىدىكى چىملىقتا يۈزى يېپىقلىق ياتقان بىر ئادەمگە كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ-دە، قورققىنىدىن ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قاپتۇ. ئۇ ئارقىسىغا يانغانىكەن، ئۆيىنىڭ تېمىغا يېزىلغان مۇنۇ خەتلەرنى كۆرۈپتۇ: «بۇ ئۆيدە بىر يىگىت بار. كىمكى ئۇنىڭ بېشىدا قىرىق بىر كۈن ئولتۇرسا يىگىت تىرىلىدۇ. يىگىت تىرىلگەندىن كېيىن شەپقەتچى ئوغۇل بولسا دوست بولىدۇ. قىز بولسا ئەمرىگە ئالىدۇ، مال-دۇنياسى زىيادە بولىدۇ»

خەتنى ئوقۇپ بولۇپ قىزنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قاپتۇ. ئۇ بۇ ئىشنى ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقماقچى بولۇپ مېڭىشىغا بىردىنلا تەتۈر قويۇن كۆتۈرۈلۈپ، يەر جاھاننى قارا بوران قاپلاپ كېتىپتۇ. قىز مېڭىشقا ئىلاجسىز قاپتۇ. بوران توختاي دېمەپتۇ. شۇ يوسۇندا يەتتە كېچە-كۈندۈز ئۆتۈپ كېتىپتۇ. قىز چىقىپ قارىسا ئانىسىنىڭ ئۆلۈكىمۇ-تىرىكىمۇ كۆرۈنمەپتۇ. قىز زار-زار يىغلاپتۇ. يىغلىغان بىلەن ئورنىسىغا كەلمەپتۇ. «خەير، — دەپتۇ قىز ئۆز-ئۆزىگە نالە قىلىپ، — مېنىڭ كۈنۈم مۇشۇ ئوخشايدۇ، بۇنىڭغىمۇ شۈكرى».

شۇنداق قىلىپ قىز ئۆلۈكنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپتۇ. كۈنلەر كەينى-كەينىدىن ئۆتۈپتۇ. ئوتتۇز توققۇزىنچى كۈنىمۇ يېتىپ كەپتۇ. ئەمما يىگىت قىمىرلاپمۇ قويماپتۇ. قىزنىڭ چاچلىرى چۇۋۇلۇپ دەرمانىدىن كېتەيلا دەپ قاپتۇ. ئۇ غەيرەتلىنىپ كېگىزدەك بولۇپ كەتكەن چېچىنى تارىۋالماقچى بولۇپتۇ-دە، ئۆگزىگە چىقىپ يىراقلارغا قاراپتۇ. يېقىنلا يەردە ئۆزىگە ئوخشاش بىر قىزنىڭ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، ئۇنىڭدىن:

— نەگە كېتىۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كېتىۋاتىمەن، — دەپتۇ يولۇچى قىز. بۇ قىزنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ:

— كېلىڭ، ئىككىمىز دوست بولايلى، — دەپتۇ ۋە ئارغامچا تاشلاپ ھېلىقى قىزنى ئۆگزىگە تارتىپ چىقىرىۋاپتۇ. ئىككىيلەن ئۇزاق مۇڭدىشىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن قىز يولۇچى قىزغا:

— مەن چاچلىرىمنى تارىۋالاي، بۇ ئۆيدە بىر ئادەم بار. مەن چاچلىرىمنى تاراپ بولغۇچە سىز ئۇنى يەلپۈپ تۇرۇڭ، — دەپتۇ ۋە چېچىنى تاراشقا باشلاپتۇ.

يولۇچى قىز ئۇنىڭ گېپىگە ماقۇل

بولۇپتۇ. ئۇ ياتقان كىشىنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىپ باقماقچى بولۇپ، يۈزىدىكى ياغلىقىنى شۇنداق ئاچقان ئىكەن پاھ، بۇ نېمە كارامەت! قىز ئۆزۈنىدىن يۇيان ئاشىق بولۇپ يۈرگەن بۇ يىگىتنى تونۇپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلاپتۇ. كۆز ياشلىرىنى سۈرتكەچ يىگىتنى يەلپۈشكە باشلاپتۇ. ئارىدىن بىر كۈن ئۆتۈپتۇ. قىز يىگىتنىڭ تىرىلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، يولۇچى قىزغا:

— سىز تالاغا چىقىپ ئارام ئېلىپ تۇرۇڭ، ئەمدى مەن يەلپۈپ ئولتۇراي، — دەپتۇ.

يولۇچى قىز ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك:

— ياق، سىز بەك ھېرىپ كەتتىڭىز، مەن يەلپۈۋېرەي، — دەپتۇ ۋە قىزنىڭ قايتا-قايتا قىلغان ئۆتۈنۈشلىرىنى رەت قىپتۇ.

قىز كۆڭلىدە: «سېنىڭ نېمىنى ئويلاۋاتقانلىقىڭنى مەن بىلىپ بولدۇم. يىگىتنى قىرىق بىر كېچە-كۈندۈز يەلپۈگەن مەن بولىمەن دەپ، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنىڭ نىكاھىغا ئۆتمەكچى، ئۇنىڭ ئالتۇن-كۆمۈش، زىبۇ-زىننەتلىرىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋالماقچى، قېنى، سېنىڭ شۇنداق قىلغىنىڭنى مەن بىر كۆرەي، بۇ سېنىڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ. يىگىت تىرىلگەندە ھەممە ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتىمەن، ئۇ ماڭا ئىشىنىدۇ. ئاخىر غەلىبە مېنىڭ بولىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ-دە، يولۇچى قىزغا قاراپ قويۇپ سىرتقا چىقىپ كېتىپتۇ.

قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، يىگىت ئاستا-ئاستا قىمىرلاپتۇ. بېشىدا ئولتۇرغان قىزغا بىر ھازا قاراپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاشىق بولۇپ، ئىشىق ئوتىدا سەرسان-سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن مەشۇقى ئىكەنلىكىنى تونۇپ باغرىغا بېسىپتۇ.

قىز ئۆيگە كىرسە يولۇچى قىز يىگىتنىڭ قۇچىقىدا تۇرغان. بۇنى كۆرگەن قىز ئاللا-تـوۋا دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ. يىگىت بىلەن يولۇچى قىزنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماپتۇ.

بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن يولۇچى قىز بىلەن يىگىت توي قىلىۋاپتۇ. ئۇنى قىرىق كۈن يەلپۈپ ئولتۇرغان قىز بولسا بۇلارنىڭ قۇلى بولۇپ ئىشلەپتۇ.

ئايلار، يىللار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى يىگىت شەھەرگە بارماقچى بولۇپ ئايالىغا:

— مەن ساڭا بازاردىن نېمە ئالغاچ كېلەي؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۈنچە-مارجان ئېلىپ كېلىڭ، — دەپتۇ ئايالى.

— ھەي، قۇل، ساڭا نېمە ئالغاچ كېلەي؟ — دەپتۇ.

— سەڭگى-سەمى تاش ئالغاچ كېلىڭ، — دەپتۇ قۇل قىز.

يىگىت شەھەرگە كىرىپ ئۈنچە-مارجانلارنى ئېلىپتۇ. لېكىن سەڭگى-سەمى تاشنى تاپالماپتۇ. ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن سوراشتۇرۇپ يۈرۈپ ناھايىتى تەستە تېپىپتۇ. سەڭگى-سەمى تاشنى ساتقۇچى كىشى:

— بۇ تاشنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپتۇ.

— بىر قۇلۇم بار ئىدى، شۇنىڭغا ئېلىپ بېرىمەن، — دەپتۇ يىگىت.

قۇل قىز سەڭگى-سەمى تاشنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن:

بىز بىر بالا بىر ئانا ئىدۇق.
سەڭگى-سەمى تاش.
مەن گەپ قىلاي، سىز ئاڭلاڭ،



سەڭگى ـ سەمى تاش.
چۆلمۇ ـ چۆل كېزىپ يۈردۈق،
سەڭگى ـ سەمى تاش،
شۇ يەردە كۆرۈندى بىر دەرۋازا،
سەڭگى ـ سەمى تاش.
كىرگەن ئىدىم سۇ ئىچەي دەپ،
سەڭگى ـ سەمى تاش.
قارا دەرۋازا تاقالدى،
سەڭگى ـ سەمى تاش.
ئانامدىنمۇ ئايرىلدىم،
سەڭگى ـ سەمى تاش.
يىڭىتنى قىردىق كۈن يەلپۈدۈم،
سەڭگى ـ سەمى تاش.
چاچلىرىم كىگىز بولدى،
سەڭگى ـ سەمى تاش.
باش ـ كۆزۈمنى ئارىۋالاي دەپ،
سەڭگى ـ سەمى تاش.
يولۇچى قىزنى باشلاپ كىردىم،
سەڭگى ـ سەمى تاش.
بىر كۈن يەلپۈگىنى ئاغىچا بولدى،
سەڭگى ـ سەمى تاش.
قىردىق كۈن يەلپۈگىنى غالچا بولدى،
سەڭگى ـ سەمى تاش، ـــ دەپ دەردىنى تۆكۈپتۇ.

يىگىت قىزنىڭ دىگەنلىرىنى ئاڭلاپتۇ ۋە دەرهال ئاغىچا بولغان قىزنى «ۋاپاغا جاپا قىلغان» لىقى ئۈچۈن قۇل قىز ئورنىغا غالچا قىپتۇ. غالچا بولغان قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئاپتۇ. ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراپتۇ. شۇندىن ئېتىبارەن ئۇلار بىر ئائىلە بولۇپ، خۇشال ـ خۇرام ياشاپتۇ. ئەمما ئۇلارنىڭ قانچىلىك ياشاپ، قاچان ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى هېچكىممۇ بىلمەيدىكەن.

رەتلىگۈچى: توختى مەمەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئالتۇن سېپكىلەكلىك يالماۋۇز

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر پادىشاھ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىكەن. بۇ ئوغۇللار ئىنتايىن ئىشچان، باتۇر ئىكەن. ئەمما پادىشاھ بۇ ئۈچ ئوغلىنىڭ ئىچىدىن بىرەرسىنىڭ قىز بولۇپ قالمىغانلىقى ئۈچۈن بەكمۇ ئازابلىنىدىكەن، ئولتۇرسا-قوپسا بىر قىز تەلەپ قىلىپ يىغلايدىكەن.

«تىلىسەڭ تاپارسەن» دېگەندەك كۈنلەر ئۆتۈپ، ئايلار ئۆتۈپ يىل بېشىغا كەلگەندە، پادىشاھنىڭ ئايالى ئالتۇن سېپكىلەكلىك بىر قىز تۇغۇپتۇ. بىراق بۇ قىزنىڭ سېپكىلىكى ئالتۇندىن بولغان بىلەن چىرايى خۇنۇك، كۆزلىرى قورقۇنچلۇق، چىشلىرى ھىڭگاڭ ئىكەن، كېچە-كۈندۈز تىنماي يىغلايدىكەن. خانىش مەخسۇس ئىنكئانا تاللاپ، ئۆز قىزىنى ئۇنىڭ تەربىيىسىگە تاپشۇرۇپتۇ. ئۇ قىز ئىنكئانىسىنى ئەمگەندە بىر-ئىككىلا شوراپ، ئۇنىڭ ئەمچىكىنى خالتا قىلىۋېتىدىكەن. ئاخىرى ئىنكئانا ئۇنى سۈتكە تويغۇزالماي، ھەر كۈنى بازاردىن كالا سۈتى سېتىۋېلىپ بېقىشقا باشلاپتۇ. قىز تېخى يېشىغا يەتمەي تۇرۇپلا، كۈنىگە 3 - 4 كالىنىڭ سۈتىنى بەرسىمۇ تويمايدىغان بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ئالتۇن سېپكىلەكلىرى ئارىسىدىن مىقتەك ئۇچلۇق بىر نەرسە ئۈنۈپ چىقىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئەمدىلا تىلى چىقىشقا باشلىغاندا ئىنكئانىسىغا: «مەن چوڭ بولسام ئاتامنىمۇ يەيمەن، ئانامنىمۇ يەيمەن، ئاكىلىرىمنىمۇ يەيمەن، شەھەردە بىرەر جانمۇ قالدۇرماي ھەممىنى يەپ تۈگىتىمەن!» دەپتۇ. بۇ قىزنىڭ ئۆسۈش جەريانىدىن ۋە ھېلىقى سۆزىدىن گۇمانلانغان ئىنكئانا ئۇنىڭ «بالا» ئەمەس، «بالا-قازا» بولۇپ يېتىشىدىغانلىقىنى پەملەپتۇ. ئىنكئانا ئۇنىڭ بۇ گېپىنى پادىشاھ بىلەن خانىشقا ئېيتىشتىن قورقۇپ پادىشاھنىڭ چوڭ ئوغلىغا ئېيتىپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان چوڭ ئوغۇل ناھايىتى ھەيران قاپتۇ ۋە چوڭقۇر ئويغا پېتىپ: «بۇ بالىنى يوقىتىۋەتمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ،» دېگەن قارارغا كەپتۇ. ئۇنى قانداق يوقىتىش توغرىسىدا بىرەر ئەپلىك چارە تېپىشقا ئالدىراپتۇ. بىر كۈنى چوڭ ئوغۇل ئانىسىنىڭ مەخسۇس خانىسىغا كىرسە، ئانىسى قىزىنى ئەركىلىتىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇ سىڭلىسىنى ئانىسىنىڭ قولىدىن ئېلىپ، «سىڭلىمنى ئوينىتىپ كىرەي!» دەپ ماقۇللۇقىنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى ئەپچىقىپ ئىنكئانىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئازگالغا تاشلىۋېتىپتۇ. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي ئىنكئانا خانىشنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بالا قېنى؟ مەن ئۇنى ئالغىلى كەلدىم، — دەپتۇ.

— چوڭ ئاكىسى ئويناتقىلى ئېلىپ

چىقىپ كەتتى، ـــ دەپتۇ خانىش. ئىنىكئانا
خاتىرجەم بولۇپ خانىشنىڭ يېنىدا ئولتۇ-
رۇپتۇ. بالىنى ئازگاللغا تاشلىۋەتكەن شاھ-
زادە بۇ ئىشنى ئىنىكئانىغا ئارتىپ، «بالى-
نى ئىنىكئانا ئازگاللغا تاشلىۋەتتى» دەپ
ئەرز قىلىش ئۈچۈن خانىشنىڭ ھۇزۇرىغا
كىرگەنىكەن، قارىغۇدەك بولسا ئىنىكئانا
خانىش بىلەن مۇڭدىشىپ ئولتۇرغۇدەك.
شاھزادە گەپ قىلماي ئارقىسىغا يېنىپتۇ-
دە، جىنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن شۇ
ھامان بۇ شەھەرنى تاشلاپ، قېچىپ كې-
تىشكە مەجبۇر بولۇپتۇ. دەرھال ئاتخانىغا
كىرىپ، ئۆز ئېتىنى ئىگەرلەپ يولغا چىقىپتۇ.
ئىنىكئانا خانىشنىڭ ھۇزۇرىدىن چى-
قىپ ئۆز ئىشىكى ئالدىغا كەلسە، ئازگالدىن
قىزنىڭ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ
تېخى ئۆلمىگەن ئىكەن. دەرھال نۆكەر-
لەرنى چاقىرىپ، قىزنى ئازگالدىن قۇتۇل-
دۇرۇپتۇ. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلاپ پادىشاھمۇ،
خانىشمۇ ئۆز ئوغلىدىن قاتتىق نارازى
بولۇپتۇ. لېكىن ئۇ ئاللىقاچان قېچىپ كەت-
كەچكە جازالاشقا چارىسىز قاپتۇ. چوڭ
ئوغۇل مېڭىپتۇ، مېڭىپتۇ، يېرىم يولغا كەل-
گەندە ئۇنىڭ ئالدىغا ئوروۇق، ئاۋارە بىر
كۆچۈك ئۇچراپتۇ، ئۇنىڭ كۆچۈككە ئىچى
ئاغرىپ، ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ مېڭىپتۇ.
شەھەرگە كىرىپ ئۇزۇن يىللارغىچە مەدى-
كارچىلىق قىلىپتۇ. ھەر قانچە قىلسىمۇ كۆ-
چۈكنى تاشلىۋەتمەپتۇ. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى
بىلەن ئۇ ئازراق پۇل توپلاپ، سودىگەر-
چىلىك قىلىشقا باشلاپتۇ. ئارىدىن بىرقانچە
يىل ئۆتۈپ، ئۇمۇ شەھەر ئىچىدىكى كاتتا
سودىگەرلەرنىڭ بىرى بولۇپ قاپتۇ ۋە بىر
كاتتا باينىڭ قىزىغا ئۆيلىنىپتۇ.
پ ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، شاھ-
زادىنىڭ پادىشاھ ئاتىسىنى، ئانىسىنى ۋە
يۇرتىنى كۆرگۈسى كېلىپ، زادىلا تاقەت
قىلغۇچىلىكى قالماپتۇ. يىگىت بۇ ھەقتىكى
ئوي- خىياللىرىنى ئايالىغا ئېيتىپتۇ.
ـــ سەن كەتسەڭ مەن تىكەندەك يال-
غۇز قالىمەن. ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن؟ ـــ
دەپتۇ ئايالى.
ـــ ئىت ساڭا ھەمراھ بولىدۇ، ـــ دەپ-
تۇ ئېرى ۋە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ـــ
ئىتنى كېچىسى قويۇپ بېرىسەن، ھويلا-
ئارامنى قوغدايدۇ، ئۆزۈڭدىن ئەنسىرەشنىڭ
ھاجىتى يوق، مەن كەتكەندىن كېيىن مې-
نىڭ ھال- ئەھۋالىمنى بىلمەكچى بولساڭ،
ئىتنىڭ ئالدىغا ئىككى قاچا سۈت قويغىن،
ئەگەر ئوڭ تەرەپكە قويۇلغان قاچىدىكى
سۈت زەردابقا ئايلانسا ماڭا خەتەر يەتكەن-
لىكىنىڭ نىشانىسى بولىدۇ. سول تەرەپ
قاچىدىكى سۈت قانغا ئايلانسا بۇ مېنىڭ
ئۆلۈمىمدىن دېرەك بېرىدۇ، دەل شۇ چاغدا
ئىتنى بوشىتىۋەت، ـــ دەپتۇ- دە، ئايالى
بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقىپتۇ.
شاھزادە ئۇزاق يول يۈرۈپ، ئۆز
شەھىرىگە كېلىپ قارىغۇدەك بولسا كۆزىگە
بىرمۇ ئادەم چېلىقماپتۇ. ھەتتا ئۆي ھاي-
ۋانلىرى، ئۇچار قۇشلارمۇ كۆرۈنمەپتۇ.
ھەيران بولغان ھالدا ئوردا جايلاشقان
ئورۇننى نىشانلاپ ئات سالپتۇ. قارىغۇدەك
بولسا ئوردا خارابىلىققا ئايلانغان، ياغاچ-
لىرى كۆيدۈرۈلگەن، تاملىرى چېقىلغان.
بىر ياقتىن بىر يىغا ئاۋازى ئاڭلانغاندەك
بوپتۇ. ئىزدەپ يۈرۈپ ئاخىرى بۇرۇنقى
ئۆيىنىڭ ئىزىنى تېپىپتۇ. قارىغۇدەك بولسا
بىر ئايال ئولتۇرغۇدەك. ئۇنىڭ چاچلىرى
پاخپايغان، كۆزلىرى ئورىدەك چوڭقۇر،
ئەپتى شۈنداق قورقۇنچلۇق ئىكەن. ئايال

www.uyghurkitap.com



ئاتنىڭ كىشنىشىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپتۇ ۋە:

— ئاكا، قەيەردىن كەلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ، كېيىن ئۇ ئاكىسىنى ساپمۇ ساق تۇرغان بىر ئۆيگە باشلاپ قويۇپ، سىرتقا چىقىپتۇ ۋە ئالادا باغلاقلىق تۇرغان ئاتنىڭ بېشىنى يەۋېتىپتۇ ـ دە، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن:

— ئاكا بېشى يوق ئات بىلەن كەلدىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ھەئە، — دەپتۇ شاھزادە. بۇ ئايالنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى پەملەپتۇ. ھازىر ئۇ يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا ئايلانغانىكەن. ئايال ئىككىنچى قېتىم سىرتقا چىقىپ كىرگەندىن كېيىن:

— پۇتى يوق ئات بىلەن كەپسەن ـ ھە!؟ — دەپ شاھزادىگە قاراپتۇ. شاھزادە يالماۋۇز سىڭلىسىدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى ئويلاپ ئولتۇرۇپ، بۇنى ئاڭلىماي قاپتۇ. ئايال ئۈچىنچى قېتىم ئالاغا چىقىپ كىرگەندىن كېيىن:

— ئېتىڭ يوق تۇرىدۇ، — دەپ شاھزادىنى نوقۇپتۇ. ئۇ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپتۇ ۋە سىڭلىسىغا قاراپتۇ. ئايال قاتتىق بىرنى كۈلۈۋەتكەندىن كېيىن:

— ئاچچىقىڭنى كەلتۈرۈپ قويدۇم ـ ھە ئاكا، خاپا بولما، — دەپتۇ ۋە بىر دۇتارنى ئۇنىڭ قولىغا تەڭلەپ:

— چېلىپ بەر، مەن ساڭا تاماق ئەتكەچ تۇراي، — دەپتۇ. شاھزادە بىرئاز ئويلاپ تۇرغاندىن كېيىن، بىر ئامال قىلىپ قۇتۇلۇش چارىسىنى ئىزدەش ئۈچۈن:

— ماقۇل، چېلىپ بېرەي. لېكىن ئۆگزىگە چىقىپ يۇرتۇمنىڭ مەنزىرىسىنى بىر كۆرۈۋالاي. ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشكە مۇمكىن ئەمەس، مەنمۇ ئارزۇيۇمغا قاناي. سەنمۇ مۇرادىڭغا يەت، ئەگەر مېنى قېچىپ كېتىدۇ، دەپ گۇمان قىلساڭ، پۇتۇمنى تۆگلۈكتىن ساڭگىلىتىپ ئولتۇراي، — دەپتۇ ۋە رۇخسەت ئېلىپ ئۆگزىگە چىقىپتۇ.

شاھزادە ئۆگزىگە چىقىپ تۇرۇشىغا بىر ئاغمىخان پەيدا بوپتۇ ـ دە، دەرھال زۇۋانغا كېلىپ، مۇنداق دەپتۇ:

— ھەي ئادەمزات، سەن بۇ يەرگە يامان كېلىپ قاپسەن. يالماۋۇز سېنى يەپ قويىدۇ. مەن ئەسلىدە سېنىڭ شاھ ئاتاڭنىڭ نۇرغۇن نەرسىسىگە زىيان سالغانمەن. لېكىن بۇ يالماۋۇزنىڭ زىيانداشلىقى مېنىڭكىدىن نەچچە مىڭ ھەسسە ئېشىپ كەتتى. ئۇ ئاتا ـ ئاناڭنى، پۈتۈن شەھەر خەلقىنى يەپ تۈگەتتى. بۈگۈن مەن ساڭا بىر ياخشىلىق قىلىپ قوياي، دۇتارىڭنى مەن چېلىپ ئولتۇراي. سەن ئۆتۈكىڭگە قۇم توشقۇزۇپ ئۇنى تۆگلۈكتىن ساڭگىلىتىپ قويۇپ، دەرھال قېچىپ كەتكىن. مە، بۇ ئەگگۈشتەرنى ئېلىۋال. بېشىڭغا كۈن چۈشسە ئىلتىجا قىلساڭ تەلىپىڭ ھەل بولىدۇ، — دەپ بىر ئەگگۈشتەرنى بېرىپتۇ.

يالماۋۇز ئايال ئاشنى پىشۇرۇپتۇ ۋە:

— ئاكا، ئاش ئىچىۋال، — دەپ چاقىرىپتۇ. ئۆگزىدىن ھېچقانداق جاۋاب ئاڭلانماپتۇ. پەقەت دۇتارنىڭ تىرىڭشىغان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ.

«دۇتارغا ھازىر تويىسەن.» دەپتۇ ئۆز ـ ئۆزىگە يالماۋۇز ۋە ئاكىسىنىڭ تۆگلۈكتىن ساڭگىلاپ تۇرغان «پۇتى»غا يېقىنلىشىپتۇ. ئۇ ئۆتۈكنى كۆچەپ بىر تارتقانىكەن، ئۆتۈكنى ئېتىپ قويغان ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، يالماۋۇزنىڭ بېشىغا چۈشۈپتۇ ـ دە، ئۇ قاتتىق ئەزەپلەنگەن ھالدا بار كۈچى بىلەن شاھزادىنى قوغلاپ



مىڭىپتۇ. شاھزادە يالماۋۇزنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئاغمىخان بەرگەن ئەڭگۈشتەرنى ئېلىپ «ئەڭگۈشتىرىم، ئەڭگۈشتەر، ماڭا رەھىم قىلغايسەن!» دەپ ئىلتىجا قىپتۇ. شۇ ھامان شاھزادىنىڭ ئالدىدىكى چەكسىز كەتكەن توپىلىق جاڭگالغا ئايلىنىپتۇ. شاھزادە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئارقىسى قېلىن چاتقاللىققا ئايلىنىپ قاپتۇ. يالماۋۇزنىڭ پۇتلىرىغا تىكەن، بەدەنلىرىگە شاخ سانچىلىپتۇ. «خەپ توختاپتۇر، — دەپ نالە قىپتۇ، ئۇ ئازابقا چىدىمىغان ھالدا، — گۈشۈكنى قىيما-چىيما قىلىۋەتمىسەم ئاتا-ئانامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي».

يالماۋۇز بۇرۇنقىدىنمۇ تېز يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ. شاھزادە ئۇنىڭ يەنە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ: «ئەڭگۈشتىرىم، ئەڭگۈشتەر. ماڭا رەھىم قىلغايسەن!» دەپ ئىلتىجا قىلغانىكەن. ئالدىغا ئىككى تۈپ تېرەك پەيدا بوپتۇ. ئۇ يۈگۈرۈپ كەلگىنىچە تېرەككە چىقىۋاپتۇ. يالماۋۇز غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ، بىر تال چى-



شىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، پالتا قىلىپ ساپلاپتۇ-دە، بارلىق كۈچى بىلەن تېرەكنى كېسىشكە باشلاپتۇ. ئۇ ھېرىپ ماجالدىن كېتەي دېگەندە يىراقتىن بىر تۈلكە كەپتۇ.

— ھەي ئاچا، تېرەكنىڭ ئۈستىدىكى ئادەم مېنىمۇ بوزەك قىلغان، ئۇنى تاپالماي يۈرەتتىم. ئەمدى قولىمىزغا چۈشتى. ئەكىلىڭ پالتىنى مەن بىر دەم چاپاي، — دەپتۇ.

يالماۋۇز خۇشال بولۇپ پالتىنى بېرىپتۇ، تۈلكە پالتىنى قولغا ئالغاندىن كېيىن ئۇ يەرگە بىرنى، بۇ يەرگە بىرنى ئۇرۇپ، يالماۋۇزنى ئۇخلىتىپ قويۇپتۇ. ئۇ يىگىتكە قاراپ، «دەرھال جېنىڭنى جايلا!» دەپ ئۆزى پالتىنى كۆتۈرۈپ قېچىپ كېتىپتۇ.

شاھزادە ئەمدى تېخى دەرەختىن چۈشەي دەپ تۇرۇشىغا يالماۋۇز ئويغىنىپ قاپتۇ-دە، تېرەكنىڭ تېخىچە تىك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تۈلكىنى يۈز مىڭ تىللاپتۇ. ئاندىن ئىككىنچى چىشىنى سۇغۇرۇپ، پالتا قىلىپ ساپلىغاندىن كېيىن تېرەكنى كېسىشكە باشلاپتۇ.

ئەمدى گەپنى شاھزادىنىڭ ئايالىدىن ئاڭلايلى. ئۇ ئېرىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن، ئۈچ كۈنگىچە يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. ئاندىن ئىتنى كېچە-كۈندۈز بوشاتماسلىققا ئىرادە باغلاپتۇ. ئېرىنىڭ «ئىككى قاچا سۈت قويۇپ...» دېگىنى بويىچە ئىتنىڭ ئالدىغا ئىككى قاچا سۈت قويۇپتۇ. بىر كۈنى قارىسا ئىتنىڭ ئالدىدىكى سۈتنىڭ بىر قاچىسى زەرداپقا ئايلىنىپتۇ. يەنە بىرسىنىڭمۇ رەڭگى ئۆزگىرىپتۇ. ئايال ئۆز ئېرىنىڭ بىرەر بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلىقىنى بىلگەن بولسىمۇ لېكىن، «مېنىڭ گېپىمگە كىرمەي كەتكەندىن كېيىن، نېمە بولساڭ بولارسەن» دەپ ئىتنى بوشاتماپتۇ. لېكىن شاھزادىنىڭ ئىتى سۈتنىڭ ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، زادىلا تۇرالماپتۇ. ئۇ پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇلقۇنۇپ زەنجىرىنى ئۈزۈپ، شاھزادە خەتەرگە ئۇچرىغان يەرگە قاراپ چېپىپتۇ.

ئىت دەل شاھزادە دەرەخ ئۈستىدىن چۈشەلمەي ئۆلۈم ئالدىدا قالغان، ئاچچىقى كەلگەن يالماۋۇز تېرەكنى قۇلىتىش ئالدىدا تۇرغاندا يېتىپ كەپتۇ-دە، غەزەپ بىلەن يالماۋۇزغا ئېتىلىپتۇ ۋە ئۇنى چىشلەپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

شاھزادە بالا-قازادىن قۇتۇلۇپ مېھرىبان ئىتىنى ئېلىپ ئۆيگە قايتىپتۇ. خوتۇنى ئېرىنىڭ ئېسەن-ئامان قايتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئېتىپتۇ.

— توختا، — دەپتۇ شاھزادە غەزەپ بىلەن، — مەن سېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەر دېگەنىمىدىم، بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟

ئايالى لام-جىم دېيەلمەي قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپ قاپتۇ.

شاھزادە ئىتىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆز يۇرتىغا قايتىپ كەپتۇ. شەھەرنى تاشلاپ تەرەپ-تەرەپكە قېچىپ كەتكەنلەرمۇ قايتىپ كېلىشىپتۇ. شاھزادە ئۇلارغا باشچىلىق قىلىپ، ئۆز يۇرتىنى قايتا گۈللەندۈرۈپتۇ. ئاخىرقى ئۆمرىنى سۆيۈملۈك يۇرتىدا ئۆز خەلقى بىلەن بىللە خۇشال-خۇرام ئۆتكۈزۈپتۇ.

توپلاپ رەتلىگۈچى: شىنجاڭ داشۆ ئەدەبىيات پاكولتېتى



## ئىبلىس سودىگەر

ئەپەندى بىر باينىڭ مېھمانخانىسىغا كىرسە، ئۇ يەردە ئەمەلدارلار، ئۆلىمالار، بايلار ۋە قازىلار سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار ئەپەندىنى كۆرۈپ كۈلۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا بىر لەتىپە ئېيتىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. ئەپەندى ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، لەتىپىنى باشلاپتۇ:

— مەن بىر سودىگەر كۆردۈم، ئۇنىڭ تۆت تۈگە مېلى بار ئىكەن. بۇ ماللارنى كىمگە ساتىسەن، دەپ سورىسام، ئۇ ئەمەلدارلارغا، ئۆلىمالارغا، بايلارغا ۋە قازىلارغا ساتىمەن، دەپ جاۋاب بەردى.

— ئۇ قانداق ماللار ئىكەن؟ — دەپ سوراپتۇ بىر سودىگەر.

— سەۋرى قىلىڭ، هازىر هەممىسىنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپتۇ ئەپەندى، — بىر تۈگە مېلى زۇلۇم ئىكەن، بۇنى ئەمەلدارلارغا ساتىدىكەن؛ بىر تۈگە مېلى خىيانەت ئىكەن، بۇنى بايلارغا ساتىدىكەن؛ بىر تۈگە مېلى كىبرى هاۋا( هاۋايى-هەۋەس ) ۋە تەمە ئىكەن، بۇنىسى ئۆلىمالارغا؛ يەنە بىر تۈگە مېلى پارىخورلۇق ئىكەن، بۇنىسى قازىلارغا ئىمىش.

— قانداق سودىگەركەن ئۇ؟! — دەپ تەئەججۈپلىنىپتۇ قازى.

— ئىبلىس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

## شەهەردىكى تېرىكچىلىك

ئەپەندى بازار ئايلىنىپ يۈرسە، بىر ساددا سەهرالىق ئادەم سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، شەهەردە ئادەم شۇنچىۋالا كۆپكەنۇ، ئەمما تېرىيدىغان بىر پارچىمۇ يېرى يوق ئىكەن. بۇنچىۋالا ئادەم قانداق تىرىكچىلىك قىلىپ جېنىنى باقالايدۇ-هە؟

— شەهەردىكى ئادەملەر چۈشكىچە سەن بىلەن مەندەك سەهرادىن كەلگەن ساددا ئادەملەرنى، چۈشتىن كېيىن بولسا، بىر-بىرىنى ئالداپ تىرىكچىلىك قىلىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

## گۆرگە كىرىڭ

بىر باي قېرىپ قالغىنىغا قارىماي، ئەپەندىنىڭ قىزىغا كۆيۈپ قاپتۇ. بىر كۈنى ئۇ:

— ساهىبجامال جانانىم، مەن سىزگە ئاشىقى بىقارار بولدۇم. سىز ئۈچۈن دولقۇنلاپ تۇرغان دېڭىزغا، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا كىرىشكە تەييارمەن، — دەپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، گۆرگە كىرىڭ دېسەمچۇ؟ — دەپتۇ قىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



### هوشيار بۆرىلەر ئىكەن

ئەپەندى خوتۇنىدىن ئۆلـگەن ئادەم-نىڭ قانداق بولۇشىنى سورىغاندا، خوتۇنى: «ئۆلگەن ئادەمنىڭ بەدىنى مۇزلاپ كېتىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

قىش كۈنـلىرىنىڭ بىرىدە، ئەپەندى داλدىن ئېشىكىگە ئوتۇن ئارتىپ كېلىۋاتقاندا، بەدىنى مۇزلاشقا باشلاپتۇ. ئەپەندى ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ، ئەمدى ئۆلىدىغان بولدۇم دەپ، جىم يېتىۋاپتۇ. ھايال ئۆتمەي كۆ-زىنى ئېـچىپ قارىسا، ئۈچ-تۆت ئاچ بۆ-رى ئېشىكىنى تورىۋالغانـكەن. ئەپەندى ياتقان يېرىدە:



— هوشيار بۆرىلەر ئىكەن، ئېشەكـنىڭ ئىگىـسى ئۆلگـىنىنى دەرھاللا بىلىۋالدىيا! — دەپـتۇ.

### مەسئۇلىيەت

ئەپەندى تېۋىپلىق قىلىۋاتـقاندا بىر ئاغرىقىسى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەپەندىم، سىزدىن بىر نەرسە سو-راسام بولامدۇ ؟

— بىمالال سوراۋېرىڭ.

— بىرەر تېۋىپ كېسەلنى داۋالاشتا تەجرىبىسىزلىك قىلىپ، ئۇنى ئۆلتۈ-رۈپ قويسا، ئۆزىدە ۋىجدانىي مەسئۇل-يەت سېزەمدۇ؟

— ئەلۋەتتە سېزىدۇ.

— ئۇنداقتا تېۋىپ ئۆزىگە قانداق تە-سەللى بېرىشى كېرەك ؟

— يەنى، مەسىلەن، سودىگەر كېپەن-لىك رەختـلىرىنى سېتىۋالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆلۈكنى يۇيغۇچى، گۆركار، خەلپەت ۋە ئىماملارنىڭ تىرىكچىلىكىنى تەمىنلىگىنى ئۈچۈن تېۋىپ ئۆزىدە تەسەللى ھاسىل قى-لىپ تىنچلىنىدۇ.

### تاغىلىرىنى كۆرۈپ

ئەپەندىنىڭ ئـتى كۈچۈكلىگەنىكەن، بىر نەچـچە كـىشـىـلەر ئۇنىڭ ئۆيـىـگە مېھمان بولۇپ كېلىپ، سۆزلىشىپ ئولتۇر-غاندا، كۈچۈكلەر ئۆيگە كىرىپ، مېھـمانلار بىلەن ئوينىشىپ، ئۇلارنىڭ كـيـمـلىرىنى پاسكىنا قىلىشقا باشلاپـتۇ.

بۇنىڭدىن بىزار بولغان مېھمانلار-نىڭ بىرى:

— ئەپەندىم،نەۋرىلىرىڭىزگەئەدەب ئۆ-گەتىسىڭىز بولمامدۇ ، — دەپتۇ.

— قانداق قىلاي، تاغىلىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى خۇش بولۇپ سۆيۈنۈشۈۋاتىدۇ ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

### پالچى ۋە ئەپەندى

بىر پالچى يول ئۈستىدە ئولتۇرۇپ پال ئېچىپ ئۆتكەن-كەچـكەن ئادەملەرنى ئالداپ قاقتى-سوقتى قىلماقـچى بوپتۇ. ئەپەندى ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ :

— سىز نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە
ئولتۇرىسىز؟ ئۆي بېساتىڭىز كۆيۈپ كۈلگە
ئايلاندى، — دەپتۇ.

پالچى ئەپەندىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ،
دادىلىغىنىچە ئۆيىگە قاراپ چېپىپتۇ.

### نائۈمىد شەيتان

ئەپەندى باققالغا قەرزدار بولۇپ قاپ-
تۇ. بىر كۈنى ئەپەندى بېغىغا كۆچەت
تىكىۋاتسا، باققال قەرزنى قىستاپ كەپتۇ
ۋە ئەپەندىدىن:

— ئەپەندىم، بۇ كۆچەتلىرىڭىز قا-
چان مېۋىگە كىرىدۇ، سىز بۇنىڭ مېۋىسىنى
قاچان يەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

باققالنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى
بىلگەن ئەپەندى:

— بۇۋىمىزنىڭ قەرزىنى ئۈزۈش ئۈچۈن
دادىمىز تىككەن كۆچەتلەرنىڭ ھوسۇلىنى
بىز يېدۇق، ھېچنەرسە ئېشىنالمىدۇق. ئەم-
دى بىز تىككەن كۆچەتلەرنىڭ مېۋىسى
بالىلىرىمىزدىن ئېشىنسا، سىلىگىمۇ بىر نېمە
تېگىپ قالار، نائۈمىد شەيتان، — دەپتۇ.

### ئاتنى ئىگىسىگە تاپشۇرۇش

ئەپەندىگە مەھەللىسىدىكى بىر باي
پۇل بېرىپ، ئات سېتىۋېلىشقا بازارغا ئەۋە-
تىپتۇ. ئەپەندى پۇلنى يانچۇققا سېلىپ با-
زارغا بېرىپتۇ. ئۇ بازاردا ئەتىدىن-كەچ-
كىچە ئايلىنىپ يۈرۈپمۇ ئات سېتىۋالالماپ-
تۇ. ئۇ ئەمدى قايتاي دەپ تۇرسا، ئەپەن-
دىنىڭ كونا تونۇشى بولغان خەلپەت ئاتلىق
ئۆتۈپ كېتىۋاتقۇدەك. بۇرۇن ئۇ خەلپەت-
نىڭ ئېتى يوق ئىكەن. ئەپەندى: «بىرى
مېنىڭ زاكىتىمغا ھېسابلاپ ئات بەرگەن
ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ئۇنى راسا

كېلىشتۈرۈپ باپلىماقچى بوپتۇ. ئاندىن ئۇ
خەلپەتنىڭ ئالدىنى توسۇپ سالام بېرىپتۇ ۋە:

— ھارماڭ خەلپىتىم، ئامانمۇسىز، سە-
پىرىڭىز قاياققا؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئۆيگە ماڭدىم، — دەپ جاۋاب بې-
رىپتۇ خەلپىتىم مەغرۇرلىنىپ.

— خەلپىتىم ساۋابلىق ئۈچۈن مېنى
ئېتىڭىزغا مىنگەشتۈرۈۋالسىڭىز، — دەپ يې-
لىنىپتۇ ئەپەندى.

خەلپىتىم ماقۇل بولۇپ ئېتىنى بۇ-
راپ ئەپەندىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپتۇ. ئەپەندى
بىر سەكرەپلا ئۇنىڭ ئارقىسىغا مىنگىشىۋاپ-
تۇ. مەھەللىگە يېقىن قالغاندا ئەپەندى:

— تەقسىر، ئېتىڭىزنىڭ ئارقىسى ما-
ڭا ئازار بېرىۋاتىدۇ، چۈنكى سوڭۇمدا جا-
راھەت بار ئىدى. جايىمىزنى ئالماشتۇرۇپ
ئولتۇرساق قانداق دەيلا، — دەپتۇ.

خەلپىتىم مېنىڭ ئادەمگەرچىلىكىمنى
بىر كۆرەپ قوي، دېگەندەك قىلىپ، بۇ
گەپكىمۇ ماقۇل بوپتۇ. ئەپەندى ئىگەرگە
مىنىپتۇ، خەلپەت ئارقىغا مىنگىشىپتۇ، ئۇ-
لار شۇ ھالدا ئۇنىدىمەستىن مەھەللىگە
كىرىپتۇ.

ئەپەندىگە پۇل بەرگەن باي ئۇنىڭ
كېچىكىپ قالغىنىدىن ئەنسىرەپ، كوچىنىڭ
ئاغزىغا چىقىپ يولغا قاراپ تۇرغانىكەن. ئۇ
ئەپەندىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ خۇشال
بوپتۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

— ھارماڭ، ئەپەندىم، قانداق بۇ
ئات ياخشىمىكەن؟

— بولىدىكەن، سودىمىز يامان بولمى-
دى، — دەپتۇ ئەپەندى ۋە ئارقىسىدىكى خەل-
پەتكە قاراپ، — قېنى خەلپىتىم ئاتتىن چۈ-
شۈڭ! ئاتنى ئىگىسىگە تاپشۇرايلى، — دەپتۇ.

خەلپەتنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ

www.uyghurkitap.com





ئۆكۈپ كېتىپتۇ، ئۇ:

— چاقچاقنى قويۇڭ! ئەپەندىم، ئاتتىن ئۆزىڭىز چۈشۈڭ — دەپ دوق قىپتۇ.

— توۋا خۇدايىم، — دەپتۇ ئەپەندىم، — ھېلىلا سىزنى پىيادە قاپتۇ دەپ ئىچ ئاغرىتىپ ئېتىمغا مىندۈرۈۋالسام، ئەمدى قوپۇپ بۇ ئاتنى مېنىڭ دەيسىزغۇ؟! كۆپ-كۈندۈزدە خەقنىڭ ئېتىنى بۇلىماقچىمۇسىز؟! باي ئاكا قارىسىلا بۇ مۇتھەمىنى!

— چۈش، چۈش دەيمەن! ھۇ ئىززىتىنى بىلمەيدىغان مۇناپىق، — دەپ غەزەپكە كەپتۇ باي ۋە ئېتىلىپ بېرىپ خەلپەتنى تارتىپ يەرگە يىققىتىپتۇ. خەلپەتمۇ بوش كەلمەپتۇ، ئۇلار ياقا سىقىشىپ پومداقلىشىپ كېتىپتۇ. ئەپەندى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بايغا ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتقۇزۇپتۇ-دە، ئۆيىگە كېتىپ قاپتۇ.

## بىرەر نەرسە بەر

بىر كۈنى كېچىسى ئەپەندىنىڭ ئۆيىگە ئوغرى كىرىپتۇ. ئوغرى ئۆيدىن ھېچ نەرسە تاپالماي چىقىپ كېتىۋاتسا، ئەپەندى ئۇنىڭ كەينىدىن چىقىپ:

— بىرەر نەرسە بېرىپ كەتسىلە، قۇرۇق چىقىپ كېتىۋەرسىلە بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

## ئاپتاپتا ئېرىپ كەتتى

ئەپەندى كىچىك چېغىدا دادىسى پۇل بەرسە بىردەممۇ توختاتماي خەجلىۋېتىدىكەن. بۇنىڭ ئۈچۈن دائىم دادىسىدىن تىل ئىشىتىدىكەن. يازدا دادىسى ئەپەندىگە بىر تەڭگە پۇلنى بېرىپ تاپىلاپتۇ:

تۆت ھەپتە خەجلەيدىغىنىڭنى بەردىم، ئەمدى ساڭا بىر ئايغىچە پۇل يوق جۇمۇ!

— بۇ گەپ ئەپەندىنىڭ ئۇ قۇلىقىدىن كىرىپ، بۇ قۇلىقىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇ پۇلنى ئەتىسىگىچە خەجلەپ تۈگىتىپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى چاشگاھ ۋاقتىدا ئەپەندى ئاتىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغاندا، ئاتىسى كۈننىڭ ئىسسىقلىقىدىن زارلىنىپ:

— ھاۋانىڭ ئىسسىپ كەتكىنىگە ھېچ چىداپ بولمايدۇ. ئەگەر ئادەمنىڭ بەدىنى تۆمۈر بولغان بولسىمۇ، بۇ ئىسسىقتا پايلىماي ئېرىپ كەتكەن بولاتتى، — دەپتۇ.

— توغرا، دادا، — دەپتۇ ئەپەندى، — تۈنۈگۈن سىز بەرگەن تەڭگىنى ئاپتاپقا قويغاندىم، دەرھال ئېرىپ كەتتى ئەمەسمۇ.

## گۇناھسىزلارنى بۇزۇۋېتىدۇ

پادىشاھ ئەپەندىنى ئەگەشتۇرۇپ، زىندانىدىكى مەھبۇسلارنى تەكشۈرگىلى كىرىپتۇ ۋە مەھبۇسلارنىڭ گۇناھلىرىنى سۈرۈشتۈرۈشكە باشلاپتۇ. ئەمما، مەھبۇسلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ زىندانغا گۇناھسىز تاشلانغانلىقى ھەققىدە شىكايەت قىلىشقا باشلاپتۇ. يالغۇز بىرلا مەھبۇس ئۆزىنىڭ

ھەقىقىي گۇناھكار ئىكەنلىكىگە ئىقرار بوپ-
تۇ. ئەپەندى پادىشاھقا:
— بۇ گۇناھكارنى دەرھال زىندان-
دىن چىقىرىپ تاشلاڭ، بولمىسا باشقا گۇناھ-
سىزلارنى بۇزۇۋېتىدۇ، — دەپتۇ.

سۇرمە

ئەپەندى ئۆيىگە قورسىقى ئېچىپ
ئاران كەپتۇ ۋە خوتۇنىغا:
— خوتۇن، بىر ئاز سۇزمە بىلەن نان
ئېلىپ كەل، سۇزمە ناھايىتى ياخشى نەر-
سە، ئۇ ئىشتىھانى ئېچىپ، مەيدىنى قۇۋ-
ۋەتلەيدۇ، — دەپتۇ.
— سۇزمە ئاخشام تۈگىگەن، — دەپ
جاۋاب بېرىپتۇ خوتۇنى.
— تۈگىگىنى ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، —
دەپتۇ ئەپەندى، — سۇزمە چىشقا ۋە قور-
ساققا زىيان قىلىدۇ.
— بۇ گەپلىرىڭىزنىڭ قايسىسىغا ئىشە-
نەي؟ — دەپ سوراپتۇ خوتۇنى.
— سۇزمە بولسا ئاۋۋالقىسىغا، بولمىسا
كېيىنكىسىگە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندى.

ئەپەندىنىڭ ئوغلى

بىر كۈنى پادىشاھ ئەپەندىنىڭ ئوغ-
لىنى ھۇزۇرىغا چاقىرىپتۇ. بالىنىڭ قەددى-
قامىتى، قاش-كۆزلىرى دادىسىغا بەك ئوخ-
شايدىكەن. بالىنىڭ ئەقلىنىمۇ دادىسىغا
ئوخشايدىغان، ئوخشىمايدىغانلىقىنى سىناپ
بېقىش ئۈچۈن، پادىشاھ ئۇنىڭغا بىر تىللا
بېرىپتۇ. بالا پۇلنى ئالغىلى ئۇنىماپتۇ.
— نېمىشقا تىللانى ئالمايسەن؟
— ئاپامدىن قورقىمەن، ئۇ بىگانە
ئادەمدىن پۇل ئالمىغىن دېگەن.
— ياشا! — خۇرسەن بوپتۇ پادىشاھ، —
مەن ئاپاڭ دېگەن بىگانە ئادەم ئەمەس،
ھۆكۈمدارىڭ بولىمەن، قورقماي ئېلىۋەرە
مەن پادىشاھ ئىكەنلىكىمنى بىلى-
مەن، ئاپام بۇنىڭغا بەرىبىر ئىشەنمەيدۇ.
— نېمە ئۈچۈن؟ — ھەيران بولۇپ
سوراپتۇ پادىشاھ.
— ئەگەر پادىشاھ پۇل بەرسە، بىر
تىللا ئەمەس، كۆپرەك بېرەر ئىدى دەيدۇ-
دە، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بالا.

كىر قاغا

ئەپەندىنىڭ ئايالى كىر يۇيۇپ ئول-
تۇرۇپتىكەن، تۇيۇقسىز بىر قاغا ئۇچۇپ
كېلىپ سوپۇننى ئېلىپ قېچىپتۇ. خوتۇنى
قاغىنىڭ ئارقىسىدىن ھاي-ھايلاپ قوغ-
لاپتىكەن، ئەپەندى:





— بولدى قىل، خوتۇن، قاغىنىڭ ئۇستى-
بېشى بىزنىڭكىدىنمۇ بەتتەر كىر ئىكەن، — دەپتۇ.

1989-يىلى تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەپەندى لەتىپىلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.
ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئۆمەرجان مۇھەممەت

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com




## دىلئارام بىلەن كىتابىي مۇئامىلە

بىر كۈنى چېچىمچىلار ھۇسەيىن بايقاراغا:

— تەقسىر، سىز ئەلىشىر نەۋائىينى گېپىدە تۇرىدىغان دۇرۇس ئادەم دەپ ئۆزىڭىزگە يېقىن تۇتۇپ يۈرىسىز. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بۇزۇقلۇقىنى بىلمەيسىز، ئۇنىڭ ھۇجرىسىنىڭ كەينىدە دائىم بىر توپ ئايال تۇرۇۋالىدىكەن. بۇ ئەلىشىر نەۋائىي بولسا، ھۇجرىسىنىڭ كەينىدىن پەنجىرە ئاچقۇزۇپ، ھەركۈنى ئۇلار بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلىپ يۈرىدۇ. ئىشەنمىسىڭىز، ئۆزىڭىز بېرىپ تەكشۈرۈپ بېقىڭ، — دەپتۇ.

ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھۇجرىسى راۋاقىنىڭ ئاستىدا ئىكەن. بىر كۈنى كېچىسى ھۇسەيىن بايقارا دوستىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ، قاراۋۇللارنىڭ كىيىمىنى كىيىپتۇ-دە، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا يوشۇرۇن بېرىپ، ئىشكىنىڭ يوچۇقىدىن ئاستا ماراپتۇ. راستتىنلا شائىرنىڭ ھۇجرىسىنىڭ نېرىقى يېقىدا ھەقىقەتەن پەنجىرە بار ئىمىش، بۇ ياقتا ئەلىشىر نەۋائىي كىتاب يېزىۋاتقانىمىش. شائىر بىر چاغدا خەتتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھېلىقى نازىنىن كۆرۈنۈپ تۇرغان پەنجىرىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، مۇنۇ سۆزنى قىپتۇ:

مەن ھىرى شەھىرىدە كۆردۈم بىر ئەجايىپ مەنزىرى،
مەنزەر ئىچرە ئولتۇرۇپتۇر ھۆر يەڭلىغ بىر پەرى.
ئاندىن شۇياققا قولىنى ئۇزىتىپ، خىيال سۈرگەن ھالدا مۇنداق دەپتۇ:
تۇردۇمۇ ئىندىم يېنىغا، بويىنىغە سالدىم قولۇم،
ئىشۋەيۇ نازۇ كەرەشمە بىرلەئەيتۇر: كەت نېرى.
نازىنىن شائىرغا قاراپ مۇنداق دەرمىش:
دەستلەرى چاغلى بولغانلار يېتەلمەيلەر ماڭا
سەن كىمى جانانىدۇر سەن، ياكى زەنگى كورگەرى.
شۇچاغدا ئەلىشىر نەۋائىي بىر تۈگۈنچەك پۇلنى ئۇ نازىنىنغا كۆرسىتىپ مۇنداق دەرمىش:
مىڭ تۈمەنگە ئەرزىگەيمۇ بىر كىشىنىڭ قىممىتى.
ئۇ نازىنىن مۇنداق دەپ جاۋاب بېرەرمىش:
سەندە زەر بولسا ئالىپ كەتكىل، يىگىت سەن يا قېرى.

ئەلىشىر نەۋائى مۇنداق دەرمىش:

كىم ھىرى شەھرىگە بارسا ئول دىرەمسىز بارمىسۇن،
بىدىرەمگە بەرمەسلەر يول ئول ھىرىنىڭ خوبلىرى.
ئەي نەۋائى، غەنىمەت بىل خۇراسان خوبلىرى،
قەدرى زەر زەرگەر بىلۇر، قەدرى جەۋھەر جەۋھەرى.

بۇ پاراڭلارنى ئاڭلاپ، ھۇسەيىن بايقارا سارايغا قايتىپ كېتىپتۇ. ئەتىسى ياساۋۇللىرىغا شائىرنى كەلتۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ، ياساۋۇللار بىر دەمدىلا ئەلىشىر نەۋائىنى ئېلىپ كەپتۇ. شۇ چاغدا ھۇسەيىن بايقارا ئۇنىڭغا قاراپ:

— سىز بۇرۇنلاردا ھەممىمىزگە پاك بولۇش ھەققىدە نەسىھەت قىلاتتىڭىز، ئەمدى بولسا ئۆزىڭىز قولغا چۈشتىڭىز، نېمىشقا دېگەندە، مەن تۈنۈگۈن ئاخشام سىزنىڭ بىر نامەھرەم بىلەن ھەزىل-چاقچاق قىلىشىپ پاراڭلىشىپ تۇرغانلىقىڭىزنى كۆردۈم،-دەپتۇ.

شۇ چاغدا شائىر:

— مەن مۇشۇ كۈنلەردە شاھ بەھرام بىلەن دىلئارامنى يېزىۋاتىمەن. دىلئارامنى كۆرمەي تۇرۇپ ماختاپ قەغەزگە كۆچۈرسەم باشقىچە بوپقالمىسۇن دەپ، روھىنى راۋىقى بىلەن تامغا كەلتۈرۈپ قويىمەن، سىزنىڭ كۆزىڭىزگە كۆرۈنگىنى شۇ دىلئارام بىلەن مېنىڭ كىتابىمى مۇئامىلەم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ھۇسەيىن بايقارا ئەلىشىر نەۋائىغا تەھسىن-ئاپىرىن ئوقۇپ، گۇناھكار قىلمەن دېگىنىگە خىجىل بوپتۇ.

## قىزلارنىڭ چاقچىقى

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بېغى باغمۇ سەن دېسە، باغ دېگۈچىلىكى بار باغ ئىكەن. باغدا بىر شىپاڭ بولۇپ، نەۋائى ئاشۇ شىپاڭدا ئولتۇرۇپ شېئىر يېزىشنى ياخشى كۆرىدىكەن. ئەتراپتا تۇتى-تورغايلار سايراپ، بۇلبۇللار ناۋا قىلىپ تۇرىدىكەن. باغنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان شىپاڭنىڭ ئەتراپىغا تېرىلغان گۈل-رەيھانلار خۇش پۇراق چېچىپ، ئادەمنىڭ دىمىغىنى غىدىقلايدىكەن.

بۈگۈنمۇ شائىر شىپاڭدا ئولتۇرۇپ، خېلى چاغلارغىچە غەزەل يېزىپتۇ. چۈش بولغاندا ھاۋا شۇنداق ئىسسىپتۇكى، شائىر بوشىشىپ، ھالىدىن كېتىپتۇ، ئۇيقۇ بېسىپ ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۇخلاپ قاپتۇ.

باغ سەيلىسىگە چىققان قىزلار ئەلىشىر نەۋائىنى سۆزلىتىشكە خۇشتار ئىكەنتۇ، شائىر قۇيرۇق تۇتقۇزمايدىكەن. شۇ كۈنى قىزلاردىن بىرى ئۇنىڭ شىپاڭدا ئۇخلاپ قالغىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ. «شائىر ئەلىشىر ھېچكىم يوق باغدا ئۇخلاپ قاپتۇدەك» دېگەن خەۋەر بىردەمنىڭ ئىچىدىلا قىزلارغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇلار كېڭىشىنى بىر قىلىپ، ئەلىشىر نەۋائىنى سۆزلەتمەكچى بوپتۇ. دەرۋازىنى ئاستا ئېچىپ، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى باغقا كىرىپتۇ-دە، شائىر ياتقان شىپاڭغا كەپتۇ.

ئۇلاردىن بىرى شائىرنىڭ دۇۋىتىنى

www.uyghurkitap.com



ئېلىپ، يوشۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەلشىر نەۋائى بولسا ھېچنېمىنى تۇيماپتۇ. بىر چاغدا بۇلبۇل ناۋاسىدىن ئويغىنىپ كەتكەن شائىر غەزەل يازماقچى بولۇپ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ قارىسا، يېنىغىلا قويۇپ قويغان سىياھ قۇتىسى يوق تۇرغۇدەك. ئۇيان-بۇيانى خېلى ئىزدەپمۇ سىياھ قۇتىسىنى تاپالماپتۇ. نېمە قىلىشىنى بىلمەي بېشى قېتىپتۇ.

شۇ چاغدا گۈللەر ئارىسىدىن قىزلارنىڭ شوخ كۈلكىلىرى ئاڭلىنىپتۇ. ئەلشىر نەۋائى نېمە ئىشلىقىنى دەرھال سېزىپتۇ-دە، كۈلكە چىققان تەرەپكە قاراپ:

— ھەي قىزلار، چاقچاق قىلماي دۇۋىتىمنى ئۆز جايىغا قويۇڭلار، — دەپتۇ.

قىزلار ئاڭلىمىغانغا سېلىپ جىم تۇرۇۋېرىپتۇ. شائىر يەنە ئىلتىماس قىپتۇ. قىزلار ھېچنېمىنى بىلمەيدىغاندەك گۈللەر ئارىسىدىن چىقىپ، شىپاڭنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىپتۇ.

— ئەلشىر بەگ، بىزنى چاقىرغانلىقىڭىزنىڭ سەۋەبىنى بىلسەك بولامدۇ؟ — دەپتۇ قىزلاردىن بىرى.

نەۋائى ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— سەھەر كېلىشتىن سەللا بۇرۇن غەزەل يازغان چېغىمدا دۇۋىتىم يېنىمدا ئىدى. ھازىر ئۆز-ئۆزىدىنلا يوقىلىپتۇ. نەلەرگە كېتىپ قالغىنىنى بىلمەي ھەيران بولۇۋاتىمەن. قايسى بىرىڭلار بىلەن كېتىپ قالغىنىنى بىلەلمەي ھەيران بولۇۋاتىمەن. بىرەرىڭلار بىلەن كېتىپ قالمىغاندۇر؟ — دەپ چاقچاق قىپتۇ. قىزلارمۇ بوش كەلمەپتۇ. ئۇلاردىن بىرى:

— ساقلاپ تۇرسىڭىز ئۆز پۇتى بىلەن مېڭىپ كېپقالىدۇ، — دېسە، يەنە بىرى:

— بەلكىم، شەيتان ياكى ئىنس-جىن ئەپقاچقاندۇر، — دەپتۇ.

ئەلشىر نەۋائى قايتا-قايتا سورىسىمۇ، قىزلار «بىز كۆرمىدۇق» تىن باشقا جاۋاب بەرمەپتۇ.

شائىر سوراش بىلەن بىر ئىش چىقمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— جان قىزلار، جانان قىزلار، دۇۋىتىمنى بېرىڭلار، بولمىسا ئىلھام پەرىسى قېچىپ كېتىدۇ، — دېگەنىكەن، قىزلاردىن بىرى:

— سىياھ قۇتىڭىزنى، بەلكىم، ئىلھام پەرىسى تېپىپ بېرەر، — دەپتۇ شوخ كۈلۈپ.

— ياق، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شائىر، — بۇ ئىش ئىلھام پەرىسىنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. سىلەردەك بۇ گۈلشەن پەرىلىرىنىڭ قولىدىن كېلىدۇ.

شۇ چاغدا ئەلشىر نەۋائىنىڭ سۆزلىرىدىن ئېرىپ كەتكەن قىزلاردىن بىرى:

— ئەلشىر بەگ، ناۋادا، سىياھ قۇتىڭىزنىڭ ئۆزى بۇ يەرگە مېڭىپ كېلىدىغان بولسا، بىزگە قانداق مۇكاپات بەرگەن بولاتتىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— بۇيرۇڭلار، نېمە بولسىمۇ مەيلى، جېنىمنىمۇ ھەدىيە قىلىشقا تەييارمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— ئەلشىر بەگ، شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا بىزگە ئاتاپ غەزەل توقۇيسىز، يوقالغان نەرسىڭىز ئۆز ئايىغى بىلەن بۇ يەرگە كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ... شەرتىمىز شۇكى، — دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ قىز، — يېڭى توقۇغان غەزىلىڭىزدە يوقاتقان نەرسىڭىزنى قىستۇرۇپ ئۆتىسىز.

شائىر ئىشنىڭ ئاسانغا چۈشكەنلىك-

دىن كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ، رازى بوپتۇ-دە،
ھېچ ئويلاپ تۇرماستىنلا غەزەل باشلاپتۇ:

ئېلىك قىزلار، بېرىڭ قىزلار،
خامە① يېشىنى تېزرەك تۆكسۇن.
سۆز گۆھەرىن يىپقا تىزاي،
ئاشىق-مەشۇق ئوقۇپ قالسۇن.

قىزلار ھەممىسى تەڭلا: «يەنە، يەنە!»
دەپ ۋارقىرىشىپتۇ. ئەلشىر نەۋائى بولسا، غەزەل ئوقۇشنى داۋام قىپتۇ:

ئېلىك قىزلار، بېرىڭ قىزلار،
تېزدىن سۆزۈم ئېلىڭ قىزلار،
مەشۇقلىرىن شېئىردا كۆرسۇن،
سۇخەنىمگە ئىشقىۋازلار.

قىزلار: «ئاپىرىن!»، «ئاپىرىن!»
دېيىشىپتۇ. ئەلشىر بەگ قىزلارنىڭ قىقاس-چۇقانلىرىدىن ھاياجانلىنىپ، تېخىمۇ زوق-شوخ بىلەن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:

ئېلىك قىزلار، بېرىڭ قىزلار،
خامە سازنى كۆپرەك چالسۇن،
سۆز ئۈنچىسىن پاتراق تىزاي،
گۈلسەنەملەر ئوقۇپ قالسۇن.

ئېلىك قىزلار، بېرىڭ قىزلار،
شائىرىڭلار شېئىر پۈتسۇن،
دۈشمىنىمگە قىلماڭ چاقچاق،
خامە ئۈنچە ئىزىن تىزسۇن.

دۈشمىنىمنى بېرىڭ قىزلار،
مالال بولماي، شېئىرىم يازاي،
ئازار بەرمەڭ شېرىن سۆزلەر،
سىزگە بارىم ھەدىيە قىلاي.

ئەلشىر نەۋائىنىڭ شېئىرىدىن ئېرىپ كەتكەن قىزلار سىياھ قۇتىسىنى تىقىپ قويغان جايدىن ئەكېلىپ، شائىرغا بېرىپتۇ. ئۇ قىزلارنىڭ چاقچىقىدىن ئىلھاملىنىپ، تېخىمۇ كۆپ غەزەللەرنى يېزىپتۇ. شائىرنىڭ بۇ غەزەللىرىمۇ باشقا شېئىرلىرىغا ئوخشاش خەلق ئارىسىغا تېز تارقىلىپ كېتىپتۇ.

## بۇلبۇلنىڭ ناۋاسى

بىر كۈنى ئەلشىر نەۋائى بىلەن بىنائى دېگەن شائىر چوڭ بىر بىنانىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. بىنانىڭ ئىچكىرىسىدىن گۈلگە قونۇپ سايراۋاتقان بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق ناۋاسى ئاڭلىنىپتۇ. شۇ چاغدا بىنائى ئەلشىر نەۋائىنى چېقىۋالماقچى بولۇپ:

— ھەزرىتى ئالىيلىرى، قاراڭ، يولۇچىلار بۇ يەردىن ئۆتكەندە ئاۋۇ بىنانىڭ گۈزەللىكىگە، كۆركەملىكىگە زوق بىلەن تىكىلىدۇ. پەرىزىمچە، ئاۋۇ سايراۋاتقان بۇلبۇلمۇ مۇشۇ بىنانىڭ گۈزەللىكىگە تەھسىن ئوقۇۋاتسا كېرەك، — دەپتۇ.

بىنائىنىڭ مۇشۇ گەپلىرى بىلەن نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن ئەلشىر نەۋائى ئۇنىڭغا جاۋابەن مۇنداق دەپتۇ:

— گېپىڭىز توغرا جانابىي ئالىيلىرى، لېكىن شۇنى بىلىڭكى، كۈنلەر ئۆتۈشى بىلەن بۇ بىنامۇ ئۆرۈلىدۇ، ئەمما بۇلبۇلنىڭ ناۋاسى، ئۇنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئەسلا يوقالمايدۇ. دەرۋەقە، ھەقىقىي دىتى بار پاراسەتلىك ئادەمگە بۇ يەرگە بىنانىڭ ھەشەمەتلىكى ئەمەس، بۇلبۇلنىڭ ناۋاسى ھۇزۇر بېغىشلايدۇ. بۇنىڭغا ئۇنداق-مۇنداق ئادەملەرنىڭ پەمى يەتمەيدۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان بىنائى قىزىرىپ كېتىپتۇ.

① خامە — قەلەم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئادالەت

ئۇلۇغ دانىشمەن ۋە دۆلەت ئەربابى ئەلىشىر نەۋائى ئاسترابادتا ھاكىم بولۇپ بارغاندىن كېيىن، زالىم قازىلارنى، ئادالەتسىز لەشكەر باشلىقلىرىنى ۋە خەلققە ئورۇنسىز سېلىق سالغۇچى ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاپتۇ. ئەل - يۇرتنى تىنچ تۇرمۇش يولىغا سالغانلىقى ئۈچۈن، ھەممە ئۇنى ھۆرمەت قىپتۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىككى ئاكا-ئۇكا ئاتاسىدىن مىراس قالغان موزايلىق سېيىرنى قانداقلارچە تەڭ تەقسىم قىلىشنى بىلەلمەي ئۇلۇغ شائىرنىڭ ھوزۇرىغا بېرىپتۇ.

— ھەزرىتى ئەمىر ئاتا! ئاتىمىزدىن بىر موزايلىق سېيىر مىراس قالغاندى. ئاكام سېيىرنى ئۆزى ئېلىپ، موزاينى ماڭا بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ، شۇ توغرىمۇ؟ — دەپتۇ ئۇكىسى ئاكىسىنىڭ مىراسنى ناتوغرا تەقسىم قىلمۇۋاتقانلىقىدىن شىكايەت قىلىپ ۋە نەۋائىدىن ئادىل ھۆكۈم چىقىرىشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

شۇ چاغدا نەۋائى كۈلۈپ تۇرۇپ:

— يىگىتلەر، بۇ مەسىلە مۇنداق ھەل بولىدۇ، — دەپ خەزىنىچىنى چاقىرىپتۇ - دە، سېيىر بىلەن موزاينى باھالاپ، پۇلنى ئاكا-ئۇكا ئىككىسىگە تەڭ بۆلۈپ بېرىشنى تاپشۇرۇپتۇ.

خەزىنىچى سىرتقا چىقىپ، سېيىر بىلەن موزايغا ئادىللىق بىلەن يىگىرمە تەڭگە باھا قويۇپتۇ. ئاكا-ئۇكىلارنىڭ ھەر بىرىگە ئون تەڭگىدىن پۇل بېرىپ، ئىككىسىنىلا رازى قىلىپ، يولغا سېپتۇ. ئۇلار ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكىدىن ئۆمۈرۋايەت مىننەتدار بوپتۇ.

## بىرنى كەسسەڭ ئوننى تىك

ئەلىشىر نەۋائى ئاستراباد ۋىلايىتىدە ھاكىملىق قىلغان چاغلىرىدا، شەھەرنىڭ سىرتىدىكى ئېگىز بىر دۆڭدە ئاسمان بىلەن بويى تالاشقان بىر توپ قېرى تېرەك بار ئىكەن.

ئەلىشىر نەۋائى كەچقۇرۇنلىرى ئۆزىنىڭ يېقىن مۇلازىملىرى بىلەن شۇ تېرەكنىڭ ئاستىغا كېلىپ سەگىدەيدىكەن. ئۇلۇغ شائىر تېرەكنىڭ مەيىن شامالدا شىۋىرلاپ كۈيلەشلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىدىكەن. تېرەك گويا مۇڭلۇق قوشاقلارنى كۈيگە سالغان سازەندىدەك بىر رىتىمدا تەۋرىنىپ شىۋىرلايدىكەن.

باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئەلىشىر نەۋائى ئادىتى بويىچە ئۆز مۇلازىملىرى بىلەن بىللە غەزەلخان تېرەكنى سېغىنىپ شەھەر سىرتىغا چىقىپتۇ. بېرىپ قارىسا، تېرەكنى كىمدۇر بىرى «ئۆلتۈرۈپ» كېتىپتۇ. نەۋائى ئېغىر خورسىنىپ، مۇلازىملىرىغا «قاتىل»نى تېزدىن تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

مۇلازىملار ئۇزۇن ئۆتمەي ئەپتبەشىرىسى سوغۇق، قاپقارا بىر ئادەمنى ئات ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كەپتۇ. ئەلىشىر نەۋائى قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكىدىن:

— ئەي، قاتىل، نېمىشقا شۇنداق ئەزىم دەرەخنى نابۇت قىلدىڭ؟ يا شۇ ئارقىلىق مېنىڭدىن ئۆچ ئالماقچى بولدۇڭ-

مۇ؟ — دەپتۇ. ئاندىن مۇلازىملىرىغا بۇ يارىماسنى قىرىق دەررە ئۇرۇڭلار، دەپ بۇيرۇپتۇ-دە، ھەر دەررە ئۇرۇلغاندا «بىرىگە ئون» دېگەن ھېكمەتنى تەكرارلىتىپ تۇرۇشنىمۇ تەيىنلەپتۇ.

تېرەكنى ئىلمىغا لايىق ئىكەن دەپ كەسكەن بۇ ئادەم مەھەللىنىڭ ئىمامى ئىكەن. ئۇ قىرىق دەررە يېگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ قىلغىنىغا تووۋا قىپتۇ. كېيىن ئەلشىر نەۋائىنىڭ «بىرىگە ئون» دېگەن ھېكمىتىنىڭ مەنىسىنىمۇ چۈشىنىۋاپتۇ. قاتىل — ئىمام شۇنىڭدىن كېيىن شۇ دۆڭگە ئون تۈپ تېرەك تىكىپ، پەرۋىش قىلىشقا باشلاپتۇ.

بىر-ئىككى يىل ئىچىدە تېرەكلەر ئاسمانغا بوي سوزۇپ، بۆككىدە بولۇپ قاپتۇ. ئەلشىر نەۋائى ئۆز مۇلازىملىرى بىلەن يەنە شۇ دۆڭگە كېلىپ قارىسا، ياش تېرەكلەر باھار شامىلىنىڭ يېنىك تەۋرىتىشىدە ئاستا شىۋىرلاپ كۈيلەۋاتقانىكەن.

شۇ تېرەكنىڭ باھانىسىدە، ئاستىرابادتا باغ-ۋارانلار كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. ئەل يۇرتقا گۈزەللىك تۇسى كىرىپتۇ.

## قايسى پىچاق پادىشاھنىڭكى

كۈنلەرنىڭ بىر كۈنى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئالدىغا چىن-ماچىن مەملىكىتىنىڭ پادىشاھىدىن ئەلچى كەپتۇ. ھۈسەيىن بايقارا ئۇنى ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن كۈتۈۋاپتۇ. ئەلچى تەزىم-تەۋەززۇ بىلەن:

— سۇلتانىمىز ھۆرمەتلىك زاتى ئالىيلىرىغا ئىككى پىچاق ئەۋەتتى. ئۇ ئىككى پىچاقنىڭ سېپىمۇ بىر خىل، تىغىمۇ بىر خىل، قايسى پادىشاھنىڭكى، قايسىسى ۋەزىرىنىڭكى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىشىڭىزنى سورايدۇ، — دەپتۇ.

سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ئۆزىنىڭ ئەركانى دۆلىتىدىكى دانىشمەنلەرنى يىغىپ، مەسلىھەت ساپتۇ، ئەمما ھېچكىمدىن گەپ چىقماپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ھىراتنىڭ كوچىلىرىغا چاپارمەن ئەۋەتىپ، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنى سارايغا يىغدۇرۇپتۇ. ئەمما ھېچكىم پىچاقلارنىڭ قايسىسى پادىشاھنىڭ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمەپتۇ. شۇ چاغلاردا مىر ئەلشىر قارا كۆڭۈل ۋەزىرلەرنىڭ ئىغۋاسى تۈپەيلىدىن سارايدىن كېتىپ قالغانىكەن. سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا مىر ئەلشىرنى بىكاردىن-بىكار خاپا قىلىپ قويغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئەلەم بىلەن:

— دوستۇم ئەلشىر بولغان بولسا، شۇنچە خالايىقنى يىغىپ ئاۋارە بولمىغان بولاتتۇق. شۇنداق دانىشمەن ئادەمنى سۈرگۈن قىلىپ، كۈنۈم سەنلەردەك نادانلارغا قالغانىكەن-دە، ۋادەرىغ! — دەپ نالە قىپتۇ.

شۇ چاغدا باش ۋەزىر قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇپ:

— ئالەمپاناھ، كۆپ قايغۇرماڭ. بىر ئەمەس، قىرىق ۋەزىرىڭىز بار. بىزگە مۆھلەت بېرىڭ، ئىنشائاللا، مۈشكۈلىڭىزنى ئاسان قىلىپ، يېگەن تۇزىمىزنى ئاقلايمىز، — دەپتۇ.

— بولمىسا، ئۈچ كۈن مۆھلەت بېرەي، شۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە پىچاقلارنىڭ كىمنىڭكى ئىكەنلىكىنى تاپساڭلار ياخشى، بولمايدىغان بولسا، قىرىقىڭنى بىر قىلىپ دارغا ئاستۇرىمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

پادىشاھ دېگەن پادىشاھ-تە، نېمە قىلىمەن دېسىمۇ قولىدىن كېلىدۇ. ۋەزىرلەر ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ، «پادىشاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغاندىن كۆرە، مىر ئەلىشىرنىڭ ئالدىغا باش ئېگىپ بارغان تۈزۈك، شائىر دېگەننىڭ كۆڭلى يۇمشاق كېلىدۇ، باش ئېگىپ بارساق، گۇناھىمىزدىن ئۆتەر، بەلكىم بۇ تېپىشماققا مىر ئەلىشىرنىڭ ئەقلى يېتەر» دەپ ئويلاپ، ئاتلىرىغا مىنىپ يولغا چىقىپتۇ.

مىر ئەلىشىر شاگىرتلىرى بىلەن كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغانىكەن، قىرىق ۋەزىرنىڭ ئولاش-چولاش كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋاپتۇ. ئۇلارنى مېھمانخانىغا باشلاپ، ئۈچ كېچە-كۈندۈز مېھمان قىپتۇ. مىر ئەلىشىر زەن قويۇپ قارىسا، ۋەزىرلەرنىڭ يۈزى كۈلۈپ تۇرغىنى بىلەن يۈرىكىدە قانداقتۇر بىر دەرد بولۇپ، ھېچ ئېچىلىپ گەپلەشمىگۈدەك. بۇنى كۆرۈپ سارايدا بىرەر ۋەقە بولغانلىقىنى چۈشەنگەن مىر ئەلىشىر ۋەزىرلەردىن سورىغانىكەن، ئۇلار پىچاق ۋەقەسىنى سۆزلەپ:

— قىسقىسى، ھىراتتەك چوڭ شەھەردە بۇ مەسىلىنى يېشەلەيدىغان ئەھلى دانىش تېپىلمىدى. ئەمدى پۈتۈن ئۈمىد سىزدە. ئۆزىڭىز ياردەم قىلمىسىڭىز، ھالىمىز خاراب، مەۋلانە، — دەپ راسا يىغلىنىپ يالۋۇرۇپتۇ.

بۇنى ئاڭلىغان مىر ئەلىشىر بىرئاز ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— بولمىسا مۇنداق بولسۇن. ھازىرلا سارايغا قايتىپ بېرىپ، پىچاقلارنىڭ ئىككىلىسىنى ئوتقا سېلىپ بېقىڭلار. پىچاقلارنىڭ بىرى تەرلەيدۇ، يەنە بىرىدىن بولسا تەر چىقمايدۇ. ئەنە شۇ تەرلىگەن پىچاق پادىشاھنىڭكى بولىدۇ، چۈنكى بۇ پىچاق كۆپ ئىشلىتىلمەيدۇ. يەنە بىرىنى ۋەزىرنىڭكى دەۋېرىڭلار. چۈنكى ۋەزىرنىڭ پىچىقىدا سەۋزە-پىياز توغرىلىدۇ، قىسقىسى كۆپ ئىشلىتىلگەن پىچاقتىن ئوتقا تۇتقانىدا تەر چىقمايدۇ، — دەپتۇ.

ۋەزىرلەر مىر ئەلىشىردىن مىننەتدار بولۇشۇپ، ھەممىسىنىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، سارايغا قاراپ يول ئاپتۇ. مۆھلەت توشقانلىقى ئۈچۈن پادىشاھمۇ ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىكەن، ئېيتىلغان مۆھلەتتە قىرىق ۋەزىر جەم بولۇپ، سارايغا كىرىپ كەپتۇ.

— خوش، تاپتىڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ.

— ھەئە، تەقسىر، تاپتۇق! — دەپ، بايا مىر ئەلىشىردىن ئۆگىنىۋالغان گەپلەرنى ئېقىتماي-تېمىتماي سۆزلەپ بېرىپتۇ.

سۇلتان ھۇسەيىن ئوت ياقتۇرۇپ، پىچاقلارنى ئوتقا تۇتقانىكەن، خۇددى ۋەزىرلەرنىڭ ئېيتقىنىدەك بولۇپ، پىچاقلارنىڭ بىرى تەرلەپ، يەنە بىرىدىن تەر چىقماپتۇ. شۇ چاغدا كەيپى چاغ بولغان سۇلتان ھۇسەيىن بۇ گەپلەرنىڭ ۋەزىرلەرنىڭ كاللىسىدىن چىقمىغانلىقىغا گۇمانلىنىپ، سوراپتۇ:

— راستىنى ئېيتىڭلار، بۇ گەپ ئۆزۈڭلاردىن چىقتىمۇ ياكى سىلەرگە بىركىم

ئۆگەتتىمۇ؟

— ئۆزىمىز تاپتۇق، تەقسىر!

— ئۇنداق بولسا، نېمشقا بالدۇرراق دېمەستىن، ئۈچ كۈن مۆھلەت سوردىڭلار؟ پەمىچە، بىرەر دانىشمەننى تېپىپ، مەسلىھەت سورىغان ئوخشايسىلەر. سەنلەرنىڭ بۇ قاپاق كاللاڭلاردىن كۈندۈزى چىراغ يېقىپ ئاقتۇرسىمۇ زىغىردەك ئەقىل تېپىلمايدىغانلىقىنى ناھايىتى ياخشى بىلىمەن. مېنى كولدۇرلاتماقچى بولۇۋاتامسىلەر تېخى؟! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ۋەزىرلەر قورققىنىدىن غال - غال تىترەپ، تىللىرى گەپكە كەلمەي قاپتۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپنى كۆرگەن، يېشى چوڭراق بىرى بار ئىكەن، شۇ كىشى:

— بىر قوشۇق قېنىمىزدىن كېچىڭ، ئالەمپاناھ! ئوچۇقىنى ئېيتسام، شۇ كۈنى كېچىسى چۈش كۆرۈپتىمەن، چۈشۈمدە ئاپئاق ساقاللىق، مەللە تونلۇق بىر قېرى ئادەم يېنىمغا كېلىپ: «كۆپ قايغۇرماڭلار، پىچاقلارنىڭ كىمگە تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىقلىماقتىن ئاسان ئىش يوق» دەپ، ئاشۇ گەپلەرنى ئۆگىتىپ قويغانىدى، — دەپتۇ.

سۇلتان ھۆسەيىن قاتتىق قىستاققا ئالغانىكەن، ۋەزىرلەر نائىلاج:

— بۇنى بىز مىر ئەلىشىردىن سوراپ بىلىۋالدۇق، — دەپ راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

شۇ چاغدا سۇلتان ھۆسەيىن:

— ھەممىڭنى يىغسا، مىر ئەلىشىرنىڭ بىر تال مويىغىمۇ ئەرزىمەيسىلەر، ئەھۋاللار شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئۇنى غەيۋەت قىلىشنى سىلەرگە كىم قويۇپتۇ. سەن پىتنىخورلارنىڭ گېپىگە كىرىپ، دوستۇمنىڭ دىلىنى ئاغرىتقان مەن ئۆزۈم ئەخمەق. ھازىرلا بېرىپ مىر ئەلىشىردىن ئەپۇ سوراپ، ئۇنى سارايغا ئەكىلىمەن، سەلتەنىتىمىزنىڭ مۆھرى مۇبارىكىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرىمەن! — دەپتۇ - دە، دوستى ياشايدىغان يېزىغا قاراپ ئاتلىنىپتۇ.

1991-يىل تاشكەنتتە نەشر قىلىنغان «ئەل دېسە نەۋائىنى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: خەلىم سالىخ



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئىبرەتلىك ھېكايەتلەر

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئەتقاسىم ئەكرەم

## شاھ قەسرى بىلەن ۋەيرانە ئۆي

پادىشاھ نۇشىرۋاننىڭ ناھايىتى مەشھۇر بىر ئايۋىنى بار ئىدى. بۇ ئايۋاننىڭ مەشھۇرلۇقى ئۇنىڭ ناھايىتى ھەيۋەتلىك ۋە كۆركەملىكىدە ئەمەس. بەلكى ئۇنىڭدىكى خاسىيەت ۋە پەزىلەتتە ئىدى. نۇشىرۋاننىڭ شۇنچە كەڭ ۋە ھۇزۇرلۇق بۇ ئايۋاننىڭ بىر بۇرجىكىدە بىر نامرات ئايالنىڭ ۋەيرانە، كونا ئۆيى جايلاشقانىدى. ھەرقانداق كىشى بۇ ئايۋانغا كىرسە ئىختىيارسىز ئۇ كونا ئۆيگە نەزەرى چۈشۈپ تۈرلۈك پىكىرلەرنى قىلىشىپ ئويلاپ قالاتتى. نۇشىرۋان بۇ ئايۋاننىڭ قۇرۇلۇشى تاماملانغاندىن كېيىن كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇردى.

بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ بىرنەچچە يېقىنلىرىنى سۆھبەتكە چاقىردى. ئۆيگە كىرگەنلەر سۆھبەت ۋە زىياپەت ئارىلىقىدا ئۆينىڭ سۈپەت ۋە ئۇستىكارلىقلىرىنى كۆزەتكەچ، يەنە شۇ بۇلۇڭدا تۇرغان كونا ئۆيگە قاراپ تەئەججۈپلىنىپ قېلىشتى. پادىشاھ ئۇلاردىن:

— قانداق. مېنىڭ بۇ ئايۋىنىمدا نۇقسان ۋە كەمتۈك جايلار كۆپمىكەن، كۆڭۈللەردە ئەجەبلىنىۋاتقاندەك قىلىسلەرغۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى. ئۇلاردىن بەزىلىرى:

— پادىشاھنىڭ بۇ ئايۋىنىدا بىرەر نۇقساننى كۆرمىدۇق. بىزنى ئەجەبلەندۈرۈۋاتقان ئاشۇ كۆرۈمسىز ئەبجەق ئۆينىڭ بۇ ئايۋاننىڭ بۇلۇڭىغا ئورۇنلىشىپ قالغانلىقى بولۇۋاتىدۇ. ھەر كۈنى ئۇنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقىپ، بۇ پاكىز قەسىرنىڭ تاملىرىنى قارا قىلىدۇ. بۇ ۋەيرانە ئۆينىڭ ئايۋان ئىچىگە ئورۇنلىشىشى زادى ئەقىلگە سىغمايدۇ. پادىشاھ ئالىيلىرى بۇ ئەبگا تامنى بۇ سۈپەتلىك ئايۋاندىن دەرھال يوقىتىۋەتسىڭىز ياخشى بولاتتى، — دەپ دەۋەت قىلىشتى. نۇشىرۋان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ:

— بۇ ئۆي بىر قېرى ئايالنىڭ مۈلكى ھەم تېنىدۇر. ئۇنىڭ ئۆمرى خازانلىققا يېتىپ قالغان. ھاياتلىق قۇياشى ئولتۇرىدىغان جايغا بېرىپ قالغان. بۇ ئايۋاننىڭ سىياقىنى ئويلىغان ئۇستىلار پىلاننى تۈزگەن چاغدىمۇ بۇ ئۆينىڭ توسالغۇ بولىدىغانلىقىنى بايقىغانىدۇق. مەن بۇ ئايۋاننىڭ ئورنىنىڭ تەكشى بولۇشىنى ئويلاپ، ئۇ ئايالغا: «بۇ ئۆيىنى ئۆزى خا-

لىغان باھادا سېتىپ بەرسۇن، ياكى ئال-تۇن مۇكاپاتنى بېرەي، ياكى بۇنىڭ ئور-نىغا ياخشى بىر ئىمارەتنى سالدۇرۇپ بېرەي» دەپ كىشى ئەۋەتتىم. ئۇ ئايال ماڭا مۇنداق جاۋاب ئېيتتى: «مەن مۇشۇ ئۆيدە تۇغۇلدۇم، مۇشۇ ئۆيدە بېقىلىپ چوڭ بولدۇم. مۇشۇ ئۆيدە تويۇم بولدى. پۈتۈن ئالەم پادىشاھىنىڭ مۈلكى تۇرۇپ، مەن ئۇنىڭغا ھەسەت قىلمايمەن، پادىشا-ھىم نېمە ئۈچۈن مېنىڭ بۇ كىچىككىنە ئاجىز ماكانىمغا كۆز قىزارتىدۇ؟»

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا ناھايىتى تەسىر قىلدى. شۇنىڭدىن بۇيان ئۇنىڭغا قايتا ئېغىز ئاچمىدىم. ئاخىرىدا بۇ ئاي-ۋاننىڭ قۇرۇلۇشى تاماملاندى. شۇندىن بېرى بۇ ئۆيدىن ھەمىشە تۈتۈن چىقىدۇ. ئايۋاننىڭ تام - تورۇسلىرىنى ئىسلاپ قارا قىلىدۇ. خىزمەتچىلەر ئۇنىڭدىن: «بۇ يەر-نى نېمە ئۈچۈن تۈتۈن قىلىسەن؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ: «تۈتۈن چىقىرىپ تاماق پىشۇرۇپ يەيمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا ھېچ نەرسە دېمىدىم. ئەتى-سى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۈچار قۇشلارنىڭ گۆش-لىرىدىن كاۋاپ قىلىپ، تاتلىق تائاملاردىن داستىخان تەييارلاپ كىرگۈزدۇم. ئۇلار: «بىز ھەر كۈنى سىزگە مۇشۇنداق تائام-لارنى يەتكۈزۈپ بېرىمىز. سىز بۇ جايدا ئوت يېقىپ تۈتۈن ماڭدۇرماڭ» دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. ئۇ: «ئەي ئەزىزلەر، دۇنيادا نۇرغۇن ئاچ - زار كىشىلەر بار، ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئاچلىقتىن نۇرسىزلىنىپ، يۈرەك-لىرى ئۆرتىنىۋاتسا، مەن بۇ يەردە قۇش-لارنىڭ كاۋىپىنى يەپ ئولتۇرسام، بۇ قانداق راۋا بولىدۇ. مەن ئۆزۈم مېھنەت سىڭدۇرۇپ، خىزا قىلىپ يەپ گۈمرۈمنى



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۇ مەنزىلگە يەتكۈزدۈم. ئەمدى قېرىغان چېغىمدا بۇ شۈبھىلىك ئاتامنى يەپ نېمە قىلىمەن، ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈمنىڭ ھالال ئەمگىكىم بىلەن تاماق پىشۇرۇپ يەي، مېنىڭ بۇ ماكانىمنى ئۆز پېتى قويۇڭلار، بۇ بىر تەرەپتىن ئايۋىنىڭلارنىڭ بىر زىننىتى بولۇپ تۇرسۇن. چۈنكى سىلەرنىڭ بەگ - ئەمەلدارلىرىڭلار ماڭا ئادالەت، ھەققانىيەت بىلەن مۇئامىلە قىلغانلىقىڭلارنى، شۇڭا بۇ كونا ئۆيۈمنى ئېلىۋېلىشنى راۋا كۆرمىگەنلىكىڭلارنى بىلسە، ئۇلارمۇ پۇقرالارنىڭ مال - مۈلكىگە زۇلۇم قولىنى ئۇزاتمايدىغان بولىدۇ. شۇنىسى بەرھەقكى، سىلەرنىڭ بۇ ئايۋىنىڭلار ئاخىرى بىر كۈنى ۋەيران بولىدۇ. لېكىن بۇ مېنىڭ ۋەيرانە ئۆيۈم بىلەن سىلەرنىڭ ئايۋىنىڭلارنىڭ قىسسىسى كۆڭۈل سەھىپىلىرىگە يېزىلىپ قىيامەت دەۋرىگىچە ساقلىنىپ بارىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ماقۇل كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قوشنا بولۇشقا رازى بولدۇم. بۇ ئايۋاننىڭ ئالدى تەرەپ سەھنىسى ئېسىل بىساتلار بىلەن زىننەتلەنگەنىدى. ئۇ ئايالنىڭ بىر دانە كالىسى بولۇپ، ھەر كۈنى ئوتلاققا چىقىرىلىپ كەچتە قايتۇرۇپ كېلىنەتتى. بۇ كالا ھەر كۈنى ئەنە شۇنداق ئالىي بىساتلىق سەھنىنىڭ ئۈستىدىن مېڭىپ ئۆتكەچكە، ئۇ يەرلەرنى بۇلغاپ پاسكىنا قىلاتتى. پادىشاھنىڭ خىزمەتچىلىرىدىن بىرسى ئۇنىڭغا: «سىز مۇنداق قەبىھ ئىشلارنى قىلماڭ. پادىشاھنىڭ ئۇلۇغ ھۆرمىتىنى بۇزماڭ» دەپ تەنبىھ بېرىپتۇ. ئۇ ئايال قىلچە ئىككىلەنمەيلا: «پادىشاھنىڭ ھۆرمىتى ئايۋىنى بىلەن ئەمەس، ئادىللىقى بىلەن بەرپا بولغان. شۇڭا ئۇنىڭ ھۆرمىتى ئادالەت بىلەن ئەمەس، بەلكى زۇلۇم بىلەن بۇزۇلىدۇ. پادىشاھنىڭ شان - شەۋكەت بىناسىنىڭ ھۇلى ئادالەتتۇر. مەن بۇ جايدا ھەرقانداق ئىشنى قىلسام، پادىشاھنىڭ ياخشى نامىنى تېخىمۇ كەڭ تارىتىمەن. ئۇنىڭ ياخشى سۈپەتلىرىنى زاماننىڭ ئاخىرىغىچە مىراس قالدۇرىمەن» دەپتۇ.

ئۇ ئايال ھەقىقەتەن راست سۆزلىگەن. چۈنكى نۇشىرۋاننىڭ دەۋرىدىن تاكى بۈگۈنكى مەنزىللەرگىچە نەچچە مىڭ يىل ئۆتتى. لېكىن بۇ ۋەقەلىك تارىخ بەتلىرىدە ساقلىنىپ، پۈتۈن خەلقلەر تىللىرىدا سۆزلەنمەكتە.

## مېھماندارچىلىق قائىدىسى

ھۆكۈمالار «قېشىڭغا كەلگەن مېھماننىڭ مەرتىۋە دەرىجىسىگە قارىماستىن ئۆز ساخاۋىتىڭگە لايىق زىياپەت قىلغىن» دېگەن. ئۇلار بۇ ھېكمەتنى دەلىللەيدىغان مۇنداق ھېكايەتنى قالدۇرغان.

ئەرەب ئۇلۇغلىرىدىن بولغان تەلھەگە بىر ۋەقە توغرا كېلىپ قالدى. ئۇ ئۆزى تەنھا ھالدا ئۇ ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن قەيس قەبىلىسىگە باردى. بۇ قەبىلىنىڭ باشلىقى ئەۋسىنىڭ ئوغلى مالىك بولۇپ تەلھەنى تونۇمىدى. ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇق شاراپىتىدىن خەۋەر تاپمىدى. شۇ سەۋەبتىن تەلھەگە مېھماندارچىلىقنىڭ ئومۇمىي قائىدىسى بويىچە ئىززەت - ئىكرام قىلمىدى. تەلھە سەۋر - تاقەت بىلەن، خارلىق يۇتقىنى ئۆزىنىڭ ئېسىل ئەخلاقى كۆ-

چى بىلەن كۆتۈرۈپ قايتتى. بىر مەھەلدىن كېيىن مالىكقا ھېلىقى مېھماننىڭ تەلھە ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. مالىك ناھايىتى خىجالەتچىلىك ھېس قىلدى. ئاندىن ئۆزرە ئېيتىپ تەلھەگە خەت يازدى:

«مەن سىزنى تونۇمىغانلىقتىن خىزمەتكارلىق رەسمىيىتىنى تولۇق ئادا قىلالمىدىم. شۇ سەۋەبتىن مەن ناھايىتى شەرمەندە ۋە ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالدىمەن. يەنە ئۆزرە بىلەن ئۈمىد قىلىمەنكى، مەندىن ئۆتكەن سەۋەنلىكلەرنى ئەپۇ قىلسىڭىز. چۈنكى سىزنىڭ كەرەمىڭىزنىڭ بىر خۇسۇسىيىتى ئۆزرىخاھلارنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىش دەپ ئىشىنىمەن».

تەلھە مالىكنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا جاۋابنامە يازدى:

«مەن سىنىڭ ئۆزرەڭنى قوبۇل قىلدىم. سەن بۇ توغرىدىن كۆڭلۈڭنى كۆپ مالال قىلما. ئەمما، «مەن سىزنى تونۇمىدىم» دېگەن سۆزۈڭ ئەقلىگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئۇ سۆزۈڭ مېھماندارچىلىق ۋە ئادەمگەرچىلىك قائىدىسىدىن بەكمۇ يىراق. چۈنكى مېھماندارلىقتا ئىززەت ۋە ئىكرامنى ئۇلۇغ زاتلارغا، شان-شۆھرەتلىك كىشىلەرگە دەپ بىلىش ساخاۋەت ۋە مۇرۇۋۋەتنىڭ ئالامىتى ئەمەس. دوستانىلىقنىڭ مۇھىم نىشانىسى ئاپتاپقا ئوخشاش ھەممە تەرەپكە تەكشى نۇر چېچىش، يامغۇردەك ھەممە يەرگە بىر تەرىزدە يېغىشتۇر. شۇنداق قىلغاندا ئەگەر مېھمان ئۇلۇغ كىشىلەر بولسا، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا ھۆرمەت قىلغان بولىسەن. ئەگەر مېھمان ئاددى كىشىلەردىن بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزۈڭنىڭ رەھىمدىللىكىڭنى ۋە ساخاۋىتىڭنى ئاشكارا قىلغان بولىسەن.»

## مەردانىلەرنىڭ تاللىشى

پادىشاھ ياقۇپ لەئىس ياشلىق دەۋرىدە سۆزمەن يىگىتلەرنىڭ سۆھبىتىگە قاتنىشىپ قاپتۇ. سۆھبەتتە ھەر تەرەپتىن يېڭى-يېڭى ئاجايىپ سۆزلەر تۆكۈلۈپتۇ. بۇ چاغلار تېخى ياقۇپ لەئىسنىڭ مەردۇ-مەردانىلىك بايرىقىنى كۆتۈرمىگەن، مەملىكەتنىڭ پادىشاھلىق قەسرىگە قەدەم قويمىغان چاغلىرى ئىكەن. سۆزمەنلەر سۆزلىرىدە مۇنداق دېيىشىپتۇ. بىرسى:

— ھەممە كېيىملەرنىڭ نەپىرەكى چىن ئەتلىسى، — دېسە، يەنە بىرسى:

— بارلىق تاجلارنىڭ نازۇكراقى رۇمنىڭ تاجىسى، — دەپتۇ بىرسى:

— ھەممە ئورۇنلار ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى گۈل ۋە رەيھانلىق باغ، — دېسە، يەنە بىرسى:

— ھەممە شارابلارنىڭ ئېسىلى كونا شاراب، — دەپتۇ. بىرسى:

— سايىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تال سايىسى، — دېسە، يەنە بىرسى:

— ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ئۇدنىڭ نەغمىسى، — دەپتۇ. يەنە بىرسى:

— ھەمسۆھبەت، ھەمنەپەس بولۇشقا ئەڭ چىرايلىق قىز-چوكانلار ۋە خوتۇنلار ياخشى، — دەپتۇ. شۇنداق قىلىپ سۆھبەت نۆۋىتى ياقۇپ لەئىسكە كېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قاپتۇ. ھەممىسى ياقۇپقا قارىشىپ:

— سىزمۇ كۆڭلىڭىزدە ئويلىغانلىرىڭىزنى ئېيتىڭ، — دەپ ئۆتۈنۈپتۇ. ياقۇپ لەئىس جاۋاب بېرىپ مۇنداق دەپتۇ:

— كىيىملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى تۆمۈر كىيىم (جەڭدە كىيىدىغان ساۋۇت)، ئاجلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى دۇبۇلغا (جەڭدە كىيىدىغان باش كىيىم)، ھەممە جايلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى جەڭ مەيدانى، شارابلارنىڭ ئەڭ ئېسىلى دۈشمەننىڭ قېنى، سايىلەرنىڭ ئەڭ ئوبدىنى نەيزە سايىسى، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى جەڭ ئېتىنىڭ كىشنىشى، ھەمسۆھبەت، ھەمنەپەس بولىدىغانلارنىڭ ئەڭ لايىقراقى جەڭ كۈنىدە قولىدىن ئىش كېلىدىغان، شىجائەتلىك مەردانىلەر. شۇڭا ھەزرىتى ئەلىينىڭ شېئىرلىرىدا:

«گۈلى رەيھانىمىزدۇر تىغى خەنجەر،
كېرەكمەس گۈلى گاسىن بىلە نەرگەس.
شارابىمىز تېغى دۈشمەن قېنىدۇر،
بېشىنىڭ كاسەسىدۇر جامىمىز، بەس.»

دېگەن مىسرالار بار.

## جاسارەتنىڭ مېۋىسى غالىبىيەت

پادىشاھنىڭ نەيزىسى دۈشمەننىڭ كۆكرىكىدىن داۋاملىق تۆشۈك ئېچىپ تۇرۇشى كېرەك. يۈرەكلىك پادىشاھ لەشكىرى ئاملارنىڭ جۈرئىتىگە رىغبەت بېرەلەيدۇ. يۈرەكسىز پادىشاھ دۆلەت ئىگىسى بولۇشقا داۋاملىق مۇيەسسەر بولالمايدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق ھېكايەت بار:

ئەرەب پادىشاھلىرىدىن بىرىگە بىر كۈنى دۈشمەن بىلەن جەڭ قىلىش توغرا كەلدى. ئۇرۇش ۋاقتى يېتىپ كېلىپ ئىككى تەرەپ لەشكىرى بىر-بىرىگە قارشى ئۇرۇش سەپلىرىگە تىزىلدى. ئارىندا ئەمەلدارلاردىن بىرسى ئوتتۇرىغا چىقىپ پادىشاھتىن سورىدى:

— ئەي پادىشاھ جەڭ ئىشى غەلىبە قازىنىپ-نۇسرەت تېپىش بىلەن مەغلۇپ بولۇپ يېڭىلىشنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىشتۇر. مۇبادا بىزلەر يېڭىلىپ، مەغلۇپ بولۇپ قالساق كۆزىڭىزنى بىز نەدىن ئىزدەيمىز؟

پادىشاھ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاھايىتى غەزەپلەندى ۋە ھېلىقى ئەمىرگە:

— ئەگەر مېنى «قاچقان» دېگەن گۇمان بىلەن ئىزدەيدىغان بولساڭلار، ئۇنداق كىشى تەڭرىنىڭ رەھمىتىدىن مەھرۇم بولسۇن. لېكىن دۈشمەنلەر غەلىبىگە ئېرىشىپ، بىزلەر يېڭىلسەك مېنىڭ بېشىمنى ئاتلارنىڭ ئايىغىدىن ئىزدەڭلار، — دېدى.

ئۇرۇش باشلانغاندا ھېلىقى پادىشاھ دۈشمەن قوشۇنىغا خۇددى شىردەك جاسارەت بىلەن ئېتىلدى. شەمشەر بۇلۇتلىرىدىن دۈشمەن باشلىرىغا ئۆلۈم يامغۇرىنى ئايىماي ياغدۇرۇۋەتتى. چۈش ۋاقتى بولۇپ قۇياش تىكلەندى. ھاۋا قاتتىق قىزىپ كەتتى. جەڭگاھتىكى پۈتكۈل جەڭچىلەرنىڭ كۆكسىلىرىگە ھارارەت تەپتى ئورۇلماقتا ئىدى، ئۇسسۇزلۇقتىن لەۋلەر قۇرۇپ، چىرايلار ئۆڭۈشكە باشلىدى. مۇشۇنداق پەيتتە پادىشاھنىڭ بىر كىشىسى ئات چاپتۇرۇپ، سۇ كۆتۈرۈپ كەلدى.

— ئەي پادىشاھىم، — دېدى ئۇ كىشى سۇنى تەڭلەپ، — ئۇسسۇغاندۇرسىز، بىر ئاز تۇختاپ بۇ سۇدىن ئىچىۋېلىڭ.

پادىشاھ ئۇ كىشىگە:

— مېنىڭ بۇ شەمشىرىم مەندىنمۇ بەك ئۇسسىدى. شەمشىرىم دۈشمەن قېنىدىن ئىچىپ قانمىغۇچىلىك، ئۆزۈمنىڭ ئۇسسۇزلۇقىمنى قاندۇرمايمەن، — دېدى. پادىشاھنىڭ توغرا پىلانى ۋە ئۇلۇغۋار شىجائىتى لەشكەرلەرگە زور ئىلھام بولدى. شۇسەۋەبتىن تەڭرى بۇپادىشاھنى غالىب قىلدى.

## پادىشاھ ئىسكەندەر بىلەن ئارىستوتېل ھېكىمنىڭ سۆھبىتى

ئىسكەندەر پادىشاھ دۇنيانى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشنى ئويلاپ يۈرگەن چاغلىرىدا ئارىستوتېل ھېكىمنى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— ئەي ھېكىم، مەن جاھاندارلىق مەيدانىغا قەدەم قويدۇم. بۇ مۇھىم ئىشنى ئۈستۈمگە ئالدىم. بۇ ئىشتا ئەلۋەتتە ماڭا دوستلار ۋە دۈشمەنلەر دۇچ كېلىدۇ. مەن ئۇلارنىڭ قايسىسىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك؟

ئارىستوتېل ھېكىم بۇ چوڭ سوئالنى ئاڭلاپ، ئويلىنىپ تۇرۇپ جاۋاب بېرىپتۇ:

ئەسلى قائىدە بويىچە ئىش قىلماقچى بولسىڭىز دۈشمەنلىشىشنى ئۇزۇنغىچە داۋاملاشتۇرماڭ. ئۆزىڭىزگە دۈشمەننى كۆپەيتمەڭ. دوستلارنى خارلىماڭ. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتمەڭ. ئەگەر سىزنىڭ كۆز ئالدىڭىزدا بىرەر دۈشمەن كۆرۈلۈپ قالسا، ئۇنىڭغا مۇمكىنقەدەر شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىلەن ياخشى مۇئامىلە قىلىڭ. مۇنداق قىلغانلارنىڭ دۈشمىنى تولا ھاللاردا دوستقا ئايلىنىپ قالىدۇ. دوستلارنىڭ كۆڭلىگە دائىم ئىكرام لازىم بولۇپ تۇرىدۇ. دوستلارنىڭ دىل ئېرىقىغا ئىززەت سۈيى يېتىپ بارسا، دوستلاردا ئەقىدە كۈچىيىپ بارىدۇ.

بۇنى ئاڭلاپ ئىسكەندەر شاھ ئارىستوتېلدىن تېخىمۇ تەپسىلىي ئىزاھلاپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ھېكىم يەنە چۈشەنچە بېرىشكە باشلىدى:

— دۈشمەن گەرچە ئىقتىدار جەھەتتىن ئاجىز، سان جەھەتتىن ئاز بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىن ھەرگىز غاپىل بولماڭ. لەشكىرىڭىز ھەرقانچە كۆپ بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىگە ئىشىنىپ كەتمەڭ. ئەگەر كۆز ئالدىڭىزدىكى مۇھىم ئىشلىرىڭىز يۇمشاقلىق بىلەن ھەل بولىدىغان بولسا، خەنجەرنى غىلاپتىن چىقارماڭ.

ئىسكەندەر:

— ئەگەر مېنىڭ ئىشىم دۈشمەن بىلەن ئۇرۇشۇشقا بېرىپ قالسا، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمەن. قانداق قەدەم قويىمەن؟ — دەپ سورىدى.

— جەڭ ۋاقتى ئاساسىي جەھەتتىن ئىككى ھالەتتىن تاشقىرى ئەمەس، — دەپ سۆز باشلىدى ھېكىم، — ياكى سىز باشقىلار بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بارىسىز ياكى باشقىلار سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە كېلىدۇ. ئەگەر باشقىلارنىڭ ئۈستىگە ئۇرۇشماقچى بولۇپ بارسىڭىز، ئۇ چاغدا سىز تۆۋەندىكى ئۇن شەرتكە رىئايە قىلىشىڭىز كېرەك. بىرىنچى، بۇ جەڭنىڭ غەلىبىسىدىن كۆزدە تۇتقان مەقسىتىڭىز ھەققانىي خەيرلىك ئىش بول-

www.uyghurkitap.com



سۇن. بارلىق ئارزۇيىڭىز ھەققانىيەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بۇزۇقچىلىقلارنى، زالىملارنى، پىتنە - پاساتچىلارنى ئالەم سەھنىسىدىن يوق قىلىش بولسۇن. ئىككىنچى، بارلىق تەلەپ ۋە ئىشلىرىڭىزنى ھەقىقەتكە ئۇيغۇنلاشتۇرۇڭ. خەيرلىك ئىشلارنى، ئاجىزلارنىڭ ئاھىغا يېتىدىغان ئىشلارنى كۆپ قىلىڭ. ئۈچۈنچى، زېرەك بولۇڭ، غاپىل بولماڭ، مۇخبىر ۋە ئەلچىلەرنى ئىشقا سېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتى، پىلانى ۋە ھىيلە - مىكىرلىرىنى ھوشيارلىق بىلەن بىلىپ تۇرۇڭ، تۆتىنچى، ئۇرۇشقا ئېلىپ بارىدىغان ئەسكەرلىرىڭىزنىڭ ھەممىسى بىر دىل، بىر تىل بولسۇن، سىپاھلارنىڭ ئىتتىپاقلىقى غالىبىيەتنىڭ ئاساسىدۇر. ۋەزىر - ئەمىرلەر بىلەن قابىلىيەتلىك ھەكىملەر - ئالىملارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى چىڭ ساقلاش ۋە ئۇنى ئاسراشنى مۇھىم دەپ بىلىڭ. بەشىنچى، لەشكىردىكى قوشۇنلارنىڭ كۆڭلىگە ئۆزىڭىزنىڭ مۇھەببەت ۋە ھۆرمىتىڭىزنى ئورۇن ئالغۇزۇڭ، قىلغان ۋەدىلىرىڭىزگە ۋاپا قىلىشنى كۆڭلىڭىزدىن ھەر ۋاقىت چىقىرىۋەتمەڭ. ئالتىنچى، جەڭ باشلانغاندا مۇمكىنقەدەر جەڭ مەيدانىغا ئۆزىڭىز كىرىڭ. چۈنكى، ئەھۋال ئۆزگىرىپ ئوڭۇشسىزلىق يۈز بېرىپ قالسا، تەدبىر كۆرۈشكە ئاسان بولىدۇ. يەتتىنچى، لەشكىردىكى قوشۇنلىرىڭىزغا تۆۋەندىكى ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە بولغان كىشىلەرنى ئەمىر ۋە قوماندان قىلىپ تەيىنلەڭ: 1) ئۇ كىشى شىجائەتلىك، كۈچلۈك، چوڭ يۈرەك - باھادىر بولسۇن، قوشۇن ئىچىدە سۈر ھەيۋىسى ۋە ئابرۇيى بار مەشھۇر كىشى بولسۇن. مەشھۇر كىشىلەرنىڭ نامى بىلەن دۈشمەن كىشىلەرنىڭ يۈرىكى دائىم ئەندىشە تارتىپ تۇرىدۇ. 2) ئۇ كىشى كېڭەشلىك، تەدبىرلىك، پىلانچان بولسۇن، شۇنداق بولغاندا جەڭنىڭ جەريانى ئۇلارنىڭ مۆلچىرىنىڭ سىرتىدا قالمايدۇ. ئۇلار ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىقلارغا تەدبىر بىلەن تاقابىل تۇرالايدۇ. ئۇرۇش ۋاقتىدىكى ھىيلە — پەم - پاراسەتنىڭ ئىپادىسىدۇر. خەۋەرلەردە دائىم «جەڭ قىلماق - ھىيلە قىلماق» دەپ نەقىل كەلتۈرىدۇ. 3) ئۇ كىشى كۆپ جەڭلەرگە قاتناشقان تەدبىرلىك، جەڭ ئىشلىرىنى كۆپ قېتىم سىناق قىلغان كىشى بولسۇن. ئۇرۇش ئۈستىدىكى ھۆكۈم ۋە قارارلار تەبىئىيكى كۆپ قېتىملىق ئۇرۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا چىقىرىلىدۇ. سەككىزىنچى، جەڭ ئۈستىدە شىجائەت قىلغان، باشقىلاردىن كۆپ خىزمەت كۆرسەتكەن كىشىلەرگە مۇكاپات ۋە مەرتىۋە بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھىغا تەھسىنلەر ئوقۇپ، مەدھىيە كۆرسىتىش كېرەك. بۇ چارىلەر جەڭ كەيپىياتىغا ئىلھام ۋە رىغبەت بەخش ئېتىپ، كىشىلەرنى ئەقىدە ۋە ئىرادە جەھەتتىن مۇستەھكەملەپ بارىدۇ. توققۇزىنچى، ھەر ۋاقىت غەپلەت ۋە غاپىللىقتىن ئېھتىيات قىلىڭ، غالىبىيەتكە يېقىنلاشقاندا تولا ھاللاردا بىپەرۋالىق سادىر بولۇپ قالىدۇ. ئازغىنە بىپەرۋالىقتىن ئۇرۇش ۋەزىيىتى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. بۇ خىل ساۋاقلار ناھايىتى كۆپ يۈز بەرگەن. ئونىنچى، ئەگەر دۈشمەن سەپلىرى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ قاچسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ بېرىش، ئۇزۇلدۇرمەي زەربە بېرىپ، پۇرسەت بەرمەسلىك كېرەك. ئەگەر ئۇلارنىڭ تارمار بولغىنىغا قانائەتلىنىپ قالسا چوڭ

خاتالىق يۈز بېرىدۇ. ئۇلار بېرىپ قالـ
دۇق كۈچلىرىنى توپلاپ، تەجرىبىلەرنى
يەكۈنلەپ، ھەتتا سىزنىڭ سىپىڭىزغا
ئادەم كىرگۈزۈپ قايتا ئۇرۇش قوزغايدۇ.
قوشۇنىڭىزغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەگەر
دۈشمەن سىزنىڭ ئۈستىڭىزگە كېلىپ
ئۇرۇشماقچى بولسا بۇنىڭ ئاقىۋىتىمۇ چوـ
قۇم ئىككى ئېھتىمالدىن يىراق بولمايدۇ
ياكى ئۇ دۈشمەنگە باراۋەرلىك قىلالايسىز
ياكى باراۋەر كېلەلمەيسىز. ئەگەر باراۋەرـ
لىك ئىقتىدارىڭىز بولسا ھوشيارلىق بىلەن
تەدبىر كۆرۈپ، دۈشمىنىڭىزنى نىيىتىدىن
ياندۇرۇپ، تىنچلىق بىلەن ئىش قىلىشقا
مايىل بولۇشىڭىز كېرەك. ئەگەر بۇنىڭغا
مۇيەسسەر بولماي ئىش ئۇرۇش قىلىشقا
تەيىن تاپسا ئۇ چاغدا يۇقىرىدا كەلتۈـ
رۈلگەن شەرتلەر بويىچە ھوشيار ۋە داـ
دىل ئۇرۇش قىلىش كېرەك. ئەگەر سىزـ
دە دۈشمەنگە باراۋەر كەلگۈدەك ئىقتىدار
بولمىسا بارلىق يوشۇرۇن تەييارلىقلارنى
كۆچەيتىپ، مۇداپىئە شەرتلىرىنى تولۇق
ئادا قىلىپ، ئىشنى پاراسەت بىلەن بىر
تەرەپ قىلىشقا، سۈلھى قىلىپ ئۇرۇشماسـ
لىققا يۈزلىنىش كېرەك. ئەگەر دۈشمەن
سۈلھى تەرەپدارى بولسا ئۇنى قوبۇل
قىلىش، مۆتىدىللىككە ئۆتۈش كېرەك.
ھەرقانداق كىشى سۈلھى تەرەپكە مايىل
بولسا پاراسەت تەرەپكە ئۆتكەن بولىدۇ.

ئىسكەندەر ئارىستوتېل ھېكمىدىن
بۇ بايانلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇنى
ئۆزىنىڭ ئەمەل قىلىدىغان دەستۇرى قىلىش
ئۈچۈن، بىر-بىرلەپ لەقىش قىلىپ
يازدۇرۇۋالدى ھەمدە بارلىق ئىشلىرىنى ئۇـ
نىڭغا ئۇيغۇنلاشتۇردى.

## خالىس مۇھتەسىب①

شەيخ ئەبۇلھەسەننىڭ يامان ئىشلارنى
كۆرسە چەكلەيدىغان ئادىتى بار ئىدى.
ئۇ توسۇماقچى بولغان ئىشلىرىنى ھەتتا
ئۆلۈم خەۋپى كۆرۈلسىمۇ دادىل توساتتى.
بۇ كىشى بىر كۈنى دەريا بويىغا
چىقتى. دەريادا ئىچىگە نۇرغۇن كوزىلارنى
قاچىلىغان بىر كېمىنى كۆردى. قارىسا
بۇ كۆزىلارغا «لەتىپ» دېگەن سۆزلەر يېزىلـ
غانىدى. شەيخ تەئەججۈپ بىلەن كېمىچىدىن:
— مەن ھېچبىر سودىگەرنىڭ ماللىرىدا
مۇنداق «لەتىپ» دەپ يېزىلغان كوزىلارنى
كۆرمىگەنىدىم، بۇ كوزىلاردا نېمە بار؟ —
دەپ سورىدى. كېمىچى:
— سىز بولسىڭىز بىر دەرۋىش كىشى
ئىكەنسىز. بۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ ھېچ
ئالاقىڭىز يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆز يولـ
ىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ، بۇنى سوراپ ئولتۇرـ
ماڭ، — دېدى. بۇنى ئاڭلىغان شەيخنىڭ
كۆڭلىدە ئۇنى بىلىپ بېقىش قىزغىنلىقى
تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى.
— مەن ئەلۋەتتە بۇنى بىلىشنى
ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى ئۇ كېمىچىگە، —
سەن بۇنى يوشۇرماستىن ئېيتىپ بېرىشىڭ
كېرەك.
— بۇ كوزىلاردىكى شاراب،
بۇنى باغدات پادىشاھى مۇھتەـ

① مۇھتەسىب — شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى تەكشۈرگۈچى، يامان ئىشلارنى ئېنىقلاپ
چەكلىگۈچى ئەمەلدار.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





زىد خەلىپىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن ئې-
لىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى كېمىچى.

شەيخ كېمىگە قاراپ بىر دانە تاياق-
نى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۇنى قولىغا ئېلىپ،
كوزىلارنى بىر-بىرلەپ ئۇرۇپ سۇندۇردى.
كېمىچى بۇ كۇتۇلمىگەن ھادىسىنى كۆرۈپ،
قورقۇپ كېتىپ ۋارقىراپ تاشلىدى.
ئەھۋال ئۈستىگە باغداتنىڭ يۇنۇس ئەق-
لەھ ئىسىملىك بىر پاششىپى كېلىپ قال-
دى. ئۇ شەيخنى تۇتۇپ خەلىپىنىڭ قېشىغا
ئېلىپ باردى. ئاندىن بولغان ۋەقەلەرنى
بىر-بىرلەپ بايان قىلىپ ئۆتتى.

مۇھتەزىد بولسا ئىنتايىن زالىم پادىشاھ
ئىدى. ئۇنىڭ تولا سىياسەتلىرى شەمشەر
بىلەن ئورۇندىلاتتى. باغدات خەلقى شەيخ-
نىڭ مۇھتەزىد خەلىپە ھۇزۇرىدا سوراققا
تارتىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئېغىر قورقۇنچ-
قا چۈشتى. ھەممە كىشى «ئەمدى شەيخنى
ئۆلتۈرىدىغان بولدى» دەپ گۇمان قىلىشتى.
چۈنكى بۇ چاغدا مۇھتەزىد ئۈستىگە قى-
زىل كىيىم كىيىپ، قولىغا تۆمۈر گۇرزى
ئېلىۋالغانىدى. بۇ ھال ئۇنىڭ يامان نى-
يىتىدىن دېرەك بېرەتتى. خەلىپە شەيخكە
قاراپ، غەزەپ بىلەن سوراق قىلدى:

— سەن نېمە سەۋەبتىن مېنىڭ ئىشلىرىمغا
مۇنداق ئەدەبسىزلىك بىلەن قول تىقىسەن؟
شەيخ بولسا تەمكىن تۇراتتى. ئۇ شاھقا
بىر ئېغىزلا جاۋاب بەردى:

— چۈنكى مەن بولسام مۇھتەسىب.

— سېنى كىم مۇھتەسىب قىلغان؟ — دەپ
يەنە سورىدى خەلىپە. شەيخ بۇنىڭغا:

— ساڭا پادىشاھلىقنى بەرگەن بۈيۈك
تەڭرى ماڭا مۇھتەسىبلىكنى بەرگەن، — دەپ
جاۋاب بەردى.

خەلپە شەيخنىڭ بۇ دادىل سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خېلى پۇرسەتكىچە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئويلىنىپ قالدى. بىر هازادىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— بۇ كوزىلارنى سۇندۇرۇپسەن، بۇنىڭدىن ساڭا نېمە زىيان يەتكەن؟ — دېدى.

— ماڭا زىيان يەتكىنى يوق، — دېدى شەيخ، — ئالدى بىلەن ساڭا، ئاندىن پۇقرالارغا شەپقەتتە بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ كوزىلارنى سۇندۇردۇم.

خەلپە:

— ماڭا قانداق شەپقەتتە بولدۇڭ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەگەر سەن هارام ئىشلارنى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلىۋالساڭ، — دېدى شەيخ خەلپىگە، — باشقا خەلقلەرمۇ ساڭا ئەگىشىپ يامان ئىشلارنى قىلىشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يامان يولغا مېڭىش ئومۇملىشىپ كېتىدۇ. ئەگەر سەن ئالدى بىلەن بۇ يولدىن ئۆزۈڭنى يىغساڭ باشقىلار مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان بولىدۇ. خەلقلەر بۇزۇق ئىشلارنى پادىشاهقا ئەگىشىپ قىلىدۇ. ئەگەر پۇقرالار ئۆز پادىشاهىنى ياخشى ۋە توغرا ئىشلار ئۈستىدە كۆرسە، هەممىسىنىڭ كۆڭلى ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا مايىل بولىدۇ. ئەگەر پۇقرالار ئۆز پادىشاهىنى بۇزۇقلۇق ئۈستىدە كۆرسە، ئۇ چاغدا هەممە ئادەم يامان ئىشلارغا، ناچار ئادەتلەرگە، قەبىھ هەرىكەتكە بىپەرۋالىق بىلەن قەدەم قويۇشقا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ساڭا ۋە بارلىق پۇقرالارغا مېهرىبانلىق ۋە شەپقەت كۆرسەتتىم. مېنىڭ هەقىقەتنى قوغداش، ياخشىلىقنى هىمايە قىلىشتىن باشقا غەرىزىم يوق.

خەلپە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدى. ئاندىن شەيخكە قاراپ:

— ئەي ئەزىز، مۇهتەسىبلىك ئىشلىرى هەقىقەتەن ساڭا لايىقكەن، بۇنىڭدىن كېيىن مەندە ۋە باشقىلاردا كۆرۈلگەن تۈرلۈك يامان ئىشلارنى سەن تۈزەتكىن، پېقىر سېنىڭ بۇ ئىشلىرىڭنى قوللاپ، مەدەت بېرىشكە كېپىل بولىمەن، سەن هەقىقەتەن هەققانىي ۋە غەرەزسىز ئادەمكەنسەن، — دەپ ۋەدە بەردى.

## هوشيار پادىشاه

قەدىمكى زاماندا هوشيار ۋە زېرەكلىكتە داڭقى چىققان بىر پادىشاه بولۇپ، يۇرت ئىشلىرىنىڭ هەممىسىنى دېگۈدەك بىلەتتى. كىشىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ نام-ئەمەللىرىنى، ئائىلە تۇرمۇش، مەشغۇلات-مەئىشەتلىرىنى ياخشى بىلەتتى. بۇ پادىشاهنىڭ بىر ۋەزىرى بولۇپ، پادىشاهقا دائىم ساختىپەزلىك بىلەن ئىشلەيتتى. ئۆزى بۇزۇق نىيەتلىك ئىدى. لېكىن كۆرۈنۈشى ئىنتايىن سەمىمىي كۆرۈنەتتى. ئۆزىنى دائىم ناهايىتى ساداقەتلىك، توغرا يوللۇق ئادەم قىلىپ كۆرسىتەتتى. كىشىلەر ئۇنى بىلسىمۇ، لېكىن پادىشاهقا پاش قىلغۇدەك جۈرئىتى يوق ئىدى. ۋاقىتلار ئۆتۈپ هوشيار پادىشاه بۇ ۋەزىرنىڭ مەككارلىقىنى بىلىپ قالدى، لېكىن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئاشكارىلىغاندا مەملىكەتنىڭ باشقۇرۇلۇشىغا ۋە سەلتەنەتنىڭ نوپۇزىغا تەسىر يېتىدىغانلىق-

www.uyghurkitap.com





قىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۇنى مەخپىي ھالدا ئاگاھلاندۇرۇش قارارىغا كەلدى. پادىشاھ ئۇ ۋەزىرنى چاقىرىپ:

— ماڭا بىر قۇش كېرەك. ئۇنىڭ تۇمشۇقى قىزىل، قاناتلىرىنىڭ ئۇچى قارا، باشقا ئەزالىرىنىڭ رەڭگى ئاق بولۇشى كېرەك. بۇ قۇشنى سەندىن باشقىسى تاپالمايدۇ. سەن بېرىپ شۇ قۇشنى تېپىپ كەل، — دەپ بۇيرۇدى.

ۋەزىر پادىشاھنىڭ بۇيرۇقىنى ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئورۇنداشقا ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت تەلەپ قىلدى. پادىشاھمۇ ماقۇل بولدى. ئەمىر ئۆيىدىن چىقىپ بۇ سۈرەتتىكى قۇشنى ئىزدەشكە كىرىشىپ كەتتى. ئۇ ئۈچ كۈنلۈك ۋاقتىنى سەرپ قىلىپ، پۈتۈن شەھەر-قىشلاقلارنى قويماي ئىزدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنداق قۇشنى تاپالمىدى. ئاخىرى ئاجىز بولۇپ، شاھنىڭ قېشىغا قايتىپ، يىغلىنىش ئاۋازىدا ئۆزرە ئېيتتى:

— ئەي شاھىم، مەن ئۆزلىرىنىڭ تاپشۇرۇقىنى بەجانىدىل ئورۇنداش يولىدا ھەممە ئىقتىدارىمنى سەرپ قىلدىم. لېكىن ئۇنىڭدىن نەتىجە چىقىرالمىدىم. ئەگەر مۇمكىن بولغىنىدا ئىجازەت بەرسىلە، ئۇنىڭ ئورنىدا باشقا بىر قۇش ئېلىپ كەلسەم.

پادىشاھ:

— مېنىڭ شەرتىم شۇ خىل قۇشتىن باشقا قۇش ئەمەس. مەن ئومۇمىي ۋىلايەت ۋە شەھەرلەرنىڭ ھوقۇقىنى ساڭا بەرگەن. سەن شۇنچىۋالا ۋاقىتنى سەرپ قىلغان تۇرۇقلۇق، شۇنچىلىك جانىۋارنى تېپىشقا نېمە ئۈچۈن ئاجىز كېلىسەن؟ ھازىر مەن ساڭا يەنە ئۈچ كۈنلۈك ئىجازەت بەردىم، بۇ ئۈچ كۈن ئىچىدە جەزمەن شۇ قۇشنى تېپىپ كېلىشىڭ كېرەك، — دەپ كېسىپ ئېيتتى.

ئەمىر يەنە بېرىپ بۇرۇنقىدىن بەكرەك ئىزدىدى. لېكىن ئۇ خىل قۇش كۆرۈنمىدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە قايتىپ كېلىپ، شاھقا ناماقۇل بولدى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ:

— بارىكاللا، سەن پۈتۈن شەھەر ئەھۋالىغا مەسئۇل بولۇپ تۇرۇقلۇق، يەنە كېلىپ بۇ خىل قۇش مۇشۇ شەھەرنىڭ ئىچىدە بىر ئۆيدە بار تۇرۇقلۇق سەن ئۇنىڭدىن بىخەۋەرسەن. ھازىر چىقىپ شەھەر چارسۇسىغا بېرىپ، شەرقىي بازار بىلەن يۆرسەڭ بىر مەسچىتنىڭ ئىشىكىگە بارىسەن.

شۇ مەسچىت ئالدىدا تۇرۇپ ئوڭ قول تەرەپكە قارىساڭ، ئۇ يەردە بىر مەھەللىنى كۆرىسەن، ئۇ مەھەللىدە بىر تار كوچا بار. ئۇ كوچىدا ماڭساڭ مۇنداق شەكىللىك بىر هويلا بار. ئۇ هويلىنىڭ ئىچىدە ئىشىكى جەنۇب تەرەپكە ئېچىلىدىغان بىر ئۆي بار. شۇ ئۆيىنىڭ ئالدىدا بىر سۇپا بار. سەن شۇ سۇپىغا چىقىپ ئالدى بىلەن سول قول تەرەپكە قارىساڭ بىر ئۆي كۆرىسەن. بۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە يەنە بىر كىچىك ئۆي بار. شۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ كىرسەڭ، ئۇ يەردە سېرىق يوپۇق يېپىلغان بىر قەپەس بار، شۇنى ئېلىپ چىقساڭ مەن ئېيتقان قۇش شۇنىڭ ئىچىدە بار. ئېلىپ كەلسەڭ بولىدۇ، — دەپ بۇيرۇدى.

ئەمىر بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ هەيران قالدى. پادىشاھ كۆرسەتكەن يولغا كىرىپ، ئىزدەپ ھېلىقى قۇشنى قەپەسبىلەن ئېلىپ كىردى. پادىشاھ بۇنى كۆرۈپ ئەمىرگە قاراپ:

— هۆكۈمەت ۋەزىرلىرى دېگەن ئۆز شەھەرلىرىنىڭ ئەھۋالىدىن خۇددى ئۆز ئائىلىسىنى بىلگەندەك خەۋەردار بولۇشى كېرەك، — دېدى.

ئەمىر بۇ قېتىم پادىشاھنىڭ ئۆزىگە قويغان ئىمتىھان ۋە مۇئامىلىسىدىن بۆلەكچە تەسىر ئالدى. ئاندىن كۆڭلىدە «پادىشاھ شەھەرنىڭ بازار-كوچا-مەھەللە، ئۆي-ئايماق ۋە ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋاللىرىدىن بۇ قەدەر پىششىق خەۋەردار ئىكەن، ئۇنداقتا مېنىڭ يوشۇرۇن ئىشلىرىمدىن ئەلۋەتتە خەۋەردار بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەمدى خۇپىيانە ئىش قىلماسلىقىم كېرەك» دەپ نىيەت قىلىپ، توغرا دىللىق بولۇش يولىنى تۇتتى. دېمەك، پادىشاھلار هوشيار ۋە زېرەك بولسا، هەر بىر كىچىك ئىشلارغىچە چوڭقۇر ۋە ئىدىتلىق خەۋەردار بولسا، سەلتەنەت راۋاج تاپىدۇ. دۆلەت ئەمىن بولىدۇ.

## مېھماندوستلۇقنىڭ خاسىيىتى

بۇرۇنقى ئۇلۇغلار ئۆز دۈشمەنلىرىگىمۇ مېھماندارلىق قائىدىلىرىنى ئادا قىلاتتى. كىرمان پادىشاھى ئىنتايىن سېخى ۋە مېھماندوست كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مېھماندارچىلىق ئىشىكى داۋاملىق ئوچۇق ئىدى. ساخاۋەت داستىخىنى هەمىشە يېيىغلىق تۇراتتى. هەر قانداق كىشى ئۇ تۇرۇۋاتقان جايغا كەلسە، ئۇنىڭ ساخاۋەت داستىخىنىغا قاتناشمىغىنى يوق دېيەرلىك ئىدى.

بىر چاغدا ئىززۇددەۋلە لەشكەر تارتىپ كىرمان شاھى بىلەن ئۇرۇشماقچى بولۇپ بېسىپ كىردى. ئۇلار بېسىپ كىرگەندە، كىرمان پادىشاھى ئۆز شەھىرىنىڭ دەرۋازىلىرىنى مەهكەم ئېتىۋەتتى. كۈندۈزى ئۇلار هۇجۇم ۋە مۇقابىلە بولۇپ ئۇرۇشاتتى. لېكىن كېچىسى بولسا كىرمان پادىشاھى ئىززۇددەۋلەنىڭ لەشكەرلىرىگە نان، سۇ بېرەتتى. بىر كۈنى ئىززۇددەۋلە كىرمان شاهىغا كىشى قويۇپ:

— كۈندۈزى ئۇرۇش قىلىپ، كېچىسى تائام بېرىشنىڭ سەۋەبى نېمە؟ — دەپ سوراتتى.

كىرمان پادىشاھى ئۇنىڭغا:

— كۈندۈزى ئۇرۇش قىلىش مەردلىك ۋە شىجائەت سەۋەبىدىن، كېچىسى تائام بېرىش ئادەمگەرچىلىك ئەخلاقىنىڭ تەقەززاسىدىن. گەرچە سىلەر دۈشمەن بولساڭلارمۇ، لەشكەرلەر هوقۇقىنىڭ زورى ۋەبۇيرۇقىنىڭ كۈچى بىلەن كەلگەن، شۇڭا ئۇلار بىزنىڭ يۇرتقا مۇساپىردۇر، — دەپ جاۋاب بەردى.

ئىززۇددەۋلە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئويلاپ كەتتى. «ئەگەر كىشى مۇنداق مۇرۇۋۋەتلىك بولسا، ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىش ئەلۋەتتە ئىنسانىيەتچىلىكتىن ئەمەس» دەپ دەرهال ئۇرۇشتىن ياندى.

«ئەخلاقۇل-مۇهسىنىن» ناملىق كىتابتىن تاللاپ نەشرگە تەييارلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




ئۆستەڭنىڭ تېگى تاشلىق،
چاپاي دېسەم كەتمەن يوق.
دەردىمنى ئېيتاي دېسەم،
ماڭا ئوخشاش دەردمەن يوق.

بىر چارەك تېرىق ئالسام،
يەرگە چېچىلىپ كەتتى.
سەن يارىمنى كۆرۈپلا،
كۆڭلۈم ئېچىلىپ كەتتى.

باغقا بۇغداي تېرىدىم،
يالاڭ بۇدۇشقاق بولغۇدەك.
ئۆيدە خوتۇن بولمىسا،
ئەر ئۇرۇشقاق بولغۇدەك

قۇرۇق قاقشال بولۇپ قالدىم،
ئوتۇنچى ئېپىرىپ ساتسۇن.
مېنىڭ يارىم سارىخان،
غېرىبلىق شەرىدىن تاپسۇن.

كەيگىنىمىز كەش ئەمەس،
ئىچكىنىمىز مەي ئەمەس
ئارىمىز يىراق بولسا،
كۆڭلىمىز يىراق ئەمەس.

ئالتە - يەتتە ئېرىق سۈيى،
بىر بولۇپ ئاقتى.
مەن يارىمنى كۆرەي دېسەم،
ئومىنىڭ ۋاقتى.

ئاقباش تۈلكە، قارىباش تۈلكە،
سايىنىڭ تۈلكەسى،
يۈرەكىمنى كۆيدۈرگەن،
يارنىڭ كۈلكەسى.

ئاللا، ئاللا سۇبھانەللا،
تاغنى ياراتتى.
تاغ باشىنى قاراڭغۇ دەپ،
ئاينى ياراتتى.

ئاللا، ئاللا سۇبھانەللا،
سۇنى ياراتتى.
يەر جاھانغا ياراشسۇن دەپ،
كۆكلەم ياراتتى.

قاشلىرى قارا ئىكەن،
ئۆيلىرى ساراي ئىكەن.
يار قاشىغا باراي دېسەم،
قاپاق سېلىپ قارايدىكەن.

مەن خۇداغا يىغلىسام،
ئوڭلار باشىمنى.
دەرد - ئەلەمدە سارغىيىپ،
تۆكسەم ياشىمنى.

مەن بۇ يەرگە كەلمەس ئىدىم،
يارىم كەلتۈردى مېنى.
ئوتقا سالسا كۆيمەس ئىدىم،
يارىم كۆيدۈردى مېنى.

ئىككى توشقان ئالسىڭىز،
بىرنى ماڭا بەرسىڭىز.

ئېچىپ ئىچىم ئاغرىيدۇ،
يولدا يالغۇز ماڭسىڭىز.

ھويلامدىكى تېرەكنى،
سۇ قۇيۇپ كۆكلەتمىسەم.
خەپ خۇدايىم بۇيرۇسا،
كۆزۈڭگە كۆرسەتمىسەم.

ئۆگزەمدىكى كەپتەرنى،
چېشايىڭىزغا ئۆگەتتىم.
ئىچىمدىكى دەردلەرنى،
يىغام بىلەن تۈگەتتىم.

كۈندۈزى چىقالمايمەن،
باغىڭدا يۇلۇڭ يوقمۇ.
چىرايىڭنى ئاچمايسەن،
كۆڭلۈڭدىكى يار يوقمۇ.

مېلىڭىز بارمۇ خېنىم،
مالغا قوشۇپ مال باقىلى.
يىراق دېمەي كەلسىڭىز،
ئارامخۇدا مۇڭداشقىلى.

يارىمنىڭ زەرگەرلىكىنى،
ھەممە كىشى بىلىدۇ.
يارىم شۇنداق بولمىسا،
ئۈزۈك نەدىن كېلىدۇ.

ئاھ خېنىم، بويۇڭ پاكار،
چوكانلىقىڭ نەگە بارا.
يۈز چىرايىڭ بولمىسا،
ئۇنىڭ بىلەن ئەگلىك بىكار.

مەن ئۆيۈمگە بارمايمەن،
كەپتەرخانىغا قەرزىم بار.
قېيىنئانام ئۇسال چىقتى،
دامۇللامغا ئەرزىم بار.

يار يولى ئەگرى-توقاي،
بارىاي دېسەم ئېتىم تاي.

ئەمدى مەن قانداق قىلاي،
بىر يىل دېگەن ئۈزۈن ئىككى ئاي.

كۆز پەسلى كېلىپ قاپتۇ،
غازاڭلار چۈشۈپ قاپتۇ.
كېچە ياتسام چۈشۈمگە،
ئۇماق يار كىرىپ قاپتۇ.

سايرا بۇلبۇلۇم، سايرا،
چىمەننىڭ شاخلىرى سۇنسۇن.
يار ئايرىلىمەن دەيدۇ،
ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن.

تالدى بىلەكىم، تالدى،
تۈگمەن چاقىنى چۆرۈپ.
مەن ساڭا نېمە قىلغان،
باشىمدىن تۇما ئۆرۈپ.

سۈزۈك سۇنىڭ ئىچىدە،
ئالا-ئالا چىپار تاش.
ئۆلتۈرەمسىز، كۆيدۈرەمسىز،
زالىمغىنا قارا قاش.

جاھانغا يەتتى نالىشىم،
دەريا بولدى كۆز يېشىم.
نېچۈن بىلمەيسەن كۆڭلۈمنى،
سەندىن بۆلەك يوقتۇر كىشىم.

كۆك كەپتەر بولسا كىشى،
قانات ياساپ ئۇچسا كىشى.
يەر-جاھاننى چۆگىلەپ،
يارىنى تاپسا كىشى.

كۆككىنا كەپتەر بولۇپ،
ئۇچسام تېرەكنىڭ باشىغا.
سارغىيىپ دەرد تارتقۇچە،
كەتسەم يارنىڭ قاشىغا.

باغقا كىرسەم گۈل ئۈزەي دەپ،
باغ ئىچى گۈلزار ئەمەس.

ئۆز يارىنى كۆرگىلى،
ھېچكىم مېنىڭدەك زار ئەمەس.

باغ تۆرىگە ئالما كۆمدۇم،
تال - تېرەك بولدىمىكىن.
ئۆزى ئاق، كۆڭلى قاراغا
يار كېرەك بولدىمىكىن.

ئۆزى ئاق كۆڭلى قارا،
زەپ ئەلەم قىلدىڭ ماڭا.
قىلغىنىڭ يادىڭدا بولسۇن،
مەنمۇ قىلغايمەن ساڭا.

قارلىغاچ قارا نېمە،
قاناتىدىن قايرىلمىسۇن.
قىز بالا ئاجىز نېمە،
ئاتاسىدىن ئايرىلمىسۇن.

قارلىغاچنىڭ قاناتىدەك،
قايىدۇ باشىم.
سايدىكى يالغۇز بۇلاقتەك،
ئاقىدۇ ياشىم.

ئىشىك ئالدى كۆلچەككە،
شال پەيدا بولۇپ قاپتۇ.
مېنىڭ غىتمەك يارىمغا،
ھال پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

بارغۇلۇق ھەي بارغۇلۇق،
دەشتى - چۆلگە بارغۇلۇق.
كىچىكلىككە چارە يوق،
ئوتتا كۆيۈپ سارغاغۇلۇق.

ئېرىقنىڭ تېگى لايدۇر،
دەسسىسەم لىغىلدايدۇ.
مەن يارىمنى كۆرمىسەم،
يۈرىكىم جىغىلدايدۇ.

ئات مىندىم ئېگەر بىلەن،
چاپتۇردۇم يۈگەن بىلەن.
مەن ساڭا كۆيۈپ قالدىم،
گەپ قىلماي يۈرگەن بىلەن.

باغلىرىم ھەي باغلىرىم
ئالمىلىرى مەن بولىمەن.
دوستلىرىم ئىچسە شاراب،
قولداشلىرى مەن بولىمەن.

قويىنىڭ بالىسى قوزا
داموللام ئوتار روزا.
داموللامنى ئازدۇرغان
شەيتان دېگەن گۇيتوزا.

مەن ئۆزۈم نامرات ئوغۇل،
جان بالىلىرىمنىڭ ئەڭلى يوق.
ئالتە ئۆيدىن ئۇن تىلەپ
ئەگلەكنى تاپسام تەڭلى يوق.

ئەي رەھىمسىز نادان قىز،
ئىنسانلىقىڭ گۇمان قىز.
پەرىزاتمۇ ئاناڭ قىز،
شېرىن سۆزلۈك نادان قىز.

كۆچۈم يەتمەي تويۇڭغا
نالە قىلدىم خۇداغا.
يېتەرسەنمۇ ھالىمغا
قىيا كۆزدە باققان قىز.

ئۇقتۇرماستىن سىرىنى
تاشلاپ كۆزنىڭ قىرىنى.
ئۇيالدۇرۇپ زېمىننى
ناز ئۇيقۇدا ياتقان قىز.

توپلاپ رەتلىگۈچى: سالامەت ھاشىم

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالمىچى بولاي دەملا؟!
يۈرەككە ئوتنى سېپ قويۇپ،
چوڭ يولچە قاچاي دەملا؟!

ئون قولۇمدا ئون ئۈزۈك،
چەپ قولۇمدا بىلەيزۈك.
مېنى يامان دەپ بېرىپ،
كىمنى سۆيدۈڭ ئاق سۆزۈك.

يارىم كېتسەمەن دەيدۇ،
كەتكىلى قويمايمەن.
لەڭگەرچىگە دەپ قويۇپ،
ئۆتكىلى قويمايمەن.

هارۋىدا تارتايمۇ يار،
مەپىدە تارتايمۇ يار؟
بىۋاپانىڭ دەردىنى،
ئۆلگۈچە تارتايمۇ يار؟

ئۆستەڭ ياقىلاپ بېرىپ،
تاش تىزغاننى كۆرەلا.
مېنى يامان دېسىلە
يار تۇتقاندا بىلەلا.

سۇلار شارقىراپ ئاقسا،
تۈگمەنىنىڭ نۇرى دەلا.
بېشىمغا هەر بالا كەلسە
ياشلىقنىڭ شورى دەلا.

چامغۇرلۇقتىن مېڭىپسىز،
چۈشۈپ قاپتۇ ئىزىڭىز.
مەن ئۈزۈمچە كۆيمەيتتىم،
كۆيدۈرگەنمۇ ئۆزىڭىز.

پىيازلىقچە ماڭدىڭمۇ؟
ئوسمىلىقچە ماڭدىڭمۇ؟
بۇرۇن قىلغان ۋەدەڭدىن،
ئەمدىلىكتە تاندىڭمۇ؟

ناخشا ئېيتىپ نەي چالسام
ئۈنىمدىن تونارسەنمۇ؟
مەن ئوتتۇڭدا كۆل بولسام
تاشلاشقا چىدارسەنمۇ؟

ئىشىك ئالدى كۆتەرمە
ئاتلاپ قانداق ئۆتەرمەن؟
ئوتلىرى يامان يارىنىڭ،
تاشلاپ قانداق كېتەرمەن؟

بېشىڭدىكى دوپپاڭنىڭ
گۈلى ئەجەب ئازادە.
مەن سېنى ياۋاش دېسەم
كۆڭلەيسەن هارامزادە

قۇرغۇيۇم ئۇچۇپ كەتتى
بىر غۇلاچ يىپى بىلەن.
سەندىن ئايرىلارمەنمۇ
دۈشمەنىنىڭ گېپى بىلەن؟

ئىشىك ئالدى قوش ئېرىق،
سۇ باشلاپ كېلەي دەيمەن.
رەنجىپ قالمىغىن يايرىم،
كۆڭلۈڭنى بىلەي دەيمەن.

بىزنىڭ باغدا ئاق ئالما،
ئاق ئالمىغا تاش ئاتما.
ماڭا كۆيسەڭ يۈرەكتىن،
باشقىلارغا قاش ئاتما.

ئالما ئاتسام ئېرىققا،
سۇيى ئازكەن ئاقمىدى.
سېنىڭ قىلغان سۆزلىرىڭ
مىجەزىمگە ياقمىدى.

ياقۇت كۆزلۈك هالقامغا،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مەرۋايىت كۆز سالدۇردۇم.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
ئۈچ ئاي بولدى ياندۇردۇم.

كەتسەڭ مەيلى كەت يايرىم،
ئۆز يۇرتۇمدا قالغۇم بار.
ساڭا بەرگەن كۆڭلۈمنى،
مەن قايتۇرۇپ ئالغۇم بار.

گۈل سىيرىلدى ئۇياقتا،
مەن سىيرىلدىم بۇ ياقتا.
ئەمدى قانداق قىلىمىز،
كۆچۈپ كەتتۇق يىراقتا.

سىرىنگۈلنى پۇرايمان،
قىزىلگۈلنى پۇرايمەن.
سىز يايرىمنى ئەسلەشكە،
بىر تال سۈرەت سورايمەن.

ئېلىۋالدىڭ كۆڭلۈمنى،
مۇھەببەتلىك سۆز بىلەن.
كەتسەڭ قاچان كېلۈرسەن،
بېقىپ خۇما كۆز بىلەن.

زەپ چىرايلىق ئۆسۈپتۇ،
ئۈستەڭ باشىدا يالپۇز.
سەن كېرىيەدىن كەتكەندە،
قانداق ئۆتەرمەن يالغۇز؟!

ئورما ئورغىلى چىقسام
ئورغاق كەستى قولۇمنى.
يار قېشىغا ماڭغاندا،
دۈشمەن توستى يولۇمنى.

ئالما ئاتتىم كەتكەنگە،
تۇتۇپ ئالسۇن يەتكەندە.
يايرىم خاپا بولمىسۇن

كۆرۈشەلمەي كەتكەنگە.
ئاسماندا مېنىڭ ئايىم،
ئارىشتا① مېنىڭ جايىم.
ئاڭلاڭلار خالايىقلار
ھاۋاخان مېنىڭ يايرىم.

گۈل سەيدىخان كەتكەن بىلەن،
دەردى - پىراقى كەتمىدى.
گۈلسەيدىخانىنىڭ ئىشقىدا
ئەرزىم خۇداغا يەتمىدى.

ئوماق يايرىم گۈلئايىم،
سەن قېماقچە مۇلايىم.
بىز ئىككىمىز ئامراقتۇق
ئايرىۋەتتى خۇدايىم.

بۇ دەريا ئەرزىم دەريا،
ئاققان سۈيى دولقۇنلۇق.
مەن سىزگە سالام يازدىم
يۈرىكىمدىن يالقۇنلۇق.

ھويلامدىكى لەمپىگە
ئۈۋا سايتۇ قارلىغاچ.
سالام يازدىم مەن ساڭا،
ئۆزگە يايرىم بولمىغاچ.

ئەي خېنىم، جېنىم خېنىم،
بارمۇ سېنىڭ قونداقلىرىڭ.
ئەتىياز بولماي تۇرۇپ،
مەرەپ چىقار ئوغلاقلىرىڭ.

باغىڭ بولسا غورا قىل،
ئوغلۇڭ بولسا موللا قىل.
گەر موللىغا بەرمىسەڭ،
قىمارۋازغا جورا قىل.

توپلاپ رەتلىگۈچى: ياسىن زىلال.

① ئارىش — كېرىيەدىكى بىر جايىنىڭ نامى.







جمال
کوز تیکیب میرزا یاریم غم صبا ایلاب دعا — هر زمان بر کمال حقیقت رکابدین شتاب

کون ظهوری آیدا دور آیدین ترکوت دیدورکنکلو

هر زبان منظهر دا دور میرزا ظهور الدین خیال

وصلینکز یونتور میسر نظر خوشتور منکا — کز نظرده بولماسا خون جکر خوشتور منکا

خوشتور منکا
آب حیوان ایچکانیمدین وصل اولوب اغیار الیه — زهر هجران نوش قیلسام بو زخط

خوشتور منکا
مینک تکلیم کل ناجنس دین نسودا دلور — کل سیز بینک تاشلیکز دین بر حجر

خوشتور منکا
یوز قرار تورسا کرنسی سور توب اوفا انکلیک بیله — منی قرار سام خطلیکز دین بولتر

هجر شکر دا الکو وصلینکز دین منی ظهوری بولماسام

بولسا انکز کوز کوارا دا جلوه کر خوشتور منکا

منظهری کونکلونک قوتین شهباز لار غنه قیل طعم — ست آیدا بغا باطنی غم محرم سرار اتب

منظهری







www.uyghurkitap.com